


مەمتىمىن ھوشۇر

# سايچىلار

2

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەشر قىلغۇچى: غوپۇر جاپپار
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىليار تۇرسۇن
غالىب شاھ
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: خالمۇرات قىيۇمبەگ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئارزۇگۈل ئابلىز

# سالچىلار (2)

(رومان)

ئاپتورى: مەمتىمىن ھوشۇر

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar @126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 32
2016 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2016 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978－7－5515－9947－4
سانى: 1 —4000
ئومۇمىي باھاسى: 96.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



يازغۇچى «سالچىلار» رومانىنى يېزىش جەريانىدا

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## 3 ـ قىسىم سالچىلار


يىگىرمە توققۇزىنچى باب قاراكۆلدە چېلىش .... 511
ئوتتۇزىنچى باب دەسلەپكى قونالغۇ ............... 532
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئاغىيازنىڭ قويغىنىدا ..... 558
ئوتتۇز ئىككىنچى باب دالا گۈلى ............... 579
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب قوۋىدا ................... 602
ئوتتۇز تۆتىنچى باب مەدىيانىدىن ئۆتكەندە ....... 618
ئوتتۇز بەشىنچى باب خەتەرلىك جىلغا ........... 636
ئوتتۇز ئالتىنچى باب بەشسالا .................. 655
ئوتتۇز يەتتىنچى باب گۆچۈك ھارىقى ........... 675
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب چوڭ كۆۋرۈك ......... 693
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ئالتۇن ئۆزۈك .......... 715

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# 4 ـ قىسىم ئەستىن چىقماس قاپچىغاي

قىرىقىنچى باب ئاق ئۆي ........................ 741
قىرىق بىرىنچى باب يولدا ...................... 759
قىرىق ئىككىنچى باب ياماتۇ .................... 777
قىرىق ئۈچىنچى باب يەنە قاراكۆلدە .............. 794
قىرىق تۆتىنچى باب ياغاچ كەسمەيمەن ........... 805
قىرىق بەشىنچى باب بالا شۇم .................... 828
قىرىق ئالتىنچى باب سىم ـ تۆڭگە .............. 844
قىرىق يەتتىنچى باب دەريا كوچىسى .............. 861
قىرىق سەككىزىنچى باب قاپچىغاي ............... 878
قىرىق توققۇزىنچى باب بايتوقاي ئەتراپىدا ...... 894
ئەللىكىنچى باب دوستىنى ئىزدەپ ............... 908
ئەللىك بىرىنچى باب ھەيكەل ..................... 930
ئەللىك ئىككىنچى باب تويمۇ نەزىر .............. 948
ئەللىك ئۈچىنچى باب يۇرتقا سەپەر .............. 968
ئەللىك تۆتىنچى باب ۋەسىيەت ................... 984

# 3 ـ قىسىم

## سالچىلار

يېتىپ كەلدىم ئىلىخوغا ،
ئالتە شەھەرگە داڭلىق جايغا .
قىشتا خاڭدا ، يازدا سالدا ،
كۈنۈم ئۆتتى ئىشلەپ بايغا . . .

— خەلق قوشاقلىرىدىن



www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# قاراكۆلدە چېلىش

قاراكۆل ــ موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىن مۇز داۋانغا قاراپ ماڭغاندا يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر جاي ئىدى. تېكەس دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قارلىق چوققىلار، ئىككى تەرىپى قارىغايلار بىلەن بېزەلگەن جىرالاردىن ئەگىپ چىقىپ كېلىدىغان بىرقانچە تارماق ئېقىنلار قاراكۆلگە كەلگەندە بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ئۇلغىيىپ كەڭ بىر قولتۇق ھاسىل قىلاتتى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە گۈزەل بىر توقايلىق سوزۇلۇپ ياتاتتى. توقايلىق ئىچىدە سازلىقتىن ئېقىپ چىققان قارا سۇلاردىن ھاسىل بولغان بىرقانچە كۆل بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، بۇ يەر «قاراكۆل» دەپ ئاتىلاتتى. يەنە بەزىلەر «قاراكۆل» دېگەنگە «چوڭ كۆل» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەبىر بېرىشەتتى. قاراكۆلنىڭ يۇقىرىسىدىكى تارماق ئېقىنلار تار، سۈيى ئاز بولغاچقا سال ئېقىتىشقا بولمايتتى. زامان ـ زامانلاردىن بېرى ئىلىنىڭ سالچىلىرى مانا مۇشۇ قاراكۆلدىن باشلاپ سال باغلىغانىدى. قارا كۆلدىكى مول دەريا سۈيى، دەريا ياقىسىدىكى ياغاچ توپلاشقا ئەپلىك كەڭ مەيدان، دەرياغا ياغاچ دومىلىتىپ چۈشۈرۈشكە ئەپلىك يانتۇلۇقلار بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى



يەردە سال باغلاشقا ناھايىتىمۇ قولاي شارائىت ھاسىل قىلىنغانىدى. شوتا تەرەپتىن كەلگەندە قاراكۆلدىكى دەريانىڭ سول تەرىپى توقايلىق، ئوڭ تەرىپى دۆڭلۈك ئىدى. دۆڭ باغرىدا ئىلىدىن مۇز داۋانغا، مۇز داۋاندىن ئالتە شەھەرگە قاراپ كەتكەن قەدىمىي يول سوزۇلۇپ ياتاتتى، يول ئۈستىدە كىچىك بىر مەھەللە بار ئىدى. تۈنۈگۈن بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز ئەنە شۇ مەھەللە ئىچىدىكى دەڭگە چۈشكەنىدى.

يامغۇر توختاپ بۇلۇتلار تاراپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار بىر - بىرلەپ كۆكۈللۈك چاقنىغان شۇ كېچىدە ھەسەن ئالتە شەھەرلىك بۇرادەرلىرىنىڭ قىپشىغا چىقىپ، ئىنىسى ھۈسەن بىلەن مۇڭدىشىپ ياتتى.

— ئۇكام، ئەمدى سەن باشقا يەرگە كەتمەي مېنىڭ يېنىمدا تۇرسەن، — دەيتتى ھەسەن ئىنىسى ھۈسەنگە قاراپ، — باشقا يەرگىمۇ بارغۇزمايمەن... مانا ئىلىغو دېگەن مۇشۇ... ئىلىغوغا چىقتىڭ... ئەمدى ئاكاڭنىڭ يېنىدا تۇرماي نەگە باراتتىڭ؟... مۇشۇ يەردىن شەھەرگە ياغاچ توشۇيمىز.

— ھارۋىدىمۇ، ئۇلاغقا سۆرىتىپمۇ؟

— نېمىنى دەيسەن؟

— ياغاچ توشۇيمىز دەيسەنغۇ؟... ياغاچنى نېمىدە توشۇيمىز؟

— بۇ يەردە «سال» دەپ بىر نېمە بار، كۆرگەنما؟

— كۆرمىگەن، ئاڭلىغان.

— ھە، ئەتە كۆرىسەن... ياغاچنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ دەريادا ئېقىتىدىغان گەپ، «سال» دېگىنى شۇ. دەريا بويىدا قىشچە بايلارنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى

تاغلاردىن كەستۈرۈپ ئەكېلىپ دۆۋىلىۋەتكەن ھەر يوغان قارىغاي ياغاچلىرى بار، بەزى ياغاچلارنى كۆرسەڭ «يا ئاللا!» دەپ قالىسەن. ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدۇ... ئەتە تاڭ ئاتقاندا ھەممىنى كۆرىسىلەر، شۇ ياغاچلارنى توشۇيمىز. ئىشلەپ پۇل تاپىمەن دېسەڭلار مانا مۇشۇ يەردە قېلىڭلار، — دەپ باشقىلارغا تەڭ قاراپ چىقتى ھەسەن، — شەھەرگە بارغان بىلەنمۇ ئىش بولمىسا مەدىكار بازىرىدا كەچكىچە ئېڭەكنى يۆلەپ سارغىيىپ ئولتۇرىدىغان گەپ، شەھەردە ئۇرۇق - تۇغقانلار بارمۇ - يە؟... ماۋۇ يەردە ئىشلەيمەنلا دېگەن ئادەمگە ئىش تېپىلىدۇ. يازچە سال ھەيدەيمىز، قىشتا خاڭدا.. يا بولمىسا تاغقا چىقىپ ياغاچ كېسىمىز...

— مەن ياغاچ كېسىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى باياتىن بېرى ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ ئاكىسىنىڭ گەپلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان قۇۋان، — ئوسمانئاخۇن ئاكامنىڭ ئۇلاغلىرىنى ھەيدىشىپ شەھەرگە بىر كىرەي، كەمبەغەل بولساڭ شەھەر تالاش دېگەن بىر گەپمۇ بار، خۇدايىم رىزقىمنى چاچقان باشقا بىر يەرمۇ باردۇ؟!...

— مەن ئاكامنىڭ يېنىدا قالاي، — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە.

— شۇنداق قىلىسەن... شۇنداق قىلماي يەنە نەگە باراتتىڭكىن؟ — دېدى ھەسەن.

— سەمەتئاخۇن، سىلىمۇ ئاشۇ ئىلىخودىكى سال ھەيدەيدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئاكام بار، دېگەنىدەك قىلىۋېدىلىغۇ؟ — دەپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەن سەمەتكە قارىدى ھۆسەن بايۋەچچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاكىلىرىڭنىڭ ئىسمى نېمىتى؟ — دەپ سورىدى ھەسەن.

— مەمەت.

— مەمەت؟... — دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ھەسەن، — بۇ قاراكۆلدە مەمەت دەپ سالچىنى ئاڭلىماپتىمەن... ئۇكام، خاتىرجەم بولسىلا، ئەتە تاڭ ئاتسۇن، سۈرۈشتۈرۈپ تاپىمىز.

— بۇ يەردە ئاكامنىڭ دېرىكى بولمىسا مەنمۇ ئوسمان تاغامدىن ئايرىلىپ قالماي شەھەرگە بىللە كېتەي، — دېدى سەمەت، — شۇنچىۋالا يەردىن تاغ ئاتلاپ كېلىپ ئىلمخوننىڭ شەھىرىنى كۆرمەي بۇ ئايدالادا قالسام قانداق بولا؟...

— ماۋۇ گەپنى قاراڭلار، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ھەسەن، — ھېلىمۇ بىز دەرياغا سالغان ياغاچلارنى باشقا يەرگە ئەمەس، ئۇدۇل ئاشۇ شەھەرگە ئاپىرىمىز دەيمەن. سالچى دېگەن شۇ دەريادا ئېقىپ، شەھەر بىلەن تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا موكىدەك ئۆتۈشۈپلا تۇرىدىغان خەق... شۇنداقمۇ؟... — دەپ ئوسمان ئۇلاغچىغا قارىدى ھەسەن.

— شۇنداق، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — مەنمۇ ئەتە ئالدىراپلا يولغا چىقىپ كەتمەيمەن، ئاۋۋال ھەرقايسىڭلار ماۋۇ قاراكۆلنى بىر ئوبدان كۆرۈۋېلىڭلار، قىلغۇدەك ئىش بولسا مەشەددە قالىمەن دېسەڭلارمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارى... ماڭىمەن دەيدىغانلار بولسا يەنە بىللە ماڭىمىز.

※ ※ ※

يولۇچىلىرىمىز ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. قاراكۆلنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھەيران

بولدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇستا رەسسام سىزغان سۈرەتتەك چىرايلىق بىر كۆرۈنۈش تاشلىنىپ ياتاتتى. كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان سۇ بويىغا دۈۋىلەنگەن قارىغاي ياغاچلىرىدىن گۈپۈلدەپ دېۋىرقاي پۇرىقى كېلەتتى. قاراكۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تال، زىرىق، جىغان، تاغ تېرەكلىرى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان توقايلىقلاردىن سۇ قۇشلىرى ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. ئەتىگەنلىك قۇياش توقايلىقلار، دۆڭلەر ۋە ئەگىم ـ ئەگىم تارماق ئېقىنلار ئېقىپ كېلىۋاتقان پۈتۈن ۋادىغا ئۆزىنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرىنى تۆككەنىدى. كېچىدىكى يامغۇردىن قالغان مەرۋايىتتەك تامچىلار يوپۇرماقلار ئۈستىدە لىغىرلايتتى. توقايلار ئۈستىدىن نېپىز تۇمان كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ھۈسەن بايۋەچچىنىڭ ئاكىسى مېھمانلارغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ــ مانا، ــ دېدى ئۇ ئالدىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىپ، ــ ھېلىقى بىر ئېرىقىدا ئالتۇن، يەنە بىر ئېرىقىدا كۈمۈش ئاقىدۇ، دېگەن ئىلىخو مۇشۇ.

ــ راست چىرايلىق يەرلەركەن، ــ دېدى ھۈسەن، ــ ئاكا، مەن ساڭا دەپ قوياي، ماۋۇ بىز نەچچە كۈننىڭياقى مېڭىپ چىققان تاغ ئىچىدىمۇ ئالامەت چىرايلىق يەرلەر باركەن دەيمەن...

ــ بىلىمەن، بىلىمەن، مېنى كۆرمىگەن دەمسەن، ئۇكام؟... ئاشۇ سەن مېڭىپ چىققان تاغلارنىڭ ئىچىدىن ئاكاڭمۇ مېڭىپ چىققان، ــ دېدى ھەسەن، ــ ئەمما، ئۇكام، مەن ساڭا دەپ قوياي، مىڭ چىرايلىق بولغىنى بىلەن يەنە ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت جۇما... ئىلىخونىڭ ئېرىقىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سوزۇۋالماقمۇ ئۇنداق ئوغاي ئەمەس... ئىشلىمىسەڭ بۇ يەردىمۇ ھېچكىم بىر بۇردا ناننى بىكارغا بەرمەيدۇ...

— ئاۋۇ قېلىن دەرەخلىكنىڭ ئىچىدە نېمە باردۇ؟ — دېدى قوۋان توقايلىقلارنى كۆرسىتىپ.

— ھەممە نېمە بار، — دېدى ھەسەن، — بەزىدە بۇغا - مارال، تاغ تېكىسى دېگەنلەر كېلىپ قالىدۇ. ياۋا ئۆردەك دېگەننىغۇ سامانىدەك... «سارىغاز» دەپ رەڭگى سېرىق كېلىدىغان بىر تورلۇك ياۋا غازمۇ بار... توقاينىڭ ئىچىدىكى كۆلدە غەلىتە بىر بېلىق بار، رەڭگى قارامتۇل كەلگەن. قارىساڭ كۆرۈنىدۇ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن زادى تۇتقۇزمايدۇ، قارماق سېلىپمۇ تۇتقىلى بولمايدۇ.

سالچىلار سال باغلايدىغان دۆڭ تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى، ئۇ يەرگە بىرمۇنچە ئادەملەر توپلىنىشىۋالغانىدى.

— ئاۋۇ يەردە نېمە گەپ بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى سەمەت.

— ھە، تۈنۈگۈن يامغۇر ئەدەپ كېتىپ سالچىلىرىمىز سال باغلىيالمىغان... ئاۋۇ سۇ ئىچىدىكى ئادەملەر سال باغلاۋاتىدۇ. قىرغاقتىكىلەرى سۇغا ياغاچ چۇشۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ.. دۆڭدە ياغاچ ئاقلاۋاتقانلارمۇ بار، سالغا ياغاچنى سويىپقىنى ئاقلىۋېتىپ باغلايمىز...

— نېمانچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئۇ؟

— بۇ ئىلىخولۇق دېگەن غەلىتە بىر خەقكەن، كېيىن بىلىپ قالىسىلەر، — دېدى ھەسەن، — ھەممە ئىشنى ئاشۇنداق ئويۇن - كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ چۇقان سېلىشىپ كېتىدۇ. ۋاي، ياق، كۆردۈڭلارمۇ، ئۇ يەردە جوماقكام تاز قىزىقچىلىق

كۆرسىتىشۋاتقاندەك قىلىدۇ. يورۇقلار، كۆرۈپ باقايلى.
يولۇچىلار ھېلىقى ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشىشۋاتقانلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ ئەتراپتا يورگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بەستلىك كەلگەن، بورۇتلۇق ئادەملەردىن ئىدى. بىرمۇنچە ئادەملەر بىر يەرگە دۈگىلەك دائىرە بولۇپ ئولىشىۋالغانىدى. ئوتتۇرىدا بىر ئادەم سوزۇلۇپ ياتاتتى. يۈزلىرىدە چوقۇر ئىزى بار، گەۋدىلىك كەلگەن بىر ئادەم ھېلىقى ئوتتۇرىدا ياتقان ئادەمنى بېلىگە باغلىغان بەلبېغىدىن چىشلەپ يەردىن كۆتۈرۈۋالماقچى بولۇۋاتاتتى. ئەتراپقا ئولاشقانلار چۇقان سېلىشىپ: «ھە، ھە، جۇماقكا، غەيرەت قىل، ياپىرىم!» دەپ بەلدىن چىشلەپ كۆتۈرمەكچى بولغان ئادەمگە مەدەت تىلىشەتتى؛ بەزىلىرى: «ھە، ئاباق، بوش كەلمە، يەرگە ئېغىرىڭنى تاشلاپ تۇرۇۋال!» دەپ ياتقانغا مەدەت بېرىشەتتى. ئەتراپقا بىرمۇنچە مالچىلارمۇ ئولاشقان بولۇپ، ئۇلار ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدە قىمىرلىماي ئولتۇرۇشۇپ، كىشىلەرنىڭ بېشى ئۈستىدىن قىزىقچىلىق كۆرۈپ تۇرۇشاتتى. جۇماق يەردە ياتقان ساقاللىق ئادەمنى بەلدىن چىشلەپ يەردىن بەلگىچە كۆتۈردى. «كۆتۈردى، كۆتۈردى!» دەپ چۇقان سېلىشىپ كەتتى ئەتراپتىكىلەر.
ـــ بولدى، بولدى، جۇماق، ساڭا قول قويدۇم. مېنى يەرگە ئاستا قوي، ـــ دېدى ھېلىقى ساقاللىق ئادەم. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قېقىپ، ئات ئۈستىدە تۇرغان بىر مالچىغا قاراپ:
ـــ ھاي ئارسلانبەگ! ماۋۇ جۇماققا بىر قوي بەر، بالادەك كۈچى بار تازىكەن بۇ! ـــ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— هاي پالانچى، — دەپ سالچىلاردىن بىرىنى چاقىردى جوماق تاز، — ئاۋۇ مالچى ئەكەلگەن قوينى سالغا تاشلا، يولدا يەيمىز.

ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈۋالغان بىرەيلەن مالچىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

— بۇ جوماقكامنىڭ ئاجايىپ كۈچى بار، — دەپ تونۇشتۇردى ئالتە شەھەر تەرەپتىن كەلگەنلەرگە ھەسەن، — مۇشۇ سالچىلارنىڭ ئىچىدىكى نوچىلارنىڭ بىرى. سال دېگەندە يالغۇز يولغا چىققىلى بولمايدۇ. ئاز دېگەندە يەتتە ـ سەككىز ئادەم ئۈچ ـ تۆت سالنى بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان گەپ، شۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق نوچىدىن بىرەرسى بولمىسىمۇ شەھەرگە كىرگەندە بوزەك بولۇپ قالىسەن، بۇ ئادەمنىڭ ئاجايىپ بىگىسى بار، ھېچكىم مىدىرلىتالمىغان يوغان تاشلارنى «پالانى يەرگىچە كۆتۈرۈپ ئاپارسام نېمەڭنى تىكتىڭ؟» دەپ كۆتۈرۈپ نە ـ نەلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. جوماقكام ئۆزى يەردە ئوڭدىسىغا ياتسا ھېچكىم ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ تارتىپ يەردىن كۆتۈرۈۋالالمايدۇ، ئۆزىمىغۇ بېشى تازىمۇ يوغان تاز... بۇ ئادەمنىڭ چېلىشقىمۇ ئېپى بار. ھەرقانداقىنى «ياپىرىم!» دەپلا يانپاشقا ئېلىپ ئاتىدۇ. مانا مەن بۇ ئادەم بىلەن ئىككى ـ ئۈچ يىلنىڭياقى بىللە، بۇ تازنىڭ يېنىنى يەرگە تەگكۈزگەن ئوغۇل بالىنى كۆرۈپ باقمىدىم... شۇغىنىسى، جوماقكامنىڭمۇ يېشى چوڭىيىپ كەتكىلى تۇردى، قاراڭلار، ئەنە جوماقكام چېلىشقا چۈشىدىغان بولدى.

بۇ يەردە چېلىش بولىدىغىنىنى ئاڭلاپ ئەتراپتا ئولاشقان ئادەملەر تېخىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. كېچە دەڭدە

قونغان يولۇچىلار، تۆۋەندە سال باغلاۋاتقان سالچىلار، سۇغا ياغاچ چۈشۈرۈۋاتقان، ياغاچ ئاقلاۋاتقان ئىشلەمچىلەر، ئىرىدا بىر ياغاچنى چوت بىلەن چېپىپ سالغا گۈرجەك ياساۋاتقان ياغاچچى دېگەندەك ھەممەيلەن چېلىش بولىدىغان مەيدانغا قاراپ ماڭدى. جۇماق دېگەن بۇ سالچى بۈگۈن ئەتىگەندىلا خېلى قىزىپ قالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندا خۇشاللىقىنى شۇنداق ئىپادە قىلاتتى. ئۆزىنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكىنى باشقىلارغا بىر كۆرسىتىپ يۇخادىن چىقاتتى. ئەتراپتا ئاتلىق تاماشا كۆرۈپ تۇرغان مالچىلارنىڭ بىرى ئاتتىن چۈشۈپ چۇلۋۇرىنى يېنىدىكى بىرەيلەنگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۈستىدىكى چاپاننى سېلىپ تاشلاپ بەلبېغىنى تۈزەپ مەيدانغا چۈشتى. ئىككى تەرەپ بەل تۇتۇشا - تۇتۇشمايلا جۇماق ھېلىقى مالچىنى يەرگە ئېتىۋەتتى.

— بولمىدى، بولمىدى! — دەپ ۋارقىراشتى ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار.

— نېمىسى بولمىدى؟ — دەپ چەكچەيدى جۇماق.

— جۇماقكا، سەن باشقىلار بىلگىنى تۇتا - تۇتمايلا يەرگە ئېتىۋەتتىڭ، ھېساب ئەمەس، ئاۋۋال ئوبدان بەل تۇتۇشۇۋېلىڭلار، ئاندىن بىر، ئىككى، ئۈچ دېگەندە ھېساب بولامدۇ؟ — دېدى بىرەيلەن.

— ھەي، سەن بۇرۇن يامۇلغا ئەسكەر بولغان نېمىمۇ قانداق؟ بىر، ئىككى، ئۈچ دەپ ساناپ ئولتۇرىدىغانغا بۇ يەر مارشقا دەسسەيدىغان مەيدانمىدى؟ بۇ دېگەن چېلىش!

— ھەرقانداق بولسىمۇ، ھەر ئىشنىڭ مۇنداق بىر قائىدىسى بولىدۇ - دە، كېلە، ئاغىنە، باشقىدىن، — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بىرسى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ھېلىقى ئىككى چېلىشچىنى باشقىدىن بەل تۇتۇشتۇردى ـ دە، «بىر، ئىككى، ئۈچ!» دەپ ساندى.

ئۇلار باشقىدىن بەل تۇتۇشۇپ بىر ـ بىرىنى مۇرىدەپ بىرھازا ئويناق ـ بوياقتا ئىتتىرىشكەندىن كېيىن جۇماق قارشى تەرەپنى يەنە يەرگە ئاتتى.

ـــ بۇغۇ ھېسابتۇ؟

ـــ ھېساب.

ـــ خوش... يەنە كىم بار؟ ـــ دەپ ئەتراپىغا قارىدى جۇماق. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى بىر تەرەپتە توپلىشىپ تۇرغان يولۇچىلىرىمىزغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىنلا ئالتە شەھەر تەرەپتىن يېڭى ئۆتكەن ئادەملەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، ـــ ماۋۇ ئالتە شەھەر تەرەپتىن چىققانلار ئىچىدە بەل تۇتۇشقۇدەك بىرەر ئوغۇل بالا يوقما؟

ھۇسەن بايۋەچچە لاپ قىلىپ سەمەتكە قاراپ قويدى. سەمەتنىڭمۇ قېنى قىزىپ، ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ تۇراتتى.

ـــ سەمەتئاخۇن، سىلىنىڭمۇ غەزەپ كۈچلىرى بار جۇما، ـــ دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، ـــ مەيدانغا چۈشۈپ ئاۋۇ يوغانچى ئوغرى بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقمامدىلا!...

ـــ ئۇكام، كىمنى دەۋاتىسەن؟ ـــ دېدى ھەسەن ئىنىسىگە قاراپ، ـــ ماۋۇ جۇماق دېگەن تازىنىڭ بالادەك كۈچى بار جۇما.

ـــ ئاكا، سەن بىلمەيسەن، بىزنىڭ ماۋۇ سەمەت دېگەن يىگىتىمىزنىڭمۇ خېلى بىغسى بار.

ـــ ھاي ـ ھاي... بولدى قىلىڭلار، ـــ دېدى سەمەتنىڭ يېنىدا تۇرغان ئوسمان ئۇلاغچى، ـــ بىز ماۋۇ يۇرتقا

مۇساپىر، مۇساپىر دېگەننىڭ ياۋاشراق بولغىنى ياخشى.

— يا ئەمدى، دەۋاتىمەنا، ئاۋۇ ئاكامنىڭ بىزگە قاراپ: «ئىچىڭلەردە ئوغۇل بالا يوقما؟» دەپ كېتىپ بارغىنىنى قايىلماملا، بىز ئوغۇل بالا بولماي نېمىكەنمىز؟... مانا ماۋۇ سەمەتئاخۇن بىر ئېلىشىپ باقاي دەيدۇ!— دەپ ۋارقىرىدى ھۇسەن بايۋەچچە.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى سەمەتكە تىكىلدى.

— كېلە، ئۇكام،— دېدى جۇماق ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن،— ئالتە شەھەرنىڭ ئادەملىرى چېلىشقا ئۇستا كېلىدۇ. كېلە، يىقىلساڭ ئېغىرىڭنى يەر كۆتۈرىدۇ.

سەمەت بېلىدىكى بەلبېغىنى چىڭىتىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. جۇماق سەمەتنى تۇتۇشا - تۇتۇشمايلا يەرگە ئېتىۋەتتى، سەمەت يەرگە تىككىدە چۈشتى. ئىككىنچى قېتىم ئاتقاندىمۇ يىقىلماي ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ توختاپ قالدى.

— ھوششەرە، ئۇكام، بوش كەلمە!— دەپ ۋارقىراشتى ئەتراپتىكىلەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇماقنىڭ ئۆزۈندىن بېرى چېلىشتا بۇ ئەتراپنى سوراپ يۈرگىنىگە ئىچى پۇشۇپ، يېڭىدىن بىرەر پالۋاننىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى.

جۇماق بەستلىك ئادەم بولغاچقا سەمەت ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ بېلىگە قولىنى يەتكۈزەلمەيۋاتاتتى. جۇماق سەمەتنى ئۈچىنچى قېتىم يەرگە ئاتتى، سەمەتنى يەنە يىقىتالمىدى، ئەكسىچە ئۆزى ئوبدانلا ھاسىراپ قالدى. تۆتىنچى قېتىم بەل تۇتۇشۇشتا سەمەت جۇماقنى بېلىدىن خېلى ئەپلىك تۇتۇۋالدى - دە، جۇماق ئۆزىنى رۇسلاپ بولغۇچە يەرگە ئاتتى. جۇماق يەرگە گۈپپىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىقىلدى. پۈتۈن مەيداندا «ئاپىرىن!»، «ياشا، ئۇكام!» دەپ قىيقاس چىقىپ كەتتى.

جۇماق ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇردى ـ دە، كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قېقىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە سەمەتكە بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە بىر قارىدى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

ــ خالايىق! ــ دەپ كۆپچىلىككە قارىدى، ــ ئەمدى چېلىش دېگەننى مۇشۇ ئىنىم چېلىشسا بولىدىكەن، مەن قېرىپتىمەن، يۈرە، ئۇكام، بۈگۈن سېنى مەن بىر مېھمان قىلاي.

ــ مېنىلا مېھمان قىلسىلا ھېساب ئەمەس، مېنىڭ ھەمراھلىرىمنىمۇ بىللە مېھمان قىلسىلا، بولمىسا بولدى، ــ دېدى سەمەت.

ــ ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، ھەمراھلىرىڭ قېنى؟... ھەي ھاشىم، بايا ئۇتتۇۋالغان قوي قېنى؟

ــ پۈتىنى باغلاپ سالغا تاشلاپ قويدۇق.

ــ ئەكىلىڭلار، سويۇپ قازانغا سېلىڭلار، ماۋۇ ئالتە شەھەردىن چىققانلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن مېنىڭ مېھمىنىم.

دەريا تەرەپكە قازان ئېسىلدى. ھېلىقى ھاشىم دېگەن ئادەم يالاڭ ئاياغلا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ قارىغاي قوۋزاقلىرى، قانداقتۇر بىر چېپىندىلارنى قۇچاقلاپ ئەكېلىپ ئوت ياقتى. قاپقارا قورۇم باغلاپ كەتكەن ئوچاق تۈرخۈنىدىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلدى. قوينى بىردەمدىلا سويۇپ، تېرىسىدىن ئاجرىتىپ قازانغا تاشلاشتى. كىمدۇر بىرى مالچىلارنىڭ ئۆيىدىن بىر قازاق كىگىزنى سۆرەپ چىقىپ چىملىق ئۈستىگە يايدى.

— قېنى، جۇماق ئاكا، ئۆزۈڭ ماۋۇ تۆرگە كەل، — دەپ مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرغىلى تۇردى ھاشىم، — ئالتە شەھەردىن چىققان مېھمانلار مانا ماۋۇ تەرەپكە... قالغانلار مانا مەيەرگە كېلەيلى.

كۆپچىلىك ئەمدىلا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇراتتى، ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ ئاكىسى ھەسەن «مېھمانلارغا ئاتىغىنىم» دەپ نەدىندۇر بىر توقلىنى مەرىتىپ سۆرەپ كەلدى.

— ھاي - ھاي، ھەسەنئاخۇن، — دەپ ۋارقىرىدى بىرەيلەن، — ھالالنى ھارامغا ئارىلاشتۇرمايلى... قىماردا ئۇتۇۋالغانما؟ ھەقىچان بىر يەردىن قويدۇڭغۇ، دەيمەن؟

— خاتىرجەم بول، ھالال مال، — دېدى ھەسەن، — بىر مالچىغا شەھەردىن چىققاندا بىر تاختا چاي ئاچىقىپ بېرىدىغان بولۇپ ۋەدە قىلىپ ئالدىم.

— ھەي تاڭەي، گېپىڭدىن يېتىۋالامسەنكىن؟...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىگىزدە ئولتۇرغان سالچىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ھەسەن «يۇرتقا چۇشۇپ كېتىمەن» دەپ تەرەددۇت قىلىپ، ئۈچ قېتىم مۇز داۋانغا يەتمەيلا ئارقىغا يېنىپ كەتكەچكە، سالچىلار ئىچىدە ئۇنىڭ «يانغاق» دىگەن لەقىمى بار ئىدى.

— ئارقاڭغا يېنىپ ئىگىسىگە ئاپىرىپ بەرسەڭ بولامدىكىن...

— جۇماقكا، ئاۋۇ ئوڭ تەرىپىڭدە ئولتۇرغان يىگىت مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ھەسەن ئىنىسى ھۆسەن بايۋەچچىنى كۆرسىتىپ، — قەشقەردەك يەردىن «ئاكامنى كۆرەي» دەپ جاپا تارتىپ داۋان ئاتلاپ چىقىپتۇ...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— ئارقىغا يانماي، دېگىنە...
— ھە، ئارقىغا يانماي... ئەمدى مەن بىر چىچقاق توقلىنىڭ بېشىنى ئالمىسامۇ سەت بولا؟... قېنى، دۇئايىڭنى بەر، ئاكا، بۇنىمۇ سويۇپ قازانغا تىقايلى.
— بارىكاللا!— دېدى بىرەيلەن،— ھەسەن بۇدو يانمايدىغاندەك تۇرىدۇ.
توقلىنىمۇ سويۇپ قازانغا تاشلاشتى، گۆش پىشقۇچە كۆپچىلىك پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ يەردە گەپ ياغاچ، قوي... كىمنىڭدۇر بۇلتۇر مۇشۇ قاراكۆلدىن سېتىۋالغان ئېتىنىڭ ئاجايىپ يۈگۈرۈك چىققانلىقى... يىتىپ كەتكەن مالىخاي... دېگەندەكلەر ئۈستىدە باراتتى.
— چىرايلىق يەرلەرمىكەن؟— دېدى جوماق ئالتە شەھەردىن كەلگەنلەرگە ئەتراپنى كۆرسىتىپ ماختىنىپ،— ئەنە شۇ تۆت ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ باغرىدا يېشىل كۆرۈنۈپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قارىغاي، مانا بۇ ئەتراپتىكى دالالاردا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ ئىسمىنى ھېچكىممۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. كۈنپېتىشتىكى ئاۋۇ تاغنىڭ باغرىدا كۆرۈنۈپ تۇرغىنى ئورۇسنىڭ يەرلىرى①. كېچىلىرى ئۇ تەرەپكە قارىساڭ ماڭغان كوڭكىلارنىڭ چىرىغى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئورۇسنىڭ يېرى دەيدۇ، بۇ يۇڭ باشلار قايسى زامانلاردا كېلىپ ئىگىلىۋېلىۋىدىكى، ئەسلى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مال باقىدىغان يەرلىرى... خوش، ئۇكام، ئېتىڭنى يەنە ئۇنتۇپ قالدىم.
— سەمەت.

① قاراكۆلنىڭ غەربىي تەرىپىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ يەرلەر ھازىر قازاقىستان بىلەن چېگرالىنىدۇ.

ــ ھە، سەمەتئاخۇن ئۇكام، ئەمدى سەن نەگە بارماقچى؟

ــ ئىلىخوغا.

ــ ئىلىخوغا چىقىپ بولدۇڭ. مۇشۇ ئەتراپىڭدىكى كۆز يەتمەس جاھاننىڭ ھەممىسى ئىلىخوغا تەۋە. ئىلىخونىڭ نەرىگە بارماقچى؟ بۇ تەرەپتە ئىزدەيدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىڭ بارمۇ ياكى شۇنداقلا تەۋەككۇل قىلىپ قاڭقىپ چىققان يىتىمچىمۇ سەن؟

ــ ئۇزۇن يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ تەرەپكە چىقىپ كەتكەن بىر ئاكام بار ئىدى، ئېتى مەمەت. باشقىلاردىن ئىلى تەرەپتە سالچىلىق قىلىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، شۇ ئاكامنى بىر كۆرسەم دېگەن ئارمىنىم بار.

ــ سالچىلىق قىلىدۇ دېدىڭما؟... ئېتىنى كىم دېدىڭ؟

ــ مەمەت.

ــ مەمەت... مەمەت. بىزنىڭ ئارىمىزدىغۇ مەمەت دېگەن سالچى يوق. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىلىدىغانلار بارمۇ؟ ــ دەپ ئەتراپىدىكى سالچىلارغا قارىدى جۇماق.

كىگىزدە ئولتۇرغان سالچىلارمۇ «مەمەت» دېگەن ئىسىمنى تەكرارلاپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. مۇنداق ئىسىملىك سالچىنى بىلىدىغان ئادەم چىقمىدى.

ــ ئۇكام، باشقا ئىشىڭ بولمىسا ماڭا ياردەمچى بول، ــ دېدى جۇماق سەمەتكە قاراپ، ــ ماڭا ساڭا ئوخشاش بىر ياردەمچى كەم تۇراتتى... غەم قىلما، ئاكاڭنى ئىزدەپ تاپىمىز، ئىلىخودا سال ھەيدەيدىغان ئادەملەر خېلى بار. بەلكىم ئاكاڭ تېپىلىپ، كۈنەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرەپلەردىن ياغاچ ئېقىتىپ كېلىدىغان سالچىلارنىڭ ئارىسىدىمىكىن... سالچى دېگەننىڭ ھەممىسى ئاخىرىدا ئېقىپ بېرىپ شەھەردە توختايدۇ. شەھەرگە بىر كىرمىگۈچە ئۆزلىرىمۇ خۇماردىن چىقمايدۇ... شەھەرگە كىرگەندە سۈرۈشتۈرۈپ تېپىۋالىمىز.

— سىلىگە ياردەملىشىپ نىمە ئىش قىلارمەن؟ — دەپ سورىدى سەمەت.

— نىمە ئىش قىلاتتىڭ، سال ھەيدەيسەن.

— مەن... مەن سال ھەيدەشنى بىلمىسەم؟

— مانا مەن ئۆگىتىمەن...

ئەتىگەننىڭياقى ئاكىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ قاراكۆلنى پىرقىراپ يۈرگەن جاپپارمۇ گۆشنىڭ پىششىنى كۆتۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ قاتارىغا كېلىپ بىر پىيالە چاي ئىچتى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى: «قۇدۇقتا چۈشۈپ يوقاپ كەتتى، دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ قۇدۇقتا چۈشۈپ يوقاپ كەتكەن بولسا ئاكاڭ قاراكۆلدە نىمە قىلىدۇ؟» دەپ ئۇنىڭ ئۆزىگە سوئال قويۇشتى.

— ۋاھ! — دەپ ھەيران بولدى بىرەيلەن، — ئاكاڭنىڭ سېھىرگەرلىك ھۈنىرى بارمىدى؟... بۇرۇن ھىندىستان تەرەپتىن كەلگەن شۇنداق بىر ئادەم باركەن، بىرنەرسىلەرنى «سۈپ» دەپلا غايىب قىلىۋېتەتتىكەن...

— ياقەي، ئەمما ئاكام ئىلىنى سورىغان نوچىلارنىڭ بىرى.

— كىم دېدىڭ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى چوماق ئاكا.

— غاپپار... غاپپار دېسە ئىلىدا تونۇمايدىغان ئادەم يوق.

— ۋاي ئۇكاموي، بىز ئۇ غاپپارنى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ گۇندىخاندا ياتىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدۇققۇ؟! — دېدى بىرەيلەن.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىممۇ شۇ گەپقۇ، — دېدى جاپپار، — ئاكامنى گۇندىخانىدا سوراقتا تارتىپ: «ئۆلتۈرگەن ئادىمىڭنىڭ جەسىتىنى نەگە تاشلىدىڭ؟» دېسە، بىر قۇدۇقنى كۆرسىتىپتۇ. «چۈشۈپ جەسەتنى ئۆزۈڭ ئېلىپ چىق» دەپ ھېلىقى قۇدۇققا ئاكامنى چۈشۈرۈپتىكەن، ئاكام شۇ چۈشكەنچە قۇدۇقنىڭ ئىچىدىمۇ يوق، ھېچنەدە يوق. گۇندىپايلار ئۆزىمۇ قورقۇپ كېتىپ قۇدۇقنى توپا تارتىپ كۆمۈۋېلىۋېتىپتۇدەك. يېقىندىن بېرى ئاڭلىساق، ئاكامنى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە كۆرگەنلەر بار ئىكەن. بەزىلەر: «ئاكاڭ قاراكۆلدە سالچىلار ئارىسىدا يۈرىدۇ» دېگەندەك قىلىۋېدى.

— غاپپار بىزنىڭ ئارىمىزدا بولغان بولسا، «ۋاي، غاپپار دېگەن نوچى سالچىلارنىڭ ئىچىدىكەن» دەپ ئاڭلىغان بولاتتۇق. ياق، ئاكاڭ بۇ يەردە يوق، — دېدى بۇرۇتلۇق بىر سالچى.

— بولدى، بولدى، غاپپار نوچىنىڭ ئىنىسىمۇ سەن؟ توغرا، چىرايىڭمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن، — دەپ ئېسىگە ئالدى جۇماق ئاكا.

— ئاكامنى بىلىدىكەنسىز ـ دە؟

— نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن. ئاكاڭ بىلەن نەچچە قايناملغا تەڭ چۈشۈپ، نەچچە تۈگمەننىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىققان ئادەملەر بىز. ئۇكام، سەن ئاكاڭنى ئىزدەپ بۇياقلاردا تېنەپ يۈرگىلى قانچە زامان بولدى؟

— بىرەر ئاي بولغاندۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ماۋۇ بالىنى قاراڭلار، شەھەردە يېقىنىنىڭىياقى بولغان گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋىرىڭ يوق ئوخشىمامدۇ؟
— نېمە گەپلەردىن دەيسىز، جۇماقكا؟
— ئاڭلىسام، شۇلارنى سوراق قىلغان سوراقچىمۇ، ساقچىنىمۇ، ھەممىسىنى قولغا ئاپتۇدەكقۇ؟
— زادى نېمە گەپكەن؟ ئۇقتۇرۇپراق دەڭە، — دەپ جۇماققا يېقىن سىلجىدى جاپپار.
— مېنىڭمۇ خەقلەردىن ئاڭلىشىم، — دېدى جۇماق، — ئوتتۇردا بىر كېپەك ئالتۇننىڭ گېپى بارغۇ؟
— توغرا، — دېدى جاپپار، — «كېپەك ئالتۇننى ئالامسىلەر؟» دەپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئادەمنى ئاكام بىلەن سەلەي زەرگەر ئىككىسى ئۆلتۈرۈپ قويغان گەپ... ئادەم دېگەن ئازغاندا مۇنداقمۇ بولىدىكەن.
— ئاكاڭنى سوراق قىلغان سوراقچى بىلەن ساقچى باشلىقىنىڭ كېپەك ئالتۇننى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپتۇ... مېنىڭ ئاڭلىغىنىم شۇنداق. ماڭىمۇ تاشلەپكىدە گەلەنتىر ئاچىدىغان قاسىمجان دەپ بەردى. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىنىسىمۇ، ئاكىسىمۇ، ئەيتاۋۇر بىرنېمىسى شۇ ساقچىدا ئىشلەيدۇ... شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئىككىسىنىڭ ئالتۇننى كۆرۈپلا كۆزى قىزىرىپتۇ. بىرمۇنچە ئالتۇننى ئاپىرىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرسە ئۇلارغا نېمە پايدا... شۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرگەن ئادىمىڭنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ چىق، دەپ... ئاكاڭ بىلەن ھېلىقى يەنە بىر شېرىكىنىڭ ئېتى نېمىتى؟
— سەلەي زەرگەر، سەلەي «سەتەڭ»مۇ دەپ قويىدۇ.
— ھە، شۇ «سەتەڭ» بىلەن ئاكاڭنى قۇدۇققا

كۆمۈۋېتىپلا ئىزىنى يوقىتىپ، ھېلىقى ئالتۇنلارنى ساقچى باشلىقى بىلەن سوراقچى بۆلۈشۈۋالغانىكەن. كېيىن، «سەلەي بىلەن غاپپار قۇدۇققا چۈشۈپلا يوقاپ كېتىپتۇدەك» دېگەن گەپ ھەممە ئادەمنىڭ گۇمانىنى قوزغاپتۇ. سەلەي دېگەننىڭ بىر ئاكىسى بار ئىكەن، بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەننى ئىزدەپ تېپىپ راسا قاتۇرۇپ بىر ئەرز يازدۇرۇپ، چوڭراق بىرسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان ئوخشايدۇ. بۇ ئىشنى قايتا سۈر - سۈر قىلىپ قۇدۇقنى ئاچسا يوقاپ كەتتى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جەسىتى ئاشۇ ئەسكى قۇدۇقتىن چىقىپتۇ. ھېلىقى ساقچى باشلىقى بىلەن سوراقچىنىڭ قولىغا شۇ يەردىلا كىشەن سالىپتۇدەك... كۆردۈڭلارمۇ، ماۋۇ ئەپيۈنكەشلەرنىڭ يوغانلا ئىككى ئادەمنى قۇدۇققا چۈشۈپ يوقاپ كەتتى، دېسەك كىممۇ ئىشىنەر دېمەي تاپقان گېپىنى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جاپپار خىيالغا چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتقانسىز، جۇماقكا، گەپلىرىڭىز راستما؟

— ئۇكاموي، مەن ساڭا يالغان گەپ قىلىپ ئولتۇرىدىغانغا كىچىك بالىمىدىم... مەنمۇ ئاڭلىغانلىرىمنى دېدىم، راست - يالغىنىنى ئۆزۈڭ شەھەرگە كىرىپ ئۇقۇپ باقامسەن؟...

— ئەمىسە، سىزنىڭ سالىڭىزغا چىقىۋالسام بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن، ئاپاڭغا: «ماۋۇ ئوغلىڭىز ئاكىسىنى ئىزدەپ سەرسان بولۇپ يۈرۈپتىكەن، تېپىپ كەلدىم» دېسەم خۇش بولۇپ كېتەر. ھەقىچان ئاپاڭىمۇ: «چوڭ ئوغلۇمدىنغۇ ئايرىلدىم، ئەمدى ماۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىچىكى نەگە يوقالغاندۇ» دەپ يولۇقۇغا قاراپ كۆزى تىشىلەي دېگەندۇ؟...

تاماقتىن كېيىن ئالتە شەھەردىن چىققان يولۇچىلىرىمىز ئىككىگە بۆلۈندى. سەمەت جۇماقتا شاگىرت بولۇپ سالچىلار ئارىسىدا قالماقچى بولدى. ھۇسەن بايۋەچچىنىمۇ «بولدى، مەن بىلەن بىللە سال ھەيدەيدۇ» دەپ ئاكىسى قويۇپ بەرمىدى.

— سەنچۇ، قۇۋان؟ — دەپ قۇۋان «ئەزمە»گە قارىدى سەمەت، — سەنمۇ بىز بىلەن سالدا ماڭمامسەن؟... ئاڭلىسام سال شەھەرگە ئۇلاغچىلاردىن بۇرۇن يېتىپ بارغۇدەك...

— مەن... مەن... ئوسمان تاغامغا ھەمراھ بولۇپ ئۇلاغلىرىنى ھەيدىشىپ بېرەي، — دېدى قۇۋان، — شۇنچە يەرلەردىن بىللە كېلىپ، ئەمدى ئوسمان تاغامنى يالغۇز قويۇۋەتسەك قانداق بولار؟...

— قۇۋانئاخۇن، ئىختىيارىڭلار، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ھېلىمۇ مۇشۇ يەرگىچە بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇشۇپ كەلدۇق، سىلەرگىمۇ رەھمەت!... قۇۋانئاخۇن، سىلىنىڭمۇ سالدا ماڭغىلىرى بولسا قېلىۋەرسىلە.

— ياق... مەن شەھەرگە سىلى بىلەن كىرەي.

— مۇشۇ ساللارمۇ سۇدا ئېقىپ بېرىپ يەنە شەھەردە توختايدۇ، دەيمەن.

— شۇنداق بولسىمۇ مەن سىلى بىلەن ماڭاي.

— ئەمىسە ئاۋۇ ئېشەكنى سەن مىنگىن! — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە قوغاندىن مىنىپ چىققان ھېلىقى ئېشەكنى قۇۋانغا كۆرسىتىپ، — بۇنى قاشالق

ئېشەككەن، دەپ قەدرىنى بىلمەي تاشلىۋەتمە، قوۋان، پۇل تېپىپ يەنە قەشقەرگە چۇشكۇدەك بولۇپ قالساڭ ئەسقاتىدۇ، كۆردۈڭغۇ ھېلىقى داۋانلاردىكى مىقتا مېڭىشىنى؟...

— شەھەردە ھەرقايسىڭلارنى ئىزدىسەك نەدىن تاپارمىز؟ — دەپ سورىدى سەمەت.

— بىز بىر بولسا تېرەك مازارنىڭ ئالدىدىكى شىبە دەڭگە، ئۇ يەر ئېپىدا بولمىسا ئويمان دەڭگە چۇشىمىز، ئويمان دەڭنى تاپالامسىلەركىن؟

— ئويمان دەڭگە مەن باشلاپ بارىمەن، — دېدى جاپپار، — ھېلىقى كوناگىردىن تاقچىلىق مەھەللىسىگە كىرىپ كېتىدىغان كوچىنىڭ ئىچىدىكى دەڭدۇ؟

— ھەببەللى، جاپپار ئىنىمىز ئوبدان بىلىدىكەن... ئەمىسە خەيرخوش! كۆرۈشكىچە ئامان بولايلى، — دەپ ئۇلاغلىرىنى ھەيدىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، ئۇلاغلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقان قوۋاننىڭ خۇددى يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقاندەك كۆڭلى يېرىم بولدى، سەمەت بىلەن ھۇسەن بايۋەچچە ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# ئوتتۇزىنچى باب

## دەسلەپكى قونالغۇ

كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۇزۇن سەپەرگە ئوخشايدۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىدۇ، شۇ ئۇزۇن دەملەردە ئاجايىپ ۋەقەلەرگە شاھىت بولىسەن، تالاي ئەستىن چىقماس سەرگۈزەشتىلەر بېشىڭدىن ئۆتىدۇ، كىملەردۇر يېنىڭدىن ئۇنىسىز غايىب بولىدۇ، يەنە كىملەردۇر يېنىڭدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ؛ كىملەر بىلەندۇ كۆزۈڭ قىيمىغان ھالدا خوشلىشىسەن، يەنە كىملەردىندۇر قۇتۇلغىنىڭغا خۇش بولىسەن... سەمەت ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن قۇۋۋاننىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى. ئۇلاغلار دۆڭلۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە تۆۋەنلەپ كۆزدىن غايىب بولغاندىمۇ سەمەت ئۆز ئورنىدا قىمىرلىماي تۇراتتى. ئۇ قىممەتلىك بىر نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى. قەشقەردىن قاراكۆلگىچە بولغان شۇ مۇشەققەتلىك سەپەردە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئادەملەردىنلا ئەمەس، بويۇنلىرىدىكى قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ، ئىسسىق تىنىقلىرى بىلەن يولۇچىلارنى ئىللىتىپ، ئۇن - تىنسىز قەدەم ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ تۆت ئاياغلىق ھايۋانلاردىن ئايرىلغىنىغىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى

قاتتىق يېرىم بولدى... ئەمدى سەمەتكە يېڭىدىن ھەمراھ بولىدىغىنى توپىلىق يوللار ئەمەس، شاۋقۇنلۇق دەريا ئېقىنى، كۆكلىگە تۇز، گەپ ـ سۆزلىرى قوپال سالچىلار ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە قاراكۆلدىن تۆت سال يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. سەمەت بىلەن جاپپار جۇماقنىڭ سېلىغا، ھۆسەن بايۋەچچە ئاكىسىنىڭ سېلىغا چىقتى.

ـــ ھاي جاپپار، ـــ دەپ ۋارقىرىدى جۇماق، ـــ ئىشقا بۇيرۇسام خاپا بولمايدىغانسەن؟

ـــ نېمىشقا ئەمدى؟... بۇيرۇڭ!

ـــ ئەمىسە ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى ناۋايخانىغا كىرىپ: «جۇماقكامغا بېرىدىغان نان ـ توقاچلار قېنى؟» دېگىن، خالتىغا سېلىپ بېرىدۇ... توختا، تېخى گەپ تۈگىمىدى، ئاۋۇ ھاشىمغا ئېيت، تۈنۈگۈن تاغارلارغا قاچىلاپ قويغان چېپىندى ئوتۇنلارنى ئېلىپ كەلسۇن!

جاپپار دۆڭ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ـــ ھەي ئالتە شەھەرلىك! ـــ دەپ ۋارقىرىدى جۇماق قىرغاقتا نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان سەمەتكە قاراپ، ـــ ئېتىڭ نېمىتى، ئۇكام؟

ـــ سەمەت.

ـــ ھە، بېلىڭنى تۇتۇپ تۇرماي سالغا چىق. «بۇ تازنى مەن چېلىشتا يىقىتىۋالغان» دەپ يوغانچىلىق قىلساڭ بولمايدۇ. ماۋۇ سالنىڭ ئۈستىدە مەن خوجايىن، سەن ئىشلەمچى؛ مەن ئۇستاز، سەن شاگىرت... شاگىرت دېگەننىڭ قۇلىقى يۇمشاق بولغىنى ياخشى.

ـــ شۇنداق... بولىدۇ، ئاكا، ـــ دەپ سالغا سەكرەپ چۈشتى سەمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— سال دېگەننى بۇرۇن كۆرۈپ باققانمۇ سەن؟ — دېدى جۇماق.

— كۆرمەپتىكەنمەن.

— بۇ سال دېگەن دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ بارمۇ، بولسىمۇ بىزنىڭ بۇ ئىلىخونىڭ ساللىرىغا ئوخشامدۇ، ئوخشىمامدۇ، بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، بىزنىڭ بۇ ئىلىخودا سال دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز قايسى زامانلاردىن باشلاپ بۇنداق ساللارنى ياساپ دەريالاردا ئۈزۈپ يۈرۈۋېدىكىن؟ ئۇ يەرلىرىنى سورىساڭ مەنمۇ ھېچنېمە بىلمەيمەن... خۇدا بۇيرۇسا، ئىككىمىز كېلىشىپ قالساق، سال ھەيدەپ خېلى مېڭىپ باقىمىز... ماۋۇ تۈنۈگۈن باغلاپ تەييار قىلىپ قويغان سال، بولمىسا بۈگۈن بەلگىچە سۇ كېچىپ خېلى ھەرەج تارتاتتۇق. دائىم مۇنداق تەييار سالنى ھەيدەپ ماڭىدىغان ئىش نەدە دەيسەن؟... شۇڭا، سال دېگەننى قانداق قۇراشتۇرىدىغاننى بىر ئاڭلاپ قال، — دەپ گەپنى يىراقتىن باشلىدى جۇماق سالنىڭ ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ، — ئاۋۋال ھەربىر سالغا چوڭ - كىچىكلىكى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش ياغاچلارنى تاللاپ تەخ قىلىپ قويىمىز. ياغاچ چوڭ بولسا بىر سالغا يەتتە - سەككىز، كىچىكرەك بولسا ئون نەچچە ياغاچنى بىر قىلىپ باغلايمىز... قارا، ماۋۇ سالغا باغلىغان ياغاچلىرىمىزنىڭ يوغانلىقىنى. مۇنداق يوغان قارىغايلارنى مۇشۇ ئىلىخونىڭ تاغلىرىدىن باشقا يەرلەردىن تاپقىلى بولمامدىكىن دەيمەن، ماۋۇ سالغا يەتتە تالنى ئارانلا باغلىدۇق... ھە، سالغا باغلايدىغان ياغاچلارنى تەخ قىلىۋالغاندىن كېيىن ھەربىر ياغاچنىڭ ئىككى

بېشىدىن بىر سويامچە ئورۇن قالدۇرۇپ ئۇشكە بىلەن تۆشۈك تېشىمىز، بۇنى سالچىلار «بۇرۇنلۇق تەشتۈق» دەيدۇ، ئاندىن ياغاچلارنىڭ ئىنچىكە تەرىپىنى ئالدىغا، يوغان تەرىپىنى ئارقىغا قىلىپ، قىزىل تالدىن ئېشىپ ياسالغان ئارقاننى ياغاچنىڭ ھېلىقى تۆشۈكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلايمىز...

ـــ قىزىل تال دېگەن قانداق تال ئۇ؟ ـــ دەپ سورىدى سەمەت.

ـــ ماۋۇ دەريانىڭ ئەتراپىدىكى توقايلىقلاردا شۇنداق بىر خىل تال بار، غولى قىزغۇچراق كېلىدۇ. شۇ تالدىن كېسىپ كېلىپ ئوتقا ئازراق پۇچىلىۋېتىپ ئېشىدىغان بولساڭ ئالامەت پىششىق ئارقان بولىدۇ. مانا، ماۋۇ ياغاچلارنى بىر ـ بىرىگە باغلىغان ئارقانلارنى كۆرۈۋاتقانسەن؟... سالغا شۇ ئارقاندىن باشقىسى بىكار... نېمە دەۋاتاتتىم؟... ھە، ياغاچلارنىڭ ئىنچىكە بېشىنى ئالدىغا، يوغان بېشىنى ئارقىغا قىلىپ بىر ـ بىرىگە باغلايمىز، سالنىڭ ئۇلتاڭ قىسمى پۈتكەن بولىدۇ...

ـــ جۇماقكا، نېمىشقا ھەممە ياغاچنىڭ ئىنچىكە بېشىنى ئالدىغا، يوغان بېشىنى ئارقىغا قىلىپ باغلايمىز، يوغان بېشى ئالدىغا، ئىنچىكە بېشى ئارقىغا بولۇپ قالسا نېمە بولىدۇ؟

ـــ ھەرگىز بولمايدۇ، ـــ دېدى جۇماق، ـــ ئۇ چاغدا تامبالنى باشقا، كۆڭلەكنى قوڭغا كىيىۋالغاندەك ئىش بولىدۇ. سال دېگەننىڭ ئارقىسى ئېغىر، ئالدى يېنىك بولسا راۋان ماڭىدۇ، ئارقىسىنى يېنىك، ئالدىنى ئېغىر قىلىپ قويساڭ ياغاچنىڭ بېشى يەرگە تىرىلىپ قالىدۇ... خوش، ئۇلتاڭ پۈتكەندىن كېيىن ئۇلتاڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىككى بېشىغا ئىككى باستۇرما ياغاچنىڭ ئاستىنى ئازراق تۈزلىۋېتىپ توغرىسىغا قويىمىز... مانا قارا، باستۇرما ياغاچ دېگىنىمىز مانا ماۋۇ، باستۇرما ياغاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۇلتاڭنىڭ كەڭلىكى بىلەن تەڭ بولىدۇ. باستۇرما ياغاچنىمۇ تال ئارقان بىلەن ئاستىدىكى ئۇلتاڭنىڭ ياغاچلىرىغا مەھكەم باغلايمىز. باش تەرەپتىكى باستۇرما ياغاچنى «باش لاڭتۇ»، ئاياغ تەرەپتىكىسىنى «ئاياغ لاڭتۇ» دەيمىز... مانا ماۋۇ باش لاڭتۇ بىلەن ئاياغ لاڭتۇنىڭ ھەربىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان پالاقلارنى كۆرگەنسەن؟... ھەربىر سالدا مۇشۇنداق ئىككى پالاق بولىدۇ. پالاقنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى دەمسەن؟ ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. پالاقنىڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرىدىغان تەرىپى ياپىلاق، ئادەم تۇتىدىغان تەرىپى قولغا ئەپلەشكۇدەك قىلىپ مۇشۇنداق يۇمىلاق ياسىلىدۇ. پالاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك تېشىپ لاڭتۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا تېشىلگەن يەنە بىر تۆشۈككە قوزۇق بىلەن ئورنىتىمىز... ئاڭلاپ قوي، پالاق بىلەن لاڭتۇنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ قوزۇق مىقتا بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى قېيىن، ئۆرۈك ياكى تالنىڭ ياغىچىدا لاڭتۇغا ئورنىتىلىدىغان تەرىپىنى ياپىلاق تۆت قىرلىق، پالاققا ئورنىتىلىدىغان تەرىپىنى يۇمىلاق قىلىپ ياسايمىز. پالاقنىڭ سۇغا چۆكۈپ تۇرىدىغان تەرىپىنى سەل ئېغىرراق قىلىپ ئورنىتىمىز. نېمىشقا دېسەڭ، پالاقنىڭ ئىككى تەرىپى تەڭپۇڭ بولۇپ قالسا كۈچ بەرمەيدۇ، سۇغا چۆكۈپ تۇرىدىغان تەرىپى يېنىك، تۇتىدىغان تەرىپى ئېغىر بولۇپ قالسا تېخىمۇ قاملاشمايدۇ... تولا گەپ قىلىپ كەتتىممۇ نېمە؟...

— ياقەي، ھەممىسى ئاڭلاپ قالىدىغان گەپلەركەن.
— سەن كىمە، قولۋاقلارغا چۈشۈپ باققانمۇ؟
— قولۋاققا چۈشكەن،— دېدى سەمەت،— بىزنىڭ يۇرتتا بىر دەريا بار، ئادەتتە بىر تېمىممۇ سۇ ئاقمايدۇ، قارىسىلا ھەممە يەر ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان تاشلىق ساي، ئەممازە، كەلكۈن ۋاقتىدا كەلگەن سۇغا ھەيران قالىلا. شۇنداق چاغدا ئىككى قىرغاقتىكى ئادەملەر ئۇياق - بۇياققا قولۋاق بىلەن ئۆتىدۇ.
— ھە، ئەنە ئۆزۈڭ كۆرگەنسەن؟ كىمە، قولۋاق دېگەنلەرنىڭ پالىقى ئىككى ياندا بولىدۇ، سالنىڭ پالىقى مۇشۇنداق ئالدى - كەينىدە بولىدۇ. ھەربىر سالدا بىر ئۇستا بىلەن بىر ياردەمچىسى بولىدۇ. ئۇستىسى سالنىڭ ئالدىدىكى پالاقنى، ياردەمچىسى ئارقىدىكى پالاقنى تۇتىدۇ، سالچىلار بۇنى «پالاق» دېمەي، «گورجەك»مۇ دەپ قويىدۇ... سەمەتئاخۇن، بۈگۈندىن باشلاپ ئارقا تەرەپتىكى ئاۋۇ پالاققا سەن ئىگە، ئاستا - ئاستا ئۇستا بولۇپ ئالدىدىكى پالاقنىمۇ تۇتىدىغان بولىسەن.
— ماۋۇ نېمە ياغاچلار، جۇماقكا؟ بۇ ياغاچلارنىڭ گېپىنى قىلمىدىلا،— دېدى سەمەت ئىككى باستۇرما ئۇستىگە توغرىسىغا قويۇپ قويغان ياغاچلارنى كۆرسىتىپ.
— ھەممە گەپنى بۈگۈنلا دەپ تۈگىتىۋەتسەكمۇ بولماس،— دېدى جۇماق،— بوپتۇ، سوراپ قالدىڭ، ھەر بىر سالدا ئىككى باشتىكى باستۇرما ياغاچلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق ياغاچلاردىن ئىككى تەرىپىدە ئىككىدىن تۆتكىچە ياكى ئەھۋالغا قاراپ ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولىدۇ. بۇنى «پوكەي» دەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



پوكەيلىك ياغاچلارنىمۇ چولڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئىككى تەرەپكە تەخشەپ قويىمىز. چاپان - چارا، ئوزۇق - تۈلۈك، باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ پوكەيگە باغلاپ قويىمىز، توۋەندىكى ياغاچنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويساڭ، ھەممە نېمە سۇغا چىلىشىپ ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. بۇ پوكەيلىك ياغاچنىڭ رولى جىق. سالنىڭ گۈرجىكىنى ئۇياق - بۇياقا ئىتتەرگەندە پوكەيلىك ياغاچقا تېپىپ تۇرۇپ كۈچىسەكمۇ بولىدۇ. ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشقىمۇ ئەپلىك. دەريانىڭ يامان يەرلىرىگە كەلگەندە سال بەكرەك داۋالغۇپ كەتسە پالاق تۇتقان ئادەمنى سۇ تەرەپكە يەڭدەپ كېتىشتىن ساقلايدۇ... يەنە ساڭا دېمىگەن نېمە گەپ قالدى، ئالتە شەھەرلىك؟... ھە، توختا، سالنىڭ ئىككى بېقىنىغا ئارقانداپ قويغان ئاۋۇ ياغاچلارنى كۆردۈڭمۇ؟

— قايسى ياغاچنى دەۋاتىلا، جۇماق ئاكا؟

— ئەنە ئاۋۇ ئىككى ئۇچىنى ئارقان بىلەن ئۇلتاڭ ياغاچلارغا چىگىپ قويغان ئىككى تال ياغاچنى دەۋاتىمەن... ھە، ئاشۇ يان تەرەپكە چېتىپ قويغان ئىككى تال ياغاچ... ئۇنى «يانداق» دەيمىز. بۇ يانداق ياغاچنىمۇ سەل چاغلىما، مۇبادا سال تېيىزرەك يەرگە چىقىپ توختاپ قالغۇدەك بولسا، ئاشۇ يانداق ياغاچلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئارقاننى ئۈزۈۋېتىپ قويۇپ بەرسەك يانداق ياغاچ قۇشنىڭ قانىتىدەك كېرىلىپ ئىككى ياندىن ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۇنى توسۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سال توختاپ قالغان يەردىكى سۇ كۆپىيىپ سالنى «لەپپىدە» ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ يانداق ياغاچلارنىڭ يەنە نۇرغۇن كارامەتلىرى بار... كېيىن ئۆزۈڭ بىلىپ قالىسەن،

ئۇكا... هاي هاشىم، ئوتۇنلارنى سالغا ئال... جاپپار، قولۇڭدىكى نان سالغان خالتىنى مەيەرگە ئەكەل، مانا ماۋۇ پوكەينىڭ ئۈستىگە قوي، ئۆزۈڭ مەھكەم ئولتۇر... سەمەتئاخۇن، سەن ئاياغ تەرەپتىكى پالاقنى ئال.

— نېمە قىلىمەن؟

— هوي، نېمە قىلىمەن دەيسەنغۇ؟... هە، شۇنداق، پالاقنىڭ گورجىكىنى سۇغا سىلىپ مەھكەم تۇت. هوشۇڭ بىلەن بولمىساڭ بەزىدە دولقۇن پالاقنى بىر ئۇرسا پالاقنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنى سۇغا ئاتىدۇ... كۆزۈڭ باش پالاقنى تۇتقان ئادەمدە بولسۇن، مەن پالاقنى قايسى تەرەپكە تارتسام سەنمۇ شۇ تەرەپكە تارتىسەن، مەن «ئوڭغا، سولغا!» دەپ ۋارقىرايمەن... «ئوڭغا، سولغا» دېسەم، قايسى تەرەپنىڭ ئوڭ، قايسى تەرەپنىڭ سوللىقىنى پەرق قىلالماي تېنەپ قالما. «تاغار تەرەپكە» دەيمەن، مانا ماۋۇ پوكەينىڭ تاغار چىگىلگەن تەرىپىگە قاراپ تارتىسەن؛ «چاپان تەرەپكە» دەيمەن. ماۋۇ چاپان ـ چاربالارنى قويغان تەرەپكە تارتىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، — دېدى سەمەت. راستىنى ئېيتقاندا، سەمەت شۇنچىۋالا جىق گەپنىڭ قانچىلىكىنى ئۇقۇپ، قانچىلىكىنى ئۇقمىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

جۇماق بىلەن سەمەت ھەيدىگەن سال ھەممە ساللارنىڭ ئالدىدا ماڭدى. جۇماق ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان تۆت سالنىڭ باشلىقىدەك ئىناۋەتلىك ئادەم ئىدى. سال دەريا ئوتتۇرىسىغا چىقىپ راۋان مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن جۇماق يەنە سۆزلەپ كەتتى.

— خۇدا ئامانچىلىقنى بەرسە بۈگۈن بېلىقسۇغا بېرىپ ياتىمىز، — دېدى جۇماق، — قارىغاندا، سەمەتئاخۇن، سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خېلى ھوشۇلۇك بار يىگىت كۆرۈنىسەن، بىلىقسۇغا بارغۇچە يول تۈز، سالنى قانداق ھەيدەشنى بىلىپ قالىسەن... مەن تۇنۇگۇن سىنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇپلا: «ۋاھ، ماۋۇ يىتىمچىنىڭ خېلى تىۋى باركەن جومۇ؟... ھە، جوماق، بۇگۇن مۇشۇ ئالتە شەھەرلىكتىن يىغىلىپ ئوڭدا چۈشەمسەن قانداق؟» دەپ ئويلىۋىدىم، ئويلىغىنىمدەكلا بولدى... ئەمما، مېنى يىقىتقىچە سەنمۇ خېلى كۈچىدىڭ... شۇنداقمۇ؟ ئىقرار قىل.

— شۇنداق، — دېدى سەمەت، — ماۋۇ مۇز داۋان دېگەننىڭ يولىمۇ ئوڭاي يول ئەمەسكەن، مەنمۇ ئۈزۈن يوللارنى بېسىپ ھېرىپ كەلدىم — دە!

— توغرا ئېيتىساڭ... جوماقكاڭنىڭ يېنى يەرگە تەگمىگىنىگىمۇ ئۇزاق بولغان... قېرىپتىمەن. قارىسام، سەن خېلى ئۇستا كۆرگەن چېلىشچىدەك قىلىسەن، چېلىشنى نەدە ئۆگەنگەن؟

— يۇرتىمىزدا ھېيتاخۇن دەيدىغان ياشتا چوڭ بىر ئادەم بولىدىغان، ياش ۋاقىتلىرىدا ئەسكەر بولۇپ كۆپ يۇرتلارنى ئارىلىغان، بېشىدىن جىق ئىشلار ئۆتكەن، چامباش، مۇشتلاش دېگەنلەرنى جىق ئۆگەنگەن ئادەمكەن، شۇ ئادەمدىن ئاز — تولا تەلىم ئالغان.

— ئۇكا، ئۇنداق بولسا مۇشتلىشىدىغانغىمۇ خېلى ئېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟... بۇمۇ ياخشى بولدى، شەھەرگە بارغاندا كۆرىسەن، بۇ سالچى دېگەن قىزىق خەق، يوقىلاڭ بىر ئىشلارغا ئارىلىشىپ مۇشتلىشىپمۇ كېتىمىز... مانا، ماۋۇ جاپپارنىڭ ئاكىسى غاپپارمۇ ئالامەت نوچى ئۆتكەن نەرسە ئىدى. «غاپپار — غاپپار» دېسە، خېلى — خېلى نوچىلارنىڭ تۈيىقى سىرقىرايتتى. قاراپ تۇرۇپ

يوقلا بىر ئىشقا ئارىلىشىپ قىلىپ... ھە، ئولڭ تەرەپكە، پالاقنى ئوڭغا... ئاۋۇ چاپان تەرەپكە تارت!

ــ ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە،ــ دېدى سالنىڭ پوكەي ياغىچىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان جاپپار،ــ ئاكام غاپپار بوۋاق ۋاقتىدىلا شۇنداق كۈچلۈكتىكەن، بۆشۈكتە يېتىپ كېرىلىدىغان بولسا بۆشۈكنىڭ بوغقۇچلىرى تارسىلداپ ئۈزۈلۈپ كېتەتتىكەن...

ــ ۋاھ ـ ۋاھ، جاپپار،ــ دېدى جۇماق ئاكا،ــ بۇ پونى خېلى قاملاشتۇردۇڭ ـ دە!

ــ مانا مۇشۇنداق ئىشەنمەيسىز ئەمەسمۇ... مەن سىزگە دېسەم، جۇماقكا، ئاكام تېخى ئون نەچچە ياش ۋاقتىدىلا قوشنىمىزنىڭ ئېگىز بىر تېمىنى بىر تېپىپلا ئۆرۈۋېتىپتىكەن.

ــ ئۆزىمۇ يىقىلاي دەپ قالغان تام بولغىيتتى؟

ــ دېدىمغۇ... ئىشەنمەيسىز.

ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم،ــ دېدى جۇماق،ــ گېپىڭمۇ يالغان ئەمەستۇ، غاپپارنىڭ راست ئالامەت كۈچى بار ئىدى، مەن ئۇنىڭ بىر ئۆزى ئۈچ ئادەم بىلەن مۇشتلاشقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن...

سال سىلىق يۈرۈشىدە ئىتتىك كېتىپ باراتتى. سەمەت ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك بىرنېمىنى ھەيدەپ كېتىپ بارغىنىغا ھەيران بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى چۆچەكلەردىكى ئۇچار گىلەمنىڭ ئۈستىدە كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلاتتى... دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دولقۇنلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشاتتى. سۇنىڭ قىرغاققا يېقىن يەرلىرى توقايلارنىڭ كۆلەڭگىسىدە تىنىق يېشىل كۆرۈنەتتى. توقايلىق ئىچىدىن ئۆردەكمۇ، غازمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېشقىلىپ، شۇنداق بىر سۇ قۇشلىرى ئاپپاق قاناتلىرىنى يېيىپ كۆتۈرۈلەتتى ـ دە، يىراقلارغا قاراپ ئۇچاتتى... «تەقدىر دېگەن ئاجايىپكەن،ــ دەپ ئويلايتتى سەمەت،ــ ياراتقان ئىگەم ھەربىرىمىزنىڭ پېشانىسىگە غەلىتە ـ غەلىتە قىسمەتلەرنى يېزىپ قويىسا كېرەك... ئاكام مەمەتنى ئىلىخودا سال ھەيدەپ يۈرۈپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئىزدەپ چىقىپ، ئاكامنى تاپالماي ئۆزۈمنىڭ سالچى بولۇپ قالغىنىم قىزىق...» سەمەت كۆزىنى جۇماقنىڭ قولىدىن ئۈزمەيتتى. ئۇ پالاقنى قاياقىقا ئىتتەرسە ئۇمۇ شۇ تەرەپكە ئىتتىرەتتى. ئەتراپتىكى مەنزىرىلەر سۈرەتتەك چىرايلىق بولۇپ، قايسىبىر ئەگمىلەردە تارماق ئېقىنلار كۆمۈشتەك يالتىراپ كۆزنى چاقنىتىپ، قانداقتۇر بىر توقايلىقلار، خادا تاشلار ئىچىگە كىرىپ غايىب بولاتتى. يىراقتا دەريا ئۈستىگە سىلىنغان بىر ياغاچ كۆۋرۈك كۆرۈندى.

ــ جۇماقكا،ــ دەپ سورىدى جاپپار،ــ قۇربانجاننىڭ كۆۋرۈكى دېگەن شۇغۇ دەيمەن؟

ــ ھە، قۇربانجاننىڭ كۆۋرۈكىگە كېلىپ قالدۇق.

دەريا ئۈستىدە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ھەيۋەتلىك بىر كۆۋرۈك ئېسىلىپ تۇراتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئوڭ تەرىپى ئېگىز دۆڭلۈكنى ياقىلاپ كەتكەن يول، سول تەرىپى ياپيېشىل توقايلىق، كۆكۆلمەيدان ئىدى.

ــ ئەجەب بىر چىرايلىق يەرگە چۈشكەن كۆۋرۈككىنا!ــ دەۋەتتى سەمەت ھاياجانلىنىپ.

ــ مانا بۇ كۆۋرۈكنى قۇربانجان دېگەن باي پۇل چىقىرىپ ياساتقان جۇما، ئۇكام، ئاڭلاپ قوي،ــ دېدى جۇماق ئاكا،ــ پۇلنىغۇ قۇربانجان باي چىقارغان،

كۆۋرۈكنى قەشقەردىن چىققان قادىرئاخۇن دېگەن بىر ئۇستا ياسىغان.

— بۇ قۇربانجان باي دېگىنى كىمكەن ئۆزى؟

— مەنمۇ بۇ قۇربانجان دېگەن ئادەم بىلەن تازا تونۇشۇپ كەتمەيمەن، — دېدى جۇماق ئاكا، — ئاڭلىسام، قۇربانجان توختاخۇن دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ئىكەن، ئالمۇتىنىڭ ئەتراپىدىكى قاراقول دېگەن يەردە تۇغۇلغانىكەن. كېيىن مۇشۇ موڭغۇلكۈرەنىڭ كۆكتۆپە دېگەن يېرىگە ئورۇنلىشىپ، مال - چارۋا قىلىپ باي بولغانىكەن. دۇنيادا باي تولا، ئەممازە، پۇلنى تاپقان بىلەن خەجلەشنى بىلمىسە يەنە بىكار گەپ ئىكەن. خۇدايىممۇ بۇ دۇنيا دېگەننى ئاشۇنداق ئالىقىنى ئوچۇق ئادەملەرگە بېرەمدىكىن، مانا بۇ قۇربانجان تاپقان پۇلىنى جامائەتنىڭ ئىشىغا خەجلەپ، كەمبەغەللەرنى يۆلەپ، مەكتەپ سېلىپ، كۆۋرۈك ياساپ تونۇلۇپ كەتتى. بىزچۇ، ئۇكا، بىزمۇ تاپىمىز ئەمەس تاپىمىز، تاپقان پۇلنى قىمار بىلەن هاراققا سېلىپ بېرىپ خەنزۇ بازىرىغىلا چىچىۋېتىپ يېنىپ چىقىمىز. قۇربانجان بۇ يەرلىك مەمەتنىياز دېگەن بايلار بىلەن بىرلىكتە پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ياسىتىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىدىن ئېشىپ قالغان ياغاچلارنى بۇ دەريا بويىغا يۆتكەپ كېلىپ، يەنە ئاقسۇ، چىكىرتى[1] دېگەن جايلاردىن ياغاچ سېتىۋېلىپ بۇ كۆۋرۈكنى سالدۇرغانىكەن. شۇ قۇربانجان بىلەن مەمەتنىياز دېگەن بايلارنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەت كېيىن كۈمۈش مېدال بىلەن تارتۇقلىغان، دېيىشىدۇ.

---

① ئاقسۇ، چىكىرتى — موڭغۇلكۈرە تەۋەسىدىكى ئورۇن ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ھۆكۈمەتنىڭ مېدالىنى ئالماقچىمۇ ئۇ؟ ئاي گەپ ئەمەستە!
— شۇنداق بولماي، مانا مۇشۇ بىز ئەكېتىپ بارغان ياغاچلارمۇ قۇربانجان باينىڭ ياغاچلىرى.
— بۇ ياغاچلارنى نەگە ئاپىرىسىلەر، جۇماقكا؟
— ئۇدۇل ئاپىرىپ شەھەرنىڭ تاشكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ ئايغىدىكى ھېلىقى سېتىۋالدى باينىڭ يەن زاۋۇتىغا چۈشۈرىمىز، بۇ سېتىۋالدى باي بىلەن قۇربانجانلار شەھەردىن مالچىلارغا لازىم قەنت - گېزەك، ماتا - چەكمەن، رەخت، چاي، يېمەك - ئىچمەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاچىقىپ ياغاچقا تېگىشىدۇ. قاراكۆلگە يىغىلغان ياغاچلارنى مانا بىز ئېقىتىپ يەنە شەھەرگە يەتكۈزىمىز... ھەي، جاپپار! قېنى بىكار ئولتۇرماي بىرەر تال موخوركا يۆگىمەمسەن، سالچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادەم ئانچە - مۇنچە خىزمەت قىلىپ ماڭمىسا بولمايدۇ. ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن بىزنىڭ قولىمىز ئىشتا.
جاپپار گېزىت قەغىزىنىڭ بىر بۇرجىكىنى يىرتىۋېلىپ موخوركا يۆگەپ ئولتۇرۇپ سورىدى.
— جۇماقكا، بۇ ئوتۇننى نېمانچە ئېلىۋالدىڭ؟ — دېدى ئۇ سالنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئوتۇنلارنى شەرەتلەپ، — شەھەرگە ئەكىرىپ ساتماقچىمۇ؟
— بىلىقسۇغا بارغاندا كۆرىسەن، بىز ئوتۇنلارنى مالچىلارغا سۈت - قايماققا تېگىشىمىز، شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىپ نېمە قىلىمىز دەيسەن، ئاڭلىمىغانمۇ، سالچى دېگەنگە بىرى ئوتۇن كەم ئەمەس، يەنە بىرى خوتۇن.
— خوتۇنمۇ تولا دېگىنە؟

— ئەيتاۋۇر ئۇچراپ تۇردۇ. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپ، بىر مۇساپىر چوكان ئالتە شەھەردىن چىقىپتىكەن. مۇز داۋاندىن ئۆتكۈچە ئىرى توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ھېلىقى خوتۇن ئالتە — يەتتە ياشلاردىكى بىر ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ مۇشۇ قاراكۆلگە ئارانلا كېلىۋاپتۇ. رەڭگىرويى يامان ئەمەس چوكانكەن. ئۇ - بۇ سالا قىلىپ ماڭا نىكاھلاپ قويدى. سالنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگىلا ئەكىرىپ كەتتىم. ئىككى - ئۈچ يىل ناھايىتى چىرايلىق ئەر - خوتۇن بولۇشۇپ ئۆتتۇق. ھېلىقى ئەگەشتۈرۈپ چىققان بالىسىمۇ چوڭلا بولۇپ قالدى. بىر كۈنى يەنە مۇشۇ قاراكۆلدىن سال باغلاپ، مىلىك مۇشەققەتكە شەھەرگە يېتىپ بارسام ئۆيدە تازا شاپ بۇرۇت ئاغىنىدىن بىرى ئولتۇرىدۇ، خوتۇن يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ، «نېمە گەپ؟» دەپ سۈرۈشتۈرسەم، بايىقى شاپ بۇرۇت ئاشۇ خوتۇننىڭ بۇرۇنقى ئېرىكەن دېمەمسەن.

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ،— دەپ ھەيران بولدى جاپپار،— «ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ قىپقىزىللا يالغاننى ئېيتىپتىكەندە؟

— شۇنداق قىپتىكەن، ئەسلىدە ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە قېيىدىشىپ قېلىپ، خوتۇن بىر بالىنى يېتىلەپ: «ئىلىخو دېگەن نەدە سەن؟» دەپ مېڭىپتىكەن، بۇ يەرگە چىقىپ «ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ يالغاننى ئېيتىپ ماڭا تېگىۋاپتۇ. ھېلىقى شاپ بۇرۇتقا قاراپ: «خوش، ئاغىنە، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىلەر؟» دېسەم، «رۇخسەت قىلسىلا خوتۇننى يۇرتقا ئېلىپ كەتسەم، ئۇياقتا يەنە ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بالا بار، بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئانىسى باقسا» دەيدۇ. نىمە دەيمەن؟ بوپتۇ دىدىم... هاي ـ هاي، سەمەتئاخۇن، پالاقىنى چاپان تەرەپكە تارت، چاپان تەرەپكە، سال دىگەننى سۇنىڭ تازا راۋان ئىقىۋاتقان يېرىنى قولدىن بەرمەي هەيدەيدىغان گەپ... هە، جاپپار، گەپ قىلە، ئۆزۈڭچۇ، ئۆيلەندىڭمۇ؟

ــ ياق... ــ دىدى جاپپار قولىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ جۇماق ئاكىغا سۇنۇپ.

ــ هوي، نىمىشقا؟

ــ ۋاي، جۇماقكا، كەمبەغەللىك. بىر جىنىمىزنى تۇزۇك باقالماي كۆن كېتىپ بارىدۇ، خوتۇن ئىلىپ بىكار نان يەيدىغان ئادەمنى ئىككى قىلىۋېلىپ نىمىمۇ قىلارمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۇرقۇمدا ماڭا خوتۇن تېگىدۇ دەمسەن؟

ــ بۇ گەپ بولمىدى، هەركىمنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن، ئۇكا. ئۆيگە خوتۇن كىرسە يەيدىغان رىزقىمۇ بىللە كىرىدۇ.. قارا، هېچكىمدىن قالغۇچىلىكىڭ يوق، تاغدەك بەستىڭ بار، قاش ـ كۆزۈڭ جايىدا، ماڭا ئوخشاش سەت تازلارغا خوتۇن چىقىپ تۇرىدۇ، ساڭا چىقمامتى... بىراق، ئۇكا، ياش بولغاندىن كېيىن مۇنداق بىر ساقال ـ بۇرۇتلىرىڭنى ياسىتىپ ئۆزۈڭنى جۆندەپ يۈرەك يۇر. نىمە ئۇ، ساقاللىرىڭ ئەسكى تامىلىقتىكى قورايدەك چىگىچلىشىپ كېتىپتۇ... سەنچۇ، ئۇكا، سەن ئۆيلەنگەنمۇ؟ ــ دەپ سەمەت تەرەپكە قارىدى جۇماق ئاكا.

ــ نىمە دەيدىلا؟ ــ دىدى سەمەت سۇنىڭ شارقىرىشىدا گەپنى ئۇقالماي.

ــ ئۆيلەنگەنمۇ دەيدۇ، ــ دىدى جۇماق بىلەن سەمەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا پوكەيدە ئولتۇرۇپ ئۆزىگە موخوركا يۆگەۋاتقان جاپپار.

— ياق، ئۆيلەنمىگەن.

— ياخشى ئىشلە، ئۇكا، — دېدى جۇماق ئاكا، — ئوبدان ئادەملەرنىڭ بالىۋاقىلىرى بار، بېشىڭنى ئوڭشاپ قويىمىز.

سال ناھايىتى راۋان كېتىپ باراتتى. جۇماق ئاكا گەپتىن توختاپ ناخشىنى باشلىۋەتتى:

ئىلىخونىڭ تاغلىرى،
تاغلىرىدا خاڭلىرى.
خاڭلىرىدا ئىشلەيدۇ
ئالتە شەھەرنىڭ بالىلىرى.

ئىلىنىڭ داۋىنىدىن
ئورۇق ئات ئۆتەلمەيدۇ.
خاڭدىكى مۇساپىرلار
پۇلى يوق كېتەلمەيدۇ.

ئېتىمىزدىكى بوز تورغاي،
بالىلىرىغا دان بەرگەن.
تۇداخۇن جىگەر دوستۇم،
خاڭ ئاستىدا جان بەرگەن...

— جۇماقكا، سىز خاڭنىڭلا ناخشىسىنى ئېيتىدىكەنسىزغۇ؟ — دېدى جاپپار.

— ھەي ئۇكا، ئاكاڭ غاپپار بىلەن بىز خاڭدىمۇ جىق ئىشلەپ كەتكەن جۇمۇ، سالچى دېگەنىنىڭ كۈنى شۇ، يازدا دەريادا ئاقىمىز، قىشتا خاڭغا چىقىپ جاننى ساتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زۇخاڭدىن چۈشۈپ بېرىپ،
سونى چاپقان ئوخشايمەن.
بېرىشى سۇنۇق يارماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن.

دېگەن گەپلەر شۇڭا چىققان. سالچى دېگەننىڭ تۇزۇك ئۆيلىنىپ ئۆي ـ ماكان تۇتمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. ئالتە شەھەردىن چىققانلارنىڭ «تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا يوقاپ كەتتى» دېگەن نامىنى ئالىدىغانلىرىنىڭ تولىسى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپلا يا مۇشۇ قاراكۆلگە كېلىپ سالچى بولۇپ سالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى قىشتا بېرىپ خاڭدا...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئارقا تەرەپتە پالاق تۇتۇپ تۇرغان سەمەت خىيالغا چۈشۈپ قالدى. «يۇرتتىكى چاغدا ئىلىخودىن بارغان ئۇلاغچىلارنىڭ ئاكاڭ ئىلىدا سال ھەيدەيدۇ، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىۋىدىم،ــ دەپ خىيال قىلاتتى سەمەت،ــ مانا ئىلىخوغىمۇ چىقتىم. ئۆزۈم سالنىڭ بىر پالىقىنى تۇتۇپ دەريادا ئېقىپ كېتىپ بېرىپتىمەن، ھېچ ئاكامنىڭ دېرىكىنى ئالالمايمىنا، ئاكام مەمەتمۇ جۇماقكام دېگەندەك يا مۇشۇ سالدا، يا بېرىپ خاڭدا ئۆلۈپ كەتتىمۇ ـ يە!؟...»

※ ※ ※

جۇماقنىڭ سېلى بېلىقسۇغا خېلى بۇرۇنلا يېتىپ كەلدى. دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى ئېگىز يار بولۇپ، يار ئۈستى تۈز كەتكەن چىرايلىق يايلاق ئىدى. ھەر يىلى

كۆكلەمدىن باشلاپ مالچىلار بۇ يەرگە نۇرغۇن قازاق ئۆيلىرىنى تىكىپ ماللىرىنى يايلىتاتتى. دەريا سۈيى بىلىنگسۇغا يەتكەندە يار تەرەپكە ئېقىپ، سال توختىتىشقا ئەپلىك قولتۇقلارنى ھاسىل قىلاتتى. سالچىلار سال توختاتقىلى بولىدىغان مۇنداق يەرلەرنى «گۇلەك» دەيتتى. بۇ ئەتراپتىكى دەرياغا قارا سۇلار كېلىپ قويۇلىدىغان جايلاردا بېلىق ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئادەتتە ئالدىدا يېتىپ كەلگەن سالچىلار بۇ يەردە توختاپ، مالچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە چاي ئىچىپ ھاردۇقىنى چىقىرىشاتتى. بەزىلىرى دەرياغا قارماق تاشلاپ بېلىق تۇتاتتى. سالچىلار قىرغاققا ئوت يېقىپ بېلىق كاۋىپى قىلىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. شۇنداق ئىشلار بىلەن مەلىكە بولۇپ، ئارقىدا قالغان ساللاردا كېلىۋاتقان بۇرادەرلىرىنى كۈتەتتى.

جۇماق ئاكا سالنى يار تەرەپتىكى گۇلەكتە توختاتتى.

— مانا، خۇدايىم بۇيرۇسا، بىلىنگسۇغىمۇ كېلىپ قالدۇق، — دېدى ئۇ، — سەمەت ئۇكا، بىلسۇڭ، قاراكۆلدىن چىققان سال بىرىنچى قوناقتا مۇشۇ يەردە توختايدۇ... سۇ ئاز چاغلاردا بىزگە ئوخشاش يوغان ياغاچلارنى بېسىۋالغانلار بۇ يەرگە ئىككىنچى قوناقتا ئاران كېلەلەيدۇ...

سالدىكىلەر قىرغاققا چىقىشتى، كەڭ ۋادىنى كېسىپ ئۆتكەن دەريا بىلەن ئەتراپتىكى ياپيېشىل يايلاق مەنزىرىسى قوشۇلۇپ بۇ يەر تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئەتراپقا يېيىلىپ ئوتلاۋاتقان قويلار، بېشىنى كۆتۈرمەي چۆپ يەۋاتقان كالىلار، ماللارنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن پادىچى بالىلار، ئائىلىرىنىڭ ئەتراپىدا قىيغىتىپ

يورگەن قوزىلار، ئاپپاق تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەر، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى ئوچاقلارنىڭ مورىلىرىدىن تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆپكۆك ئىس... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەتراپتىكى تەبىئەت گۈزەللىكىگە يەنىمۇ ئالاھىدە بىر تۈس بېغىشلىغانىدى.

جۇماق سالچىنىڭ بۇ يەردە دائىم كېلىپ چۈشىدىغان بىر ئۆيى بار ئىدى. بۇ چوڭ كىگىز ئۆيدە موماي ـ بوۋاي كېلىنى بىلەن تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئوغلى ھەر يىلى ماللارنى يايلىتىپ يايلاق تەرەپكە چىقىپ كېتەتتى. بوۋاي ـ موماي بۇ يەردە بېيە باغلاپ، يازنى قىمىز ئىچىپ ئۆتكۈزۈۋەتەتتى.

جاپپار بىلەن سەمەت سالنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇنلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ مۇشۇ ئۆينىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

ــ ھاي جۆكە، قېنى سۆيلە، غۇلجادا نە ئەڭگىمىلەر بار؟ (ھاي جۇماق، قېنى سۆزلە، شەھەردە نېمە گەپلەر بار؟) دەپ سورىدى بوۋاي، ــ ئىستەسەك، شىڭ دۇبەن[1] بايلارنى ئۇستاپ، بۈكىل مال ـ مۈلكىن تارتىپ ئالىپتىغوي (ئاڭلىساق، شىڭ دۇبەن بايلارنى تۇتۇپ قاماپ، مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىۋاتقۇدەكقۇ).

ــ مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم، ــ دېدى جۇماق، ــ بىز كۈنىمىز سۇدىلا ئۆتىدىغان خەق... بۇ ھۆكۈمەت دېگىنىڭنىڭ بەزى ئىشلىرىنىچۇ خۇدا بىلمىسە... مېنىڭ ئويلىساڭمۇ ئەقلىڭ يەتمەيدۇ... «بولدى، قويەلا» دەيسەن...

ــ ئىستەسەك، ماناۋ قۇربانجان بايىندى ئۇستاپ

---

[1] شىڭ دۇبەن ــ شىڭ شىسەينى دېمەكچى.

كەتكەن چېغى بار (ئاڭلىساق، ماۋۇ قۇربانجان باينىمۇ تۇتۇپ كېتىپتۇدەك).

— شۇنداق ئوخشايدۇ، قۇربانجان باينىڭ تاغدىن كەستۇرۇپ قاراكۆلنىڭ ئەتراپىغا ئەكەلدۇرۇپ قويغان ياغاچلىرىنى ئۇنىڭ ھېساباتچىلىرى تازا ئالدىراش شەھەرگە توشۇتۇۋاتىدۇ... نېمە جاھان بولۇپ كېتىۋاتىدىكىنتاڭ؟!... مەنچۇ قارا، شۇڭا مۇشۇ سال دېگەن نېمىنى ھەيدەيدىغانغا چىقىۋالغان، قولاق تىنچ، خۇدايىم ياراتقان تاغۇ تاش، دەريانىڭ سۈيىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەي، ناخشاڭنى توۋلاپ كېتىۋېرىسەن... ئالە، دومبىراڭنى بىردەم چېرتە!

— قېنى ئاۋۋال شاي مېنەن قىمىز ئىشىڭدەر، — دېدى بوۋاي ئىسسىق تاۋا ناننى ئوشتۇپ تۇرۇپ ئۇيغۇرچە بىلەن قازاقچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ، — ئەت سالىپ قويدۇق، تېخى كۆن بالدۇر، دومبورىندە شالىمىز، سەن ئەڭگىمەڭنى ئايتىۋەر... دالادا يۈرگەن ئادەم ئادەم ساغانىپ، پاراڭغا قۇمار بولۇپ قالىدۇ... ئۆتكەندە مەن ساغان قالادىن كىرپىك شاي① ئالغاش كەل دەپ ئىدىم، ئۇنۇتتۇڭبا؟

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۇنتۇپتىمەن.

— سەندە كەرتىپسەن جۆكە (سەنمۇ قېرىپسەن جۇماق.)

— ياش ئەللىكتىن ئاشتى، بىزدە: «ئەللىك، ساڭا نېمە مەنمەنلىك» دەيدىغان گەپ بار، تۈنۈگۈن قاراكۆلدە مانا ماۋۇ ئالتە شەھەرلىك يىگىت مېنى يەرگە ئېتىپ

① كىرپىك شاي — مالچىلار ياخشى كۆرىدىغان چايلارنىڭ بىر خىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



ئۆردى، قىرىغىنىمغا تەن بەردىم، — دېدى جۇماق سەمەتنى كۆرسىتىپ.

ئورمانباي سەمەتكە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاي جۆكە، — دېدى ئورمانباي، — سەن بىلەن بىزنىڭ ۋاقتىمىز ئۆتتى، ئال ئەندى بىز ياشلارغا ئۆگۈت ـ ناسخات ئايتىپ، ئابرويىمىزنى ساقتاپ جۈرگەنىمىز جۆن... ئادەملىرىڭگە ئايت، ھەرقانداي نەرسە كېرەك بولسا سوراپ ئالسۇن، ئۇۋۇرلاپ كەتكۈچە بولماڭدار... ئايتماقچى بولغانىم، ئۆتكەندە سالچىلار تۆبەندىكى مالچىلارنىڭ قويلاردىن ئەككىنى ئۇۋۇرلاپ قاچىپتۇ...

— شۇنداق قىپتىمۇ؟ — دەپ ئىتتىك ئورمانبايغا قارىدى جۇماق، — مەن سالچىلارغا گەپ قىلاي... سالچىلار ئالسىمۇ بايلارنىڭكىنى ئالىدۇ، كەمبەغەللەرنىڭ مېلىغا تەگمەيدۇ... باينىڭ ماللىرىنى نېمانچە ئاياپسەن، ئورمانباي؟... سالچىلىرىمىز بەك نامرات، ئىلاجى يوق شۇنداق قىلىدۇ... مەن گەپ قىلاي.

— سالچىلارغا ياخشىلاپ ئايت، باينىڭ بولسىدە كىمن ھېساۋىنى بىز بېرىمىزغوي...

— ھەي ئورمانباي ئاغىنە، سەنمۇ مالچىلارغا ئېيىت، يىتكەن ماللارنىڭ ھەممىسىنى «سالچىلار ئوغرىلاپ كەتكەن» دەپ خەتلەپ قويسۇن. بۇ ئەتراپتىكى قانچە قورۇ قوي، سىيىر ـ تورپاق، يىلقىلارنىڭ ھەممىسى بايلارنىڭغۇ؟... تىخى كۆپىنچىسى قۇربانجان باينىڭ. سالچىلىرىمىز يازىچە شۇ بايلارنىڭ ياغىچىنى توشۇيدۇ. قۇربانجان ئۆزى بولسىمۇ «بوپتۇلا، يەڭلا!» دەيتتى. بەربىر ھۆكۈمەتمۇ تارتىۋالغىلى تۇرۇپتىغۇ... ھېلىقى

شىلىڭ دۈبەن دىگەننىڭمۇ كەمبەغەللىشىپ ھالى قالمىغانمۇ نىمە؟...

بىلىقسۇنىڭ قەيەرىگىلا قارماق تاشلىسا بىلىق چىقماي قالمايتتى. جاپپار بۇ يەردە بىلىق تۇتۇشقا قىزىقىپ قالغانىدى. ئىشتىنىنىڭ ئىككى پۇچقىقىنى چوڭ يوتىسىغىچە تۈرۈۋېلىپ قىرغاقتا ئالدىراش يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

— ھەي ئالتە شەھەرلىك ئاداش... ھەي سەمەتئاخۇن، — دەپ چاقىراتتى ئۇ سەمەتنى، — مانا قارا، ماۋۇ بىلىقلارنىڭ يوغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئالتە شەھەرنىڭ دەريالىرىدا مۇشۇنداق بىلىقلار بارما؟... مانا ماۋۇ ياپىلاق، كالتە كەلگەن بىلىقنى «سازانكا» دەيمىز، ماۋۇ تۇمشۇقى ياپىلاق، ئۇزۇن تۇرغىنى ئىلى دەرياسىنىڭ ئاق بىلىقى، ماۋۇنى قارا، تۇمشۇقى ئۇچلۇق غەلتىلا بىلىقكەن، بۇ بىلىقنىڭ ئىسمىنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن، سەن بىلەمسەن ـ يە؟...

قاراڭغۇ چۈشكىچە ئارقىدا قالغان ساللارمۇ يېتىپ كېلىپ جەم بولدى. سالچىلار دەريا بويىدا بىر ـ ئىككى يەرگە گۇلخان يېقىشتى. ئۇلارنىڭ ياغاچقا سانجىپ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرغان بىلىقلىرىنىڭ تەمى ئۆزگىچە ئىدى. سالچىلار گۇلخان ئەتراپىدا، سالنىڭ يېنىدىلا ئۇخلاپ قېلىشتى... جۇماقنىڭ بېشى يەرگە تېگەر ـ تەگمەيلا خورىكى باشلاندى، ئۇنىڭ خورىكى باشتا ئاستا باشلىنىپ، كېيىن چىڭقىغا چىقىدىغان خورەكلەردىن ئىدى. بۇ خورەك ئاخىرىغا بېرىپ شۇنداق ئەۋجىگە چىقتىكى، خورەكنىڭ ساداسىدا دەريا شاۋقۇنلىرىمۇ ئاڭلانمايلا قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەمەتنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي بېشىدا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا كۆز ئۈزمەي قارىغىنىچە ياتاتتى. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، يۇلتۇزلار گويا قول يەتكۈدەكلا ئېگىزلىكتە چاقناپ تۇرغاندەك قىلاتتى. يالقۇنجاپ تۇرغان گۈلخانلارنىڭ ئوتى قىرغاقتا ئەمەس، دەريا سۈيى ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سالقىن شامال كىشىنى يېنىك يەلپۈپ ئۆتەتتى. مالچىلار قوش تىككەن تەرەپتىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى... قازاق ئۆيلەرگە كىرىپ – چىقىپ ئالدىراش يۈرگەن قىز – كېلىنچەكلەرنى كۆرۈپ سەمەت ھەيران قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىككى مەڭزى ئەتراپىتىكى ئاشۇ دالا گۈللىرىدەك قىپقىزىل ئىدى. ھەربىر قەدەم ئېلىشىدا چاچلىرىدىكى بېزەكلىرى، قىزىلگۈللۈك كۆڭلەكلىرىنىڭ ئۈستىگە كىيگەن پىنجەكلىرىنىڭ مەيدە، ئېتەكلىرىگە قادالغان رەڭمۇرەڭ تۈگمە، خىلمۇخىل تەڭگىلەر سىلكىنىپ جىرىڭلايتتى.. سەمەت چۈش كۆردى. چۈشىدە يىراقتا قالغان مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى كۆلنى كۆردى. كۆلنىڭ ئەتراپىدا گۈلخانلار يېنىپ تۇرغۇدەك. ناھايىتىمۇ نۇرغۇن ئادەملەر ئۇ يەردە قوللىرىنى قۇشنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، گۈلخانلارنى ئايلىنىپ ساماغا چۈشۈپ كېتىپتىمىش. كۆلدىن دائىم سۇ ئالىدىغان بىر توپ قىزلار ئەپكەشلىرىنى تۇتقىنىچە بىر چەتتە ھاڭۋېقىپ، ھەممىگە تەڭ قاراپ تۇرغۇدەك. سەمەت كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر سالنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇدەكمىش. ئۇ ھېلىقى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ بويۇنلىرىدىكى

ئۇششاق، مەيىن تۇكلەرنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋاتقۇدەك. بىر چاغدا سال كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن «لەپپىدە» كۆتۈرۈلۈپتۇ ــ دە، كىشىلەرنىڭ بېشى ئۇستىدە ئۇچقىلى تۇرۇپتۇ. سەمەت يېنىدىن ئۆتكەندە ھېلىقى قىزنىڭ چاچلىرىمۇ يەلپۈنۈپ كېتىپتۇدەك.

«ھەي سەمەتئاخۇن، نەگە بارىلا؟ــ دەپ ۋارقىرىغۇدەك تۆۋەندىكىلەر،ــ ھەممە قىزنىق ئويۇن مەشەدە بولۇۋاتىدۇ، چۈشسىلە».

«ئىلىخوغا،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇدەك سەمەت،ــ ئىلىخوغا، ئاكامنىڭ يېنىغا باراي دەيمەن».

«مانا، ئاكىلىرى مەمەتمۇ مەشەدە،ــ دەۋاتقۇدەك تۆۋەندىكىلەر،ــ دادىلىرى پەيزۇللاخۇنمۇ بار، ‹سەمەت بىلەن بىر چېلىشسام بولاتتى› دەپ سىلىنى ئىزدەپ يۈرگىلى ئۇزۇن زامان بولدى، چۈشسىلە...»

بىراق، سال تۆۋەنلىمەي بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقۇدەك، ئاپپاق بۇلۇتلارمۇ سالنىڭ ئاستى تەرىپىدە قاپتۇدەك، شۇ چاغدا جۇماق: «ھەي سەمەت، پالاقنى ئوڭغا تارت، ئوڭغا تارت، ھە، ئەمدى سولغا» دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك.

سەمەت جۇماقنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلىغۇدەك، ئۆزىنى زادى كۆرەلمەپتۇدەك. كۆل بويىدىكى ساما سېلىۋاتقان ئادەملەر، كۆيۈۋاتقان گۇلخان بارغانسېرى كىچىكلەپ غايىب بولۇپ كېتىپتىمىش... بىر چاغدا قارىسا ئۇ بىر دۆڭ ئۇستىدە ئېگىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرغۇدەك. يىراقتىن بىر توپ نەرسىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇدەك. يېقىنلىغاندا قارىسا يولنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ، ئارقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



پۈتىدا تىككىدە بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپ كېلىۋاتقان ئېشەكلەرمىش، ھەممە ئېشەكنىڭ ئالدىدا قوۋان بېشىنى كۆتۈرمەي پىرقىراپ كېلىۋاتقۇدەك. ئېشەكلەرنىڭ ئارقىسىدا ئوسمان ئۇلاغچىمۇ بارمىش. قوۋان سەمەتنىڭ يېنىدىن ئۇنىڭغىمۇ قارىماي ئۆتۈپ كېتىپتىمىش. ئوسمان ئۇلاغچى سەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ: «قارىسىلا، سەمەتئاخۇن، سىلىنىڭ ئاۋۇ قوغاندىن ھۇسەن بايۋەچچىگە ئېلىپ بەرگەن ئېشەكلىرى خىسلەتلىكلا بىر ئېشەككەن. ھەرقايسىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئىلىخونىڭ شەھىرىگە قاراپ ماڭدۇق. تېكەسنىڭ داۋىنىدىن ئۆتۈپلا بۇ ئېشەكنىڭ بىرى ئىككى بولدى، ئىككىسى تۆت بولدى، تۆتى سەككىز... قارىسىلا بۇ ئېشەكلەرنىڭ شۇنچە غولداپ كەتكىنىنى، شەھەرگە كىرگۈچە كۆپىيىپ يەنە قانچە بولىدىكىن؟... شەھەرگە كىرگەندە باشقا ئىش قىلمىساقمۇ، مۇشۇ ئېشەكلەرنى سېتىپلا بېيىپ كەتكۇدەكمىز. ئاۋۇ قوۋانئاخۇنغا قارىسىلا، خۇشاللىقىدا سىلىگە قارىغۇدەكمۇ چولىسى يوق» دەۋاتقۇدەك. سەمەتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ھاي قوۋان!... قوۋان!» دەپ ۋارقىراپتۇدەك.

سەمەتنىڭ چۈشەكەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى جۇماقنى ئويغىتىۋەتتى. جۇماق:

ــ ھەي سەمەتئاخۇن! ــ دەپ سەمەتنى تۇرتۇپ ئويغاتتى.

ــ نېمە؟... ــ دەپ ئۆندەرەپ قوپۇپ ئولتۇرۇپ قالدى سەمەت.

— نېمە بولدۇڭ؟... بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ كەتتىڭغۇ؟

— ھە، چۈش كۆرگەن ئوخشايمەن.

گۈلخانلارنىڭ يالقۇنى پەسىيىپ، ئاستىدىكى چوغلىرى تۇتەپ تۇراتتى. يىراق بىر يەردىن ئاي كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى غۇۋا يورۇققا كۆممەكتە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# ئاغىيازنىڭ قويغىنىدا

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى بىلىنىسۇدىن يولغا چىقىدىغان چاغدا يەنە بىر سالدىكى غوجاخۇن دەپ ئاتىلىدىغان بورۇتلۇق ئېگىز سالچى جاپپارنى چاقىرىۋالدى. ئېشقىلىپ، بۇ سالچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بورۇتلۇق كېلەتتى. دىققەت قىلمىسا بۇ ئادەملەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرق ئەتمەكمۇ تەس ئىدى. بويى ئېگىز ـ پەس بولغاچقا ھەممىسى بورۇتلۇق كېلەمدۇ ياكى ھەممىسى بورۇتلۇق بولغاچقا بويى ئېگىز ـ پەس بولامدۇ، ئېشقىلىپ، ئۇلارنىڭ زادى قانداق ئوخشاشلىقى باركىن، مەنمۇ دەپ بېرەلمەيمەن، سىرتتىن كۆرگەن ئادەم ئۇلارغا بىر قاراپلا «ھە، بۇلار سالچىكەن» دەيتتى.

ــ ھاي غاپپارنىڭ ئىنىسى!ــ دەپ ۋارقىرىدى غوجاخۇن بورۇتىنىڭ ئۇچىنى بوراپ تۇرۇپ،ــ ماۋۇ سالغا چىقىۋال، پاراڭلىشىپ ماڭىمىز.

ساللار ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقتى، جاپپار غوجاخۇن ھەيدىگەن سالغا چىقىۋالدى.

ــ ھە، گەپ قىلە،ــ دېدى غوجاخۇن پوكەيدە ئولتۇرغان جاپپارغا قاراپ،ــ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

ــ تونۇمايدىكەنمەن.

— مەنمۇ ئاكاڭ غاپپارنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىدىن بولىمەن. بۇرۇن شۇنداقتۇق، كېيىن نېمە بولدى؟... ھە، مەن سالغا چىققىلى كەتتىم. مۇشۇنداق ياغاچقا مىنىپ ئولتۇرۇپ ئايدالادىلا يۈرۈپ كەتتۇق. شەھەر دېگەنگە ئايدا ــ يىلدا بىر كىرىپ قالىمىز... شۇنداق قىلىپ ئاكاڭنىڭ ئاغىنىلىرى باشقا بولۇپ كەتتى... ئىسمىم غوجاخۇن، «غوجاقكا» دېسەڭلا بولىدۇ.

— غوجاقكا، سەنمۇ تازا يوغان ياغاچلارنى باغلاپسەنا؟ — دېدى جاپپار ياغاچلارغا قاراپ. بۇ سالغىمۇ يوغان قارىغاي ياغىچىدىن يەتتە تاللا باغلانغانىدى، — تاغدا ئۇششاق ياغاچلار قالمىدىمۇ نېمە؟

— تاغ دېگەندە ياغاچنىڭ ھەممە خىلى تېپىلىدۇ. لىم، لەر، تۈۋرۈكلۈك ياغاچ دەمسەن، ئۇششاق چەنزىلىك ياغاچلارغىچە ھەممىسى بار. خۇدايىم بۇ ئىلىخونىڭ تاغلىرىنى شۇنداق بىر يارىتىپتىكەنغۇ تاڭ!... ئاۋۇ جۇماق ئىككىمىز مۇشۇنداق يوغان ياغاچلارنى تاللاپ باغلىدۇق. ئازراق جاپاسى بار، ئۆلچەپ كەلسە ياغاچلىرىمىز ھەممىسىنىڭكىدىن جىق قىلىدۇ... نېمە جاپاسى بار دېسەڭ، سال سۇ تېيىز يەرگە بېرىپ قالسا ئوڭايلا كۆككە مىنىپ قالىدۇ.

— كۆككە مىنىپ قالىدۇ دېگىنىڭ نېمە گەپ، غوجاقكا؟

— كۆككە مىنىپ قالدى دېگەن، دىققەت قىلمىساڭ بەزىدە سال سۇ تېيىز يەرگە كېتىپ ئاستى يەرگە تېگىپ توختاپ قالىدۇ. مانا شۇنى كۆككە مىنىپ قالدى دەيمىز، باغلىغان ياغاچلىرىڭ ئۇششاقراق بولسىغۇ سالنىڭ قاناتلىرىنى كېرىپ، سۇنى كۆپتۈرۈپ بىر ئامال

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلغىلى بولىدۇ. مۇنداق يوغان ياغاچ كۆككە مىنىپ قالسا ئاۋارىچىلىكى جىق... ئالدىمىزدىكى جۇماقىنىڭ سالىدا ياردەمچى بولۇپ كېتىۋاتقان يىگىت نەلىككەن؟

— ئالتە شەھەرلىك ئوخشايدۇ.

— ئىلىخو دېگەن قىزىق يەردە. مۇز داۋاننى ئاتلاپ چىققان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا «ئالتە شەھەرلىك» دەيدۇ، بولدى... ئالتە شەھەر دېگەن چوڭ گەپ، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، يەكەن دېگەن يۇرتلارنىڭ ھەممىسى ئالتە شەھەرگە ھېساب.

— ئۇنداق ئىنچىكە يەرلىرىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمىدىم، غوجاقكا، ئالتە شەھەرنىڭ نەرىدىنكىسىن؟... ئىشقىلىپ، ئالتە شەھەرلىك ئوخشايدۇ.

— قاراكۆلدە جۇماق بىلەن چىپىلىشىپ، ئۇنى يەرگە ئېتىپ ئۇرغان يىتىمچى شۇدۇ؟

— شۇ.

— جۇماقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن ئادەمنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالغىنىنى قارىمامدىغان... ئۆزىمغۇ داۋىخور تاز... سەن ئۇ يىتىمچى بىلەن قانداق تونۇشىسەن؟

— ئاكامنى ئىزدەپ ئالتە شەھەر تەرەپكە چۈشمەكچى بولۇپ شىپالىقتا بىرىپ قاپتىمەن. قارىسام، شىپالىقتىن ئۆتتۇڭما، قالغان يولنىڭ ھەممىسىلا مۇزكەن. «يا ئاللا، بىرەر يول بىلىدىغان ئادەم بولسا ھەمراھ بولۇپ ماڭمىسام بولمىغۇدەك» دەپ شىپالىقتا تېنەپ يۈرسەم بۇلار ئالتە شەھەر تەرەپتىن چىقىپ كەلدى، شۇ يەردە تونۇشقان.

— شۇنداق قىلىپ ئاكاڭنى تاپالمىدىڭ؟

— تاپالمىدىم.

— قۇدۇققا چۈشۈپ يوقاپ كەتكەن پېتىچىما؟... بۇمۇ قىزىق گەپكەن ـ ھە؟!...

— ماۋۇ جۇماقكام يەنە باشقىلا بىر گەپنى قىلىدىغۇ؟

— نېمە دەيدۇ؟

— «قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەم نەگە يوقاپ كېتەتتى، ھېلىقى كېپەك ئالتۇننى ساقچىلار ئۆزى يۇتۇۋالماقچى بولۇشۇپ: ‹جەسەتنى ئېلىپ چىق› دەپ ئاكاڭنى قۇدۇققا چۈشۈرۈپ، ئۈستىدىن ئۆزلىرى توپا تارتىپ تىرىكلا كۆمۈۋەتكەن گەپ، بۇ ئىشمۇ ئېنىقلىنىپ ھېلىقى ساقچىلارنى قولغا ئالدى» دېگەندەك قىلىدىغۇ.

— يا ـ يا، گە ـ گە، گە...— دېدى سالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى پالاقنى تۇتقان پاكار ئادەم.

— ئاكاھوي، مۇنۇ ياردەمچىڭ نېمە دەۋاتىدۇ، پەقەتلا چۈشەنمىدىمغۇ؟— دېدى جاپپار.

— ھە، ئۇ شۇنداق كېكەچلەپ گەپ قىلىدىغان ئادەم،— دېدى غوجاخۇن،— گېپىنى ئۆزۈم چۈشىنىمەن، «يالغان گەپ» دەۋاتىدۇ.

— نېمىنى يالغان گەپ دەۋاتىدۇ؟

— ۋايتاڭەي... نېمىنى يالغان گەپ دەيسەنۇي؟

— غا... غا... غا... پا... پا... پا...

— بۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغۇچە سالمۇ شەھەرگە بېرىپ بولامدۇ نېمە؟... تېپىۋالغان ئادىمىڭنى قارا، ئاكا، ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ كېلىشىپ سال ھەيدەيدىغانسەن؟

— ھوي، ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ناھايىتىمۇ ھوشيار، شۇغىنىسى بىچارىنىڭ تىلى ئاجىز... بولمىسا، مېنىڭ قول ئىشارىتىمگە قاراپلا پالاقنىڭ بېشىنى قاياققا تارتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لازىملىقىنى بىلىپ بولىدۇ. تىلى ئاجىز... خۇدايىم بەندىلىرىنى شۇنداق ھەر خىل، ھەر ياڭزا يارىتىدىكەنغۇ تاڭ!...

— ئېتى نېمە بۇ ئاكىمىزنىڭ؟

— ۋاققاس... «سەيدۇۋاققاس»كەن، بىز ۋاققاسلا دەيمىز. بىچارە شەھەرگە كىرىپ بىر دابەنچىلىك[1] يېمەكچىكەن. ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تەنجاڭ[2] «نېمە يەيسىز؟» دەپ سورىسىلا، دابەنچىلىك دەيمەن دەپ، «دا — دا... ما... مانتا»لا دەپ سالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ خېلىدىن بىرى دابەنچىلىك يېيەلمەي يۈرۈپتۇ. بۇ قېتىم ئامانچىلىق بولسا مۇنۇ ياغاچلارنى ئۆتكۈزۈپ پۇلىنى ئېلىپ، ۋاققاسنى ئۆزۈم بازارغا ئەكىرىپ دابەنچىلىك ئېلىپ بېرەي دەۋاتىمەن.

— ۋايتوۋا، دابەنچىلىك دېمەكمۇ شۇنداق تەس گەپمۇ...

جاپپار ۋاققاسقا قارىغاندى، ۋاققاسمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ۋاققاس ئورۇق، ۋىجىك كەلگەن، چىرايى سۇدا، ئاپتاپتا يۈرۈپ قارىداپ كەتكەن، مۇسكۇللىرى قاتقان، يېشى ئانچىمۇ چوڭ ئەمەس ئادەم ئىدى. شۇ چاغدا دەريا قىرغىقىدا سەكرەپ، مەرەپ يۈرگەن بىر ئوغلاق ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— مانا، بۇگۈنكى تاماقنىڭ ئۆزى ئالدىمىزغا كەلدى، — دېدى غوجاخۇن.

---

① دابەنچىلىك — چوڭ تەخسىدىكى لەڭمەننىڭ ئەينى يىللاردىكى ئاتىلىشى، چوڭ تەخسىدىكى لەڭمەن «دابەنچىلىك»، كىچىك تەخسىدىكى لەڭمەن «شۆبەنچىلىك» دېيىلەتتى. ھازىرقى پۈتۈن ئاش، يېرىم ئاش دېگەنگە ئوخشاش.

② تەنجاڭ — ئاشخانىلاردا ئوتتۇرىدا مۇلازىمەت قىلىدىغان مۇلازىم.

— نەنىڭ تامىقى؟ — دەپ ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى جاپپار.

— ئەنە، قىرغاقتا سەكرەپ يۈرگەن ئۇغلاقنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ئاستىڭدا بىر تاغار بار... ھەي جاپپار، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. ئاۋۇ پوكەينىڭ ئۈستىدە تۇرغان تاغارنى ئال، بىز ماۋۇ سالنى قىرغاققا تارتىپ تۇرىمىز. غاچچىدە چۈشۈپ ئۇغلاقنى تاغارغا تىقىپ چىق.

— نېمە دەيدىغانسەن، غوجاقكا؟... بۇ ئىگىسى بار ئۇغلاقتۇ؟

— ئىگىسى بىز.

— ئەستاغپۇرۇللا، نېمە دەيدىغانسەن؟...

— ئەتراپىڭغا قارىمامسەن، يا مال، يا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەمسە؟ ھەقىچان بىرەر تويتىن ئايرىلىپ قالغان نېمە... بولە، ئېزىلەڭگۈلۈك قىلماي غاچچىدە چۈشە!

سال قىرغاققا كېلىپ توختىدى. جاپپار ئەنسىرەپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ بولغۇچە ۋاققاس سەكرەپ چۈشۈپ ھېلىقى ئۇغلاقنى قوغلاپ تۇتۇپ تاغارغا سولاپ ئېلىپ چىقتى. سال ئورنىدىن قوزغىلىپ، يەنە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

— قايسى بىچارىنىڭ ئۇغلىقى بولغىيتتى؟ — دېدى جاپپار.

— غايىبتىن كەلگەن رىزىق دېگەن شۇ، — دېدى غوجاخۇن، — ئۇكا، بىلىقسۇدا ئىچكەن ئەتىگەنلىك چاي بىلەن دەريانىڭ داق سۈيىگە قۇرۇق ناننى تۇگۇرۇپ يەپ كېتىپ بارىمىز. ياراتقان ئىگەمنىڭ بىزگىمۇ ئىچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاغرىدى ـ دە!... كەچتە قونالغۇغا چۈشكەن يەردە بىر شورپا قىلىمىز قارا، قانداق دېدىم؟...ئاۋۇ قىرغاقتىكى قويلارنىڭ سېمىزلىكىنى قارا، ئاپلا! ئارقىسىدا ئىگىسى باركەن ـ دە...! ھەي ۋاققاس، ئوڭغا، ئوڭغا،ــ دەپ قولى بىلەن شەرەتلىدى غوجاخۇن،ــ ھە، شۇنداق، چوڭ ياغاچ باغلىغاندا سۇنىڭ چوڭ ئېقىنىنى زادى قولدىن بەرمەي ماڭىدىغان گەپ... مۇشۇ خۇدايىمنىڭ بەزى ئىشلىرىغا ھەيران بولىمەن، ئۇكا. قايسى ئىشىغا دېمەمسەن؟ بەرگەنلەرگە پاتمانلاپ بېرىدىكەن، بىزدەك بايقۇشلارغا ھېچنېمە يوق. بۈگۈن تاپقىنىمىز ئەتىگە ئاران ـ ئارانلا يېتىۋاتقان. مۇشۇنداق غايىبتىن كېلىپ قالغان ئامەت بىلەن ئانچە ـ مۇنچە گۆش ـ پۆش يەپ، شورپا ئىچىپ قالىمىز. ئۆيدىكى بالىچاقا، خوتۇن خەقنىڭ يولىمىزغا قاراپ تەلمۈرۈپ، چىشىنىڭ كىرىنى شوراپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ئاشۇ تاغلاردا، ماۋۇ ئەتراپتىكى يايلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن ماللارنى كۆردۈڭمۇ؟ يىغىپ كەلسەڭ ھەممىسى ئىككى ـ ئۈچ بايىنىڭلا مېلى جۇمۇ، مالچىلارنىڭ يازچە خەقنىڭ مېلىنى بېقىپ ئالىدىغان ھەققىمۇ تايىنلىق. مۇشۇ ئاسمىنى كەڭ جاھاندا بىر ـ ئىككى ئاي يايلاپ يۈرگىنىگە خوش. ياراتقان ئىگەم ھەممىمىزگە ئوخشاش جان ئاتا قىلغاندىن كېيىن دۇنيادىكى نېمەتلەرنىمۇ تەڭ بەرمەمدۇ دەيمىنا... قانداق دېدىم؟

ــ ھەي غوجاقكا، ھەركىمنىڭ زۇۋۇلىسى ئوخشاش بولمايدىكەن ئەمەسمۇ. ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، بايلارنىڭ زۇۋۇلىسى توغۇلۇشىدىنلا چوڭ ئۇزۇلەرمىش.

ــ ماڭا كەلگەندە خۇدايىم زۇۋۇلا ئۈزىدىغان ئىشنىمۇ

ئۇنتۇپ قېلىپ، قۇرۇق بوي بىلەن بۇرۇتنىلا بىرىپ بولدى قىلغان ئوخشايدۇ...

هېلىقى تاغار ئىچىدىكى ئوغلاق توختىماي مەرىگىلى تۇردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە سالمۇ خېلىلا يىراقلاپ، قانداقتۇر بىر توقايلىقلارنى ئارىلاپ كېتىپ باراتتى.

ــ ھەي، جاپپار ئۇكا، مەيەرگە كەل! ــ دېدى غوجاخۇن، ــ مانا ماۋۇ پالاقنىڭ بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا تولغىماي، مۇشۇ پەدىدىلا تۇتۇپ تۇر ـ ھە! پۇتۇڭنى ئالدىڭدىكى ئاۋۇ پوكەيگە تىرەپ مەھكەم تۇر.

غوجاخۇن پالاقنى جاپپارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئوغلاقنى تاغاردىن چىقىرىپ پۇتىنى باغلاپ ياغاچ ئۈستىدىلا قىڭغايتىپ ياتقۇزدى ـ دە، قونچىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ بوغۇزلىدى. بىردەم تۇتۇپ تۇرۇپ قېنى ساقىغاندىن كېيىن يەنە تاغارغا پۈكلەپ تىقتى.

ــ ھە، ئەمدى زۇۋانى بېسىلدى، ــ دېدى غوجاخۇن جاپپارنىڭ قولىدىن پالاقنىڭ دەستىنى ئېلىپ تۇرۇپ، ــ ۋاي، ئۇكا، نېمىسىنى ئېيتىسەن، سالچى دېگەننىڭ ھەممىسىلا ئوغرى. قىيامەتكە بارغاندا ياراتقان ئىگەم سوراققا تارتىپ: «مالچىلارنىڭ ماللىرىدىن قانچىنى ئوغرىلاپ سويۇپ يەۋەتتىڭ؟» دېسە، «ئۆزۈڭ زۇۋۇلىمىزنى ئوخشاش قىلماي بىرىنى چوڭ، بىرىنى كىچىك ئۆزۈپسەن، ئۆزۈڭ بەرگەن جاننى باقىمەن دەپ بەزىدە ئوغرىلىقمۇ قىلىپ سالدىم» دەپ قاراپ تۇرارمەن.

جاپپار كۈلۈپ كەتتى.

ــ يا ئاللا، ماۋۇ سۇنىڭ سۇزۇكلۇكىنى! ــ دەۋەتتى ئۇ سۇغا قاراپ، سۇنىڭ سۇزۇكلۇكىدىن سۇ ئاستىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەريا سۈيى تۆۋەنگە قاراپ ناھايىتىمۇ ئىتتىك ئېقىۋاتاتتى. سالنىڭ دەريا ئاستىدىكى تاشلارغا بىر تېگىپ، بىر تەگمەي گۈلدۈرلەپ مېڭىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىككى قىرغاقتىكى كەڭ كەتكەن ئوتلاقلار، پاكار ـ پاكار تال، زىرىق، جىغانلار بىلەن قاپلانغان توقايلارنىڭ مەنزىرىسى بىر ـ بىرى بىلەن ئالمىشىپ كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىن سۈرەتتەك ئۆتەتتى. بەزىدە توقايلىقلار ئارىسىدا ئېگىز ئۆسكەن تاغ تېرەكلىرى، ئۇششاق تەڭگىيوپۇرماقلىق قېيىن دەرەخلىرى كۆزگە تاشلىناتتى؛ بەزىدە ئەتراپتىكى تەكشىلىك ئېگىزلەپ بېرىپ قانداقتۇر بىر تۆپىلىكلەرگە ئۇلىشىپ باراتتى. دەريا بەزىدە كەڭ كەتكەن تۈزلەڭدە جىمجىت ئېقىپ، بەزىدە شارقىراپ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. غوجاخۇن دەريانىڭ ئاساسىي ئېقىنىنى قولدىن بەرمەي سالنى تەڭشەپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. سال راۋان يولغا چۈشسىلا ئۇنىڭ يەنە ئېغىزى ئېچىلاتتى.

ــ سالچى دېگەن مۇشۇنداق دەريادا كۈنلەپ ئېقىپ ئادەم سېغىنىپ كېتىدۇ، ئۇكا، شۇڭا سېنى چاقىرىپ بۇ سالغا چىقىرىۋالغان. ياردەمچىمنىڭ ئەھۋالى ئاۋۇ، ئىككىمىز سالنىڭ ئىككى بېشىدا، ئۇ كېكەچلەپ قىلغان گەپنى مەن دەرھال چۈشىنەلمەي، مەن قىلغان گەپنى ئۇ ئاڭلىيالماي، بولدىلا دەپ گەپمۇ قىلماي سۇغا قاراپ ماڭىدىغان گەپ. سالچى دېگەن مۇشۇنداق ئەتراپقا قاراپ مەنزىرە كۆرىدىغان، سۇغا قاراپ خىيال سۈرىدىغان، يامىنى كەلسە سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپلا كېتىدىغان خەق.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، ئاكا، سال ناھايىتى چىرايلىق كېتىۋاتامدۇ؟

— كۆرسەڭ، ئالدىمىزدا نى ـ نى يامان يەرلەر بار، مانا، ئاغىيازنىڭ قۇيغىنىغىمۇ ئاز قالدۇق. دىققەت قىلمىسا سال تاشقا ئۇرۇلۇپ چۇۋۇلۇپ كېتىدىغان يەرنىڭ بىرى شۇ.

جاپپار جىمىپ قالدى. ئارقا تەرەپتىكى پالاقنى تۇتۇپ تۇرغان ۋاققاس بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— نېمە دەيدۇ ئاكا ماۋۇ شاگىرتىڭ؟

— توقايدىن ئۇچۇپ چىققان ياۋا ئۆردەكلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولۇۋاتىدۇ... ياشلىق دېگەن ئاجايىپتە،— دەپ سۆزىنى داۋام قىلىپ كەتتى غوجاخۇن،— بىر مەزگىل مەنمۇ ئاكاڭ غاپپار بىلەن ئاغىنە بولۇپ چوڭ كۆۋرۈكنى[1] سوراپ يۈرگەن. ئازراقلا پۇل تاپساق توپىدەڭگە[2] دوڭشوپاڭنىڭ ھارىقى بار تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەيتتۇق. ئالامەت ھاراق چىقىراتتى ـ دە كاساپەتلەر.

— ھەممىسىلا شۇ دوڭشوپاڭنىڭ ھارىقىنى ماختايدۇ. راست شۇنداق ياخشى ھاراقمۇ ئۇ؟

— ياخشى بولماي، ئىچىپ بولۇپ قارا ھېجىرنى پوكەيگە شۇنداق قويساڭ ھاراقنىڭ يۇقۇندىسى تېگىمگە مايدەك سىرغىپ ئاقىدۇ ئەمەسمۇ. تۆت سەر، يېرىم جىڭ قېقىۋېلىپ يۈرىدىغان بولساڭ بىر كۈن ئاسماندا لەيلەپ

---

① چوڭ كۆۋرۈك — غۇلجا شەھىرىدىكى خەنزۇ بازىرىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.

② توپىدەڭ — خەنزۇ بازىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئىسمى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يۈرگەندەك مەستلا يۈرىسەن. قورسىقىڭنىڭ ۋازىلداپ ئاچقىنىدىن خەنزۇ بازىرىدىكى ئاشپۇزۇللارغا ئارانلا ئۈلگۈرۈپ كېلىسەن. قورساقنى تويغۇزۇۋېلىپ كوچىغا چىقىپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئالدىنى توراپ بىكاردىن - بىكارغىلا جېدەل چىقىراتتۇق. نېمە جېدەل دەيسەن، شۇ پۇلنىڭ جېدىلى. بايۋەچچىلىرىڭ ياخشىلىقچە بەرسە بەردى. بولمىسا خالىيراق يەرگە ئاپىرىپ كانىيىنى سىقىپلا يانچۇقىنى قۇرۇقداپ قوياتتۇق. شۇڭا، شەھەرنىڭ بايۋەچچىلىرى ئاكاڭنى كۆرسە يىراقتىنلا ھېجىيىشىپ: «غاپپار نوچى، تاماق يېدىلىمۇ؟ قورساق قانداقراق، پۇل لازىممۇ؟ خىزمەتتە بولايلىمۇ؟» دەپ تۇرۇشاتتى. ئاكاڭ مەيدىسىنى كېرىپ: «بۇ پۇلنى تېپىپ - تېپىپ ئاخىرىدا گۆرۈڭگە ئېلىپ كېتەتتىڭمۇ؟ ئازراقىنى تاشلا بۇياققا» دەيتتى. «ياق» دەيدىغانغا كىمنىڭ ھەددى؟ شۇنداق قىلىپ، بايۋەچچىلەرنىڭ پۇلىنى خەجلەپ بىر مەزگىل يۈرۈپ كەتتۇق. بايلىرىڭ ئالدىمىزدا ھېجىيىپ قويغان بىلەن ئارقىمىزدىن: «بۇ گۇيلارنى بىر كۆزدىن يوقاتساق بولاتتى» دەپلا يۈرىدۇ دېگىنە. بىر كۈنلەردە شەھەردە يەركەنتتىن كەلگەن مونۇر دېگەن بىرنېمە پەيدا بولۇپ قالدى. زادىلا قاپىقىنى ئاچمايدىغان، تازىمۇ يوغان بىرنېمىكەن. ئاڭلىساق، يەركەنتتە بىر مۇشت ئۇرۇپ بىر ئېشەكنىڭ قارنىنى يېرىپلىۋەتكەنىكەن. شۇڭا ئۇنى يەركەنت تەرەپتە «مونۇر ئېشەك» دېسە تونۇمايدىغىنى يوقكەن. بۇ نوچىنى كۆرۈپ شەھەرنىڭ بايۋەچچىلىرىنىڭ قورسىقىغا جىن كىرگەن ئوخشايدۇ، مونۇرنى غاپپارغا سالماقچى بولۇشتى. خادىك ھارۋىغا ئولتۇرۇپ

ئالتۇنلۇق[1] تەرەپكە چىقتۇق. ئالتۇنلۇقنىڭ تۆۋىنىدىكى سايىنىڭ بويىدىكى كۆكۈلمەيدانىنى ئوبدان بىلىسەن... ھە، شۇ يەردىكى كەڭ بىر ئوچۇقچىلىقتا كېلىپ توختىدۇق. بۇ يەردە بىر قەپەس مۈشتلاش بولىدىغىنىنى كىمدىن ئاڭلاشتىكى، ئارقىمىزدىن يەنە بىرمۇنچە تاماشا كۆرگۈچىلەر ھارۋىلىق يېتىپ چىقىشتى... ھاي ــ ھاي، ۋاقىقاس! ــ دەپ ۋاقىقاسقا قاراپ شەرەتلەپ قولىنى پۇلاڭلاتتى غوجاخۇن.

سال دەريا ئالدىدىكى بىر ئەگىمدىن بۇرۇلۇپ، سول تەرەپتىكى ئېگىز تۆپىلىك ئاستىدا كېتىپ باراتتى. بۇرۇلۇشقا كەلگەندە سالنىڭ ياغاچلىرى نېمىلەرگىدۇر سۈركىلىپ ئۆتۈپ غاراسلىغان ئاۋاز چىقاردى ــ دە، يەنە راۋان مېڭىپ كەتتى.

ــ نېمە دەۋاتاتتىما؟ ــ دەپ جاپپارغا قارىدى غوجاخۇن.

ــ ھارۋىلىق ئالتۇنلۇققا چىقتۇق، دېگەنتىڭىز.

ــ ھە، ئالتۇنلۇققا چىقتۇق. ئەتراپقا تاماشا كۆرىدىغانلارمۇ خېلى ئولاشتى. ھېلىقى مونۇر دېگەن نوچىنىمۇ بىرنەچچە بايۋەچچە تازا نوچى ئىككى ئات قېتىلغان خادىكقا ئولتۇرغۇزۇپ يەتكۈزۈپ كەلدى. بۇ مونۇر دېگەن نېمىنى مەنمۇ ئىلگىرى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. قارىسام ھارۋىدىن دېۋەدەك يوغان بىرنېمە چۈشۈۋاتامدا؟ قورققىنىمدىن پۇت ــ قولۇمغا تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئاكاڭ ئەتراپتىكى بايۋەچچىلەرگە قاراپ: «خوش، بىزنىڭغۇ بۇ يەرگە

---

① ئالتۇنلۇق ــ غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ھاكىمبەگلىرىنىڭ ئەۋلادى دەپنە قىلىنغان مازار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاچچىقمىشتىڭ، بۇ يەردە بىكاردىن ـ بىكارغىلا مۈشتلىشىپ ھەرقايسىڭغا ئويۇن قويۇپ بېرىدىغان ئىش يوق. ئۇتقان تەرەپ نېمە ئالىدۇ، ئۇنى كىم بېرىدۇ؟ گەپنى ئوچۇق قىلىش» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بايۋەچچىلەر: «خاتىرجەم بولۇڭ، غاپپار نوچى، ئۇتقانىغا مۇكاپاتىمىز بار. ئۇتتۇرغاننىمۇ قۇرۇق قويمايمىز» دېيىشتى. «قېنى، ئوتتۇرىغا تاشلا!» دېدى ئاكاڭ. بايۋەچچىلەرنىڭ بىرنەچچىسى قولاق قېقىپ كۆسۈرلىشىپ، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ بىر مونەك پۇلنى تەخ قىلدى. سەن تونۇمسەنكىن؟ تۇماق بازىرىدا غولام «بەشۋاق» دەپ بىرنېمە بولىدىغان، ئولتۇرسا ـ قوپسا بەش ۋاق نامازنىڭلا كېپىنى قىلاتتى. ئۆزى بىر ۋاق بامدات نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇمىدىكىنتاڭ، قالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ مەسچىتكە بارغىنىنىمۇ ھېچكىم كۆرمەيتتى. سورىساڭ: «مېنىڭ يولۇم باشقا، ئىبادەتنى مەخپىي قىلىمەن» دەيتتى. مانا شۇ غولام «بەشۋاق» مۇشۇنداق بىر ئىشلارنى كېلىشتۈرۈشكە ئۇستا ئىدى. بايۋەچچىلەر يىغىلغان پۇلنى غولام «بەشۋاق»قا تۇتقۇزدى. «يەنە بىر گەپ... بۇ گەپنىمۇ ئوچۇق دەپ قويمىساق بولمايدۇ. ھەرقايسىڭ ماۋۇ مونۇر ئىككىمىزنى مۇشتلاشقا سېلىپ تاماشىمىزنى كۆرمەكچى بولۇشىۋاتىسەن. مەيلى، چىدىغانىغا چىقارغان. ئەمما... مۇشتلاش دېگەن ئويۇنىشىدىغان گەپ ئەمەس. بىرەر مۇشت يامانراق يەرگە تېگىپ كەتسە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشىنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مانا كۆپچىلىك تۇرۇپتۇ، مونۇر ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ھېچقانداق ئاداۋەت ـ پاداۋەت دېگەن بولمىغان، شۇنداقتۇ؟» دەپ مونۇرغا قارىدى ئاكاڭ. مونۇر دېگەننىڭ

ئاۋازىمۇ كانايدەكلا چىقىدىكەن. «ياخشى گەپ قىلدىڭ، بولدى، ئۆلۈپ كەتسەم دەۋا ـ دەستۇرۇم يوق... ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىلە!» دېدى. ئاكاڭ: «مېنىڭمۇ دەۋا ـ دەستۇرۇم يوق» دېدى. ھېلىقى ئوتتۇرىدا پۇل تۇتۇپ تۇرغان غۇلام «بەشۋاق»: «جامائەت، ماۋۇ گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلىدىڭلار ـ ھە؟» دېدى. «ئاڭلىدۇق!» دەپ چۇرقىراشتۇق. «ئىم، ئىشنىڭ چوڭى چىقىدىغان بولدى» دەپ ئەتراپقا ئولاشقانلار كەينىمىزگە داجىپ مەيداننى كەڭ ئېچىۋەتتۇق. ئىككى نوچى: «ئاۋۋال سەن ئۇر، بولدى سەن ئۇر» دېيىشىپ ئاخىرىدا مونۇر ئاۋۋال ئۇرىدىغان بولدى. ئاكاڭ ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇپ بەردى. مونۇر ئېتىلىپ كەلگەنچە ئاكاڭغا بىر مۇشت قويۇۋىدى، غاپپار سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ ئارقىسىغا بىر ـ ئىككى مېتىر داجىپ توختاپ قالدى. ئەمدى نۆۋەت ئاكاڭغا كەلدى، غاپپار مونۇرنى پەشۋا بىلەن بىر تېپىۋىدى، پەشۋا ئېڭەككىلا تېگىپتىكەن، ھېلىقى بايقۇش ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. يوغان نىمە، يەرگە گۈپپىدە چۈشتى، ئورنىدىن تۇرالمىدى. بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ تۇكۇرۇۋىدى، ئىككى ـ ئۈچ چىشى قان ئارىلاش يەرگىلا چۈشتى. بىرقانچەيلەن يۇگۇرۇپ بېرىپ يۆلەپ خادىك ھارۋىغا چىقىرىپ يولغا سېلىپ قويدۇق. كېيىن ئاڭلىساق، يەنە نوچى دېگەن نوچىدە...! مونۇر بىر ھەپتە يېتىپ ئۇڭشىلىپ يەنە ئاكاڭنى ئىزدەپ كەپتۇ. «غاپپار ئاداش، ئۇ كۈنكى ئاتقان مۇشتۇمغا ئالدىمدا تام بولغان بولسا تام ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى... ساڭا قول قويدۇم، بولدى، ئەمدى سەن بار يەردە تۇرۇش ماڭا ھارام. يەركەنتكە كەتتىم. بۇ مېنىڭ سەن بىلەن خوشلاشقىنىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ قالسۇن» دەپتۇ. غاپپار ھېلىقى ئۆتۈۋالغان پۇللىرىنى ئۇنىڭغا يوللۇق تۇتۇپ يولغا سېلىپ قويغانىكەن.

— پاھ، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوقكەن، — دېدى جاپپار، — بۇمۇ ھېلىقى نودەر گاڭگۇك بىلەن قەشقەردىن چىققان سىيىت نوچىنىڭ ئىشىدەكلا بىر گەپ بوپتىكەن — دە.

— ھە، سىيىت نوچى دېگىنىمۇ ئىلىخوغا چىقىپتىمىكەن؟.. نودەر گاڭگۇك بىلەن قانداق بولۇشۇپتىكەن؟ — دەپ سورىدى غوجاخۇن، — يېقىنراق ئولتۇرۇپ گەپ قىلە، سۇنىڭ شارقىرىشىدا بەزى گەپلىرىڭ ئاڭلانماي قالىدىكەن.

— بۇ گەپلەرنى بىزگە دادام رەھمەتلىك دەپ بېرىدىغان، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى جاپپار، — غۇلجىدا بىر زامانلاردا نودەر گاڭگۇك دەپ بىر ئادەم ئۆتۈپتىكەن. ناخشىغىمۇ ناھايىتى ئۇستا ئادەمكەن.

سۇ بويىدا ياش تاللار،
تال ئېگىلدى پەس بولدى.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
كۆن ئالماقمۇ تەس بولدى...

دېگەن ناخشىلارنى ئەنە شۇ نودەر گاڭگۇك ئېيتىپتىكەن. سېپىلىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ناخشا ئېيتسا ئۆي — ئۆيلەردىكى ئادەملەر پەنجىرىلىرىنى ئېچىپ قويۇپ ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشايدىكەن. نودەركام ئۆزى شۇنچە گاڭگۇك بولغىنى بىلەن بىھۇدە ئۇرۇش — جېدەلگىمۇ زادى

ئاربلاشمايدىكەن، ئەمما، ناھەق ئىشلارنى كۆرسە پەقەت چىداپ تۇرالمايدىكەن...

— مانا، نۈچى دېگەن شۇنداق بولمامدۇ،— دېدى غوجاخۇن،— سېنىڭ ئاكاڭ غاپپار باشقىلارنىڭ جېدىلىنى بىكاردىن - بىكارغا پۇلغا سېتىۋالىدىغان ئادەمتى... ھە، گېپىڭنى قىلە.

— شۇ كەملەردە قەشقەردىكى سىيىت نوچىمۇ ئىلىخو دېگەننى بىر كۆرەي، دەپ چىقىپ قالغانىكەن. شەھەرنىڭ بايۋەچچىلىرى ئىلىنىڭ گاڭگۇڭى بىلەن قەشقەرنىڭ نوچىسىنى بىر سوقۇشتۇرۇپ تاماشىسىنى كۆرمەكچى بوپتۇ. ھېكىمبەگ غوجاملارنىڭ قارادۆڭدىكى چوڭ بېغى «گۈلشەنباغ»دا كاتتا داستىخان راسلاپتۇ...

— ھە، توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى،— دېدى غوجاخۇن،— بۇ گەپنى مەنمۇ بۇرۇن بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىمەن.

— ئاڭلىغان بولسىڭىز بولدى سۆزلىمەي.

— ياق، سۆزلەۋەر، ئاڭلىغاندەك قىلغان بىلەن تازا ئېسىمدە يوق، «گۈلشەنباغ» دېسەڭ ئازراق ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ... ھە بايۋەچچىلەر داستىخان راسلاپ قانداق قىپتۇ؟

— بايۋەچچىلەر نودەر گاڭگۇڭنى سورۇننىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. سىيىت نوچىنىمۇ باشلاپ كېلىپ «ۋاي نوچى، مانا مەيەردە ئولتۇرسىلا» دەپ سورۇننىڭ يەنە بىر بېشىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. تاماق ئۈستىدە ئىككى نوچىنى بىر - بىرىگە دەيدەيگە سېلىپ سوقۇشتۇرماق بوپتۇ. ئەسلى ئۇلار ئىككىسى بۇ يەردە مۇشتلىشىدىغان ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەن. سىيىت نوچى: «بىز دېگەن ماۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇرتقا مۇساپىر، مۇساپىر دېگەننىڭ دىلى سۇنۇق بولىدۇ، كىم نوچى بولسا ئاۋۋال ئۆزى كېلىپ قول سالسۇن!» دەپ ئورنىدىن قوزغالماپتۇ.

ــ ئاۋۇنى قاراڭلار، سىيىت نوچى دېگەن قەشقەرلىق بىزنىڭ نودەر گاڭگۇڭدىن قورققان ئوخشىمامدۇ؟

ــ قورققان گەپ ئەمەس، غوجاقكا، بىراۋنىڭ شەھرىدە بىرسىنىڭ داستىخانىدا ئولتۇرۇپ، ھېچ گەپتىن ــ ھېچ گەپ يوق باشقىلارغا مۇشت كۆتۈرسە ئوغۇل بالىچىلىق بولمايدۇ ــ دە!

ــ بۇ گېپىڭمۇ راست... زادى ھەقىقىي نوچى دېگەنچۇ ئالدىراپ خەققە مۇشت كۆتۈرمەيدۇ... ھە، ئاندىن نېمە گەپ بوپتۇ؟

ــ سىيىت نوچى شۇ گەپنى قىلىپ ئورنىدىن قىمىرلىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جىمى بايۋەچچە «نودەر گاڭگۇڭ نېمە دەيدىكىن» دەپ نودەر گاڭگۇڭغا قارىغانىكەن. نودەر گاڭگۇڭ: «ھوي بايۋەچچىلەر، ماۋۇ سىيىت نوچى بىلەن مېنى بۇ يەرگە مېھمانغا ئەمەس، جېدەلگە سېلىپ تاماشا كۆرمەككە چاقىرغانما؟ سىيىت نوچى شەھىرىمىزگە يىراقتىن كەلگەن مېھمان، مېھمانىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش ئادەمگەرچىلىك ئەمەس. بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتقان بولۇشساڭ، ماۋۇ داستىخىنىڭغا قانچىلىك پۇل خەجلەشتىڭ، مەندىن ھېسابلىشىۋال، كۆتۈر مۇنداق مېھماندارچىلىقىڭنى!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. بايۋەچچىلەر ئوسال بولۇپ: «ۋاي، خاپا بولماڭ، گاڭگۇڭ! بىزدىن ئۆتۈپتۇ» دەپ نودەر گاڭگۇڭنى ئاران تۇتۇپ قالغانىكەن. تاماقتىن كېيىن سىيىت نوچى بىلەن نودەر گاڭگۇڭ باغنىڭ ئىچىدىكى

يوغان قارىياغاچقا قوم خالتا باغلىتىپ، ھەرقايسىسى ئۆز گۇمپىسىنى كۆرسەتكەنىكەن.

— ئەتتىگىنەي! — دېدى غوجاخۇن، — مۇشتلىشىپ باققان بولسا قايسى يېڭەتتىكىن؟

شۇ چاغدا ئارقا پالاقىنى تۇتۇپ تۇرغان ۋاققاس «ئا... ئا... ئا!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— يەنە نېمە دەۋاتىدۇي ماۋۇ شاگىرتىڭ؟

— ھوي - ھوي، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاغىيازنىڭ قويغىنىغا يېقىنلاپ قالغىنىمىزنى بىلمەي قاپتۇققۇ، مەھكەمرەك ئولتۇر، ئالدىمىز خەتەرلىك! — دېدى غوجاخۇن.

ئاغىيازنىڭ سۈيى ئوڭ تەرەپتىن توقايلارنى ئارىلاپ كېلەتتى. تېكەس دەرياسى بولسا سول تەرەپتىكى تۆمۈرقاي ئېگىزلىكىنىڭ ئېتىكىنى ياقىلاپ كېلىپ، ئىككى سۇ بۇ يەردە قوشۇلاتتى. بۇ يەرگە كەلگەندە غوجاخۇن بىلەن ۋاققاس پالاقىنى ئوڭ - سولغا بۇراپ خېلى جىددىيلەشتى. ئاغىياز تەرەپتىن كەلگەن سۇ ئاپپاق كۆۋەجەپ ئۇدۇلىدىكى قارىغاي تاشقا ئۇرۇلاتتى - دە، تېكەس دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ پىرقىراپ غەلىتە يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلاتتى. سالغا كېلىپ ئۇرۇلغاندا كۆتۈرۈلگەن دولقۇن سالنى تەڭشىدەك لەپەڭشىتەتتى.

— ھەي جاپپار، نېمە ئۆرە تۇرىسەن؟... ئولتۇرۇۋال، ئولتۇرۇۋال! — دەپ ۋارقىرىدى غوجاخۇن، — سال بىرەر تاشقا سوقۇلىدىغان بولسا قاڭقىپ سۇغىلا چۈشىسەن. ھە، پوكەينىڭ ياغىچىنى مەھكەم تۇت!

مۇبادا سال ئاغىياز تەرەپتىن كېلىۋاتقان بولسا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يەرگە كەلگەندە سالچى ھوشيار بولۇپ، دەرھال سالنى ئوڭ تەرەپكە ئەپقاچمىسا سال ئۇدۇل بارغانچە بىرىپ تىككىدە چىقىپ تۇرغان قارىغاي تاشقا ئۇرۇلۇپ پارە - پارە بولۇپ كېتەتتى؛ ئەگەر سال تېكەس دەرياسى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بولسا سالچى سالنى ئاغىياز سۈيى تەرەپكە تارتسا ئاغىياز سۈيى سالنى ئاپىرىپ يەنە تاشقا ئۇراتتى. سالنى بۇ يەردىن ئامان ئۆتكۈزۈپ كەتكۈچە ھەرقانداق سالچىنىڭ پىشانىسىدىن تەر چىقاتتى.

— كۆردۈڭمۇ، جاپپار، ماۋۇ ئىككى سۇنىڭ رەڭگىنىڭ تىخىچە بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېتەلمەي ئىككى خىل تۇرغىنىنى؟ — دېدى غوجاخۇن. سال ئاغىيازنىڭ قۇيغىنىدىن سالامەت ئۆتۈپ كەتكەچكە ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئاغزى گەپكە كەلگەندى.

جاپپار سۇغا قارىدى. راست دېگەندەك ئاغىياز تەرەپتىن كېلىپ قۇيۇلغان سۇ ئاپپاق تاغ سۈيى رەڭگىدە، تېكەس دەرياسىنىڭ سۈيى بولسا قارامتۇل رەڭدە تۇراتتى.

— خەتەرلىك يەركەن، — دېدى جاپپار.

— مانا كۆرگەنسەن، سالچى دېگەننىڭ كۈنى مۇشۇ، — دېدى غوجاخۇن، — ئۆلۈم - يېتىم دېگەن ئارقىمىزدىن سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدۇ. مۇشۇ ئاغىيازنىڭ قۇيغىنىدا سالغا ئىگە بولالماي، بارغانچە بېرىپ قارىغاي تاشقا ئۇسۇپ، ساللىرى چۆرگۈلەپ كېتىپ، ئۆزى قىرغاققا چىقىپ يىغلاپ ئولتۇرغان قانچە سالچىلارنى كۆرگەن بىز. بىرەر - يېرىم ئادەمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ تېخى.

— راست خەتەرلىككەن.

— خەتەرلىك يېرى تېخى ئالدىمىزدا، بارغاندا

كۆرىسەن، شۇڭا سالچىنىڭ جېنىنى «ئۆلجىغا قالغان جان» دەيمىز ئەمەسمۇ. شۇنداق بولغاچقا سالچى دېگىنىڭ ئۆيلىنىپ بالىچاقىلىق بولۇشقىمۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسەڭ تاغۇ تاشتا سۇ كېچىپ، ھەپتە - ئون كۈن، ھەتتا بىرەر ئايدا بىر قېتىم ئۆيۈڭگە ئاران قايتىپ كېلەلەيسەن، ئۆلۈپ - تارتىپ قالساڭ بالىچاقىلىرىڭ زار - زار يىغلاپ يېتىملا قالىدىغان گەپ!

— ئاكا، مۇشۇ خەتەرلىك ئىشنى قىلمىساڭلار بولمامدۇ؟ — دېدى جاپپار.

غوجاخۇن جاپپارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ماۋۇ سالچىلىق دېگەننىڭمۇ بارغۇ، ئۇكام جاپپار، خۇمارى بار ئىش، — دېدى ئۇ، — قىشچە خاڭدا ئىشلەپ، يا بولمىسا ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ زېرىكىپ ئىت بولۇپ كېتىمىز. «قاچان كۈن ئىللىپ باھار كېلەر» دەپ كۆزىمىز تۆت. شۇنداقلا كۈن ئىللىپ، قار كېتىپ، ئېرىقنىڭ بويلىرىدا كوكاتلار كۆكىرىپ چىققىلى تۇرامدا، سالچى دېگىنىڭ ئىچىگە جىن كىرىۋالغاندەك تۇرالماي قالىدۇ. مۇشۇ دەريا، ئاشۇ توقايلار، توقايلاردا ئوچۇملاپ مۇزدەك تاغ سۇلىرىنى ئىچىپ كېتىدىغىنىمىز... مۇشۇ ساپ ھاۋا، گۇر - گۇر شامال، ئەتراپتىكى ياپيېشىل تاغ - داۋان، مۇشۇ كەڭ جاھاننى سېغىنىپ بولالمايلا قالىمىز. شۇنداق چاغدا كىشىنىڭ كۆزىگە ئۆلۈممۇ كۆرۈنمەي قالىدىغۇتاڭ! يەنە چاپاننى دولىغا سېلىپ، غۇلجىدىن ئاشۇ سال باغلايدىغان يەرگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



قاراپ پىيادىلا مېڭىپ كېتىمىز... موخوركاڭ يوقمۇ؟ ئەجەب موخوركىمۇ چەكمەي ئولتۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟

— موخوركام بارتى، — دېدى جاپپار، — بىلمىسۇدا بېلىق تۇتىمەن دەپ، ئىشتاننىڭ يانچۇقىدىكى موخوركىنى ھۆل قىلىۋاپتىمەن، ئەكچىپ قالدىمىكىن؟

— ھە، قېنى، بىر تال بۇرا، مەنغۇ موخوركىنى بەك چېكىپ كەتمەيمەن، كۆرسەم خۇمارى... مەن ساڭا ئېيتسام، جاپپار، مېنىڭ دادامنىڭ، دادامنىڭ دادىسىنىڭ كۈنىمۇ مۇشۇ دەريادا سالچىلىق بىلەن ئۆتكەنىكەن. ئۇ چاغلاردا قازاق، قىرغىز ئاغىنىلەر ئىچىدىمۇ خېلى سالچىلار باركەندۇق...

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# دالا گۈلى

دولقۇنلار ئۈستىدە ئۈزۈپ كېلىۋاتقان ساللارنىڭ يەنە بىرىنى ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ ئاكىسى ھەسەن ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىلىدىكى تارانچىلارنى دوراپ بېشىغا قىزىل مانچېستېر دوپپا كىيىۋالغانىدى، ساقال ـ بۇرۇتىنى ياستىماي خېلى ئىسكەتكە كېلىپ قالغانىدى. ئادەتتە ئۇ ساقال ـ بۇرۇتىنى ئېلىشنى ئايلاپ ئۇنتۇپ قالاتتى. بۇ نۆۋەت «قەشقەردىن چىققان ئىنىم بۇ ئاكام ئەجەب قېرىپ كېتىپتۇ، دەپ قالمىسۇن» دەپ بىلىقسۇدا سالچىلارغا ساقىلىنى ئالغۇزۇۋالدى. سالچىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە چاچ ـ ساقال ئالىدىغان ئۇستىرا بولاتتى. دەم ئالغان چاغلىرىدا قىرغاقتا ياكى سالنىڭ ئۈستىدە ياغاچتا ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىپ قويۇشاتتى... ھەسەن پۇل تاپسىلا كۆڭۈل ئاچىدىغان، قىمار ئوينايدىغان يەردىن كېلەلمەي قالىدىغان كۆڭۈلچەك ئادەم. ھەسەننىڭ سالنىڭ ئاياغ پالىقىنى تۇتىدىغان ياردەمچىسىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ سالنى قايسىبىر توقايلىقلارنىڭ ئىچىدە توختىتىپ قويۇپ، بىر ـ ئىككى كۈن يوقاپ كېتىپ پەيدا بولۇپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ياردەمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



بولغان ئادەم توقايلىقنىڭ ئىچىدە پاشىغا يەم بولۇپ، ئۇنى ساقلاپ تىرىكىپ ئۆلەي دەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قولىدا يارىدەمچى سالچى توختىمايتتى. ماۋۇ سالنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى پالىقىنىمۇ قاراكۆلدە ياغاچچىلىق قىلىدىغان بىر قېرى ئادەم ئىتتىرىشىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئاكا، هوي ئاكا... — دەيتتى هوسەن بايۋەچچە.

— چىڭراق گەپ قىلمىساڭ ماۋۇ سۇنىڭ شالاق - شۇلۇقىدا تازا ئاڭلىيالمايۋاتىمەن، — دېدى هەسەن.

— بۇ سال دېگەن ئەجەب غەلىتە نېمىكەن، — دېدى هوسەن بايۋەچچە، — هاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ئىرغاڭلاپلا تۇرىدىكەن... بۇنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرالمىغۇدەكمەن.

— ئۆرە تۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟... تۆپىسىدە بىر يۇگۈرۈپ باقاي دېگەنمىدىڭ؟... كىچىك ۋاقتىڭدا قوشنىلارنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئۈستىدە تىنىم تاپماي يۈگۈرەيتتىڭ... ئولتۇر. هە، ئاشۇ پوكەيلىك ياغاچنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇر!... ئاشۇ ئىككى باشتىكى باستۇرما ياغاچلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياغاچنى «پوكەي» دەيمىز. شۇ ياغاچلارنى يىقىلىپ كېتەي دېگەندە تايىنىۋالىدىغانغا، يوتقان - كۆرپە، نەرسە - كېرەكلەرنى ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ قويىدىغانغا، هارغاندا ئۈستىدە ئولتۇرىدىغانغا شۇ يەرگە قويغان... ساڭا ئوخشاش سالدا ئولتۇرۇپ باقمىغان ئادەملەر شۇ ياغاچنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرسا هېچ گەپ يوق... بولدى، بولدى، ئاشۇ جايىڭدا ئولتۇر، بەك يېقىن كېلىۋالساڭمۇ پالاققا تاقىشىسەن... هە، گەپ قىل. شۇنداق قىلىپ دادام بولغان ئادەم كەينى - كەينىدىن خوتۇن ئېلىپ يۈرۈۋاتىدۇ، دېگىن؟!

— ئانىمىز ئۆلۈپ ئىككى ئۆيلەندى... ۋاي ياقەي، ئۈچ ئۆيلىنىپتۇ. بىرىنى «تالادىن كىرمەيدىغان لالما خوتۇنكەن» دەپ قويۇۋەتتى، ھازىر ئىككى خوتۇنى بىلەن...

— ئىككى خوتۇندىن ھەقچان بىرمۇنچە شۈمتەكلىرى باردۇ؟

— بار، ئۆگەي ئانىنىڭ باللىرى بولسىمۇ يەنە مېھرىڭ چۈشۈپ قالىدىكەن، بىر ـ بىردىن تاتلىق... نېمىلا بولمىسۇن قېرىنداش ـ دە.

— دادامنى خېلى ئوبدان پۇل تاپتى، دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

— قانچىلىك پۇل تاپقىنىنى ئۇقمايمەن... ئىشقىلىپ، قەشقەر شەھىرىدە ئىككى ـ ئۈچ يەردە دۇكىنى بار.

— ھەرقانچە پۇل تاپسىمۇ ئەمدى ئاشۇ ئىككى خوتۇنى بىلەن. شۇ خوتۇنلىرىدىن بولغان شۈمتەكلىرىدىن سەن بىلەن ماڭا بىرنېمە ئاشمايدۇ جۇما، ئۇكام.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن دادام سېنىڭ گېپىڭنى تولا قىلىدۇ.

— «ھەسەن دەپمۇ بىر بالام بارتى» دەپ ئەسلەپ قويامدا؟

— ئەسلەيدۇ، ئەسلىمەمدىكى... سەنىمىزە، ئاكا، شۇنچە ئاۋات قەشقەرنى تاشلاپ ئەجەب بىر يىراقتىكى ئايدالاغا كېلىپ تۇرۇۋالدىڭ...

— شۇ گەپ ئەمەسما، — دېدى ھەسەن، — يۇرتقا چۈشۈپ كېتەي، دەپ قانچە تەرەددۇت قىلدىم. نېمە ئىشكىن بىلمىدىم... ياكى تەقدىر شۇنداقمۇ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يولغىلا چىقىمەن، يېرىم يولغا بارا ـ بارمايلا يانچۇقتىكى بار دەسمايىنى قىمارغا سېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرىپ ئارقامغا يانىمەن... يەنە يولغا چىقىمەن، يەنە ئارقامغا يانىمەن... شۇنداق ئارقامغا تولا يېنىپ يۈرۈپ ھەسەن «يانغاق» دېگەن لەقەمنىمۇ ئالدىم... ۋاي ئۇكام، ھەرنېمە دەيمىز، شۇ قەشقەر تەرەپكە بىر ئۆتۈپ دادام بىلەن ئامانلىشىپ كېلىدىغانغا خۇدا نېسىپ قىلمىدىغۇتاڭ!... يەنە ماڭا قارىغاندا سەن ياخشىكەنسەن، ئۇكام، ھەرقانداق بولسا «ئاۋۇ تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئاكام بار ئىدى» دەپ ئىزدەپ كەپسەن.

— ئاكا، بۇ سالچىلىق دېگەن ئەجەبمۇ بىر خەتەرلىك ئىشكەن، بۇ ئىلىخودا بىز قىلغۇدەك باشقا ئىش يوقما؟

— بار، ئۇكام، بولمامدىغان. قىلىمەن دېگەن ئادەمگە ئىش تولا. ئەمدى مەن قەشقەردىن چىققاندىن بۇيان مۇشۇ ئىشنى قىلىپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن... خەتىرىمۇ بار، كۆڭۈللۈك يەرلىرىمۇ خېلى بار. ماۋۇ ئەتراپلارنىڭ چىرايلىقلىقىنى قارا، ئاۋۇ توقايلىقلاردا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— چىرايلىقمىكەن؟

— قانچە ماختىساڭمۇ يەنە قەشقەرگە يەتمەيدۇ جۇما.

— راست ئېيتىسەن، ئۆز يۇرت دېگەنغۇ باشقا بىر گەپكەن، قەشقەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭ كوچىلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدىكى بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ مانتا قىلىدىغان مانتىخانىلار بارمۇ؟

— بار.

— ھېلىمۇ شۇنداق بىر - بىرى بىلەن بازار تالىشامدۇ؟

— تالىشىدۇ.

— ھېلىقى زەرگەر بازىرىدىن چىققان يەردە تازا ئىككى قەۋەت قىلىپ سالغان چايخانىلار بولىدىغان، بارما؟

— بار.

— ئۇ يەردە راۋاب چېلىپ، ھېكمەت ئوقۇپ سورۇننى قىزىتىدىغان غەزەلخانلار بولىدىغان...

— بار... نېمىشقا ھەزرەتنىڭ ئالدىدا بولىدىغان قىزىقچىلىقلارنى سورىمايسەن؟

— ئۇنى بىر دېمە، ئۇكام، ھەزرەت سەيلىسىدە ئاپپاق خوجامدا توپ - توپ يۈرىدىغان تاۋاپچىلار، ئاشىقلار، مازارنىڭ ئالدىدا قولىنى سۇنۇپ قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن تىلەمچىلەر ھېلىمۇ كۆزۈمنى يۇمسام ئالدىمغا كېلىدۇ. شۇنچە نامراتلارنى بېقىپ ھارمىغان، قانچە مۇساپىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئېتىكى كەڭ قەشقەر جۇما ئۇ!

— ئاكا، ئەجەب ئېتىكى شۇنچە كەڭ قەشقەرگە ئىككىمىز سىغماي قاڭقىپ چىقىپ كەتتۇقا؟

— ئۇنداق دېمە، ئۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى، ئۇكام، خۇدا رىزقىمىزنى مۇشۇ يەرگە چاچقانىكەن... ياراتقان ئىگەم كىمنىڭ رىزقىنى نەگە چاچسا ئۇ بىر سەۋەبلەر بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ رىزقىنى تېپىپ يەرمىش. ئۆتكەن جۇمە مەسچىتتە مۇشۇ گەپ بولدى... ئۇكام، شەھەرگە كىرىپلا چاچ - ساقىلىڭنى بىر ئالغۇزۇۋەت. بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ. مەنمۇ مۇشۇ ئالدىراشچىلىقتا چاچ - ساقىلىمنى زادى ۋاقتىدا ئالغۇزالمايمەن. بىلىقسۇدا ئالغۇزۇۋالدىم. بولمىسا، بولدىلا ئۆزۈم ئېلىپ قوياي...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېلىقى دوپپا بازىرىنىڭ يېنىدا دۇكىنى بار ساتىراش ئۇستام بارما؟

— بار.

— ھۇنەرگە توشقان ئادەم جۇما ئۇ، گەپكىمۇ شۇنداق ئۇستا. دۇكىنىدىن يېرىم كېچىگىچە ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان، ھېلىمۇ شۇنداقما؟

— شۇنداق.

— دۇكاننىڭ تېمىغا ئېسقلىق ھېلىقى نەقىشلىك دۇتارچۇ تېخى. ئۇستامنىڭ ئاغزى گەپتە، قولى ئىشتا بولىدىغان. قوللىرىنىڭ يۇمشاقلىقىنى ئېيتايمۇ، سۇ قۇيۇپ بېشىڭنى ئۈۋۈلىغىلى تۇرسا ھەرقانداق ئادەم خۇشيېقىپ ئۇخلاپ قالىدۇ... شۇنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى چاچ بازىرىمۇ باردۇ؟

— بار.

گەپ چاچ بازىرىنىڭ ئۈستىگە يېقىنلاپ قېلىۋىدى، ھۇسەن بايۋەچچىنىڭمۇ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— ۋاي ئاكا، دوپپا بازىرىنىڭ يېنىدىكى ساتىراشخانىغا سەنمۇ بارامتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— باراتتىم... چاچ - ساقاللىرىمنى دائىم شۇ ئۇستامغا ياساتتىدىغان. بۇرۇتنى تازا چىرايلىق چەكتۈرۈپ، ئېڭەكنى پاكىز قىردۇرۇپ چىقىدىغان بولساڭ دوپپا بازىرى بىلەن چاچ بازىرىدىكى چوكانلارنىڭ كۆزلىرى پارقىراپلا قالىدۇ...

«يا ئاللا! — دەپ ئويلىدى ئىچىدە ھۇسەن بايۋەچچە، — ئاكاممۇ خېلى يەرلەرگە قاتراپ بېقىپتىكەن - دە... كىچىك چاغلىرىمدا ئاكامنىڭ دادامدىن تولا تاياق يېگەنلىرىنى كۆرەتتىم. ئۇقسام، دادام ئاكامنى ماڭا

ئوخشاش قارا قورساق بولۇپ قالمىسۇن، دەپ قارىيخانىغا ئاپىرىپ بەرسە قىچىپ زادىلا ئوقۇغىلى ئۇنىمىغانىكەن. ئاكامنىڭ بەرگەن دادامغا يېزىپ: «قارا قورساق بولۇپ قالسام بوپقالدىم، سەنمۇ قارا قورساق تۇرۇپ يامان ئەمەس جېنىڭنى جان ئېتىپ كېتىپ بارىسەنغۇ؟!... مېنى ئۆيلەپ، دۇكان ئايرىپ قوي!»، دېگەنلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاچ بازىرى بىلەن دوپپا بازىرىدىكى چوكانلارغا ئۆگىنىپ قاپتىكەن ـ دە!...»

ــ ھازىر ئويلىسام گۆدەككەنمەن، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلىشاتتى ھەسەن، ــ مانا پۇلمۇ تاپتىم، خوتۇنمۇ ئالدىم.

مەن ماڭدىم كېچە بىلەن،
ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن.
يىگىت قولى باغلاندى،
چوكاننىڭ چېچى بىلەن...

دېگەن ناخشىلار بىكار چىقماپتىكەن. تۇغۇلىدىكەنسەن، چوڭ بولىدىكەنسەن، ئاخىرىغا بېرىپ خوتۇن ئېلىپ بالىچاقىلىق بولۇپ، شۇ خوتۇننىڭ چېچىغا پۇت ـ قولۇڭ باغلىنىپ ئۆتىدىكەن... راست، ھېلىقى سىلەر بىللە كەلگەن سەمەتئاخۇن دېگەن يىتىمنىڭ ئەجەبمۇ كۈچى باركىنا؟ جۇماقكامنى كۆتۈرۈپ بىرلا ئېتىپ ئوڭدا قويدى.

ــ سەمەتنى دەمسەن؟ ھەرقانداق نوچاڭنى بىر كاللا قويۇپلا ئارقىغا ئۈچۈرۈۋېتىدۇ.

ــ بولمىسا، بىزنىڭ ماۋۇ جۇماقكامنىڭمۇ غەزەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۈچى بار. بەزىدە دەريا بويىدا ماۋۇ يوغان تاشنى كىم كۆتۈرۈپ پالانى يەرگىچە ئاپىرالايدۇ، دەپ بەسلىشىپ قالىمىز، جۇماقكام سەن بىلەن بىز مىدىرلىتالمايدىغان ھەر يوغان تاشلارنى دەس كۆتۈرۈپ، دېگەن يەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. شۇغىنىسى، يېشى چوڭىيىپ قالدى. ئەممازە، ئۇكام، جىگىرى بار، ياخشى ئادەم. بەزىلەر بىزنى ئالتە شەھەردىن چىققان مۇساپىر دەپ خېلى بوزەك قىلىدۇ. شۇنداق چاغدا جۇماقكام ئارىغا چۈشۈپ، ھەرقانداق ناھەقچىلىكنى ھەق بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— ئاكا، بۇ يەردە ئالتە شەھەردىن چىققانلارنى سەل يەكلەمدۇ قانداق؟

— ھە، سوقۇشۇپ قالسا ئالتە شەھەردىن چىققانلارنىڭ ھەممىسىنى «قاشقارلىق» دەپ تىللايدۇ.

— «قەشقەرلىق» دېگەن گەپمۇ تىللىغانلىقما، ئاكا؟ بىز قەشقەرلىق بولغانغا پەخىرلىنىمىز جۇما.

— بۇ ئىلىخو دېگەن شۇنداق غەلىتە يەر، كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن، قەشقەردىن بىر كۈن بۇرۇن چىقىۋالغانلىرى ئارقىسىدىن چىققانلارنى «قەشقەرلىق» دەپ تىللايدۇ.

— ۋايتوۋا!... سەنمۇ بېشىڭغا قىزىل دوپپىنى كىيىپ ئىلىخونىڭ يەرلىك ئادەملىرىنىڭ ئۆزى بوپسەن... ئاكا، ئارقىدىكى پالاقنى تۇتىدىغان ھەممە ئادەمنىڭ ياردەمچىلىرى ياش يىگىتلەر ئىكەن. سەن نېمانداق قېرى ئادەمنى ياردەمچى قىلىۋالدىڭ؟ — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە ئارقىدىكى پالاقنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقان ئادەمگە قاراپ.

— ھە، بۇ ھاپىز ئاخۇن، قاركۆلدە سالچىلارنىڭ تامىقىنى ئېتىدۇ. ياغاچچىلىقمۇ قىلىدۇ. پالاق چېپىشقا

بەك ئۇستا، ھاپىز ئاخۇن ئاكام ياسىغان پالاق ئەپچىل، قولغا يېپىشىپ تۇرىدۇ. ياغاچلارنى تېشىپ بۇرۇنلۇق چىقىرىدىغان، يۇغان چوت بىلەن قارىغايلارنىڭ پۇتمىقىنى چېپىپ، باستۇرما ياغاچلارنىڭ ئاستىنى تۈزلەيدىغان دېگەندەك ھاپىز ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئىشى تولا... ئۆزىنىڭ يېشى چوڭ بولغان بىلەن خوتۇنى ياش. تاغقا ئاچىقاي دېسە ئۇنىمىغىدەك، شۇڭا شەھەرگە پات ـ پات قاتراپ تۇرىدۇ...

ــ ئۇكاماۋاي، سىلىنىڭ خوتۇنمۇ بۇ يەردە تۇرغىلى ئۇنىمىدىغۇ، ــ دەپ گەپ قىستۇردى ھاپىز ئاخۇن ھەسەنگە قاراپ.

ــ شۇنداق، ھەممىسىلا بىر خوتۇن دېسىلە، ھاپىز ئاخۇن ئاكا. خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن شۇ. نېمە گەپكىن، ھەممىسىلا شەھەرگە ئامراق... بۇ تاغ دېگەنگە ئاشۇ مالچىلارنىڭ ئاياللىرى كۆنمىسە باشقا خوتۇنلارنىڭ كۆنمىكىمۇ تەس. بۇ يەردە تۇزۇكرەك ئۆيمۇ يوق. بەزىدە دۆۋىلەپ قويغان ياغاچلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۇخلاپمۇ قالىمىز... ھاپىز ئاخۇن ئىلگىرى سالدىمۇ جىق ماڭغان. شەھەرگە كىرمەكچىكەن، مەن بىلەن بىللە ماڭسىلا، دەپ ياردەمچى قىلىۋالدىم. مۇنداق يېنىدا تۇرۇپ ماۋۇ سال دېگەننىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئېلىۋال. ئەمدى سەن ماڭا ياردەمچى بولىسەن. بۇنىڭغا ئانچە ھۇنەرمۇ كەتمەيدۇ. باش رولدا تۇرغان ئادەم «ئوڭغا»، «سولغا» دەپ ۋارقىرايدۇ. پالاقنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە تارتىسەن، شامالدا سۇنىڭ شارقىرىشىدا باش پالاقتىكى ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي قالساڭ باشتىكى ئادەمگە قاراپ، پالاقنىڭ بېشىنى ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە لادىيسى



قاياقتا تارتسا سەنمۇ شۇ ياققا تارتساڭ بولىدۇ. ئەمما، ئۇكام، كۆڭۈل قويمىساڭ بىكار، ئون يىل ياردەمچى بولۇپ باش پالاقنى تۇتالمايدىغان ئادەملەرمۇ تولا... مەھكەمرەك ئولتۇر، ئۇكام، سال لەپەڭشىگىلى تۇردى.

ــ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

ــ سۇنىڭ ئاستى تەكشى ئەمەس، شۇڭا دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇستا سالچىلار سۇنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىكى، ئاستىنىڭ ئېگىز ـ پەس، تۈزلۈكىنى سۇنىڭ يۈزىگە قاراپلا بىلىدۇ...بۇ يەرلەرغۇ قولاقنى تۇتۇپ ناخشىنى ۋاقىشتىپ تۇۋلاپ، مۇشۇنداق پاراڭنى دۆك سوقۇپ، ئوينىپ ـ كۈلۈپ ماڭىدىغان يەرلەر. ئەممازە، ئالدىمىزدا شۇنداق خەتەرلىك جايلار بار، ئاناڭدىن تۇغۇلغانغا پۇشايمان قىلىپ قالىسەن. بىرەر ئىش بولۇپ سالدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولساڭ خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن...

ــ بولدى، ئاكا، بۇ ئىشنى قوي، باشقا بىر ئىش قىلايلى.

ــ باشقا نېمە ئىش قىلىمىز؟ يا دادام بىزنى كىچىكىمىزدە ئوبدانراق بىر ھۈنەرگىمۇ بەرمەپتىكەن.

ــ قاسساپلىقچۇ؟

ــ قاسساپلىقمۇ ھۈنەرمۇ؟... ئاڭلىسام دادام ئۆزىمۇ ھازىر مال سويمىغۇدەكقۇ؟

ــ ئۆزى مال سويمىغان بىلەن ئىش ـ ئوقىتى ئىلگىرىكىدىن ياخشى، بازارنىڭ تازا قايناق ئىككى ـ ئۈچ يېرىدە دۇكانلىرى بار دېدىمغۇ؟ پوكانچىلىق قىلىدىغان ئادەملىرى ئايرىم، ھەر كۈنى نەچچە كالا، نەچچە قوي، تاغدىن ئەكىرگەن قوتاز، ئۆچكىلەر سويۇلۇپ تۇرىدۇ.

— ھېلىمۇ ئۆچكە گۆشىنى قوي گۆشى قاتارىدا ئارىلاشتۇرۇپ سېتىۋېرىدىغاندۇ؟

— سەنمۇ بىلىدىكەنسەن — ھە؟ شۇنداق قىلىدۇ. ھەيران قالىسەن، ھەر كۈنى تۆت — بەش ئۆچكە سويۇلۇپ تۇرىدۇ، ئەمما بىر سەر گۆشنىڭمۇ ئۆچكە گۆشى دەپ سېتىلغىنىنى كۆرمەيسەن.

— دادامنىڭمۇ خېلى كاززاپلىق ئىشلىرى بار. شۇنداق بىرنېمىلەرنى قىلىپ ئۈچ — تۆت خوتۇن بىلەن بىرمۇنچە بالىنى بېقىۋاتىدۇ، دېگىنە؟!

— دادام ھازىر قەشقەرنىڭ ئۆلىما، ئاخۇنۇم، بايلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قاسساپلىقمۇ ناھايىتى كاتتا ھۈنەرمىش. قاسساپلارنىڭ پىرى جەپپەرى سادىقمۇ، جەئفەرى سادىقمۇ شۇنداق بىر ئۇلۇغ زاتكەن. ئۇنىڭ نامىدا تارقالغان بىر قاسساپلىق رىسالىسىمۇ باردەك: ئۇنىڭدا مال سويغاندا پىچاق ئىتتىك بولۇش، بوغاز ۋە كېسەل ماللارنى سويماسلىق، سويۇلىدىغان مالنىڭ ئۈچ پۇتىنى باغلاپ ئوڭ تەرەپ بىر ئارقا پۇتىنى بوش قويۇش، بېشىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ سول تەرىپىنى باستۇرۇپ يېنىچە ياتقۇزۇش، ئۈنلۈك تەكبىر ئېيتىپ «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ پىچاق ئۇرۇش، گۆشنى كانارغا ئېسىپ بەز، ئۆت، يۈرەكنىڭ ئىككى قۇلىقى، مالنىڭ جىنسىي ئەزالىرىنى پاكىز ئېلىۋېتىش، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى ھەرگىز ساتماسلىق، گۆش سېتىپ ئالغان پايدىنىڭ ئوندىن بىرىنى خەير — ساخاۋەت قىلىش... ۋاي — ۋۇي، مۇشۇنداق جىق گەپلەر باركەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— پاھ، ئۇكام، سەن بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەجەب قۇلىقىڭدا چىڭ تۇتۇۋاپسىنا؟

— دادام ماڭا رىسالىدىكى بۇ گەپلەرنى يادلاتقان ئەمەسما... ئاكا، قارا، بىر مەھەللىگە كېلىپ قالدۇقمۇ نېمە؟

— مەھەللىمىكەن؟... مەھەللە بولسا مەھەللىدۇ، بۇ يەرلەرنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن. سال دېگەن مۇشۇنداق غوۋۇلداپ ئېقىپ ئۆتۈپلا كېتىدىغان نېمە، ئەتراپىڭدا كۆرۈنۈپ تۇرغانلار قەيەر؟ ھېلى يېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن قايسى مەھەللە؟... ھەممىسىنى بىلىپ بولماقمۇ گەپ...

— سارقوۋۇغا كېلىپ قالدۇق؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئارقا پالاقتىكى ھاپىز ئاخۇن.

دەريا سۈيى سول تەرەپتىكى پاكار - پاكار دۆڭلۈكلەرنىڭ ئېتىكىنى بويلاپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى كەڭ ئوچۇقچىلىق ئىدى. مالچىلار سارقوۋۇا تەرەپتىكى ساي، جىلغىلاردىن ياغاچ كېسىپ، بۇ يەرگە سۆرىتىپ ئەكېلىپ ساتاتتى. شۇ تاپتا بىرقانچە يەلەن قىرغاقتا تۇرغان ياغاچلارنىڭ ئاستىغا پىشاڭ سېلىپ دەريا تەرەپكە دومىلىتىۋاتاتتى.

— ھاي - ھاي! سالامەتمۇ سىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىشىپ ئۆتۈپ كەتتى سالدىكىلەر.

— بۇ يەردە كۆپرەك باڭگازا ساللارنى باغلايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ھەسەن.

— باڭگازا سال دېگەن نېمە؟

— باڭگازا سال دېگەن ياغىچى ئاز، كىچىك سال. بۇ يەردە سالنى ياغاچ ئاز بولسا ئازچە، كۆپ بولسا كۆپچە

باغلاپ مېڭىپ، قىزىلكۆرەگە[1] بارغاندا سالنى چۇۋۇپ باشقىدىن قۇراشتۇرىدىغان گەپ.

8 ـ ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ كەلكۈن سۈيى تېخى قايتمىغانىدى. دەريا سۈيى قىرغاقلارغىچە تولۇق ئاقماقتا ئىدى. مۇنداق مەزگىللەردە سالمۇ ناھايىتى ئىتتىك ماڭاتتى.

ــ خۇداغا ئامانەت، ماۋۇ سۇنىڭ كۆپلۈكىنى كۆردۈڭمۇ، ئۇكام؟ تېكەس دەرياسى دېگەن مۇشۇنداق يازچە شاش ئاتتەك چاپچىپ ئاقىدىغان دەريا. يازچە گۈركىرەپ ئاقىدۇ، قىشچە مۇزنىڭ ئاستىدا ياتىدۇ. بىزنىڭ يۇرتتىكى تۇمەن بىلەن قىزىلنىڭ دەرياسى بۇ دەريانىڭ ئالدىدا بىر ئېرىقتەك! ــ باشقىلارغا قەشقەردىكى تۇمەن بىلەن قىزىل دەرياسىنى ماختاپ ھالى قالمايدىغان ھەسەن ئەمدى ئىنىسىگە تېكەس دەرياسىنى ماختىلىغىلى تۇردى، ــ مانا ماۋۇ توقايلىرىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ياۋا ئۆردەك، يۈگۈرۈپ يۈرگەن توشقانلار، ئاۋۇ ئېدىرلىرىدا يورغىلاپ يۈرگەن كەكلىكلەر، ئاۋۇ تاغلىرىدىكى بۇغا ـ مارال، كېيىك، تېكىلەر... خۇدايىم بەرگەنلا يەردە...

تېخى ھەسەننىڭ گېپى ئاياغلاشمىغانىدى. راۋان ئېقىپ كېتىۋاتقان سال بىر قاتتىق سىلكىنىدى ـ دە، توختاپ قالدى. سالنىڭ ئۈستىدىكىلەر ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ــ نېمە بولدى؟ ــ دەپ ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى ھۈسەن بايۋەچچە.

ــ ۋاي ھەسەنئاخۇن! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئارقىدا پالاق

---

[1] قىزىلكۆرە ــ تېكەس ناھىيەسىنىڭ ئىلگىرىكى نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇتۇپ تۇرغان ھاپىزئاخۇن، ـــ گەپ بىلەن بولۇپ ھاجىنۇرنىڭ تېشىغا كېلىپ قالغىنىمىزنى بىلمەي قاپتىمىز ئەمەسمۇ؟

سارقوۋنىڭ تۆۋىنىدە ـــ دەريانىڭ سول تەرەپ قىرغاققا يېقىن يېرىدە يوغان بىر قارا تاش بار ئىدى. سۇ ئاز چاغلاردا بىلەيدەك سىلىق بۇ تاشنىڭ ئۈستى سۇدىن چىقىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۇ كۆپ چاغلاردا تاش كۆرۈنمەي قالاتتى. دەريا سۈيىمۇ شۇ تاش تەرەپكە يېتىپ ئاقاتتى. سۇ كۆپ چاغلاردا سال ھەيدىگەنلەر دىققەت قىلمىسا سالنى تاشقا ئۇرۇۋالاتتى ياكى بولمىسا سال تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاشقا مىنىپ قالاتتى.

ـــ ئاپلا! ـــ دېدى ھەسەن، ـــ سال تاشقا مىنىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ... ماۋۇ پېشكەللىكنى قاراڭلار.

ـــ نەنىڭ تېشى؟... مەن تاش كۆرمىدىمغۇ؟ ـــ دېدى ھۈسەن.

ـــ سۇنىڭ ئاستىدا چوڭ تاش بار. ھاجىنۇرنىڭ تېشى دېگەن شۇ. بىزنى نېمە غەپلەت باستى؟ سالنى ئوڭ قولنى بېسىپ ھەيدەپ ئۆتكۈزۈپ كېتىدىغان گەپتى ئەمەسمۇ... ھاپىزئاخۇن، ئىككى تەرەپتىكى ياندىقنى بوشاتسىلا.

ئۇلار سالنىڭ ئىككى بېقىنىغا چىگىپ قويغان ياندىق ياغاچلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىشتى. سال گويا قانىتىنى كېرىۋالغاندەك بولۇپ ئازراق ئالغا سىلجىدى ـ دە، يەنە توختاپ قالدى.

ـــ بولمىدى، بولمىدى، سال تاشنىڭ تۆپىسىگە تېخىمۇ چىقىپ كەتتى.

سال ئۈستىدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ ھېچقايسىسى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيتتى. ئۈچەيلەن سال ئاستىدا نېمە

قىلارنى بىلمەي تېگىـرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى. پىشقان سالچىلار بولسا بىر ئامال قىلار ئىدى، ھەسەنمۇ تېخى تەجرىبىسى كەم سالچىلاردىن ئىدى، خېلى ھەپىلىشىپ ھاردى.

ــ قايسىبىر زامانلاردا،ــ دېدى ھەسەن،ــ ھاجىنۇر دېگەن ئادەم سالنى ئەكېلىپ مۇشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق مىندۇرۇپ قويۇپ ئىككى كۈن ھەپىلىشىپ ھېچ ئامال قىلالماي، «سالنى قويۇپ ئۆزۈم سۇدىن ئۆتۈپ كېتىمەن» دەپ سۇغا كىرىپلا ئېقىپ ئۆلگەنىكەن. شۇڭا بۇ تاشقا ھاجىنۇرنىڭ تېشى دېگەن نام بېرىلىپ قاپتىكەن. ۋاي، ئۇكام، ئالتە شەھەردىن چىقىپلا بۇ يەرگە كېلىپ سالچى بولۇپ قالغان مۇساپىرلار تولىسى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدۇ، سالدىن ئايرىلىپ قالسىلا ئۆلۈم دېگەن شۇ.

ئارقىدىن كەلگەن بىر سال ئۇلارنىڭ يېنىدىن توختىماي ئۆتۈپ كەتتى.

ــ ھاي ـ ھاي، سۇ بەك ئۇلۇغكەن، قارامىلىق قىلماي تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، ماۋۇ سالنى ئەپلىكىرەك بىر يەردە توختىتىپ قويۇپ كېلىپ ياردەملىشەيلى!ــ دەپ ۋارقىرىدى سال ئۈستىدىكىلەر.

تاشقا مىنىپ قالغان سالنىڭ قاناتلىرى كېرىلگەن پېتى تۇراتتى. ئىككى سالچى: «بۇ يوغان تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ سالنىڭ ئاستىغا پىشاڭ سالغىلى بولارمۇ؟» دېگەن مەسىلىھەتنى قىلىشىۋاتاتتى. سۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتاتتى. بىر چاغدا نېمىدۇر غارسىلداپ، سال تەۋرىگەندەك بولۇپ ئورنىدىن

www.uyghurkitap.com



قوزغالدى ـ دە، لەپپىدە قىلىپ تاشنىڭ ئۈستىدىن ئىتقىن سۇغا چۈشتى.

— ھاي ـ ھاي، ھاپىزاخۇن ئاكا، پالاقلا ئىگە بولسىلا، سال ماڭدى! — دەپ ۋارقىرىدى ھەسەن.

ھەر ئىككى سالچىنىڭ چىرايىغا كۆلكە يامرىدى، ھۇسەن بايۋەچچە تېخى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپ تۇراتتى. سالنىڭ قاناتلىرى يىغىپ باغلاندى، سال ئىتقىنغا چۈشۈپ راۋان مېڭىپ كەتكەنىدى.

— يا ئاللا!...

— خۇدا ئۆزى ئاسانلىق بەردى ـ دە! — دېدى ھاپىزئاخۇن.

— ئوبدان ماڭغان بولساق بۈگۈن قىزىلكۆرەگىمۇ يېتىپ قالاتتۇق، ئەمدى بولمىدى، ھېلىلا كەچ كىرىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتمەستە ئەپلىكرەك بىر جاينى تېپىپ قونايلى.

※ ※ ※

ئۇلار بىر توقايلىقنىڭ يېنىدىكى ئوچۇقچىلىقتا كېلىپ سالنى توختاتتى. قۇياش ئۆزىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىنى ئاپپاق بۇلۇتلار ئۈستىدە قالدۇرۇپ غەربكە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ھاپىزئاخۇن قازان ئېسىپ ئازراق تاماق قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. سالچىلارنىڭ قازىنى ئوتقا تولا قويۇپ قارىداپ كەتكەن بىر چىلەك ئىدى. توقايلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرنەچچە كىگىز ئۆيلەر تۇراتتى. ھەسەن ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئازراق سۈت،

قايماق تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ھېلىقى ئۆيلەرگە قاراپ ماڭدى. يىراقتىن ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇكام، بۇ مالچىلارنىڭ ئىتلىرى بەك يامان، — دېدى ھەسەن، — ئاۋۇ ھاۋشىغىنى ئاڭلىنىۋاتقان ئىتنىڭ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلمىگىنىگە قارىغاندا باغلاقتا ئوخشايدۇ. ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگۈدەك بولسا ھەرگىز قاچما، ئۆزۈڭنى يەردىن ئېگىشىپ تاش ئالماقچى بولغانغا سېلىپ ئولتۇرۇۋالساڭ يېقىن كېلەلمەيدۇ، قاچتىڭما بولدى، ھاپلا قىلىپ پاچاقتىنلا ئالىدۇ.

— بۇ يەردە ھەممە مالچىنىڭ ئۆيىدە بىردىن ئىت بارمۇ قانداق؟

— بار... مال بار يەردە ئىتمۇ بار. مالچىلارنىڭ تورپاقتىن يوغان ئىتلىرى بار، كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن... بۇ ئەتراپتا بۆرە، تۈلكە دېگەنلەر بەك تولا... مەنغۇ كۆرمىدىم، كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئېيىقمۇ بار دېيىشىدۇ. كېچىلىرى ئەل ئايىغى جىمىغاندا پەيدا بولىدۇ، شۇنداق يوغان ئىتلار بولمىسا كۈچ ئېلىشالمايدۇ.

شۇ چاغدا ھۆسەن بايۋەچچە دەريا تەرەپتىن ئەپكەشتە سۇ ئېلىپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدى. ئىككى بېشىغا ئاق چېلەك ئېلىنغان ئەپكەش يېنىك تەۋرىنەتتى. قىزنىڭ نازۇك بېلى بىر تەرەپكە سەل قىيسايغان بولۇپ، ئەپكەشنىڭ لىڭشىغان رىتىمىغا ماس قەدەم ئېلىپ كېتىپ باراتتى. قىزنىڭ ئاناردەك قىزارغان مەڭزىلىرى ئەتراپتىكى دالا گۈللىرى بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇراتتى.

— پاھ... ئاكا، ئاكا، ھوي ئاكا، — دېدى ھۆسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بايقۇەچچە ئاكىسىنى نوقۇپ، ــ بىز قەشقەرنىڭلا قىز ـ چوكانلىرىنى ماختايدىكەنمىز. قارا، بۇ يەردىمۇ ئاجايىپ پەرىلەر باركەنغۇ؟!

ــ بولماي، ــ دېدى ھەسەن قىز تەرەپكە بۇرىلىپ قاراپ، ــ ساپ ھاۋا، ئىچىشى سۈت، قىمىز، دەريانىڭ سۈپسۈزۈك تازا سۈيى، مۇنداق يەردە مومايالارغىمۇ رەڭ كىرىپ كېتىدۇ دېگىنە.

ھۈسەن ئاززاقلا مېڭىپ يەنە ئارقىسىغا قارىدى. قىز ئەپكەشنى يەنە بىر مۈرىسىگە يۆتكىگەنىدى. قىزنىڭ قىزىل، ئۇششاق گۈللۈك ياغلىقىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرىنى شامال ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. قىز ھۈسەنگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇۋىدى، ھۈسەنگە گويا قىزنىڭ ئاشۇ يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىدىن ئەتراپقا ئاجايىپ بىر خۇش پۇراق تارالۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ھەربىر قەدەم باسقان يېرىدە رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى ئېچىلىۋاتقاندەك، كۈلۈمسىرەشلىرىدىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئىللىق بىر ئېقىم تارالۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

ــ ھاي ماڭمامسەن، نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ ــ دېدى ھەسەن.

ــ ئاكا، ــ دېدى ھۈسەن بايقۇەچچە ئاكىسىغا يېتىشىپ كېلىپ، ــ ئاۋۇ قىز مەن كۆرگەن قىزلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىكەن.

ــ ياردىما؟

ــ يارىمامدىغان...

ــ خام خىيال قىلما، ئۇكام، مالچىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ تويلۇقى ئېغىر.

ــ بىزمۇ پۇل تېپىپ قالارمىز.

— سەن ئاۋۋال پۇل تاپ، تىرناقتا تۇختايدىغان قىزلار بار، ئۆزۈم تاللاپ ئېلىپ بېرىمەن.

— پۇل تاپسام ئۆزۈممۇ تاللاپ ئالالارمەن؟

ھەسەن ئىنىسىگە لاپ قىلىپ قاراپ قويىدى.

— شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ خېلى كۆزۈڭ ئېچىلىپ قاپتۇمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ.

— ئەمدى دەيمىنا، — دېدى ھۈسەن بايۋەچچە، — ئاكام بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭ ئۆيلەپ قويارسەن؟... ماڭا باشقا تىرناقتا تۇختايدىغانلىرىڭنىڭمۇ كېرىكى يوق، قىز بولسا ئاشۇ قىزدەك بولسا بولىدۇ...

ھۈسەن يەنە ئارقىسىغا قارىۋىدى، قىزنىڭ سول تەرەپتىكى كىگىز ئۆي تەرەپكە ئەگىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. نېمىشقىدۇر قىممەتلىك بىرنەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك كۆڭلى يېرىم بولدى.

— ھە، نېمە بولدى؟... يەنە توختاپ قالدىڭغۇ؟ — دېدى ھەسەن.

— مانا، مانا! — دەپ ئىككى سەكرەپلا ئاكىسىغا يېتىشتى ھۈسەن.

— دۇنيادا قىز كۆرمىگەندەك كۆزۈڭ ئارقاڭدا قالغىلى تۇردىغۇ سېنىڭ؟

— ۋايتاڭەي، غەلىتە بولۇپ قىلىۋاتىمەنغۇتاڭ؟

— ئۆگزىگە يۈگۈرۈپ چىقساڭلا قوشنا - قولۇمنىڭ قىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قەشقەر ئەمەس، ئىلىخو جۇما ماۋۇ. مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇ يەردە خوتۇن ئالماق شەھەر ئالماقتىن تەس.

— نېمانچە؟ — دەپ ھەيران بولدى ھۈسەن.

— نېمانچە دەيسەنغۇ؟... ماۋۇ ئايدالادا مالچىلارنىڭ

خوتۇن ـ قىزلىرى كۆزۈڭگە چېلىقىپ تۇرغان بىلەن، شەھەرگە كىرسەڭ كوچىسىدا تۈزۈكرەك خوتۇن خەقنى كۆرگىلى بولمايدىغان يەر بۇ. بىزنىڭ ئالتە شەھەردە ئېرىدىن ئاجراپ قالغان مەزلۇملارنىڭ ياتلىق بولمىقى تەس، بۇ يەردە تول خوتۇن پول... كوچادا تېرە پول، ئىلىخودا قىرى پول، دېگەن گەپلەر بىكار چىقمىغان.

ــ ۋايتوۋا، نېمە دەيدىغانسەن، ئاكا؟... بۇ يەردە تول خوتۇن نېمانچە ئەتىۋارلىق بولۇپ كېتىدۇ ئەمدى؟

ــ نېمىشقا دېسەڭ، نېمىشقىلىقىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن،ــ دېدى ھەسەن،ــ بۇ ئىلىخوغا ئالتە شەھەر تەرەپتىن غېرىب ـ مۇساپىرلار ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىۋەرگەچكىمىكىن، بۇرۇندىن بۇ يەردە زادى خوتۇن خەق دېگەننىڭ سانى ئازكەنمىش. ئىلگىرى ئىلىغا چىققانلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، خوتۇن خەقلەر گۈللۈك تامباللىرىنى يۇيۇپ تانىغا ئارتىپ قويغان ھويلىلارنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق قالغان بولسا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان يىتىمچىلار ھېلىقى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا «يا ئاللا، ماۋۇ ھويلىدا ئايال زاتى باركەن ـ ھە!» دەپ بىر ئاش پىشىم قاراپ تۇرۇپ قالاتتىكەن...

شۇ كېچە ھەسەن بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە ئۇزاققىچە ئۇيقۇ كەلمىدى. دەريانىڭ شارقىرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىرغاقتىكى گىرىمسەن كۆرۈنۈشلەر قاراڭغۇلۇق بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار گويا قول يەتكۈدەكلا يەردە چاقناپ كىشىگە ئاسمان گۈمبىزى يەرگە يېقىنلاپ قالغاندەك ياكى بولمىسا يەر كۆككە قاراپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. دەريا سۈيى قايناپ بولۇپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىرقىراپ ئېقىۋاتقان قايسىبىر قولتۇقلاردىكى بىلىقلار پىلتىڭلاپ سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يەنە سۇغا «چولتوككىدە» چۈشەتتى ـ دە، ئەتراپىدا دولقۇنلىغان ھالقىلارنى قالدۇرۇپ غايىب بولاتتى. قايسىبىر ئاراللاردىن سۇ قۇشلىرى پالاقلاپ قانات قېقىپ كۆككە ئۆرلەيتتى. يىراق بىر يەردىن كىملەرنىڭدۇر ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قۇلاق سالساڭ پۈتۈن تەبىئەت چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋاتقاندەك، دەريالار قىرغاقتا شالاپشىپ ئۇرۇلۇپ زېمىننى پىچىرلاپ ئەللەيلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى... سىز شۇنداق ئەستىن چىقماس ياز كېچىلىرىدە ئوچۇق دالادا تۈنەپ باققانمۇ؟... مەن دەيمەن، شاھلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرى، بايلارنىڭ ياسىداق سارايلىرىدا ياتقانلارغا مۇنداق ئاجايىپ كېچە مەنزىرىسىنى كۆرۈش نېسىپ ئەمەس. بۇ پەقەت ماللىرىنىڭ يېنىدا تۈنىگەن چوپانغا، گۈلخان ئوتىغا قاقلىنىپ ياتقان مۇساپىرغا، كەچ قالغان يولۇچىغا، توقايلىقلار ئىچىنى قونالغۇ قىلغان سالچىلارغىلا نېسىپ بولىدىغان بەخت... شۇ كېچە ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى چىلىكنى سۇغا تولدۇرۇپ قەددىنى رۇسلاۋاتقان قىز پەقەتلا كەتمىدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئازراق ناشتا قىلىپلا ماڭماقچى بولۇپ سالغا چىقىشتى. ھۆسەن بايۋەچچىمۇ قىرغاقتىن سەكرەپ سال ئۈستىگە ئۆتتى ـ دە، يەنە قىرغاققا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ــ ئۇكام، سال ماڭغىلىۋاتىدۇ، ئولتۇرۇۋال.

ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ قۇلىقىغا ئاكىسىنىڭ گېپى كىرمەيتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئەپكەشنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆتۈرۈپ دەريا قىرغىقىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قىزدا ئىدى. يىراق بىر ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش شەرق تەرەپنى قىزغۇچ نۇرغا كۆمگەنىدى. قىزىل رەڭ كۆڭلەك كىيىپ، قىزىل گۈللۈك ياغلىق ئارتقان قىز گويا ئاشۇ قىزىل شەپەق ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، سەھەرنىڭ شاملى ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆپتۈرەتتى...

— ئاخشام بىز كۆرگەن قىز شۇمۇ؟ — دېدى ھەسەن دەريادىن سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئېڭىشكەن قىز تەرەپكە قاراپ.

— شۇ.

— ئەجەب شۇ قىزدىن كۆزۈڭنى ئۈزەلمەيلا قالدىڭغا؟

— قارىسام قارىغۇم كېلىدۇغۇتاڭ.

— بولمىسا، قولىدىن تارتىپلا سالغا چىقىرىۋال، ئەپقاچايلى.

— راستىما؟! — دەپ بۇرىلىپ ئاكىسىغا قارىدى ھۈسەن.

— راست بولماي... ئۇ قىزمۇ سېنىڭ چاقىرغىنىڭغا يۈگۈرۈپلا كەلمەيدۇ.

— ھەي سىڭلىم! — دەپ ۋارقىرىدى ھۈسەن چېلەكلىرىگە سۇ ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغان قىزغا قاراپ، — سۇلىرىدىن ماڭا بىر چۆمۈچ بەرسىلە، ئەجەبمۇ بىر ئۇسساپ كەتتىم.

— چۆمۈچ يوق، — دەپ كۈلۈمسىرىدى قىز.

— مەيلى، ئاشۇ چېلەك بىلەنلا سۇنۇپ بەرسىلە، بىر ئىچىۋالاي.

قىز بىر چېلەكتىكى سۇنى قىڭغايتىپ تۆكۈپ، چېلەكنىڭ ئاستىدا ئازراق سۇ قالغاندا كۆتۈرۈپ كەلدى.

ھۆسەن قىزنى قولىنىڭ بىغىشىدىن تۇتۇپ تارتىپلا سالغا چىقىرىۋالدى. قىزنىڭ كۆڭلىدە قىلچە گۇمان يوق ئىدى. ئۇ سۇنىڭ ئىچىپ بولۇپ چىلىكىمنى بوشىتىپ بېرىدۇ، دەپ قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز سال قوزغىلىپ قىرغاقتىن يىراقلاشقا باشلىدى. دەريانىڭ شارقىرىشى قىزنىڭ ۋارقىراشلىرىنى يۇتۇپ كەتتى... بىردەمدىلا سال كۆزدىن غايىب بولدى. قىرغاقتا ئەپكەش بىلەن بىر چېلەك تاشلىنىپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## قوۋىدا

بىلىقسۇدىن چىققان سال راۋان ماڭسا ئىككىنچى قونالغۇ مويىنتايغا يېتىپ كېلەتتى. مويىنتاي تېكەس دەرياسى بويىدىكى سال باغلاش تارىخى ئۇزۇن ئورۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. مويىنتايدىكى سايىنىڭ تېكەس دەرياسىغا قۇيۇلۇش ئېغىزى كونا سال باغلاش مەيدانى ئىدى. سايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دۆڭلۈكلەرنىڭ ئارقىسىدا كۆپكۆك قارىغايلىق تاغلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىلگىرى شۇ تاغلاردىن كېسىلگەن ياغاچلارنى كىشىلەر ئات - ئۇلاغلارغا سۆرىتىپ، هارۋىلارغا بېسىپ، ساي ئىچى بىلەن مېڭىپ تېكەس دەرياسىنىڭ بويىدىكى بۇ مەيدانغا يەتكۈزۈپ كېلىشەتتى. دەريانىڭ سول تەرىپى توقايلىق، ئوڭ تەرىپى ئېگىز تۆپىلىك، تۆپىلىك باغرى تاغ تېرىكى، قېيىنلار ئۆسكەن ئورمانلىق ئىدى. قەدىمىي بىر يول ئورمان يېنىدىكى تۆپىلىكنى ياقىلاپ كېتەتتى. مويىنتايغا توپلانغان ياغاچلارنى ئىلگىرى كۆپرەك قازاق، قىرغىز سالچىلار توشۇغانىدى. ئۇلارنىڭ سال هەققىدە قوشقان:

تېكەسنىڭ يېرى تۈزلەڭ،
سەرخىل باققان مىلىمىز.

ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈرنى،
كىمدىن سوراپ ئالىمىز؟

سالنى تالدا باغلايمىز،
ئىككىدىن قوشۇپ ياندايمىز.
مويىنتايغا كەلگەندە،
بوزا ئىچىپ قانمايمىز.

تالڭ سەھەردە ھەيدەيمىز،
بەل باغلايمىز، يانمايمىز.
ياماتۇغا بارغاندا،
يېرىم توقاچ چاينايمىز.

دېگەندەك نۇرغۇن قوشاقلىرى بار ئىدى.

قىز ئەپقاچقان ھەسەن ـ ھۈسەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئۆزلىرى چۈشكەن سالنى مويىنتايدىمۇ توختاتماي «غىپپىدە» ئۆتۈپ كەتتى.

مويىنتايدىن ئۆتكەندە كۆكتېرەك تەرەپتىن كەلگەن سۇ تېكەس دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزدا قېيىن، تاغ تېرىكى بىلەن قاپلانغان بىر ئورمان بار. ئورمان ئىچىدە بىر تاش چوققا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يىراقتىن قارىغان كىشىگە بۇ چوققىنىڭ ئۈستىدىكى بىر تاش خۇددى بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا قاراپ تۇرغان مارالغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بۇ تاشنى «مارالتاش» دەپ ئاتايدۇ. كۆكتېرەك سۈيىنىڭ تېكەس دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان يېرىدە يەنە سال توختىتىشقا بولىدىغان ئوبدان بىر گۆلەڭ بار ئىدى. ئىلگىرى بەزى سالچىلار بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



يەرگە كەلگەندە ساللىرىنى توختىتىپ، ئورمان ئىچىدە ھاردۇق ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. بۇ يەر قوۋغا يېقىن بولغاچقا ئادەتتە سالچىلار بۇ يەردە قونمايتتى. ھەسەن سالنى ئىتتىك ئېقىنغا سېلىپ جېدەللەپ ھەيدەپ، قونالغۇغا مۇشۇ يەردە توختىدى. ئۇنىڭ قوۋغا بېرىپ باشقا سالچىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگۈسى يوق ئىدى.

قىز ئەپقاچقان ئىش ھەسەننىڭ سالنى ياردەملىشىپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان ھاپىزئاخۇن ئۇستامنىڭ كاللىسىدىن زادى ئۆتمىدى. ئۇ يول بويى غودۇڭشىپ كەلدى.

— بۇ ئىش توغرا بولمىدى، ھەسەنئاخۇن، — دەيتتى ھاپىزئاخۇن ئۇستام.

— نېمىسى توغرا بولمىدى؟ — دەيتتى ھەسەن خۇپسەنلىك قىلىپ.

— نېمىسى توغرا بولمىدى دەيسىزغۇ، ئۇكام؟... خەقنىڭ بالىۋاقىسىنى مۇنداق كاپىلا قىلىپ بۇلاپ قاچساق توغرا بولامدۇ ئەمىسە؟

— بۇلاپ قاچمىدۇق، ئۇستام، ئەپقاچتۇق.

— ئىككىسىنىڭ نېمە پەرقى؟

— ئەمدى قىز ئەپقاچىدىغان ئىش ئەلمىساقتىن بېرى باركەن قايىلىسىلا...

— ھەممە ئىشنىڭ يولى بار — دە، ھەسەنئاخۇن، قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ بىر — بىرىگە كۆڭلى بولۇپ، ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ ئۆيىگە قايتا — قايتا ئادەم كىرگۈزسىمۇ قىزنىڭ ئاتا — ئانىسى قىزىنى بەرگىلى ئۇنىمىسا ئىلاجىنىڭ يوقىدىن قىزنى ئەپقاچىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ... ھېچنېمىدىن — ھېچنېمە يوق ئۆيىدىن سۇغا

چىقىقان قىزنى سالغا بىپسىپلا ماڭدۇق، بۇ بۇلاپ قاچقانلىق بولماي نېمە؟

— ئۇستام، بۇلاپ قاچمىدۇق، ئەپقاچتۇق...

— بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىنى ئىزدەپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟ — دەيتتى هاپىزئاخۇن ئۇستام پۇكەي ياغاچتا مىچىلداپ يىغلاپ ئولتۇرغان قىزغا قاراپ.

— ئېيتقانلىرىمۇ توغرا، ئۇستام، — دېدى ھەسەن، — خاتا ئىش قىلغىنىمىزنى مەنمۇ بىلىۋاتىمەن... مېنىمۇ نېمە قارا باستى؟ مېنىڭ ماۋۇ ئەقىلسىز ئىنىم بۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى، شۇ ئىنىمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ مەنمۇ سالنى ماڭدۇرۇپ سايتىمەن... شەھەرگە كىرىپلا زادى باشقا ئىش قىلماي ماۋۇ ياغاچلارنىڭ پۇلىنى ئاچىقىپلا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىلى. بۇ ئىشقا باشقا ئادەمنىڭ لازىمى يوق، ئوتتۇرىدا ئۆزلىرى ئاتا بولۇپ ماڭسىلا.

— يوقسۇ، بۇ ئىشقا مەن ماڭالمايمەن، — دېدى هاپىزئاخۇن، — ماۋۇ تاغ خەلقى قىز ئەپقاچقاننى ناهايىتى يامان ئالىدۇ جۇمۇ. قىزنى ئېلىپ بارغان يەرنى بىلىپ قالسا ھەممە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئاتلىق باستۇرۇپ بېرىپ ھەممە نېمىنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

— ۋەيران قىلسا قىلا، كەمبەغەلنىڭ ئۆيىدە ئۇرۇپ ـ چېقىپ ۋەيران قىلىشقۇدەك نېمە بار دەيلا؟... — دېدى ھەسەن، — ئەمدى بولغۇلۇق بولدى... بۇ قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىلى دېسەك، ئۆزلىرى بىلىلا، بۇ سال دېگەن ئالدىغىلا ماڭىدۇ، ئارقىسىغا قايتۇرغىلى بولمىسا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ماۋۇ قىمارۋازنىڭ دەپ ئولتۇرغان گېپىنى،— دەپ ئويلايتتى ھاپىز ئاخۇن ئۇستام ئىچىدە،— سالنى ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمىسا، سالنى توختىتىپ ئۆزۈڭ ئارقىغا قايتالمايتىڭمۇ؟!...»

قىز باشتا ۋارقىراپ يىغلاپ، ئۆزىنى سۇغا تاشلىماقچى بولۇپ يۇلقۇنۇپ ئاۋارە قىلغاندى، كېيىن پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، كۆنبويى ئاغزىغا ھېچنېمە سالغىلى ئۇنىمىدى. ھاپىز ئاخۇن قىزنى ئۆزىگە يېقىن يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قوغداپ كېتىۋاتاتتى. ھۆسەن بايۋەچچە بولسا ئاكىسىغا يېقىنىراق تەرەپتە ھەسەن بىلەن ھاپىز ئاخۇن ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان گەپلەردىن خىجىللىق ھېس قىلىپ بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. بەزىدە ئۇ يىغلاپ ئولتۇرغان قىزغا يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى... سال قانداقتۇر بىر چىرايلىق دۆڭلۈكلەر، ياپيېشىل توقايلىقلارنى ئارىلاپ كېتىپ باراتتى. ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ مەيلىچە بولسا قىزنىڭ قولىنى يېتىلەپ، ئاشۇ توقايلىقلار ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتكۈسى بار ئىدى.

— ئۇستام،— دەپ چاقىردى ھەسەن ھاپىز ئاخۇننى سال ئېقىپ يەنە بىر يەرلەرگە يېتىپ بارغاندا،— ساقال - بۇرۇت بېسىپ كەتكەن بىلەن، مېنىڭ ماۋۇ ئىنىممۇ تېخى ياش، كىلىشكەن يىگىت جۇما... ئوبدان بىر قونالغۇغا بارغاندا قىز بىلەن ئىككىسىنىڭ نىكاھىنى ئۆزلىرى ئوقۇپ قويالا.

— يوقسۇ،— دەپ رەت قىلدى ھاپىز ئاخۇن ئۇستام،— مەن نېمە دېدىم، ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولى بار، ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇغىلى بولمايدۇ.

— شۇ ئەمەسما؟ ئاتا ـ ئانىسى تەرەپكە ماڭىدىغان يولنى ئۆزلىرى بىزگە ئاتا بولۇپ ماڭسىلا، دېسەم ئۇنىمىسىلا...»

— شۇنداق، بۇ نىكاھقا مەن ئارىلىشالمىغۇدەكمەن...

مارالتاشتىكى قونالغۇدا ھاپىزئاخۇن ئۇستام قىزنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ياتقۇزۇپ، ئۇستىگە چاپىنىنى يېپىپ قويدى، نېمىلەردىندۇر ئەنسىرەپ تاڭ يورۇغۇچە قىزنىڭ يېنىدا ئۆرە ئولتۇردى. ھەسەن ـ ھۈسەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن دەريا بويىغا — سالغا يېقىنىراق بىر يەرگە ئورۇن راسلاپ يېتىشقانىدى. دەريا ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا شارقىرايتتى. ھۈسەن بايۋەچچە ئۇيقۇسى قېچىپ، ھە دەپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلەتتى. ھەسەن ئىنىسىنىڭ خىياللىرىنى باشقا تەرەپكە بۇراش ئۈچۈن ئۇنىڭغا شىۋىرلاپ پاراڭ قىلاتتى.

— ئەتىلەتىن، ئۇكام،— دەيتتى ھەسەن،— سالنى ئوبدانراق بىر يەرگە توختاتقان چاغدا ماۋۇ چاچ ـ ساقاللىرىڭنى مەن بىر ئېلىپ قوياي. مەندە ئۇستىرا بار، يىگىت دېگەن مۇنداق بىر يىگىتتەك يۈرسە بولىدۇ.

— مەنمۇ قەشقەردە ئالامەت پۇزۇر يۈرەتتىم، ئاكا، شۇڭا خەق مېنى ھۈسەن «بايۋەچچە» دەيتتى ئەمەسما... قەشقەر بىلەن ئىلىخونىڭ ئارىسى ئوڭاي يول ئەمەسكەن، ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرىدىغانغا بىر ئارامچىلىق بولمىدى. بولمىسا...

— مانا ئۇكام،— دەپ ئىنىسىنىڭ گېپىنى بۆلدى ھەسەن،— ماۋۇ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە قارىيىپ تۇرغان تاغنى كۆردۈڭما؟... ھە، ئۇ تاغ كۈندۈزى قارىساڭمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇنداق قاپقارىلا كۆرۈنىدۇ، ئىچى ـ تېشى ھەممىسىلا تاشمىكىن، ئۇنى يەرلىك كىشىلەر «ئاتنىڭ تېغى» دەيدۇ. نېمىنىشقا دېمەمسەن، مەنمىغۇ بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باقمىغان. ئەممازە، بىر چىقىپ كۆرۈپ قويىدىغان يەرمىش. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەزرىتى ئەلى بۇ تەرەپلەرگە ئىسلام ئېچىپ كەلگەندە دەل مۇشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە توختاپتىكەن... قالغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، مېنىڭمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىم، ئۇكام، تاغنىڭ ئۈستىدە ھەزرىتى ئەلى مىنىپ كەلگەن تۇلپارنىڭ ئالدى ـ كەينى تۇياقلىرىنىڭ ئىزى، ھەزرىتى ئەلى ئېتىغا يەم بەرگەن تاش ئوقۇر دېگەندەك نەرسىلەر بارمىش...

— ئوسمان ئۇلاغچىمۇ شۇنداق بىر گەپنى قىلغان، — دېدى ھوسەن.

— ئوسمان ئۇلاغچى دېگەن كىم ئۇ؟

— ھېلىقى... مۇز داۋاندىن بىز بىلەن ئۇلاغ ھەيدەپ ئۆتكەن ئادەم، قاراكۆلدە سەنمۇ ئۇ ئادەمنى كۆرگەن.

— ھە، ئۇ ئادەم نېمە دېگەن.

— بىزمىغۇ كۆرمىدۇق، — دېدى ھوسەن بايۋەچچە، — ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ئېيتىشىچە، شوتىدىكى قەشقەر كۆۋرۈكىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سۇنىڭ بويىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۇلپارىنىڭ تۇياق ئىزى بار شۇنداق بىر تاش بار ئىكەن.

— ئۇكام، بۇمۇ بىر سىرلىق ئالەم دېگىنە... يەنە ماۋۇ مارالتاشنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تۇزلەڭدە «كەتمەندۆۋە» دېگەن بىر دۆڭ بار، قارىساڭ ئادەتتىكىلا بىر دۆڭ، خەقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ دۆڭنىڭ ئاستى ئەسلىدە

يىلان پادىشاھىنىڭ ئوردىسى ئىمىش، ھەزرىتى ئەلى بۇ تەرەپلەرگە كەلگەندە يىلانلار ئوردىدىن چىقىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قۇتراپ ئىسلام لەشكەرلىرىگە نۇرغۇن زىيان ساپتۇدەكىمىش. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلى غەزەپكە كېلىپ، ماۋۇ ئاتنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ بىر كەتمەن توپىنى ئېلىپ بىر ئاتقانىكەن، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر كەتمەن توپىدىن ئاشۇ دۆڭ ھاسىل بولۇپ، ھېلىقى يىلانلارنىڭ ئوردىسى دۆڭنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قاپتىكەن... بۇ گەپلەرنى يالغانمىكەن دېسەڭ، ئاشۇ «كەتمەندۆۋە»نىڭ ئەتراپىدا ھېلىمۇ يىلان تولا.

ــ يا ئاللا، شۇ يىلان دېگەن نېمىدىن مەنمۇ شۇنداق قورقىمەن، ئاكا، كۆرسەملا بەدەنلىرىم شۈركۈنۈپ كېتىدۇ.

ــ قورقما... كانىيىدىنلا مىجىپ تۇتۇۋالساڭ ھېچنېمە قىلالمايدۇ...

شۇنداق گەپلەر بىلەن ئۇلار ئازراقلا كۆز يۇمۇشتى ـ دە، تاڭ سۇزۇلۇشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ھاپىزئاخۇن ئۇستام بىلەن قىزنى ئېلىپ يەنە مېڭىپ كەتتى. ھەسەننىڭ مەقسىتى قۇۋغىمۇ كىرمەي سەھەردىلا ئۆتۈپ كېتىش ئىدى. قۇۋدا ئۇلارنى مۇشۇ سال گۇرۇپپىسىنىڭ سەركىسى جۇماق كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

※ ※ ※

ھازىرقى تېكەس ناھىيەسىنىڭ بۇرۇنقى نامى «قىزىلكۈرە» بولۇپ، تېكەسنىڭ ئەسلىي كونا بازىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇۋۇدا ئىدى. تېكەس يېڭى شەھىرى[1] بىنا بولۇشتىن ئىلگىرى ناھىيەگە قاراشلىق ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ ھەممىسى قۇۋۇدا تۇراتتى. قوۋا ــ غۇلجا تەرەپتىن كەلگەندە تېكەس دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىلىدىن ئالتە شەھەرگە، ئىلىدىن رۇسىيەگە سودا ئىشى بىلەن ماڭغان، كەلگەن كارۋانلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى. ئەينى يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرىدىغان بىر قىسىم ماللار ۋە جۇڭگودىن سىرتقا چىقىدىغان خام ئەشيالار مۇشۇ قوۋا بازىرىدىن ئۆتەتتى. شۇڭا بۇ يەرگە يولۇچىلار چۈشىدىغان ساراي ـ دەڭلەر سېلىنغانىدى. ئەينى يىللاردىكى قوۋا بازىرى قەنت ـ گېزەك، گەزمال ۋە باشقا تۈرلۈك ماللار سېلىنغان قاتار كەتكەن بالىگان[2] دۇكانلار، كاسىپلارنىڭ ئىشخانىلىرى، يايلاقتىن كەلگەن ماللارنىڭ مەرىگەن، مۆرىگەن ئاۋازلىرى، كارۋان قوڭغۇراقلىرىنىڭ ساداسى، ئۇلاغلارنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان، ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىلەن ئاۋات ئىدى.

قوۋا بازىرىدىن دەريا تەرەپكە تۆۋەنلەپ چۈشكەندە دەريا بىلەن قوۋا بازىرى جايلاشقان دۆڭلۈك ئارىسىدا كەڭ بىر كۆكۈلمەيدان بار ئىدى. بۇ سالچىلار كېلىپ توختايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىدى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى گۈزەل توقايلىقلار، قوۋا بازىرى جايلاشقان ئېگىزلىكنىڭ يۇقىرىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان غەلىتە

---

[1] تېكەس يېڭى شەھىرى ــ ھازىرقى تېكەس ناھىيە بازىرى.
[2] بالىگان ــ ياغاچ، تاختايلار بىلەن ياسالغان دۇكان.

شەكىلدىكى تاشلار، شامال يالاپ كەتكەن تاش كامىرلارغا ئۇۋا سالغان سانسىز قۇشلار بۇ يەرگە ئۆزگىچە خاس بىر گۈزەل مەنزىرە ئاتا قىلغانىدى. بۇ يەردە قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، موڭغۇل، رۇس، خۇيزۇ دېگەندەك خىلمۇخىل مىللەتلەر بار ئىدى. بازار ئىچىدە ئۇيغۇرلار كۆپ ئىدى. قاراكۆلدىن چىققان سال بۇ يەرگە راۋان ماڭسا ئۇچىنچى قونالغۇغا يېتىپ كېلەتتى.

جۇماق ئاكا بىلەن سەمەت ھەيدىگەن سال قوۋنغا ئەڭ بۇرۇن يېتىپ كەلدى. بۇ گۇرۇپپىدىكى قالغان ساللارمۇ قاراڭغۇ چۈشكىچە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ بولدى، پەقەت ھەسەن بىلەن ھاپىزئاخۇن ئۇستام ھەيدىگەن سالنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. «ھەسەن ھەيدىگەن سال ھاجىنۇرنىڭ تېشىغا مىنگىشىپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ جۇماق ئۇ يەرگە ياردەمگە ئادەم ماڭدۇردى.

قاراكۆلدىن كەلگەن سالچىلار قونالغۇغا قوۋنىنىڭ دەريا تەرىپىدىكى بىر كوچىسىغا جايلاشقان دەڭگە چۈشكەنىدى. بۇ يەردە يەنە مويىنتاي تەرەپتىن چىققان سالچىلار، ئىلىغا ياكى مۇز داۋان تەرەپكە قاراپ ماڭغان يولۇچىلار، يۈك باسقان كارۋانلار كېلىپ قونغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قوۋا بازىرىدىكى قىرغىزلار چىقارغان بوزىدىن تويغۇچە ئىچىپ ئوبدانلا قىزىتىۋېلىشقانىدى. «سالچىلارنىڭ سىلى تاشقا مىنىپ قاپتۇدەك» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۇلار بۇ ئىشقا قىزىقىپ قېلىشتى.

ــ توۋا! «سال تاشقا مىنىپ قالدى» دېگەن قانداق گەپ؟ ــ دەيتتى بىرەيلەن ھەيران بولۇپ، ــ ئادەم ئاڭلىمىغانلا گەپكىنا بۇ...!

ــ شۇنى دەيمەن، ــ دېدى يەنە بىرەيلەن، ــ شۇنداق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



يوغان سال مىنسە كۆتۈرگەن قانداق تاشتۇ ئۇ؟

— مىنسە مىنىدۇ... مىنىمىگەندە... — دېدى يەنە بىرەيلەن. كۆزلىرىنىڭ ئېلىشىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا ئۇ ئوبدانلا مەست ئىدى، — مەست بارغان چاغلىرىمدا مەنمۇ بەزىدە خوتۇننى مىنىمەن، بەزىدە خوتۇنۇم مېنى مىنىدۇ... ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك مىنگەنگە نېمانچە ھەيران قالىسىلەر؟...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. بەزىلەر ئۇنى تېخىمۇ گەپكە سالغىلى تۇردى.

— خوتۇننى مىنگەندە ئېگەرلەپ مىنەمسەن، ياۋىداقلىمۇ؟

— بىزنىڭ ئۇ سىيمىز خوتۇنغا ئېگەر كەتمەيدۇ...

— ھوي سەلىم، گەپنى ئۇقۇۋاتامسەن؟ — دېدى بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا، — بۇ يەردە سىېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ گېپى بولۇۋاتمايدۇ، سالنىڭ گېپى بولۇۋاتىدۇ، سالنىڭ!

— ھە، مەنمۇ ئۇقۇۋاتىمەن... سالنى كىم مىنىپتۇ؟

— سالنى ھېچكىم مىنمەپتۇ، سال تاشقا مىنىپ قاپتۇ.

— تازا قىزىق ئىش بوپتۇ ـ ھە؟ ئېگەرلەپ مىنىپتۇ، ياۋىداقلىمۇ؟...ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، تاشقا مىنگەن بولسا ئېگەرلەپ مىنگىنى ياخشى، بولمىسا ئۇنىڭغا قوللۇق تۇشامدۇ...

ئەتراپتىكى بىرنەچچەيلەن كۈلۈپ تېلىقىپلا قالدى.

— بولدى قويۇڭلار بۇ مەستنى تولا گەپكە سالماي، — دېدى ياشتا چوڭراق بىرەيلەن، — ماۋۇ سالچى ئاغىنىلەردىن بىرەرىڭلار چۈشەندۈرمەمسىلەر، سال تاشقا مىندى دېگەن زادى نېمە گەپ؟

— سىلەر ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دېدى بىر سالچى، — سار قوۋسىنىڭ ئەتراپىدا شۇنداق يوغان بىر تاش بار، مۇشۇ ئۆيدەك دېسەممۇ ئوشۇق كەتمەس، شۇنداق يوغان، سۇنىڭ ئىچىدە. دەريانىڭ سۈيى ئازلاپ قالغان چاغلاردا تاشنىڭ ئۈستى سۇدىن چىقىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق سۇ ئۇلغىيىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا تاشنىڭ ئۈستىنىمۇ سۇ بېسىپ تاش كۆرۈنمەي قالىدۇ. مانا سالچىنىڭ ئۈستىسى بىلەن نائۈستىسى شۇنداق چاغدا سىنىلىدۇ. ئۇستا سالچىلار سۇنىڭ ئۈستىدىكى دولقۇنغا قاراپلا دەريانىڭ ئاستىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى بىلەلەيدۇ. تاشنىڭ ئورنىنىمۇ توغرا مۆلچەر قىلىپ، سالنى ئەپچىللىك بىلەن بۇراپ تاشتىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. نائۈستىلىرى بارغانچە بېرىپ تاشقا ئۇسۇپ، سال پاچاق - پاچاق بولۇپ ئۆزىنى قايىنامدا كۆرىدۇ. سالنىڭ تاشقا مىنىپ قالغىنى تېخى سالچىنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭ كەلگىنى... سال تاشقا مىنىپ قاپتۇ دېسە سۇدا ئېقىپ كېتىپ بارغان سال سەكرەپ چىقىپ تاشنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغانمىكىن دېمەڭلار. سالچى بەزىدە تاشنى بايقىماي قالسا سال سۇنىڭ كۈچى بىلەن ئېقىپ بېرىپ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختاپ قالىدۇ، مىنىپ قالغىنى شۇ.

— مېنىڭ ئاڭلىغىنىم راست گەپكەن - دە! — دېدى مۇز داۋانغا قاراپ ماڭغان بىر ئۇلاغچى.

— سىلى نېمە دەپ ئاڭلىغان؟

— تېكەسنىڭ دەرياسىدا غايەت يوغان بىر تاش باركەن، يېنىدىن ئۆتكەن سالنى ئۆزىگە شاپىدە تارتىۋالىدىكەن، دەپ ئاڭلىغان.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەسەن ھەيدىگەن سالنىڭ قارىسى ئەتىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ياردەمگە بارغانلار ھاجىنۇرنىڭ تېشىغىچە ئىزدەپ بېرىپ تاپالماي قايتىپ كەلدى. سال ھادىسىگە ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ يا ئادىمى، يا ياغىچى بىر يەردە كۆزگە چېلىقىشى كېرەك ئىدى.

— ئەستا! — دېيىتتى جوماق ئاكا جىلە بولۇپ، — ماۋۇ ھەسەن دېگەن قىمارۋاز نەگە يوقالغاندۇ؟

— بۇ ھەسەن «يانغاق» سالنى قىمارغا سېلىپ بېرىپ، يا بولمىسا سېتىپلىۋېتىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئارقىسىغا يېنىپ قەشقەرگىلا چوشۇپ كەتتىمۇ ـ يە!

— ئىنىسىنىمۇ قوشۇپ ئۇتتۇرۇۋەتتىمۇ تېخى.

سەمەت بىر چەتتە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. «ئەگەر سالنى قىمارغا سېلىپ بەرگىلى بولىدىغان بولسا ھوسەن بايۋەچچىمۇ ئۇنداق قىماردىن قايتمايدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە.

ھەسەننى ئىزدەپ بارغانلار يەنە بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، سوغاقتوقاي① ئەتراپىدا تۈنۈگۈن بىر مالچىنىڭ قىزى يىتىپ كېتىپتۇدەك. قىز سۇغا چىققانىكەن. بىر چېلەكنى بىلەن ئەپكىشى قىرغاقتا قاپتۇدەك. يەنە بىر چېلەك بىلەن قىز يوقمىش، قىزنىڭ ئىگىلىرى ئۇنى ئىتتىك سۇغا چېلەكنى سېلىپ تارتىپ ئالالماي، ئۆزىمۇ مۇدۇرۇلۇپ سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ دەريا ياقىلاپ ئىزدەپ يۈرگۈدەك. يەنە بەزىلەر: «بۇ ناھايىتى

① سوغاقتوقاي — ھازىرقى موڭغۇلكۈرە تەۋەسىدىكى بىر يەر ئىسمى.

چىرايلىق قىز ئىدى. سالچىلار ئەپقاچتىمىكىن» دەپ گۇمان قىلىدىكەن.

— ھىم، بىر يىللىرى، — دەپ گەپ باشلىدى جۇماق ئاكا، — ئارىمىزدا سەدىر دەپ بىر سالچى بولىدىغان، ئەيتاۋۇر ئىسمى سادىرمۇ، سەدىردىنمۇ بىلمىدىم، ھەممىمىز ئۇنى سەدىرلا دەيتتۇق. قىپقىزىل ئوغرى ئىدى. بىرەر شەخسنىڭ بەش ـ ئالتە تال ياغىچىنى قارا كۆلدىن باغلاپ ماڭسا قانداق قىلىدۇ، بىلمەيسەن، بىر يەرلەرگە كېلىپ قونالغۇدا توختىساق ئۇنىڭ ياغاچلىرى سەككىز ـ توققۇز تال بولۇپ قالاتتى. يول بويى بىرەرسىنىڭ دەريا بويىغا ئەكېلىپ تاشلاپ قويغان ياغىچى بولامدۇ، باشقىلارنىڭ بۇزۇلغان، چۈۋۈلگان ساللىرىنىڭ ياغاچلىرىنى ئۆزىنىڭكىگە قېتىپ باغلاپ مېڭىۋېرەتتى. يول ئۈستىدە ئەرزان ياغاچ ئۇچراپ قالسا ئالاتتى، يولى كېلىپ قالسا ياغاچلىرىنى چۈۋۈپ سېتىۋېتەتتى. ئاجايىپ بىر غەلىتە ئاداش ئىدى. «بۇ ياغاچلىرىڭنىڭ قايسىلىرى خەقنىڭ، قايسىسى ئۆزۈڭنىڭ؟ قايسىسىنى پۇلغا ئالغان، قايسىسىنى ئوغرىلىغان؟» دەپ سورىساڭ ئۆزىمۇ ئايرىپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا شەھەرگە بىزدىن ھەپتە ـ ئون كۈن كېچىكىپ ئاران يېتىپ كېلەتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر قونغان يېرىدىن سالنى قوزغىتىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. بىر كىشى كېلىپ: «ماۋۇ ئايالىمنى پالانى يېزىنىڭ يېنىغا بارغاندا چۈشۈرۈپ قويسىڭىز. ئانىسى قاتتىق ئاغرىق، ھارۋا بىلەن يولغا سالاي دېسەم كېچىكىدىغان ئوخشايدۇ» دەپتۇ. سەدىر ماقۇل دەپ ھېلىقى كىشىنىڭ خوتۇنىنى سالغا سېلىۋاپتۇ. قارىسا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



قاش ـ كۆزلىرى جايىدا، ناھايىتى قاملاشقان چوكانكەن.
سال يېرىم كۈن مېڭىپ بىر توقاينىڭ ئىچىگە كىرگەندە سۇ تارتىلىپ كېتىپ سال توختاپ قاپتۇ. بىز مۇنداق ئىشنى «چويلىغا كىرىپ قالدى» دەيمىز. سۇ بۆلۈنۈپ نەچچە تارماق بولۇپ كەتكەن بەزى يەردە قايسى ئېقىننى تاللاپ مېڭىشنى ئۇقماي، سالنى تەۋەككۈللا بىر ئېقىنغا سېلىپ ماڭسەن، ماڭسەن، بىر يەرلەرگە بارغاندا سۇ ئازىيىپ كېتىپ يا ئالدىڭغا، يا ئارقاڭغا ماڭالماي توختاپ قالىسەن... سال ئۆزى شۇنداق چويلىغا كىرىپ قالدىمۇ ياكى سەدىر ئۆزى ئەتەي سالنى شۇنداق يەرگە ھەيدىدىمۇ، ئىشقىلىپ، سال شۇنداق بىر توقاي ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ توختاپ قاپتۇ. كەچ كۈز ۋاقتى ئىكەن، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا كۈن كەچ كىرىپتۇ. بىردەمدىلا سوغۇق شامال پەيدا بوپتۇ. سەدىر: «مۇزلاپ قالمىسىلا، خېنىم، سىلىنى ماڭا ئەرلىرى ناھايىتى تاپىلاپ تاپشۇرغان» دەپ ھېلىقى خوتۇننى يوغان جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋاپتۇ، كۈز كۈنلىرى دەريا بويى دېگەندە كېچىسى قانداق ئاچچىق سوغۇق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ھېلىقى چوكان قورۇنۇپ باشتا جۇۋىنىڭ ئىچىگە كىرگىلى ئۇنىماپتۇ، كېيىن مۇزلىغانسېرى جۇۋىنىڭ ئىچىگە بەكرەك شۇڭغۇپ، ئاخىرىدا سەدىرگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. سالنى ئۇلار ئۈچ كۈن بولغاندا ھېلىقى توقايلىقتىن ئاران ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۈچ كۈنگىچە سالچىنىڭ قوينىدا ياتقان خوتۇن ئۆيىگە قانداق كېتەلىسۇن دەيسىلەر، ئامال يوق، سەدىرگە ئەگىشىپ شەھەرگە كىرىپ سەدىرگە خوتۇن بولغاندى. رەھمەتلىك سەدىر ئۆمرىدە ئۆيلەنمىگەن كۆك بويتاق ئىدى. ھېلىقى

چوكان بىلەن ئوبدان ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكەن. رەھمەتلىك بىر قېتىم ئاشۇ قاپچىغاينىڭ ئىچىدىن ئۆتىدىغان چاغدا سالى تاشقا ئۇرۇلۇپ چۆرگۈلەپ كېتىپ، قاپچىغاينىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ ياغاچلىرى ئېقىپ چىقىپ ئۆزى چىقمىغان. شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇنىڭ جەسىتىنى تاپالمىغانىدۇق. ھېلىقى ئايالنىڭ سەدىرگە كېيىن خېلى كۆڭلى چۈشۈپ قالغان چېغى، بىچارە ھەر يىلى سەدىر ئۆلۈپ كەتكەن ئاي ـ كۈنلەردە ئېرىنىمەي قاپچىغايغا چىقىپ قۇيماق سېلىپ نەزىر قىلىدىغان... خەپ، ھەسەن! قېچىپ نەگە بارارسەن؟ ھەرقانچە قاچساڭمۇ قاپچىغاينىڭ ئېغىزىغا بارغاندا توختارسەن؟ نوچى بولساڭ ساللىرىڭنى قاپچىغايدىن مەنسىز بىر ئۆتكۈزۈپ باققىنىڭنى كۆرەي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## مەدىياندىن ئۆتكەندە

كەچتە قوۋدىكى سالچىلار چۈشكەن دەڭنىڭ بىر ئۆيىدە سازەندىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار موڭغۇلكۈرە بازىرىدا بولىدىغان بىر تويغا كېتىۋاتقانلار ئىدى. ئۇلار ئازراق ئارامنى ئالغاندىن كېيىن دۇتار ـ تەمبۇرلىرىنى سازلاپ ناخشىغا تېگىش قىلدى.

بۇلبۇل سايرىدى كەتتى،
كاككۇك سايرىدى كەتتى.
شۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە،
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

دۇتار ـ تەمبۇرنىڭ يېقىملىق ساداسى بىلەن لەرزان ناخشا ئاۋازى ئەتراپقا تارقىلىۋىدى، ئۇخلاپ بولغان سالچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. سازەندىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ناخشىنى ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ئېيتىۋاتاتتى:

مەن ئۆزۈم نامرات يىگىت،
باللىرىمنىڭ ئەڭنى يوق.

يەتتە يەردىن ئۈن تىلەپ،
ئەلگەكنى تاپسام تەڭنە يوق.

«ئالامەت!» دېيىشىپ سالچىلارنىڭ بەزىلىرى چاپانلىرىنى يېپىنچاقلاپ ھېلىقى مۇزىكا چېلىنىۋاتقان سورۇنغا يىغىلىشقا باشلىدى.

ۋاخ يەتسە ئېچىلمامدۇ
باغقا تېرىغان گۇللەر.
قاچانمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر،
بىللە ئويىنىغان كۈنلەر...

قوۋىنىڭ كېچىلىك ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار كۆڭۈللۈك كۆز قىسىشاتتى. مەھەللىنىڭ يېنىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريامۇ ناخشىغا قۇلاق سېلىپ جىمىپ قالغاندەك قىلاتتى. دۇتار ـ تەمبۇرنىڭ تارلىرىدىن تاراۋاتقان ئاجايىپ كۈي، ناخشىچىنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان ھەربىر مىسرا سۆز ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، خىياللىرىنى يىراقلارغا ئەپقاچاتتى.

ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
بېشىدا يۈگەن بىلەن.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
ئۆزۈم مۇنداق يۈرگەن بىلەن...

بىر چاغدا ناخشا ـ ساز ئەۋجىگە چىققان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا جۇماق ئاكا پەيدا بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالامەت پەيزى قىلىپسىلەر! — دېدى ئۇ.

نەلەردە ئىچقۇالغىنى نامەلۇم، جوماق خېلىلا مەست ئىدى. ئۇ ئۇدۇل بارغانچە بىر-بىرلەپ سازەندىلەرنىڭ يېنىغا قىسىلدى، بىر يۇرۇش ناخشا ئاياغلاشقىنى بىلەن جوماق:

— ئاپىرىن! ئالامەت ئاۋازىڭلار باركىنا... بولدى، بولدى، ئۇكىلىرىم، باشقا ناخشىنى قويۇڭلار... سادىرنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىڭلار، سادىرنىڭ... تارانچى ناخشىسىنىڭ نوچىسى شۇ، — دېدى.

«ئاپلا! ماۋۇ تاز پەيزىنى ئۇچۇردى - دە!» دېدى ئىچىدە شالچىلار ئارىسىدا ئولتۇرغان غوجاخۇن. سازەندە يىگىتلەر جوماققا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇشتى - دە:

— ئاكا، بىز سادىر ناخشىسىنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالمايمىز. بىز مۇزىكىسىنى چېلىپ بېرەيلى، ناخشا سىزدىن بولسۇن، — دېدى.

— مەيلى، ئېيتسام ئېيتىمەن... بىراق، — دەپ ئەتراپىغا خىجالەت ئارىلاش كۈلۈپ قارىدى جوماق، — بىراق، ئاشۇ بېيىتلىرى تازا ئېسىمدە يوق... بولمىسا، باشقىلار ئېيتسا ئەگىشىپلا ئېيتىپ كېتىمەن، ئۆزۈم ئېيتاي دېسەم بىر گەپنىمۇ تاپالمايمەن... سىلەر باشلاپ ئېيتىڭلار، مەنمۇ قېتىلاي.

سازەندىلەر دۇتار - تەمبۇرنى باشقىدىن سازلاپ ناخشىنى باشلىدى:

بىنەمنىڭ شامالى بار،
بۇغدايىنىڭ سامانى بار.
غەم قىلما قېرىنداشلار،
سادىرنىڭ ئامالى بار.

— مانا، ناخشا دېگەن مۇنداق بولىدۇ! — دەۋەتتى جۇماق.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىقىدا بالىسى...

يىگىتلەر سادىر ناخشىسىنى بىر ئۆزگىرىشتىن يەنە بىر ئۆزگىرىشكە يۆتكەپ كېلىشتۇرۇپ ئېيتقىلى تۇردى. جۇماق كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ تەڭكەش قىلىپ لەززەت ئالماقتا ئىدى.

ئات مىندىم كۇرەڭ قاشقا،
سەكرەتتىم تاشتىن - تاشقا.
سادىر ئاتىدۇ باشقا،
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا.

— هوي، ئۇكاموي، توختا، ماۋۇ گېپىڭ بولمىدى، — دەپ ناخشا ئېيتىۋاتقان يىگىتنى ناخشىدىن توختىتىپ قويدى جۇماق.

— نېمە بولدى؟ — دەپ هەيران بولۇپ جۇماققا قارىدى ناخشىچى يىگىت.

— نېمە بولاتتى؟... ئات مىندىم كۇرەڭ قاشقا، سەكرەتتىم تاشتىن - تاشقا، دېگەنلىرىڭ مۇشۇ سادىرنىڭ ناخشىسىما؟

— سادىرنىڭ ناخشىسى بولماي كىمنىڭكىكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى جۇماق، — ئۇكام ماڭا قارا:

ئات مىندىم كۆرەڭ قاشقا،
سەكرەتتىم تاشتىن ـ تاشقا.
ھەركىمنىڭ يارى باشقا،
يېتەمدۇ قارا قاشقا.

دېگەن بۇ ئالتە شەھەر تەرەپنىڭ ناخشىسى، سەن بېيىتنىڭ بېشىنى ئالتە شەھەر تەرەپتىن ئېلىپ، ئايىغىغا سادىرنىڭ بېيىتلىرىنى قېتىپ ئۇماچلا قىلىۋەتتىڭ... ناخشىنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟

— كىمدىن ئۆگىنەتتىم، — دېدى ناخشىچى يىگىت، — كىچىكىمىزدىن شۇ مەھەللىدە چوڭلار ئېيتقان ناخشىلارنى دوراپ ئېيتىپ يۈرۈپ...

— مانا، مانا دېمىدىممۇ، ئاۋازىڭغۇ ياخشىكەن، ئۇستا كۆرمىگەنلىكىڭ چىقىپ تۇرىدۇ.

— ئاكاھوي، — دېدى جۇماقنىڭ يېنىدا دۇتار تۇتۇپ ئولتۇرغان يىگىت، — بايا: «ئاكا، ناخشىنى سىز باشلاپ ئېيتىڭ»، دېسەك، «بېيىتلىرىنى بىلمەيمەن» دەۋاتاتتىڭىز، ئەمدى بېيىتلاردىن قۇسۇر چىقارغىلى تۇردىڭىزغۇ؟

— بىز دېگەن قۇلاق موللىسى، ئۇكا، — دېدى جۇماق، — ئۆزىمىز ئېيتالمىغىنىمىز بىلەن، ئاڭلىغانلىرىمىز كۆپ.

— ئەمىسە، سادىرنىڭ ئۇ بېيىتىنىڭ توغرىسى قانداق؟

— توغرىسى دېدىڭما؟... قانداقتى... ھېلىلا ئېسىمدە بارتى. ھە، توغرىسى:

بىر ئەپلىك ئېلىپ قويدۇم
مالخاينى قارا تاشقا.
سادىر ئاتىدۇ باشقا،
چىرىك ئاتىدۇ تاشقا.

بىكاردىن ـ بىكارغا تاشقا قارىتىپ ئوق ئېتىۋېرىدىغانغا ئۇ چىرىكلەرنىڭمۇ بېشى ئىششىپ قالمىغان. سادىر بېشىدىكى مالخىينى قارا تاشقا كىيدۇرۇپ قويغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن چىرىكلەر: «سادىر ئاشۇ تاشنىڭ ئارقىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ مارىلاۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ تاشقا قارىتىپ ئېتىۋەرگەن. سادىر چىرىكلەرنىڭ بېشىغا ئېتىپ جۆندىگەن... مانا، شەھەر ئىچىلىك ھاسىنىكام تەمبۇر دېگەن تارانچى ناخشىچىلارنىڭ پىرى، ھاسىنىكام سادىر ناخشىلىرىنى شۇنداق ئېيتىدىغان...

※ ※ ※

ئەتىسى ئەتىگەندە جۇماق كىچىچە ناخشا تىڭشاپ ۋاقتىدا قوپالمىغان سالچىلارنى ۋارقىراپ ئويغىتىشقا باشلىدى. ئۇ كېچە ئۆزىنىڭمۇ شۇ ناخشىچىلار سورۇنىدا ئىكەنلىكىنى، ناخشىچىلارغا قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ھەي غوجاخۇن، زاكىراخۇن! ئەتىگەندىرەك قوزغىلىشمامسەن!... ئۆزۈڭنى چاغلاشماي كېچىچە ناخشا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىكشاپ... ئاۋۇ سوزۇلۇپ ياتقان كىم ئۇ؟... ۋاقۋاسما؟ ئويغىتىۋېتىڭلار ئۇ كىككەچنى... تونۇگۈن بىر كۈن ھېلىقى ھەسەن دېگەن قىمارۋازنى ساقلاپ كۈن كەتتى... ھەرقايسىڭغا مەن دەپ قويااي، بىللە يولغا چىقتۇق. بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەكتە بولۇپ بىللە ماڭايلى. بىر چاتاق چىققۇدەك بولسا ھەرقايسىڭنىڭ خوتۇن، بالىچاقىسىغا جاۋاب قىلىدىغان ئادەم يەنە مەن... ھاي غاپپارنىڭ ئىنىسى، سەن قوۋدا قالامسەن، بىز بىلەن ماڭامسەن؟

ــ سىلەر بىلەن ماڭاي، جوماقكا.

ــ ئەمىسە قوپمامسەن ئېزىلىپ ياتماي...!

ئەتىگەنلىك چاينى ئالدىراپ ئىچىپلا سالچىلار ئۆز ساللىرىغا چىقىشتى. جاپپار يەنە غوجاخۇن ھەيدىگەن سالغا چۈشتى.

ــ ئاۋۇ تاز ئەتىگەندىلا نېمە چىچىلىپ قاپتۇ؟ ــ دېدى غوجاخۇن سالغا چىقىۋاتقان جاپپارغا قاراپ قىرغاقتا تۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا چىچىلىۋاتقان جوماقنى شەرەتلەپ.

ــ ھەسەن دېگەن سالچىسىنىڭ نەگە يوقالغانلىقىنى بىلەلمەي، خاپىچىلىقتا زەھرىنى باشقىلارغا تىقىۋاتىدۇ...

ساللار قوزغىلىدىغان چاغدا جوماق يەنە ھەربىر سالنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

ــ ھەي ئاغىنىلەر، ھەممىڭ ساللىرىڭغا ئوبدان قارا، ئارقان، پالاق، ياندىقلىرىڭ قانداقراق، تەكشۈرۈپ باق...! ھېلى مەدىيانغا بارغاندا ئاناڭنى كۆرۈشسەن...

— ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، — دېدى غوجاخۇن، — ئاۋۇ مەدىيان يامان... هاي ۋاققاس... ۋاققاس دەۋاتىمەن... سالنىڭ ئارغامچىلىرى بىلەن پالاقلارغا ئوبدان قاراپ باق!

— مەدىيان، مەدىيانلا دەيسىلەر، مەدىيان دېگەن نېمە، غوجاخۇن ئاكا؟ — دەپ سورىدى جاپپار ساللار قوزغىلىپ ئۆز يولىغا چۈشكەندە.

— مەدىيان دېگەن تېكەستىكى بىر باي تۇڭگان، ئۇكا.

— هەممە سالچى «مەدىيان» دېسە بەك قورقىدىكەنغۇ؟... ئۇ شۇنداق يامان تۇڭگانما؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غوجاخۇن قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سالچىلارنىڭ مەدىيان دېگىنى ئۇ تۇڭگان ئەمەس، — دەپ چۈشەندۈردى غوجاخۇن، — ئالدىمىزدا ئاشۇ تۇڭگاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بىر خەتەرلىك جاي بار، شۇ يەرنى دېمەكچى. ئۇ يەر نېمىشقا مەدىياننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان دېسەڭ، مەدىيان دېگەن بۇ كىشى تېكەستىكى تۇڭگانلارنىڭ ئىچىدە خېلى نامى بار ئاددەمكەن، جامائەت ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىپتىكەن...

— شۇنىڭغا قارىغاندا، خېلى پۇل تاپقان تۇڭگان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، پۇلنىمۇ تېپىپتىكەن، تاپقان پۇلنى نەگە ئىشلىتىشنىمۇ بىلىدىكەن... تېكەس دەرياسىنىڭ ئاشۇ خەتەرلىك يېرىگە ئىلگىرى بۇ كىشى بىر كېمە سالغۇزغانىكەن، كىشىلەر ئۇنى «مەدىياننىڭ كېمىسى» دەيتتىكەن. كېيىن يەنە شۇ يەرگە بىر كۆۋرۈكمۇ ياستىپتىكەن. هېلى بارغاندا كۆرىسەن، تازا ئېگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆتۈرۈپ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تاشنىڭ ئۈتتۈرىسىغا توختاتقان كۆۋرۈك، قارىساڭ بەك ھەيۋەت... ئەنە شۇ كۆۋرۈك بار يەر سالچىلارنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان خەتەرلىك جاي، سالچىلارنىڭ مەدىيان دەۋاتقىنى شۇ...

— تېكەستە تۇڭگانلارمۇ خېلى بارمۇ نېمە؟

— خېلى بار، — دېدى غوجاخۇن، — تېكەستىكى تۇڭگانلارنىڭ ئىچىدە يەر تېرىپ، مال باقىدىغانلىرىدىن باشقا، سودا - سېتىق بىلەن ھەپىلىشىدىغان سودىگەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس. چاي - تۇز، كىرسىن، يۇڭ، تېرە دەمسەن، رەخت، تاماكا، سوقا، ئورغاق، ئارا - پالتا، دەپتەر - قېرىنداشقىچە ئەيتاۋۇر ساتمايدىغان نېمىسى يوق.

— زادى بۇ تۇڭگانلىرىڭچۇ، ئاكا، — دېدى جاپپار، — تىجارەتكە كەلگەندە بوش كەلمەيدىكەن... بىزنىڭ شەھەرنىڭ تۇڭگانلىرىغا قارا، شىمنىشكە، پۇرچاق، زىماتاڭدىن تارتىپ، پۇك چىقىرىدىغان، ماي تارتىدىغان، سىركە ئېچىتىدىغان ئىشلارغىچە تاللىماي ھەممىنى قىلىدۇ... ئاشپەزلىككىمۇ ئالامەت ئېپى بار خەق.. ئاڭلىسام، بۇرۇن ئورۇسلار تەرەپكە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن تۇڭگانلارمۇ خېلى باركەنغۇ؟

— شۇنداقكەن، — دېدى غوجاخۇن، — ئۇياقتىكى تۇڭگانلارنىڭ قايسى زامانلاردا بېرىپ قالغىنىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئاڭلىسام، چېلەك، سەمەرقەنت، قاراكۆل، بىشكەك دېگەندەك يەرلەردىمۇ تۇڭگانلار خېلى باركەن... مېنىڭ بىر تۇڭگان ئاغىنەم بولىدىغان، ئېتى نېمىتى ئۇنىڭ... ھېلىلا تىلىمنىڭ ئۇچىدا تۇراتتى...

ــ مۇ... مۇ... مۇ...ــ دېدى ئارقا پالاقنى ئىتتىرىۋاتقان ۋاققاس.

ــ ھە، مۇخەممەر،ــ دەپ ئېسىگە ئالدى غوجاخۇن.

ــ پاھ، ماۋۇ ۋاققاسنىڭمۇ قۇلىقى ئىتتىككىنا؟ ــ دەپ ھەيران بولۇپ ۋاققاس تەرەپكە قارىدى جاپپار. ۋاققاس ئۇنچىقماي پالاقنى تارتقىنىچە كۆلۈپ قاراپ تۇراتتى.

ــ قۇلىقى ئىتتىك،ــ دېدى غوجاخۇن،ــ بولغان ھەممە پاراڭنى ئاڭلاپ كېتىۋاتىدۇ... ھە، شۇ مۇخەممەرنىڭ دەپ بېرىشىچە، قايسى يىللىرى دەيدۇ ئەيتاۋۇر، دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان زامانلاردا ئورۇسلارنىڭ پادىشاھى تۆگىلارنىمۇ مەجبۇرىي ئەسكەر ئالغىلى تۇرۇپتىكەن. شۇ چاغدا مۇخەممەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئورۇسلارغا ئەسكەر بولۇشتىن قېچىپ، بۇياققا ئۆتۈپ، ئاۋۋال ئاقسۇ، كۇچالاردا بىرمەھەل تۇرۇپتۇ، ئاندىن مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ تېكەسكە ئورۇنلىشىپ قالغانىكەن.

ــ ۋاھ، بۇ قىزىق گەپ بولدىغۇ؟ ــ دېدى جاپپار،ــ مەن بۇ مۇز داۋان دېگەندىن ئاتتە شەھەرلىك ئۇيغۇر ئاغىنىلەرلا ئۆتىدۇ دېسەم، تۆگىلارمۇ داۋان ئاتلاپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپتىكەن ـ دە؟

ــ مۇز داۋان دېگەن، ئۇكام جاپپار،ــ دېدى غوجاخۇن،ــ ئەزەلدىن مۇشۇنداق مۇساپىرلار بىلەن بىشىغا قاتتىق كۈن چۈشكەن ئادەملەرنىڭ ماڭىدىغان يولى... ئەمما، ماۋۇ مەدىيان دېگەن تۆگىلارنىڭ تېگىنى چىڭخەيلىك دېيىشىدۇ ئەيتاۋۇر، شۇ تەرەپلەردىن ئوخشايدۇ. باشتا ئۇ كونەسكە كۆچۈپ چىققانىكەن. كېيىن

تېكەسنىڭ كۆكسۇ دەرياسى بويىغا ئالتۇن كولاشقا كېلىپ بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغانىكەن.

— ئالتۇن كولاپتىكەن دېدىڭما، غوجاخۇن ئاكا؟... ئۇنداق بولسا ئاتىنىڭ بېشىدەك يوغان بىر پارچە ئالتۇن ئۇچراپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن بېيىپ كەتكەن تۇڭگان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەي ئۇكام، ئۇنداق ئوڭاي ئىش بولىدىغان بولسا بىزمۇ نېمە قىلاتتۇق بۇ يەردە جاننى قىيناپ سال ھەيدەپ؟... بېرىپ ئالتۇن كولىماي... ئالتۇن كولايمەن دەپ بېرىپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ ھېچنېمە تاپالماي تېخىمۇ كەمبەغەللىشىپ كەتكەن ئاغىنىلەرنى مەن جىق كۆرگەن. مەديان دېگەن ئۆزىمۇ تىرىشچان تۇڭگان ئوخشايدۇ. كېيىن ئۇ تېكەسنىڭ قارادالا تۇزلەڭلىكىگە كۆكسۇ دەرياسىدىن ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ چىقارماقچى بولۇپ، شۇ ئىش ئۈستىدە ۋاپات بوپتىكەن... سەنزە، ئالتۇن تېپىۋېلىپلا بېيىپ كەتكەن تۇڭگان ئوخشايدۇ، دەپقاپسەندە؟

— ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، — دېدى جاپپار موخوركا بۇراپ ئولتۇرۇپ، — بىز خەقتىن چىققان ۋېلىباي دېگەن كاتتا باينى بىلىسىز. ۋېلىباي دېسە بىلمەيدىغىنى يوق... چوڭلاردىن ئاڭلىسام، ئاشۇ ۋېلىباي دېگەنمۇ ياش ۋاقتىدا تازا كۆك نامراتتىن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر ئوتۇنچىنىڭ ھارۋىسىنىڭ كەينىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر كىچىك ساندۇققا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ھارۋىدىن لىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا ئىچى لىققىدە ئالتۇنكەن، ئەسلىدە بۇ ئىلىدا ئەمەل تۇتۇپ بېيىپ

كەتكەن بىر ئەمەلدارنىڭ قاچقاندا چۈشۈرۈپ قويغان دۇنياسى ئىكەن... مانا، ۋىلىباي دېگىنىڭ شۇنىڭ بىلەنلا بېيىپ كېتىپتىكەن ئەمەسمۇ...خۇدايىم ئال قۇلۇم، دەپ بېرىۋەتكۈدەك بولسا ئاشۇنداق بىر دەملىكلا ئىش!

سال مەديانىنىڭ كۆۋرۈككە يېقىنلاشقانسېرى سالچىلار جىددىيلىشىشكە باشلىدى. تېكەس دەرياسىنىڭ سۈيى بۇ يەردە كۆكسۇ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلغىيىپ، كۆۋرۈك سېلىنغان قىساڭدىن شىددەت بىلەن ئېقىپ ئۆتەتتى. مەديان كۆۋرۈكى ئاشۇ قىساڭنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىك تاش يار ئۈستىگە ئۈستىلىق بىلەن تۇختىتىلغانىدى. تېكەس تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەندە دەريا سۈيى ئاۋۋال ئوڭ تەرەپتىكى قىرى سۇغا چىقىپ تۇرغان تىك تاش تەرەپكە ئۇراتتى؛ ئاندىن سول تەرەپكە گۈركىرەپ بۇرۇلۇپ، دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى دۆڭلەردىن دەرياغا قاراپ ئۆسۈپ چىققان تاش دوقمۇشلارغا ئۇرۇلاتتى. سالچى سالنى ياخشى باشقۇرمىسا بۇ يەردە سال تاشلارغا ئۇرۇلۇپ پاچاقلىنىپ كېتەتتى، ياكى بولمىسا بىرەر ياغاچنىڭ ئۇچى ئۇدۇل بېرىپ تاش دوقمۇشلارغا سوقۇلۇپ، بەزى ياغاچلارنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈلۈپ ئارقىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كېتەتتى ـ دە، پۈتۈن سالنىڭ ياغاچلىرى بوشاپ چۆرگۈلەپ كېتەتتى. سالچىلارنىڭ ناخشىلىرىدىكى:

قارىنىڭ تېشى[1] يېقىن يەر،
قىشتا چىقار مۇزدەك تەر.

---

① قارىنىڭ تېشى ــ قاھارنىڭ تېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تېكەس دەرياسىدىكى خەتەرلىك تاشلارنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەدىيانىڭ يېنىدا،
سىنىلىدۇ تالاي ئەر...

دېگەن گەپلەر بىكار ئېيتىلمىغانىدى.
جۇماق بىلەن سەمەت ھەيدىگەن سال مەدىيانغا ئەڭ بۇرۇن يېتىپ كەلدى.
ــ ھەي ئالتە شەھەرلىك، ھوشۇڭ بىلەن تۇر! ــ دەپ ۋارقىرىدى جۇماق، ــ پالاقنى مەھكەم تۇت، ئالدىمىزدىكى يەر خەتەر...!
سال ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدە لەپەڭشىگىلى تۇردى، دولقۇن سال ياغىچىغا ھەربىر ئۇرۇلغاندا ئادەم بويى ئۆرلەپ بۇژغۇن چاچاتتى. سالنىڭ ياغاچلىرى قىرغاقتىن ئۇسۇپ چىققان تاشلارغا سۈركىلىپ غاراسلاپ كەتتى.
ــ ھاي، سەن پالاقنى قاياققا تارتىۋاتىسەن؟... ئوڭغا، ئوڭغا... ھە، چاپان تەرەپكە...
كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن ئۇ تەرەپ ياخشى ئىدى. ئۇ يەردە ساللارنى توختاتقىلى بولىدىغان گۈلەڭلەر بار ئىدى. بەزىدە سالچىلار بۇ يەردە توختاپ ياغاچ ساتاتتى ياكى ياغاچ ئالاتتى.
ــ كۆردۈڭمۇ؟ ــ دېدى جۇماق مەدىيان كۆۋرۈكى ئاستىدىن سالامەت ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن سەمەتكە قاراپ، ــ سالچى دېگەن مۇشۇنداق يول بويى خەتەرلىك تاشلار بىلەن ئېلىشىپلا ماڭىدۇ... «ھاي ئوڭغا» دەپ ۋارقىراپ تۇرسام پالاقنى سولغا ئىتتىرىسەنا؟...
ــ ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئادەم ھودۇقۇپ كېتىدىكەن، جۇماقكا، ــ دېدى سەمەت.

— ئۇنداق چاغدا پالاقنى ئىككىمىز ئىككى تەرەپكە قارىتىپ تارتىدىغان بولساق، يا سال پىرقىراپ بىرىپ تاشقا ئۇرۇلۇپ-تىلك بولۇپ قالىدۇ، يا كۆمتۈرۈلۈپلا كېتىدۇ... سۇنى دەريادا تۇتۇپ تۇرىدىغانمۇ ئىككى قىرغاقتىكى ئاشۇ تاشلار دېگىنە... خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن قەيەردە خەتەرلىك تاش بولسا سۇ سالنى ئاپىرىپ شۇ تەرەپكە ئۇرىدۇ.

— بۇمۇ بىر چېلىشكەن، جۇماق ئاكا، — دېدى سەمەت.

— بەللى، بەللى، بۇ گەپنى توغرا دېدىڭ، ئەمما، بەل تۇتۇشۇپ چېلىشقان چېلىشتا يىقىلساڭ ئېغىرىڭنى يەر كۆتۈرىدۇ! ماۋۇ سۇدىكى چېلىشتا يېڭىلىپ قالساڭ سۇغا غەرق بولۇپلا تۈگىشىسەن.

مەدىيان كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن جۇماق ئاكا سالنىڭ بېشىنى بىر گۇلەڭگە قايرىپ توختاتتى.

— مۇشۇ يەردە بىردەم ئارام ئالغاچ ئارقىدا كېلىۋاتقانلارنى كۈتەيلى، — دېدى جۇماق ئاكا، — سالچىلىق دېگەن مانا مۇشۇنداق گەپ، بۇ خەتەرلىك يوللاردا يالغۇز ماڭغان بىلەن بولمايدۇ. بىرقانچە سالچى بىللە يولغا چىقىپ بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، خەتەرلىك يەرلەردىن ئۆتكەندە ئارقىدا قالغانلارنى ساقلاپ جەم بولۇپ ماڭىدىغان ئىش... ھېلىقى ھەسەن دېگەن بەچچىخەر بۇ يەرلەردىمۇ كۆرۈنمەيدا؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ قىز ئەپقاچقىنى راست ئوخشىمامدۇ، بولمىسا نېمىشقا بىزدىن قېچىپ مۆكۈپ يۈرۈشىدۇ؟... ھەسەننىڭ ھېلىقى ئىنىسىنىڭ ئېتى نېمىتى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ ھۆسەن
ــ ھە، شۇ ھۆسەن دېگەننىڭ قانداقراق ئادەم ئۆزى؟
ــ ھېچقانداق ئەمەس... سەل سۆيۈقراق، ــ دېدى سەمەت، ــ يولدا كەلگۈچە چاچ بازىرى بىلەن دوپپا بازىرىنىڭلا گېپىنى قىلىپ كەلگەن.
ــ دوپپا بازىرى دېگەننىڭغۇ دوپپا ساتىدىغان بازاردۇ؟ چاچ بازىرى دېگەننىڭ قانداق بازار ئۇ؟
ــ خوتۇنلارنىڭ چېچىنى ئېلىپ ـ ساتىدىغان بازار... مەنمىغۇ كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن، خەقنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەردە نامى چىقىپ قالغان شوخراق چوكانلار تولا ئوخشايدۇ.
ــ ھىم! ــ دېدى جۇماق، ــ ئۇنداق بولسا قىز ئەپقاچقىنى راستكەن.
ــ ئىنىسى «ئاشۇ قىزنى ئەپقاچاي» دېسە، ئاكا بولغان ئادەممۇ ماقۇل دېگەندىمۇ؟ ــ دېدى سەمەت.
ــ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى بىر قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ــ دېدى جۇماق، ــ مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئاكىسىمۇ ئالتە شەھەردىن ئېلىپ چىقىۋېتىپ ئارپىلىق دېدىمۇ، شۇنداق بىر غەلىتە ئىسمى بار يەرگە كەلگەندە بىرەيلەننىڭ قىزىنى ئەپقېچىپ مۇز داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ كېتىپتىكەن، ئۆزىدىن سورىساڭ «ئەپقاچمىدىم، دادىسى ئۆزى قوشۇپ قويغان» دەيدۇ. قاراپ تۇرۇپ بىر قىمارۋازغا كىم ئۆزىنىڭ بالىۋاقىسىنى قوشۇپ قويىدۇ؟
ــ شۇ خوتۇنى ھازىرمۇ ئېلىكىدە بارما؟ ــ دەپ سورىدى سەمەت.

ــ بولماي، ئۇنى قويۇۋەتسە بۇ ئىلىخودا ھەسەنگە يەنە نەدە خوتۇن...

سالچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى، قىرغاقتا ئوت يېقىپ تاماق قىلىشتى. تاماقتىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ پېشىن نامىزىنى ئۆتەشتى. ھەر قېتىم بىرلىكتە ناماز ئوقۇغاندا ئارقىدىكى سالدا ماڭىدىغان زاكىراخۇن ئىسمىلىك ساقاللىق، دوغىلاق ئادەم ئىمامەتچىلىك قىلاتتى. نامازدىن كېيىن زاكىراخۇن جۇماقىقا ئازراق تەربىيە قىلدى.

ــ جۇماقئاخۇن، ــ دېدى ئۇ، ــ سىلىنىڭ ئاخشامقى ئىشلىرى زادى قاملاشمىدى.

ــ ئاخشامقى قايسى ئىشىم قاملاشماپتۇ؟ ــ دېدى جۇماق.

ــ سىلى ماۋۇ سالدا ماڭغاندا ھېلىقى ئىچىدىغان نېمىنى زادى ئېغىزغا ئالمايتىلا، ئاخشام خېلى ئوبدان ئوتلاپتىلا...

ــ ھېلىقى ھەسەن دېگەن يانغاقنىڭ يوقاپ كېتىپ بىزنى يولدا كاشىلا قىلغىنىغا خاپا بولۇپ، شۇ خاپىلىقتا...

ــ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم ئۇ ئېشەك سۈيدۈكىنى ئېغىزغا ئالغان كۈنى ئىمانى قىرىق كۈنلۈك يەرگە ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۆتكەن نامازلىرى بىكار!

جۇماق ئۈنچىقمىدى.

ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى زاكىراخۇن، ــ سىلى دائىم نامازنى ئالدىراپ ـ سالدىراپلا چالا ـ بۇلا ئوقۇيلا، مۇنداق قىلساق دۇرۇس بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— زاكىراخۇن، نەرى دۇرۇس بولمايدىكەن؟ — دېدى جۇماق، — مەن مەھەللىمىزدىكى ھېلىقى... ئېتى نېمىتى... ھە، شۇ ئاخۇنۇمدىن سورىغان. سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم نامازنى قىسقارتىپ ئۆتىسىمۇ بولغۇدەك.

— مۇنداق گەپنى مەن ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمەنا؟

— زاكىراخۇن، دۇنيادا سىلى ئاڭلىمىغان گەپ دېگەن تولا بولماي... ئاخۇنۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆيىدىن ئۈچ كۈنلۈك يەرگە يىراقلاپ كەتكەن ئادەم مۇساپىر سانىلىدىكەن. مۇساپىر ئادەم سەپەر ئۈستىدە نامازنى ئىككى ـ ئۈچ رەكەت بولسا ئۆز بويىچە، تۆت رەكەتتىن ئوشۇق بولسا ئىككى رەكەتكە قىسقارتىپ ئوقۇسا دۇرۇس بولۇۋېرىدىكەن.

— سىلىنىڭ ئۇ قەلەندەر مەھەللىسىنىڭ① ئاخۇنۇملىرىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، — دېدى زاكىراخۇن، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىت ھەممىدىن ئۇلۇغ جاي دېگەن، سىلىنىڭ ئۇ قەلەندەر مەھەللىسىدىكى ئاخۇنۇملارنىڭ بېشىدا يوغان سەللە بولغان بىلەن، تولىسى مەسچىت دېگەنگە ئاياغمۇ بېسىپ قويمايدۇ. كىچىسى «ھۇۋۇ!» دەپ مازارنى ئاۋات قىلىدىغان، كۈندۈزى «ھەق دوست!» دەپ بازارنى قالايمىقان قىلىدىغان خەق...

— زاكىراخۇن، ئۇنداقمۇ دەپ كەتمىسىلە، — دەپ

① قەلەندەر مەھەللىسى — غۇلجا شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئازادلىقتىنىڭ ئالدىدىكى نامى.

زاكىراخۇننىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى جۇماق، — ھەممىسىلا ئالتە شەھەردىن چىققان، سىلىنىڭ يۇرتىنىڭ ئادەملىرى جۇمۇ ئۇ!

— سىلىچۇ؟... سىلى قەيەردىن چىققان؟... ئەجەب ئۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇپ قاپلىيا؟

— مەن... مەن... — دەپ دۇدۇقلاپ قالدى جۇماق، — مەن شۇ كەمبەغەلچىلىكتە... بىر قورۇنى ئەرزان بېرىمەن دېسە ئۇقۇشماي ئېلىپ ساپتىمەن، ھازىر مىڭ پۇشايمان...

— ھاي - ھاي، بولدى قىلىڭلار، ماڭمايلىمۇ! — دەپ ۋارقىرىدى غوجاخۇن، — قالغان تالاش - تارتىشنى ئاق بۇرخانغا بارغاندا قىلايلى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# خەتەرلىك جىلغا

«قاپچىغاي» تېكەس دەرياسى توققۇزتارا ناھىيەسى تەۋەسىگە ئېقىپ كىرگەن يەردىكى بىر تار جىلغا. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى تىك، ئېگىز تاش يار بولۇپ، دەريا ئاشۇ قىيا تاشلار ئارىسىدىكى تار قىساڭدىن شىددەت بىلەن ئېقىپ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. نارات تاغلىرى تەرەپتىن ئېقىپ كېلىۋاتقان كىچىك جىرغىلاڭنىڭ سۈيى دەل مۇشۇ قاپچىغاينىڭ يۇقىرىسىدا تېكەس دەرياسىغا كېلىپ قوشۇلغاچقا، دەريا سۈيى بۇ يەردە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتەتتى، سالچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا «قاپچىغاي» ئەڭ خەتەرلىك جاي ھېسابلىناتتى. يىراقتىن كېلىۋاتقان سالچىغا دەريا بۇ يەردە خۇددى تېگى يوق ھاڭ ياكى يوغان بىر مەخلۇقنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

سالچىلىرىمىز قاپچىغاينىڭ يۇقىرىسىدىكى «ئاق بۇرخان» دېگەن يەردە توختاپ جەم بولۇشتى. دەريانىڭ ئىككى تەرىپى تاكى قاپچىغايغا بارغۇچىلىك ئېگىز تېرەك، تاللار بىلەن قاپلانغان توقايلىق ئىدى. بۇ ئەتراپتا موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان بىر مەھەللىمۇ بار ئىدى. جوماق سەمەتكە سالنى قانداق يەردە توختىتىش ھەققىدە تەلىم بېرىپ كەتتى.

— مانا قارا، سەمەتئاخۇن، سال دېگەننى مانا مۇشۇنداق سۇيى جىمجىت، تىنچ ئاقىدىغان، ئاستى چوڭقۇر گۇلەڭلەردە توختىتىمىز. نېمىشقا دېسەڭ، سۇ تارتىلىپ ئازلاپ كەتسىمۇ سالنىڭ ئاستى يەرگە تېگىپ قالمايدۇ؛ سۇ ئۇلغىيىپ كەتسىمۇ سالنى ئەپقاچالمايدۇ. سالنى ئاشۇنداق سۇ ئەپقاچىدىغان يەرگە باغلاپ قويۇپ ئەتىگىنى قوپۇپ قارىسا سال يوق، سالدىن ئايرىلىپ قىلىپ قىرغاقتا يىغلاپ ئولتۇرغان سالچىلارنى جىق كۆرگەن بىز.

— مەنمۇ قانداق يەردە توختايدىغاننى ئازراق پەملەپ قالدىم،— دېدى سەمەت.

— ھە، خېلى ھوشۇڭ بار كۆرۈنىسەن، سال دېگەنگە قارا كۆچ بولسىلا بولمايدۇ، يەنە پەم بولۇش كېرەك... يەنە كۆزدە، ئەتىيازلاردا سالنى توقايلىق ئىچىدىكى گۇلەڭلەردە توختىتىمىز، نېمىشقا دېسەڭ، دەل ـ دەرەخلەر شامالغا دالدا بولىدۇ، ئىسسىق، قالاي دېسەڭ ئوتۇنى كۆپ؛ يازدا مانا مۇشۇنداق تاقىر، ئوچۇقچىلىق يەرلەردىكى ئەپلىك ئورۇننى تاللايمىز، سالقىن، شامالىلىق بولىدۇ، پاشا ئاز... ھېلىقى ئاكا ـ ئۇكا ھارامزادىلەر بۇ يەردىمۇ كۆرۈنمەيدا؟— دېدى جۇماق ئاكا قىرغاققا چىقىپ.

سالچىلار ئاق بۇرخانغا كەلگەندە ھەر دائىم بىر قوينىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قۇربانلىق قىلاتتى. بۇ ئادەتنى ئەتراپتىكى مالچىلارمۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، بۇ يەردە سالچىلار پەيدا بولۇشى بىلەن، ئۇلارمۇ ساتىدىغان ماللىرىنى ھەيدەپ كېلىشەتتى.

جۇماق ئاكا قىرغاقتىكى ئېگىزرەك يەرگە چىقىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەسەننىڭ سالى بۇ ئەتراپتا كۆرۈنمەمدۇ، دەپ ھە دەپ بويپۇنداپ قاراۋاتاتتى.

— جۇماقكا، ئەجەب سەن شۇ ھەسەن بىلەنلا قالدىڭ؟— دېدى غوجاخۇن،— ئۇنى ئىزدەپ ئادەم ئەۋەتتۇق، يولدا نەچچە يەردە توختاپ كۈتتۇق. مانا ئاق بۇرخانغىمۇ كەلدۇق، يوق. ئەمدى نېمە بولسا ئۆز گۇناھى ئۆزىگە.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن سالدا ئۇ قىمارۋازدىن باشقا يەنە ئىككى - ئۈچ ئادەم بار ئەمەسمۇ... ھېلىقى قاراكۆلدىكى ياغاچچى ئۇستام شۇ سالدا ياردەمچى بولۇپ ماڭغان. يەنە ئۇنىڭ قەشقەردىن چىققان ئىنىسى بار. «يولدا مالچىلارنىڭ بىر قىزىنى بۇلاپ مېڭىپتۇ» دەيسىلەر، شۇنداق بولسا ئۇ سالدا تۆت جان بار، دېگەن گەپ.

— ئاشۇ ھەسەن «يانغاق»نىڭ قىز ئەپقاچقىنىمۇ راستتەك قىلىدۇ جۇمۇ!— دېدى بىرەيلەن.

— راست ئوخشايدۇ،— دېدى يەنە بىرەيلەن،— بولمىسا نېمىشقا بىزگىمۇ كۆرۈنمەي مۆكۈپلا يۈرىدۇ... مەنچە بولغاندا، ئۇ قىمارۋاز ئارقىمىزدا ئەمەس، ئالدىمىزدا، مارالتاشتا قونۇپ، قوۋۇدىن سەھەردە بىزدىن بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ... ماۋۇ ئاق بۇرخاندىمۇ توختىمىغىنىغا قارىغاندا، نېمە بولسام بولاي دەپ ئۆزىنى قاپچىغايغىلا ئاتتىمۇ نېمە؟

— خۇداغا ئامانەت!— دېيىشتى بىرنەچچەيلەن تەڭلا،— بۇ ئويۇنشىدىغان يەرمۇ؟...

— بىزغۇ ھازىر بۇ يەردە ھەر قېتىم توختاپ، بىرەر مالنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قان قىلىپ ئىككى رەكەت...

ھېلىقى نېمە نامازتى، زاكىراخۇن؟— دەپ زاكىراخۇنغا قارىدى جۇماق. ئۇ بايا چۇشلۇك تاماق ۋاقتىدا زاكىراخۇن بىلەن گەپ تەرگىشىپ قالغىنىنى ئۇنتۇپلا قالغانىدى.

— ئىستىخارە نامىزى. بىرەر خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ئالدىدا ئاللادىن ياخشىلىق تەلەپ قىلىپ ئوقۇلىدىغان ناماز،— دېدى زاكىراخۇن جۇماقتا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، جۇماقنىڭ چۈشتە قىلغان گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە بار ئىدى.

— ھە... شۇ نامازنى ئوقۇپ، ئاندىن قاپچىغايغا قاراپ خۇدا دەپ ماڭىمىز، ئىلگىرىكى زامانلاردىكى سالچىلار قانداق قىلاتتىكەن دېمەمسىلەر... ئىلگىرىكى زاماندىكى سالچىلار قاپچىغايدىن ئۆتىدىغان چاغدا بىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئاق بۇرخانغا كېلىپ توختاپ، بىر - بىرىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، بىر - بىرىگە رازىلىق بېرىشىپ ئاندىن يولغا چىقاتتىكەن... ماۋۇ ھەسەن دېگەننىڭ قىلغان ئىشىنى دەيمىنا؟!

— خۇدا ئامانچىلىقنى بەرسۇن!

— قوي سويۇشقىمۇ شۇ ھەسەن دېگەن قىمارۋاز ئۇستا بولىدىغان، ئەمدى قايسىڭ سويىسەن بۇ قوينى؟— دەپ ئەتراپىغا قارىدى جۇماق.

— مەن سوياي!— دېدى غوجاخۇن.

— ھە، ئەمىسە ئاۋۇ مالچىلارنىڭ قولىدىكى قويلاردىن ئوبدانىراق بىرىنى تاللاڭلار.

سالچىلار قازان ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان چېلەكلىرىنى ئاچقىپ ئوتقا قويۇشتى. سال ئۇستىدىكى چاپان - چارىلارنى قىرغاققا تاشلاشتى. بۈگۈن بۇ ئاق بۇرخاندا قونۇپ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىدىغان گەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىدى. قاپچىغايدىكى سۇ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم كەتتى.

— ھەي سەمەتئاخۇن، سەن قىلىدىغان ئىشىڭنى تاپالماي پىرقىراپلا قالدىڭغۇ؟... مەيەرگە، مېنىڭ قېشىمغا كەل، — دېدى جۇماق سەمەتنى يېنىغا چاقىرىپ، — سەنمۇ ئالتە شەھەردىن چىققۇچە ئۇزۇن يولدا خۇدايىمنىڭ خىلمۇخىل مۆجىزىلىرىنى كۆرگەنسەن؟ ئەممازە، ماۋۇ قاپچىغاي دېگەنمۇ ئاجايىپ بىر يەر... خۇدايىم بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق غەلىتە بىر يەرلەرنى يارىتامدىكىن دەيمەن. يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر، ئۆمرۈڭدە بۇ يەرلەردىن تۇنجى قېتىم ئۆتۈۋاتىسەن، ئەتە ئۆزۈڭمۇ بېرىپ كۆرىسەن... شۇنداقتىمۇ مەن ساڭا ئازراق گەپ قىلىپ بېرەي. ئالدىمىزدا قاپچىغاي دەپ بىر تار جىلغا بار. ئىككى تەرىپى ئېگىز تاش، دەريانىڭ ماۋۇ ئالدىڭدا يېيىلىپ ئېقىۋاتقان ھەممە سۈيى شۇ يەرگە بارغاندا ئاشۇ تار قىساڭدىن قىسىلىپ ئۆتىدۇ. شۇ قىساڭنىڭ ئېغىزىدا، ئوڭ تەرەپ قىرغاقتا يېقىن يەردە «كىنىدىك تاش» دەپ بىر تاش بار. مانا، يارانلار ئىگەمنىڭ كارامىتىنى شۇنىڭدىن بىلسەڭ بولىدۇ. بۇ تاشنىڭ تېگىدە چوڭ بىر تۆشۈك، يۇقىرىسىدا ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بىر تۆشۈك بار. سۇ شۇ تاشنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈكتىن ئۆتۈۋاتقان بولسا سالنى ئىككى ئادەم بەخىرامان ھەيدەپ كېتىۋېرىمىز. سۇ تاشنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۆشۈككە ئۆرلەپ چىققان بولسا بىر سالنى تۆت ئادەم ھەيدەيمىز، ھەربىر پالاقتا ئىككىدىن ئادەم بولمىسا كۈچ ئېلىشقىلى بولمايدۇ... ئەييۇھەنناس،

ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى مانا شۇ يەردە سىنىلىدۇ. كىچىك جىرغىلاڭنىڭ قۇيغىنى، چوڭ قايناملاردىن ئۆتۈپ قاپچىغاينىڭ ئىچىگە شۇڭغۇدۇڭما، بولدى، كارامەتنى كۆرىسەن... سۇ سالنى ئايرىپ ماۋۇ تاشتىن ئاۋۇ تاشقا ئۇرۇۋاتقان، سال مەيەردىن چۆكۈپ باشقىلا بىر يەردىن چىقىۋاتقان، بىر قارىساڭ دەريانىڭ دولقۇنلىرى دېگەن بېشىڭدىلا يۈرگەن... كىچىك روزىنىڭ تېشى، يۈسۈپ چوڭنىڭ تېشى، ئىمىن ئۇزۇننىڭ تېشى دېگەندەك بىر ـ بىرىدىن يامان تاشلار بار. ھەممىسىلا ئۆز زامانىسىدا شۇ يەردە خەتەرگە ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تاشلار... ئەگەرچەندە سەللا بوشاڭلىق قىلساڭ ئۆلۈپلا كېتىسەن، باشقا گەپ يوق. سېنى قورقۇتۇۋاتقىنىم ئەمەس، ئۇكا، گەپنىڭ راستى شۇ... تېخى ئەتىيازدىلا بۇ يەردە مەسۇم دەپ بىر ئاغىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئۆزىمۇ ماڭا ئوخشاش تاز نېمىنتى، ئەمما ناخشا دېگىنىڭنى شۇنداق چىرايلىق ئېيتاتتى.

ئاسماندىكى لاچىننى،
بىلىكىمگە ئۆگىتەي.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
ناخشا بىلەن تۆكەتەي...

دەپ ھەممە دەردنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپلا تۆكەتتى. قاپچىغاينىڭ ئىچىدە سال كۆمتۈرۈلۈپ كېتىپ ئۆلۈكىنى تۆۋەندىن سۈزۈۋالدۇق... ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، خۇدا ئوڭۇشلۇق بەرسە يەنە ھېچ ئىش يوق. خۇدايىم بۇيرۇسا، سالىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



قاپچىغاينىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يېرىم ئۆتكەل دېگەن يەرگە ئاپىرىپ مەھكەم باغلاپ قويۇپ، يەنە پىيادە ئارقىمىزغا يېنىپ كېلىپ قالغان سالىلارنى ئۆتكۈزىمىز، سالچى دېگەن سالنى مۇشۇ قاپچىغايدىن سالامەت ئۆتكۈزۈۋالسىلا: «خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى سال ئۆزۈمنىڭ بولدى» دەيدۇ. قاپچىغاينىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ ئانچە ـ مۇنچە خەتەرلىك يەرلەر بار. ئەمما، قاپچىغايدەك يامان ئەمەس، شۇڭا ئىلگىرى سالچىلار:

قارا كۆرە قاپچىغاي،
تارتىمىز كۆرەك چارچىماي.
قاپچىغايدىن ئۆتكەندە،
ئاغزىمىزدا لايىلاي...

دەپ قوشاقلارنى قاتقانىكەن، قاپچىغايدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن قولاقنى تۇتۇپ، ناخشا توۋلاپ كېتىۋېرىدىغان گەپ...

ــ شۇڭا سۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئادەم كېتىپتۇ ـ دە؟

ــ ھەببەللى، چۈشەندىڭ.

غوجاخۇن قوينىڭ پۇتىنى باغلاپ، دەريانىڭ گىرۋىكىگە ئەكېلىپ «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ پىچاق ئۇرۇپ، قېنىنى دەريا سۈيىگە ئېقىتتى. قويۇق قان سۇغا شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈپ بارغانسېرى رەڭگى سۇسلاپ دەريا يۈزىگە يېيىلىپ كەتتى، غوجاخۇن قوينى بىر سىگە تارتىپ تېرىسىنى ئاجراتقىلى تۇردى. جۇماق ئاكا غوجاخۇننىڭ بېشىغا كېلىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— ھەسەن دېگەن ھارامزادە قوي سويۇشقىمۇ شۇنداق ئۇستا ئىدى! — دېدى.

— قانداق، مېنىڭ سويۇشۇم يارىمايۋاتامدا؟

— سەنمۇ پاكىز سويىدىكەنسەن. ئەمما، ھەسەن قىمارۋاز ھەش - پەش دېگۈچە بىردەمدىلا قوينىڭ ئۆپكە - قېرىن، كاللا - پاقالچەك، تېرىلىرىنى بىر تەرەپكە ئايرىپ، گۆش دېگەننى پىچاقنى تاق قىلىپ بىرەر سۆڭەككە تەگكۈزمەي، چىرايلىق پارچىلاپ قازانغا تاشلاپ بولاتتى.

— ئۇ دېگەن قاسساپنىڭ بالىسىكەن ئەمەسمۇ، دادىسى قەشقەردە داڭلىق قاسساپمىش...

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى سەمەت، — قادىر «بىلەي» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوقكەن.

— شۇنىڭغا ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، — دېدى جۇماق ئاكا، — ھەر قېتىم قاپچىغايغا كەلگەندە ئۇنىڭ سالىنى «ھە - پە» قىلىپ بىز ئۆتكۈزۈشۈپ بېرىدىغان، بۇدا ئۆزىلا ئۆتكۈزۈپ كەتكەندىمۇ؟ خۇدا ئامانچىلىقنى بەرسۇن!

كېچە سەمەتنىڭ كۆزىگە يەنە ئۇيقۇ كەلمىدى. تۈن ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار چاقنايتتى. ئەتراپتىن ھېرىپ ھەر تەرەپكە قىيسىيىپ ياتقان سالچىلارنىڭ خورەك ئاۋازلىرى كېلەتتى. دەريا سۈيى بوغۇق شارقىرايتتى. تۈن قۇشلىرى يېنىك پالاقلاپ توقايلىقلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. تەبىئەت سىرلىق شىۋىرلاش - شىلدىرلاش، دولقۇنلارنىڭ قىرغاققا شالاقشىپ ئۇرۇلۇشلىرى بىلەن نەپەس ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى... سەمەتنىڭ كۆز ئالدىغا يىراقلاردا قالغان مەھەللىسى كېلەتتى. قاقاس

چۆللۈكلەر ئىچىدىكى بۇ يېگانە يېزا ئەتراپىدىكى ئۈنۈمسىز ئېتىزلار، قىيسىيىپ كەتكەن دېھقان ئۆيلىرى ئارقىسىدىكى يوپۇرماقلىرىنى ئېغىر چاڭ باسقان جىگدىلىك كىچىك باغچىلار، مەھەللە ئىچىدە بۈككىدە تېرەكلىك ئارىسىدىكى تىپتىنچ ياتقان كۆل، كۆل بويىدىن سۇ ئېلىپ يانغان قىزلار بىلەن يەنە باشقىچە گۈزەل ئىدى. سەمەت ئەنە شۇ مەھەللىدە يولنىڭ قىزىق توپىلىرىنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ يۈرۈپ چوڭ بولغانىدى. ئاندىن تەقدىر ئۇنى بىردىنلا قەشقەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلۇق كوچىلىرىغا تاشلىدى. ھەزرەتنىڭ سەيلىسىدە ئۇ بىر ناتونۇش خوتۇننىڭ قولىدىن بىر ئاپقۇر مۇسەللەسنى ئېلىپ ئىچىپلا باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى. ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇ كىملەر بىلەندۇر ياقا سىقىشتى... شەھەر چېتىدىكى ھېلىقى باغدا خېنىملار قىلغان نەغمىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە... بىر كۈنلەردە سەمەت ئۆزىنى ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان چۆل يوللىرىدا كۆردى. ئەتراپىدا ناتونۇش ئادەملەر ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. باغرى يۇمشاق ئوسمان ئۇلاغچى، ئاغزى بىسىلماي پاراڭ سېلىپ ماڭىدىغان ئۆمەر مەدداھ، خوتۇن كىشى بىلەن قىمارنى كۆرسە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ھۆسەن بايۋەچچە، ئۆمەر مەدداھنىڭ ئىخلاسمەن چاكىرى قوۋۋان «ئەزمە»... ئۇلار يول بويى مۇز داۋاننىڭ دەھشەتتى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ماڭدى. مۇز بىلەن قاپلانغان داۋاندا ئۇلاغلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ، مۇزلارنىڭ چارسىلداپ يېرىلغان ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ سۈكۈت ئىچىدە مېڭىشتى.

ئۆمەر مەدداھ نەق شۇ داۋان ئۈستىدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا سىرلىق ھالدا غايىب بولۇپ كەتتى... مۇز داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن سەمەت يەنە باشقىلا بىر دۇنيانى كۆردى. بۇ يەردىكى تاغلار ياپيېشىل قارىغايلار بىلەن قاپلانغانىدى. چەكسىز ئوتلاقلاردا ماللار ئوتلايتتى. يەنە بۇ يەردىمۇ ھېچكىم بەختلىك ئەمەستەك ئىدى... قاراكۆلگە كەلگەندە ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن قوۋان ئۇلاغلارنى ھەيدەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. ھۆسەن بايۋەچچە ئاكىسى ھەسەننى تېپىپ سالچىلار ئارىسىدا قالدى. سەمەتچۇ؟ يىراقلاردا قالغان ئانىسى ئۇنىڭغا «ئاكاڭنى ئىزدەپ تاپ!» دەپ تاپىلىمىغانمىدى؟ سەمەتمۇ ئاكىسىنىڭ خەۋىرىنى ئىگىلەپ سالچىلار بىلەن قالغانىدى. لېكىن، ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن مەمەت دېگەن سالچى توغرىسىدا بىرەر گەپ ئاڭلىمىدى. ئۇ ئۇنچىقماي كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى، چىرايىغا قارايتتى. «مەمەت» دېگەن ئىسىم تاسادىپىي ئاڭلانغۇدەك بولسا چۆچۈپ ئەتراپقا سەپسالاتتى. ھۆسەن بايۋەچچە ئاكىسى ھەسەن بىلەن يوقاپ كېتتۇدى، سەمەت ئۆزىنى تېخىمۇ غېرىب ھېس قىلدى... قاپچىغاينىڭ خەتىرى توغرىسىدىكى گەپلەر خۇددى مۇز داۋان توغرىسىدىكى ھېكايىلەردەكلا ۋەھىملىك ئىدى. بۇگۈن سەمەت ئۆزىنى خۇددى مۇز داۋانغا يامىشىش ئالدىدا، تامغاتاشتا ياتقاندەك ھېس قىلدى... شۇ خىياللار بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قاچان ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى.

جۇماق سالچىلارنى سەھەردىلا ئويغاتتى.

— قېنى تۇرۇڭلار، ئاغىنىلەر، تۇرۇپ كېتىڭلار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇگۈن ھاۋا ياخشىكەن، تاھارەت ئېلىپ نامىزىمىزنى ئۆتەپ، ئەتىگەنرەك مېڭىپ كېتەيلى.

زاكىراخۇن ئىمامەتچىلىكتە تۇردى. سالچىلار ئىككى رەكەت ئىستىخارە نامىزىنى ناھايىتىمۇ ئىخلاس بىلەن ئۆتەشتى. زاكىراخۇن بىرىنچى رەكەتتە سۈرە كافىرۇننى، ئىككىنچى رەكەتتە ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئانىڭ ئاخىرىنى «ئىباراخۇدايا، ئۆزۈڭ ھەممىگە قادىر، جىمى مۆمىنلەرگە خاتىرجەملىك نېسىپ قىلغايسەن، بالا ـ قازا، يامانلىقلاردىن يىراق ئېتىپ، مۇشكۇللىرىمىزنى ئاسان قىلغايسەن» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ چۈشۈردى.

ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى دەسلەپتە يىراقتىكى تاغ چوققىلىرىدا ئەكس ئېتىپ، بارغانسېرى كەڭ دالاغا يېيىلماقتا ئىدى. دەريا دولقۇنلىرى قۇياش نۇرىدا ئۇششاق جىمىرلاپ كېلىپ قىرغاقلارغا، توختىتىپ قويۇلغان سال ياغاچلىرىغا شالاپشىپ ئۇرۇلاتتى. قۇياش پۈتۈن تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرى بىلەن تولدۇراتتى. رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى ئەتراپىدا كېپىنەكلەر پەرۋاز قىلاتتى. ئوتلاقلار قۇياش نۇرىدا توق يېشىل بولۇپ تاۋلىناتتى. تېكەس دەرياسىنىڭ يۈزىدە ئاسماندىكى ئاپپاق بۇلۇتلار ئەكس ئېتەتتى. ھەممە نېمە شۇنداق تىنچ، شۇنچىلىك بىخەتەر كۆرۈنەتتى. قاپچىغاي جىلغىسى ئىچىدە بولسا دەريا دولقۇن كۆتۈرۈپ تاشلارغا تاشلىناتتى. يۇقىرىدىن شارقىراپ چۈشكەن سۇ قايناملار ھاسىل قىلىپ تولغىناتتى. قىرغاقلاردا سانسىز بۇژغۇنلار كۆۋەجەيتتى...

دەسلەپتە جۇماق بىلەن سەمەتنىڭ سېلى يولغا

چىقتى. ئۇنىڭغا يەنە ئىككى ئادەم سەپلىنىپ، ئالدى ـ كەينى پالاقتا ئىككىدىن تۆت ئادەم ھازىر بولدى. دەريا سۈيى كىندىك تاشنىڭ ئۈستۈنكى تۆشۈكىگە ئۆرلەپ چىققان بولۇپ، سۇ ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ ئىدى. جۇماق سالنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇۋېلىپ، ئەسكەرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان قوماندانەك بۇيرۇق قىلاتتى.

ــ ھاي ـ ھاي، ئۈيقۇڭنى ئېچىش...! كىچىك جىرغىلاڭ سۈيىنىڭ قۇيغىنىغا كېلىپ قالدۇق... پالاقنى باس... پالاقنى!

مۇنداق يەردە پالاقنىڭ سال ئۈستىدىكى بېشىنى بېسىپ، پالاق گۈرجىكىنى سۇدىن چىقىرىپ تۇتۇپ تۇرمىغاندا ياندىن ئىتتىك كېلىپ تېكەس دەرياسىغا قۇيۇلۇۋاتقان سۇ سال گۈرجىكىگە كېلىپ قاتتىق ئۇرۇلاتتى ـ دە، سال ئۈستىدىكى پالاقنىڭ تۇتقىسىنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنى بەزىدە سىلكىپ سۇغا ئېتىۋېتەتتى... ئۇدۇلدا يەنە تىك بىر خادا تاش قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ــ سولغا، سولغا تارت!ــ دەپ ۋارقىرايتتى جۇماق.

دەريانىڭ سول تەرەپ قىرغىقىدا سۇغا ئۇسۇپ چىققان يەنە بىر خادا تاش تۇراتتى.

ــ ئوڭغا تارت... ھەي ئالتە شەھەرلىك، ئوڭغا دەۋاتىمەن، ئاۋۇ چاپان تەرەپكە تارت !

سالچىلار بايىقى خادا تاشنىڭ ئوڭ بىقىنىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى. ئەمدى دەريا سۈيى يىغىلىپ بىرىپ قاپچىغاي جىلغىسى ئىچىگە قۇيۇلاتتى. تۆۋەن تەرەپ چوڭ قاينام بولۇپ، بەزىدە سال بۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سائەتكىچە چۆرگۈلەپ تۇرۇپمۇ قالاتتى، بەزىدە كۆمتۈرۈلۈپمۇ كېتەتتى... سالچىلار تۆۋەنلەپ چۈشۈشكىلا سۇ سال ئۈستىدىكى ئادەملەرنىڭ تىزىغىچە ئۆرلىدى ـ دە، سال يەنە سۇ يۈزىگە لەپپىدە كۆتۈرۈلدى... سال قايسىبىر تاشلارغا تېگىپ قاراسلاپ، پالاقلار ئۆز ئوقىدا ئېچىنىشلىق غىچىرلايتتى. بەزىدە دەريا سۈيىنىڭ قاتتىق شاۋقۇنىدا سالچىلارنىڭ «ئوڭغا، سولغا... جە!①» دەپ ۋارقىراشلىرىمۇ ئاڭلانماي قالاتتى...

ئىككىنچى قېتىمدا غوجاخۇن ھەيدىگەن سال ماڭدى.

— ھاي، جاپپار ئۇكا، — دېدى غوجاخۇن، — سەن سالغا چىقماي، قاپچىغاينىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاۋۇ دۆڭ تەرەپتىكى يول بىلەن پىيادىلا ئۆتۈپ كەتسەڭ بولامدىكىن؟

— نېمىشقا؟ — دېدى جاپپار، — مەنمۇ پالاق تۇتۇپ «ھە ـ ھۇ» دېيىشىپ بېرەي.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ماۋۇ قاپچىغاينىڭ ئىچى بەك خەتەرلىك، ئۇكا، سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسەن؟

— «سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسەن؟» دەپ سوراپ يۈرگىنىڭنى قارا، بىلمەي... ئىلى دەرياسىدا ئۈزۈپلا چوڭ بولغان ئادەمغۇ بىز... كىچىك چاغلىرىمىزدا پادىچىلارغا ئەگىشىپ دەريا بويىغا چۈشۈپ، موزاي ـ تورپاقلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئاراللارغا ئۆتۈپ ئويناپ ھارمايتتۇق. پاھوي، ئۇ كەملەردىكى سۇنىڭ جىقلىقىنى دېمەمسەن... يەنە كېلىپ ئۇ دېگەن ئىلى دەرياسى دېگىنە، ئاكا، ماۋۇ تېكەس دەرياسىغا كۈنەس، قاش دەريالىرى

---

① جە — بولدى دېگەن مەنىدە.

قېتىلىپ، ياماتۇدىن ئۆتكەندە ئاندىن ئىلى دەرياسىغا ھېساب بولىدۇ، شۇنداقتۇ؟
ــ تولا كۇپۇرلۇق سۆزلىمە،ــ دېدى غوجاخۇن،ــ ماۋۇ دېگەن تاغدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان ئەركەك سۇ، سەل چاغلىساڭ بولمايدۇ جۇمۇ... كۆندۈرۈلمىگەن شاش ئاتقا مىنىپ باققانمۇ؟... ھە، ئىككىسى بىر گەپ!
ــ مەيلى ئەمەسمۇ، كۆپ نېمە بولسا مەنمۇ شۇ،ــ دېدى جاپپار. غوجاخۇن جاپپارغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە:
ــ ئەمىسە ئىختىيارىڭ، چىقە سالغا!ــ دېدى.

※ ※ ※

جۇماقنىڭ گۇرۇپپىسى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى يۈرۈش ناھايىتىمۇ كۆڭۈلسىز سەپەر بولدى. بېلىقسۇدىن ئۆتۈپلا ھەسەن بىلەن ھاپىزئاخۇن ھەيدىگەن سالنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ھازىرغىچە يا ئادىمىنىڭ، يا ياغىچىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. قاپچىغاينىڭ ئىچىدىن غوجاخۇننىڭ سالىنى ھەيدىگەن تۆت ئادەمنىڭ ئۈچى سال بىلەن ساق چىقىپ يېتىپ كەلدى. جاپپار غايىب بولغانىدى. شۇ تاپتا جۇماق قىرغاقتا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتاتتى.
ــ ھاي غوجاخۇن،ــ دەيتتى جۇماق،ــ قارىغايدەك يوغانلا بىر ئادەم سالنىڭ ئۈستىدىن قانداق غايىب بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇبدانراق بىر چۈشەندۈرگىنە.
غوجاخۇن باياتىن بېرى نەچچە دېگەن گەپلىرىنى يەنە قايتىلاپ چۈشەندۈرگىلى تۇردى.

— دەۋاتـمـەنغۇ... ئـاشۇ قايناـامغا بـارغـاندا سال بـىـر چۆكتى. «يا ئاللا!» دېيىشىپ ۋارقىراپلا قالدۇق. خۇدا ئۆزى ئوڭۇشلۇق بەردىمۇ، سال يەنە سۇنىڭ ئۈستىگە لەپپىدە لەيلەپ چىقتى. قارىسام ھەممەيلەن ساق، يېنىمدىكى جاپپار يوق. «ھاي جاپپار!» دېيىشىپلا ۋارقىرىشىپ قالدۇق. سال قايناـامدىن چىقىپ تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۆزۈڭ دەپباقە، قاپچىغاينىڭ ئىچىدىكى قاينام سالنى توختىتىپ قويۇپ ئادەم ئىزدىگىلى بولىدىغان يەرما؟...

— ئەستاغپۇرۇللا، — دەيتتى جۇماق، — سەنمۇ نېمە بۇ قاپچىغاينىڭ خەتىرىنى بىلمەيدىغاندەك سال ھەيدەپ باقمىغان ئادەمنى سالغا سېلىۋالغانتىڭ؟

— جاپپارنى قاراكۆلدە ئۆزۈڭ سالغا سېلىۋاپتىكەنسەن، — دېدى غوجاخۇن، — مېنىڭ ئاۋۇ يـاردەمچىم ۋاقـقاسنىڭ تىلىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىسەن؟ جاپپارنى بىلىقسۇدىن ئۆتكەندە پاراڭلىشىپ ماڭايلى، دەپ مەن سېلىۋالغان. ئەتىگەن ئاق بۇرخاندىن يولغا چىقىدىغان چاغدا مانا باشقىلارمۇ بارغۇ، دەپباقسۇن! مەن ئۇنىڭغا: «ئۇكام، ماۋۇ قاپچىغاينىڭ ئىچى بەك خەتەر، سەن ئۇ تەرەپكە پىيادىلا ئۆتۈپ كەت!» دەپ يولنىمۇ كۆرسىتىپ قويدۇم، «كۆپ نېمە بولسا مەنمۇ شۇ» دەپ پەقەت ئۇنىمىدى. «بوپتۇ ئەمىسە، مېنىڭ يېنىمدا تۇر» دەپ ئۆزۈمنىڭ قېشىغا ئەكىلىۋالغانىدىم.

— سۇ بىلەمدىكەن؟

— سۇ... سۇ... سۇ...

غوجاخۇننىڭ ياردەمچىسى ۋاققاس بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ كېكەچلەپ گەپ باشلىۋىدى، غوجاخۇن ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپلا سۆزلەپ كەتتى.

ــ «ھەي جاپپار، سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىسام، «ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىدە بېلىقتەك ئۈزۈپ چوڭ بولغان» دېگەن...

ــ ھودۇققانىڭ ئىشى،ــ دېدى سالچىلارنىڭ بىرى،ــ قاپچىغاينىڭ ئىچىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم سۇ بىلسىلا ھودۇقماي ئۈزنى سۇنىڭ ئېقىمىشىغا قويۇپ بېرىپ مېڭىۋەرسە قاپچىغايدىن ئۆتكەندە قىرغاققا سالامەت چىقىدۇ.

ــ ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، رىزقى شۇنچىلىك،ــ دېدى يەنە بىر سالچى.

ــ نېمە ھەممىڭ ماڭىلا قاراپ تۇرۇشىسەن؟ــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى جۇماق ئەتراپىدىكىلەرگە،ــ جاپپارنى ئىزدەشمەمسەن!... ۋاي خۇدايىمەي، مەن ئۇنىڭ ئانىسىغا بۇ خەۋەرنى قانداق يەتكۈزەرمەن... ھايات بولسا تىرىكىنى، ئۆلگەن بولسا جەستىنى تېپىڭلار!...

تېخى بۇ گەپلەرنىڭ ئايىغى بېسىلماي تۇراتتى. زاكىراخۇن ھەيدىگەن سالنىڭ چۆۋۈلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى... قاپچىغاي جىلغىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا «ئۇچتاش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خەتەرلىك يەر بار ئىدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىدا بىر تاش، ئىككى قىرغاق تەرەپتە بىردىن ئىككى تاش چوقچىيىپ تۇراتتى. جىلغىدىن ئىتتىك ئېقىپ كېلىۋاتقان دەريا سۈيى ئوتتۇرىدىكى قارا تاشقا ئۇرۇلۇپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كېتەتتى. زاكىراخۇننىڭ سېلى قاپچىغاينىڭ ئىچىدىن سالامەت چىقىپ، ئۇچتاشقا كەلگەندە ئۇدۇل كېلىپ ئوتتۇرىدىكى تاشقا ئۇرۇلۇپ چۆۋۈلۈپ كەتكەنىدى...

قىرغاقتىكى سالچىلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇشەققەتتە ئادەملەر بىلەن سال ياغاچلىرىنى سۈزۈۋېلىشتى. ھەرنېمە بولسا بۇ سالدىكى ئادەملەر ھايات ئىدى... جوماق چۇۋۇلغان سالنىڭ ياغاچلىرىنىڭ بېشىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈلگەن تال ئارغامچىسىنىڭ بىر پارچىسىنى قولىغا ئېلىپ دىققەت قىلىپ قارىدى ـ دە، ئارغامچىنى كۆتۈرۈپ زاكىراخۇننىڭ قېشىغا كېلىپ سۆزلەپ كەتتى.

ــ سىلەرزە، زاكىراخۇن، «خۇدا ئۆزۈڭ ساقلارسەن» دەپ قولۇڭلانى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلساڭلارلا بولامدا؟... ماۋۇ سال باغلىغان ئارغامچاڭلارغا قاراڭلار، «سەۋەب قىل، تەلەپ قىل» دېگەن گەپ بارغۇ؟... مۇشۇنداق ئىشتانباغلىقمۇ يارىمايدىغان بىرنېمىنى ئارغامچا دەپ ئېشىپ سال باغلىساڭلا چۆرگۈلەپ كەتمەي نېمە بولىدۇ...

لېكىن، زاكىراخۇننىڭ جوماقنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگۈدەك ھالى يوق ئىدى. زاكىراخۇننى سۇدىن سۈزۈپ چىقىپ قىرغاقتا ياتقۇزۇپ قويۇشقانىدى. ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچماي، ئېغىر نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. جوماق سۆزىنىڭ سەل ئوشۇق كەتكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، زاكىراخۇننىڭ بېشىدىن نېرى كەتتى.

بىر ـ ئىككى سالچى چۇۋۇلغان سالنى باشقىدىن قۇراشتۇرۇشقا باشلىدى. بىرقانچەيلەن جاپپارنى ئىزدەپ قاپچىغاي سۈيىنى ياقىلاپ يۇقىرىلاپ ماڭدى. دەريا دولقۇنى بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئىلگىرىلەيتتى. قاپچىغاي جىلغىسى ئىچىدىن سۇنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ گۈركىرىگەن بوغۇق ئاۋازى كېلەتتى. جاپپارنىڭ قارىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

— ھېچبولمىغاندا، ماۋۇ جاپپار دېگەن ئاغىنىمىزنىڭ بىرەر يەرگە لەيلەپ چىقىپ قالغان دوپپىسى بولسىمۇ كۆرۈنمەيدا؟ — دېدى بىرەيلەن.

— بۇ ئاغىنىمىزنى بۇ يەردە ئىزدەپ ئاۋارە، — دېدى يەنە بىر سالچى، — كىم بىلىدۇ، ئۇ قاپچىغايدىن بىرلا باش چۆكۈرۈپ شەھەردىنلا چىققان بولسا، چوڭ كۆۋرۈكتە ھارىقىنى ئىچىپ، ئويۇنىنى ئويناپ يۈرەمدۇ تېخى...

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ، ئاغىنىلەر... ئاڭلىساق، مۇشۇ جاپپارنىڭ ئاكىسىمۇ شەھەردە بىر قۇدۇقتا چۈشۈپ يوقاپ كېتىپ كۈچادا پەيدا بولۇپ قاپتىكەن... كۈلۈشلەرغۇ؟... ئاڭلىغان گەپ، ئەمدى راست - يالغىنىنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ... ماۋۇ جاپپارمۇ بۇ قاپچىغايدىن باش چۆكۈرۈپ، كۈچادىكى ئاكىسىنىڭ يېنىدىن چىقتىمۇ، دەيمىنا؟...

— ئۇنداق ئوڭاي ئىش بولىدىغان بولسا، يۇرتىمىزغا كېتەلمەي يۈرگەن يېتىمچىلارنىڭ ھەممىسى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئاۋارە بولماي، مۇشۇ قاپچىغايغىلا كېلىپ باش چۆكۈرىدۇ - دە...

— جاپپار يېتىپ كەتكەن ئاكىسىنى سۇنىڭ ئاستىدىن ئىزدەپ يۈرەمدۇ - يە؟...

باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ گەپلەرنىڭ ئاخىرى چاقچاققا ئايلىنىپ كەتكىلى تۇرغانىدى.

— ئەتىيازدا سېلى دۆم بولۇپ كەتكەن مەسۇمنىڭ جەسىتىمۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاۋۇ ئاياغ تەرەپتىن چىققان... جاپپارنى بۇ يەردىن ئىزدەپ ئاۋارە بولمايلى، قاپچىغاينىڭ ئىچىدىكى بۇ ئىتتىك سۇدا جەسەت

تۇرامدۇ؟... بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئاياغ تەرەپتە بىر يەردىن چىقىدۇ... يۈرۈڭلار!

سالچىلار جاپپارنى ئىزدەپ تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قايتىشتى. ئۇلار ئۇچۇن ئۆلۈم دېگەن مۇشۇنداق قاش ـ كىرپىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىلا ئىش ئىدى. قاپچىغايدىن يەنە بىر نۆۋەت ئۆتكەندە بۇ ئەجەل كىمنىڭ بېشىدا ئەگىيدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇلار ئۆلگەنلەر ئۈچۈن بىردەملىكلا قايغۇرۇشاتتى ـ دە، يەنە ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىشەتتى...

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## بەشسالا

تېكەس دەرياسى توققۇزتارا تەۋەسىگە كىرگەندە قاپچىغايدىن ئۆتۈپلا سولغا بۇرىلىپ كۈنەس چېگراسىنى ياقىلاپ ئاقاتتى. دەريا قارابۇغرا① كېمىسى بار ئورۇندىن ئۆتۈپ تاكى كۈنەس دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇشىغا يېتىپ بارغۇچە تەرەپ ــ تەرەپكە يېيىلىپ كېتەتتى، شۇڭا بۇ يەر «بەشسالا» ئاتالغانىدى. دەريا بۇ يەردە تارماق ئېقىنلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، بەزى سۇ كۆپ چاغلاردا سالچىلار ئاساسىي ئېقىننىڭ قايسىلىقىنى پەرق قىلالماي، باشقا تەرەپلەرگە كېتىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. بەشسالانىڭ ئىچى يول تېپىپ چىقىپ كېتەلىگەن سالچىغا بىرقانچە سائەتلىكلا يول ئىدى. يول تاپالمىغانلار نەچچە كۈن ئاۋارە بولاتتى. ھەسەن بىلەن ھاپىز ئاخۇن ھەيدىگەن سال مەدىيان، قاپچىغاي دېگەندەك خەتەرلىك جايلاردىن سالامەت ئۆتۈپ، مانا مۇشۇ بەشسالاغا كېلىپ توختاپ قالغانىدى. سالچىلار مۇنداق سال تېيىز يەرگە بېرىپ قېلىپ، ئاستى يەرگە تاقىشىپ توختاپ قالغان ئەھۋالنى «سال قېپىداپ قالدى» دېيىشەتتى.

---

① قارابۇغرا ــ كۈنەسكە تەۋە بىر ئورۇننىڭ ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئەستا! — دەيتتى ھەسەن جىملە بولۇپ، — شۇنچىۋالا يەردىن سالامەت ئۆتۈپ ماۋۇ بەشسالاغا كەلگەندە بولۇۋاتقان ئىشنى...

ھەسەن تازا تەجرىبىلىك سالچىلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ جۇماق ئاكىغا ئەگىشىپ مېڭىپ باش پالاقنى تارتىپ يۈرگىنىگىمۇ ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئاياغ پالاقنى تارتىپ ماڭغان ھاپىز ئاخۇنمۇ ئەسلىي سالچىلارنىڭ پالاقلىرىنى چاپىدىغان بىر ياغاچچى ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۈچ كۈن ھەپىلىشىپمۇ بەشسالا ئىچىدىن يول تېپىپ چىقىپ كېتەلمىدى.

يەنە يېڭى بىر تاڭ ئاتتى. كۈنچىقىش تەرەپ قىزىرىپ دەسلەپتە كۆكتىكى ئاقۇچ بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە، ئاندىن ئېگىز تاغلارنىڭ قارلىق چوققىلىرىدا ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرى پەيدا بولدى. سەھەرچى قۇشلار ئاللىبۇرۇن ئويغىنىپ يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئۆز نەغمىلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى. سۇلار ئۇستىدە ئۇششاق جىمىرلاشلار ھاسىل بولۇپ، دەريا ئۆزىنىڭ يېنىك شاۋقۇنى بىلەن قىرغاقلارغا نىمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. پۈتكۈل تەبىئەت ئويغانماقتا، قۇياش نۇرىغا چۈمۈلمەكتە ئىدى... تەبىئەتنىڭ بۇ تىنىقلىرىنى، بۇ سىرلىق پىچىرلاشلاردىكى مەنىلەرنى پەقەت تەبىئەت ئۆزىلا چۈشىنەتتى. ئۇنىڭدىن تالاي شائىرلار ئىلھام ئېلىپ تەسىرلىك نەزمىلەرنى تىزدى، مۇزىكانتلار ئاجايىپ مۇزىكىلارنى ئىشلىدى، پەيلاسوپلار قېلىن كىتابلارنى يازدى. لېكىن، تېخى ھېچكىم ئۇنى تولۇق ئىپادىلەپ بولالمىدى... شۇ تەبىئەت قىزنىڭ قەلبىنى ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى ھېسلار بىلەن تولدۇراتتى.

قىز ئويغىنىپ ئەتراپتىكى كۆپكۆك يېيىلىپ ياتقان توقايلارغا قاراپ كېرىلدى، ئاندىن مۈزدەك سۇدا يۈزىنى راھەتلىنىپ يۇيۇپ، چاچلىرىنى تۈزىدى، توقايلىق ئىچىدىن قۇرۇق ئوتۇنلارنى يىغىشقا باشلىدى. ئۇ سالچىلارغا ئەتىگەنلىك چاي قاينىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ بىرقانچە كۈنلۈك يولدىكى جىددىيچىلىك، ھەرقاچان باشقا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆلۈم ۋەھىمىسى قىزغا ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ مۇشۇ ئادەملەر بىلەن باغلانغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنىدى.

سالدىكىلەر نۇرغۇن كوچىلاپ سوراشلار ئارقىلىق قىزنىڭ ئىسمىنىڭ گۈلى ئىكەنلىكىنى، بوۋىسى بىلەن موماسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان يېتىم قىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. قىز ئاز گەپ قىلاتتى، يەرگە قاراپ يىغلاپلا تۇراتتى.

— قىزىم، سەن خاتىرجەم بول، — دەپ بەزلەيتتى ھاپىزئاخۇن گۈلىنى، — بىز شەھەرگە يېتىپ بېرىپ ياغاچچىنىڭ ئىگىسىدىن كىرا ھەققىمىزنى ئېلىپلا، ئاندىن سېنى باشلاپ موماڭ بىلەن بوۋاڭنىڭ ئالدىغا چىقىمىز، سەن شەھەرنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمىگەن.

— مانا كۆرىسەن، ئاجايىپ بىر يەر، دۇكانلىرىدا قىز - يىگىتلەرگە لايىق ھەر خىل رەخت، موماي - بوۋايلار ياخشى كۆرىدىغان قەنت - ناۋات ھەممە نېمە بار. ھەممىسىدىن ئالىمىز، بوۋاڭ بىلەن موماڭنىڭ ئالدىغا قۇرۇق بارساق بولمايدۇ - دە!

— مېنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ بوۋام بىلەن مومام نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ — دەپ يىغلايتتى قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇلار شۇنداق ئويلىغان بىلەن سەن تېخى ھاياتتە، قىزىم. ئويلىغىنە، ئۇلار سېنى قايتا كۆرگەندە قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر؟ ھەقىچان ئۇلار سېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يەنە يىغلىشىپ كېتىدۇ؛ سەنمۇ ئۇلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىسەن، ۋاھ، شۇلارنى ئويلىسام مېنىڭمۇ يۈرىكىم دۇپۇلدەپ كېتىۋاتىدۇ.

— بوۋامنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى يامان، سىلەرنى كالتەكنى ئېلىپ قوغلايدۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ ئۆزىنى ھەيران بولغانغا سالاتتى ھاپىز ئاخۇن.

— بىز تەرەپتە قىز ئەپقاچقاننى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ.

— بوۋاڭ قىرغاقتا قالغان بىر چېلەك سۇ بىلەن ئەپكەشنى كۆرۈپلا: «ھەقىچان قىزىم يەنە بىر چېلەككە سۇ ئالىمەن، دەپ ئېڭىشىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىمىدى. بىزمۇ سېنى ئەپقاچتۇق دېمەيمىز — دە.

— نېمە دەيسىلەر؟

— «قىز سۇدا ئېقىپ كېتىپتىكەن، سۇزۇۋالدۇق، قىز ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرگىچە سال ئۇ يەردىن يىراقلاپ كەتتى، ئارقىغا قايتىشنىڭ ئامالى بولمىدى» دەيمىز. بوۋاڭ تېخى بىزگە رەھمەتنى ئېيتىدۇ... مەيلى ئۇلار سېنى بىرنەچچە ۋاقىت ئۆلدى، دەپ تۇرسۇن. ئاخىرىدا ئۇلارنى بىر خۇش قىلىۋېتەيلىكى ھەيرانلا قالسۇن! خۇشاللىقتا يايلاقتىكى قوزا — تايچاقلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەمدىكىن، دەيمەن.

ھەسەننىڭ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۇچۇن بىرىنچى قىلغان ئىشى ــ يولدا توختىغان يەردە كۆتەكتە ئولتۇرغۇزۇپ گاڭ ئۇستىرا بىلەن ئىنىسى ھۇسەننىڭ ساقىلىنى ئېلىشى بولدى. ئۇ ئاۋۋال نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن يالاندى بىلەن ھۇسەننىڭ ساقاللىرىنى ئۇزاق سوپۇنلاپ يۇيۇپ ئىۋىتتى، ئاندىن ئۇستىرىنى ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق كاپلىدى ــ دە، ھۇسەننىڭ يۈزلىرىنى قىرىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا قاپقارا ساقال باسقان، ئۇزۇندىن بېرى چالا ــ پۇچۇق يۇيۇلۇپ قارىيىپ كەتكەن بەت ئىچىدىن بىر يىگىتنىڭ چىرايلىق جامالى ئايان بولدى. ساتىراشنىڭ ھۇسەننىڭ نېپىز لەۋلىرى ئۈستىدە قالدۇرۇپ قويغان ئازراق بۇرۇتىمۇ ئۆزىگە شۇنچە ياراشقاندى، ھۇسەن بايۋەچچە كۆتەك ئۈستىدىن ئېتەكلىرىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇرغاندا گۈلىمۇ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

مەدىيان ئەتراپىدىكى خەتەرلىك تاشلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا گۈلى سالدىن قاڭقىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ھاپىزئاخۇن گۈرجەك تارتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ قىزغا دىققەت قىلالماي قالغانىدى. سال ئۈستىدە دەلدەڭشىپ سۇ تەرەپكە قىيسىيىپ كېتىۋاتقان قىزنى ھۇسەن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. بۇ قىز ــ يىگىتنىڭ تۇنجى قېتىم بىر ــ بىرىگە يېقىنلىششى ئىدى. ھاياجاندىن ھۇسەننىڭ يۈرەكلىرى سىلىپ كەتتى. خەتەر ئۈستىدە ھېچكىممۇ باشقىچە ئويلاپ كەتمىدى.

قاپچىغاينىڭ ئىچىدىن ئۆتىدىغان چاغدا ھەسەن سالدىكى ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىۋالغان ئىككىلا تۇلۇمنى گۈلىنىڭ بېلىگە باغلاپ قويماقچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— مېنىڭ ماۋۇ ئىنىممۇ سۇ بىلمەيدۇ، — دېدى ھەسەن، — بوپتۇ، ياخشى كۆڭلىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، بۇ ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن بىر ئامالىنى قىلار، ئىككىلىسىنى مۇشۇ سىڭلىمنىڭ بېلىگە باغلاپ قويايلى. بىز ئامان قېلىپ، بۇ قىز خەتەرگە يولۇقىدىغان بولسا سەت بولىدۇ.

— توغرا دېدىڭ، ھەسەنئاخۇن، — دېدى ھاپىزئاخۇن، — خەقنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ، ئۆزىمىزنىڭ قېرىندىشىدەك كۆيۈنمىسەك ئادەمگەرچىلىك بولماي قالىدۇ... قىزىم، تۇلۇمنى بەلگە چىڭ باغلا، ياق، مۇنداق، يىپىنى ئوڭ بىقىنىڭدىن ئال... خۇدا ئۆزىگە ئامانەت، شۇنداقتىمۇ... مۇبادا سۇغا چۈشۈپ كەتكۈدەك بولساڭ ھودۇقۇپ كەتمەي، سۇدىن بېشىڭنى چىقىرىپ ئۆزۈڭنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بېرىپ مېڭىۋەر، بىر يەرلەرگە بارغاندا سۇ ئۆزى سېنى ئىتتىرىپ قىرغاققا چىقىرىۋېتىدۇ.

قاپچىغايدىن ئۆتكۈچە گۈلى ھاپىزئاخۇن ئۇستامنىڭ يېنىدا ئەرلەر بىلەن تەڭ پالاق تارتىشتى.

قاپچىغايدىن ئۆتۈپ قارابۇغرا كېمىسىگە يېقىنلاشقاندا، «قوش ئۆۋىسى لەپشىمى» دەيدىغان بىر جاي بار. بۇ يەرمۇ سالچىلارغا قورقۇنچ سالىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدە تىككىدە تۇرغان غايەت يوغان قوڭۇر تاشنىڭ تۇمشۇقى دەرياغا ئۇسۇپ كىرگەن بولۇپ، سۇ كۆپ چاغلاردا سۇ سالنى ئەپقېچىپ شۇ تاشقا ئاپىرىپ ئۇراتتى. ئەسىرلەردىن بېرى بوران - چاپقۇنلار بۇ تاش يۈزىدە ھەر خىل شەكىلدىكى نۇرغۇن تۆشۈكلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ كامارلاردا بۈركۈت، سار، ھۇۋقۇشقا ئوخشاش قۇشلار ئۇۋا ياساپ بالا

چىقىرىشاتتى. بۇ تاش ئۈستىگە قونۇپ تۇرغان قۇشلار، قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئاپپاق مايىاقلىرىنىڭ يول - يول ئىزلىرى سالچىلارغا يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەريا بۇ تاش تاغ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتكەندە تۆگە لوككىسىدەك ئېگىز - پەس دولقۇن كۆتۈرۈلەتتى. سۇ ئۇلغايغان چاغلاردا بۇ دولقۇنلارنىڭ ئېگىزلىكى غۇلاچتىن ئاشاتتى. بەزى توغرىسىغا تۇرۇپ قالغان سالنى سىلكىپ ئوڭايلا چېچىۋېتەتتى.

ھەسەن ھەيدىگەن سال بۇ يەرگە كەلگەندە سال ئۈستىدىكىلەر ئالدىدا كېتىپ بارغان ناتونۇش بىر سالچىلارنىڭ سىلىنىڭ كۆز ئالدىدا چۇۋۇلۇپ، ياغاچلىرىنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ھەسەننىڭ سىلى ئۇلارنى ياندىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاكا، ھازىر سىلى چۇۋۇلۇپ كەتكەنلەرنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى ھۇسەن «قۇش ئۇۋىسى لەپشىمى» يېنىدىكى خەتەرلىك جايدىن ئۆتۈپ كەتكەندە.

— تونۇمايدىكەنمەن، — دېدى ھەسەن، — مۇشۇ توققۇزتارادىن چىققان سالچىلارمىكىن... موخۇر[1]نىڭ ياغاچلىرىدەك قىلىدۇ.

— كۆرگەنسەن، ئاكا؟ ئادەملىرىمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەملىرى سۇدىن چىقالاما؟

— چىقىدۇ... چىقىپ ساللىرىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ياغاچلىرىنى ئىزدەيدۇ... سەل كالانپايىراقلىرى ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ.

---

① موخۇر — توققۇزتارا تەۋەسىدىكى بىر ئورۇننىڭ نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئاكا، مۇشۇ خەتەرلىك ئىشنى نېمىشقىمۇ قىلىدىغانسەن؟

— ساڭا قانچە قېتىم ئېيتتىم... بۇ ئىشنى قىلمىسام باشقا نېمە ئىش قىلىمەن؟ مۇز داۋاندىن چۈشۈپلا قارا كۆلگە كېلىپ مۇشۇ سالچىلارغا ئارىلىشىپ قاپتىكەنمەن، ئۆزۈممۇ شۇ ئۆگىنىپ قاپتىمەن. ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئۇكام، بۇ ئىشنىڭ كۆڭۈللۈك يەرلىرى خېلى بار.

— قوي، نېمىسى كۆڭۈللۈك بۇ ئىشنىڭ؟ دائىم جاننىڭ قايغۇسىدىلا يۈرىدىغان گەپكەن.

— كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن، يۈرتتىن كەلگەندىن بېرى ھەر يىلقى كۈنۈم قىشتا خاڭدا، يازدا سالدا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. خاڭ دېگەننى سەن تېخى كۆرمىدىڭ، يەتتە قات يەرنىڭ ئاستى، ھەممە يەر قاراڭغۇ زۇلمەت، پىلدىرلاپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ ئاستىدا ئىشلەيسەن. خاڭ دېگەندە چىرايلىق گەپمۇ يوق. ئىچىڭ سىقىلىپ، قاچانمۇ باھار كېلەر دەپ ئاپتاپقا، يېشىللىققا تەشنا بولۇپ كېتىسەن... قارا، ماۋۇ ئەتراپنىڭ جەننەتتەك چىرايلىقلىقىنى! ئاۋۇ دۆڭلۈكلەردە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى كۆردۈڭمۇ؟... گۈشچۇ؟... سالچىنىڭ چېلىكىدە قايناپ پىشىدىغان گۆشنىڭ لەززىتىنى دېمەيسەن، سېنى راسا بىر گۆشكە تويغۇزماقچىدىم، «قىز ئەپقاچتۇق» دەپ توختىماي مېڭىپ كەتتۇق. مۇشۇ دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە يايلاپ يۈرگەن قوزا ـ ئوغلاقلارنىڭ ھەممىسى سالچىنىڭ. پۇلى بولسا سېتىۋېلىپ يەيدۇ، پۇلى بولمىسا ئوغرىلاپ يەيدۇ...

ئىلىخو دېگەن ئالامەت بىر يەر، ئۇكام، بېيى باي، كەمبەغىلى كەمبەغەل. بىر-ئىككى مېلىنى ئوغرىلاپ يېگەنگە بايلىرىنىڭ مويىمۇ تەۋرەپ قويمايدۇ.

— ۋاي، ئاكا، سەن قىشتا خاڭدا، يازدا سالدا يۈردۈم، دەپ ئۆيۈڭدىمۇ تۈزۈك تۇرمايدىغان ئوخشىمامسەن؟... ھېلىقى قوغانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئارپىلىق دېگەن يەردىن ئالغان يەڭگىمىز باردۇ؟

ھەسەن لاپ قىلىپ ئىنىسىگە قارىدى.

— ئەمدى سەن سوراپ قالدىڭ، ساڭا راستىنى ئېيتمىسام بولمايدۇ. ئۇ يەڭگەڭنى ئىككى يىلدىن كېيىن ئارقىسىدىن دادىسى چىقىپ قايتۇرۇپ ئەكەتكەن.

— نېمىشقا؟ قىزنى دادىسى ئۆزى ساڭا قېتىپ قويۇپتىكەنغۇ؟ مەن شۇنداق دەپ ئاڭلىغان.

— دادىسى مېنىڭ تۇتقان ئۆي-ماكانلىرىمغا قاراپ بېقىپ، «ھەسەنئاخۇن، سىلىگىمۇ رەھمەت، مەن قىزىمنى ئەكېتەي» دېدى، گەپ قىلالماي قالدىم. دېمىسىمۇ بېچارە يەڭگەڭ ماڭا ئەگىشىپ داۋان ئاتلاپ چىقىپ نېمە خورلۇق كۆردى دەيسەن. ئوتتۇرىمىزدا يا بالا بولمىدى، بالا بولغان بولسىمۇ يەڭگەڭ بالىغا تارتىشىپ قېلىپ قالارمىدىكىن... ھازىر «خوتۇنۇڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغانلارغا بارلا دەيمەن. «خوتۇننى تۈزۈك باقالمىدىم، دادىسى ئەكەتتى» دېگىلى بولامدۇ... بۇ ئىلىخو دېگەن غەلىتە يەر، ئۇكام، يېتىمچىنىڭ ئۆيلەنمىكىمۇ تەس. سەن ئۆتكەندە: «ئاكا، ئۆزۈڭ ئاتا بولۇپ ئۆيلەپ قويارسەن؟» دېۋىدىڭ، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى، «ماۋۇ قىزنى ئەپقاچامسەن-يە!» دېگىنىڭمۇ شۇ ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



※ ※ ※

بەشسالادا تۇرۇپ قالغانلار ئەتىگەندە گۈلنىڭ قاينىتىپ بەرگەن قايناق سۈيىنى ئىچىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ناننى تۆتكە بۆلۈپ يېيىشتى.

— ئەمدى بولمىدى، — دېدى ھاپىز ئاخۇن، — ياردەمگە ئىككى - ئۈچ ئادەم ئەكەلمىسەك بولمىغۇدەك. ئوزۇقمۇ تۈگىدى، تۇرۇۋەرسەك ئاچلا قالىمىز.

— شەھەرگە يېتىپ بارىدىغانغا يەنە قانچىلىك قالغان؟ — دېدى ئىچى - تىت بولغان ھۆسەن بايۋەچچە.

— مانا مۇشۇ يەردىنلا ئۆتۈپ كەتسەك چوڭ سۇغا چىقمۇۋالاتتۇق، — دېدى ھەسەن، — ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىنىڭ خەتىرى يوق، ناخشىمىزنى توۋلاپ مېڭىۋېرەتتۇق.

— چوڭ سۇ دېگەن نە ئۇ؟

— مۇشۇ يەردىن ئازراقلا ماڭساق ئۇلۇغ تەرەپتىن كۆنەس دەرياسى كېلىپ تېكەس دەرياسىغا قوشۇلىدىغان يەرگە يېتىپ بارىمىز. ئۇنىڭ ئۈيىقىدا سۇ ئۇلۇغ، چوڭ سۇ دېگەن شۇ. دەريا سول تەرىپى توقاي بىر تۈزلەڭدىلا ئاقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈيىقىغا كۆزنى يۇمۇپمۇ ماڭغىلى بولىدۇ.

— ھاي - ھاي، ھەسەنئاخۇن، — دېدى ھاپىزئاخۇن ئۈستام، — سەنمۇ ئىلىغا چىقىپ ئۆزۈن بولمايلا لاپنى زەي سالمايلا ئاتىدىغان بولدۇڭمۇ نىمە؟

— ئەمىسە يالغانمىدى؟

— كۆنەس سۈيىنىڭ قۇيغىنىنىڭ نېرىسىدىكى قەبرە تاشنى ئۇنتۇپ قالدىڭلىما؟... ئۇ يەردە شۇنداق بىر تاش بار، — دەپ ھۆسەنگە قاراپ چۈشەندۈردى ھاپىزئاخۇن، — قەبرىگىلا ئوخشايدىغان تاش. دەريانىڭ ئىچىدە سۇدا....

تاشنىڭ ئۈستى تەرىپى سۇدىن چىقىپ تۇرىدۇ... بۇ مۆجىزىنىڭ سىرىنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە... ئۆتكەندە بىرسىنىڭ سېلىۋ شۇ تاشقا ئۇرۇلغاندا ئارقىنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئىككى تال ياغاچنىڭ ئارقىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم... ياماتۇدىن ئۆتكەندە چاپچال مازار ئاستىدىكى قاينامچۇ؟

— ئۇ قانداق يەر؟ — دەپ سورىدى ھۇسەن.

— چاپچال مازارنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئىلى دەرياسىدىن چاپچال ئۆستىڭىگە سۇ بۆلۈنىدىغان بىر يەر بار. سالنى ياخشى باشقۇرمىسا قايناмغا كىرىپ قېلىپ سالنى سۇ چاپچال ئۆستىڭى تەرەپكە تارتىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە ئالابايتالنىڭ سۈيى[1].

— بولدى، بولدى، ھاپىزئاخۇن ئاكا، — دېدى ھەسەن، — توغرا دېدىلا، ئويلىساق راست بۇ دەريانىڭ خەتىرى يوق يېرى يوقكەن جۇما! مانا مۇشۇنداق گەپ. سالچى دېگەن ياغاچنى دەريا بىلەن تالىشىپلا ماڭىدۇ. خۇدا ئىشىڭنى ئوڭشىسا ياغاچنى ئەكېتەلەيسەن؛ بولمىسا ياغاچقا قوشۇپ جېنىڭنىمۇ بېرىسەن...

— خۇدايىم ساقلا! — دېدى ئاخىرىدا ھاپىزئاخۇن، — ئۇكام ھەسەن، سەن ئاۋۇ ئىككى تۇلۇمنى بېلىڭگە باغلاپ دەريادىن ئۆتۈپ ئازراق بىر يەيدىغان بىرنېمە تېپىپ كېلەمسەن قانداق؟

— شۇنداق قىلاي، — دېدى ھەسەن، — مەندە پۇل ئاز

---

① ئالابايتالنىڭ سۈيى — تۇمشۇقبايتوقاي ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ يەردىمۇ دەريا يېپىلىپ ئاققاچقا، دىققەت قىلمىسا سال ئوڭايلا تېيىز يەرگە چىقىپ توختاپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاپتۇ، يانچۇقلىرىنى بىر قېقىشتۇرسىلا، ئاشۇ كېمە بويىغىلا باراي.

ــ مەندىمۇ پۇلنىڭ تايىنى قالماپتۇ. كېمە بويىغا بارساڭ ماخمۇت دەپ بىر قاسساپ بار.

ــ قاسساپ بولسا ئەجەب مەن تونۇمايدىكەنمەنا؟

ــ تونۇيسەن، تونۇشمىساڭ بارغاندا تونۇشۇپ قالىسەن. دادىسى رەھمەتلىك ۋاھتكام قالتىس قاسساپ ئىدى. بىر جىڭ گۆش ئالىمەن، دەپ پۇل تەڭلىسەڭ، گۆشتىن بىر پارچە كېسىپ تارازىغا تاشلايتتى، ئازمۇ ئەمەس، جىقمۇ ئەمەس، بىر جىڭلا كېلەتتى؛ ئىككى جىڭ ئالاي دېسەڭ، بايامقىدىن يوغانراق كېسىپ تارازىغا تاشلايتتى، ئىككى جىڭلا كېلەتتى. كارامەت ئۇستا قاسساپ ئىدى، زادى پىچاقنى گۆشكە ئىككى سالمايتتى... شۇ ماخمۇتنى تېپىپ: «ئاۋۇ دادىڭىزنى تونۇيدىغان قاراكۆلدىكى ھاپىزئاخۇن ئۇستام ئەۋەتتى، ئازراق گۆش بەرسۇن، پۇلىنى بۇ دا كەلگەندە بېرىۋېتىمەن دېدى» دەڭ، ئۆزى بولسىلا ياق دېمەي بېرىدۇ. ماۋۇ نەق پۇللارغا نان ئالارسەن، ــ دەپ قولىدىكى ئازغىنە پۇلنى ھەسەنگە تەڭلىدى ھاپىزئاخۇن.

قارابۇغرا كېمە بويىدا كىچىكرەك بىر مەھەللە بولۇپ، بۇ يەرگە دەڭ، ئاشخانىلار ئېچىلغانىدى. كۇنەس تەرەپتىن كەلگەن ئات ــ ھارۋىلار بۇ يەردە توختاپ، كېمىدىن ئۆتۈپ توققۇزتارا، شەھەر تەرەپلەرگە كېتەتتى؛ توققۇزتارا تەرەپتىن كەلگەن يولۇچىلار كېمە بىلەن كۇنەس تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشەتتى. شۇ تاپتا ھەسەن دەريادىن ئۆتۈپ ئىككى تۇلۇمنى مورىسىگە ئارتىپ، كېمە بويىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— ھەي ھەسەنئاخۇن، نەگە ماڭدىڭلا؟...ھەقىچان ئۇرايىمنىڭ دېگىنگە قاراپ ماڭدىڭلىمۇ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى بىرەيلەن.

ھەسەن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بۇ ئادەمنى تازا تونۇيالمىدى.

— ئۇرايىمنىڭ دېگىنىدە نېمە باركەن؟ — دەپ سورىدى ھەسەن.

— ۋاھ، كىچىچە ئالامەت قىزىق قىمار بولدى. ھازىرمۇ ئويناۋاتامدىكىن، ئىمىن «دەۋا»مۇ شۇ يەردە.

ئىمىن «دەۋا» دېگىنى بويى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بەستلىك بىر ئادەم ئىدى. بىر زامانلاردا كۇنەس تەرەپتە سالچىلىقمۇ قىلغانىكەن. نوچىلىقتا خېلى داڭقى بار ئىدى. خېيسەنتۇ كىمە بويى، ياماتۇ، قۇم ئارىشاڭ دېگەندەك مۇشۇ ئەتراپلاردا بولىدىغان قىمارلارنىڭ ئۈستىدە ئىمىن «دەۋا» بولماي قالمايتتى. ئىمىن «دەۋا» ئۆزى قىمار ئوينىمايتتى. قىمار سورۇنلىرىنى قوراشتۇرۇپ بېرىپ ئۇتتۇرىدىن چوتار ئالاتتى ياكى جەزخورلۇق قىلاتتى. ئىمىن «دەۋا» ئازراق خەت ـ ساۋاتى بار ئادەم ئىدى. ئۇتتۇرىدا نەق پۇل بولماي نەرسە ـ كېرەكلەرنى تىكىپ ئويناش توغرا كەلگەندە ئىمىن ئۇتقان ـ ئۇتتۇرغانلارنى خاتىرىلەپ ئولتۇراتتى. قىمار ئاخىرلاشقاندا ئۇتتۇرغانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇتقانلارغا نەق پۇل تۆلەيتتى. ئۇتقان نەرسىنىڭ ئوندىن بىرى ئىمىن «دەۋا»نىڭ ھەققى ھېسابلىناتتى. ئۇتتۇرۇۋېتىپ «بەرگۇدەك ھېچنېمەم يوق، نېمەمنى ئالىسەن» دەپ مۈرىسىنى چىقىرىپ تۇرىدىغان ئۇششۇقلارمۇ ئۇچراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇراتتى. ئۇنداقلاردىن ئىمىن: «ئەمىسە قاچان، قەيەردە بىرىسەن؟» دەپ تىلخەت يازدۇرۇۋالاتتى. دېگەن ۋاقتىدا شۇ يەرگە بىرىپ قەرزنى ئۇندۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭغا ئىمىن «دەۋا» دېگەن بۇ نامنى شۇنىڭدىن قالغانىدى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئىمىن «دەۋا» بەزىلەرنىڭ پۇتمىگەن قەرزلىرىنىمۇ ئۇندۇرۇپ بىرىپ ئوتتۇرىدىن تاپان ھەققى ئالىدىكەن. ئىمىن «دەۋا» ئارىلاشسا پۇتمەيدىغان قەرز يوقكەن. قەرزىنى تۆلەشكە پەقەتلا ئامالى يوق بىچارىلەر يېنىدىن پىچىقنى چىقىرىپ، قولىقىنى شارتتىدە كىسىپ تاشلاپ بىرىپلا قۇتۇلىدىكەن. قائىدە بويىچە مۇنداق قەرزدارنىڭ قەرزىنى سۈيلەشكە بولمايدىكەن، ئەمما، ئۇنداق ئادەممۇ بىر ئۆمۈر «قولاق كەستى» دېگەن بەتنام بىلەن ئۆتۈپ كىتىدىكەن. ئىمىن «دەۋا»نىڭ بۇ ئىشلاردىن قىلىدىغان تاپاۋىتىمۇ ئاز بولمىسا كىرەك، يايلاقتا مال ـ چارۋىلىرى، قارابۇغرا كىمە بويىدا ئاچقان بىر ئاشخانىسىمۇ بار ئىدى.

قىمارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەسەننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. «ئىمىن ‹دەۋا›نىڭمۇ بۇ يەردىلىكىگە قارىغاندا ئۇرايىمنىڭ دىڭىدە چوڭ قىمار بولۇۋىتىپتۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى ھەسەن. ئۇنىڭ كونا كىيىملىرى قوزغىلىپ، بىر ـ ئىككى قەپەس ئىپتىشش خۇمارى تۇتتى. بىراق، يانچۇقىدا نان ئالغۇدەكلا پۇلى بار ئىدى. بۇ پۇلنىمۇ ئۇتتۇرۇۋىتىدىغان بولسا توقايدىكى ئۈچ ئادەم ئاچلا قالاتتى. «ئوينىمىسامۇ كۆرۈپ باقاي، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ــ كۆرۈپ باققانغا نىمە بولىدۇ...» شۇنىڭ بىلەن ھەسەننىڭ پۇتلىرى ئىختىيارسىز ئۇنى

ئۇرايىمنىڭ دىگىي تەرەپكە تارتىپ كەتتى.

— قىمار قايسى ئۆيدە بولىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ھەسەن دەڭگە كىرىپ.

دەڭجا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگىلا باشلاپ كىردى. ئۆيدە ھەسەن ئويلىغاندەك كۆپ ئادەم يوق ئىدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ تۆرىدىكى كۆرپە ئۈستىدە ئىمىن «دەۋا» بىلەن پاكار، دوغىلاق كەلگەن، ئىككى قېشى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن قاشلىق بىر ئادەم ئولتۇراتتى.

— مانا ـ مانا، قىمارۋازنىڭ چوڭى كەلدى، — دېدى ئىمىن «دەۋا» ھەسەننى كۆرۈپ.

ھەسەن بىر قېتىم مۇشۇ ئىمىن «دەۋا» بار بىر سورۇندا «دەتتىكام» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كېچىنى تاڭغا ئۇلىۋەتكەنىدى. ئۇ دەسلەپتە ئۇتتى، سورۇندىكى جىمى پۇل ئۇنىڭ ئالدىغا دۆۋىلىنىپ قىمارۋازلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتكەنىدى. يېرىم كېچىدىن كېيىن ئامەت ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ بىر ئۇتتۇرۇشقا باشلىدىكى، ئۇتۇۋالغان پۇللارغا قېتىپ ئۆزىنىڭ «يۇرتقا چۇشمەن» دەپ يىغقان پۇللىرىنىمۇ، ئاخىرىدا ئاستىدىكى ئات، ئۈستىدىكى چاپان ـ چارا ھەممىنى سېلىپ بېرىپ سورۇندىن يالىڭاچ دېگۈدەكلا چىقىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمىن «دەۋا» ھەسەننى كۆرسە: «مانا، قىمارۋازنىڭ چوڭى كەلدى» دەپ قوياتتى.

— ھەسەن ئۇكا، تازا ۋاقتىدا كەپسەن. ماۋۇ نۇرۇم بايۋەچچە، — دەپ يېنىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ئادەمنى كۆرسەتتى ئىمىن «دەۋا»، — بىر قورۇ مالنى ھەيدەپ كەپتىكەن. ئۇتۇۋېلىپ يولغا سېلىپ قويىدىغان ئادەم چىقمايۋاتىدۇ، ئۆزۈڭ بىر ئەدىپىنى بېرە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ــ پۇلۇم يوق، ئاكا، ــ دېدى ھەسەن.
ــ پۇلۇڭ نەگە كېتىپتۇ، يازچە گۈركىرەتتىپ سال ھەيدەۋاتىسەن؟ ياغاچ بولسىمۇ ھېساب. ئاخشامقى قىماردا بىر قانچە سالچىلىرىڭمۇ بار، قۇش ئۇۋۇسى لەپشىمىدە چۇۋۇلۇپ كەتكەن سالنىڭ ياغاچلىرىنى دەريا بويىغا سۈزۈپ قويۇپتىكەن، چوڭ ياغاچنى ئۈچ قوي، كىچىكلىرىنى بىر قويغىچە ھېسابلاپ ئالدۇق.
ــ سال بەشسالادا قېيىداپ قالدى، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنى ئورنىدىن قوزغىتالماي ھەلەكچىلىكتە... بۇياققا ئازراق نان ـ پان ئالاي دەپ ئۆتتۇشۇم ئىدى.
ــ ئەمىسە، مۇرەككىدىكى تۇلۇمنى تىك.
ــ تۇلۇمنى؟ ــ دەپ قولىدىكى تۇلۇمغا قارىدى ھەسەن، ــ تۇلۇم سۇدىن ئۆتىدىغان چاغدا يەنە كېرەك بولار، ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىز ئالتە شەھەردىن چىققان يېتىمچىلار سۇ بىلمەيمىز.
ــ مەيەردە بىلىقچى باللار بار، مەن دەيمەن، قولۋاقلىرىدا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ئولتۇرە، ئىككى تۇلۇمۇڭ بىر قويغا ھېساب.
ــ نېمە دەيدىغانسەن، ئاكا ھوي! ــ دەپ سەكرەپ كەتتى ھەسەن، ــ تۇلۇم قىلماق ئوڭايمۇ؟ ئوغلاقنى تازا ئىتتىك پىچاقتا تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، يۇمشاق قۇرۇق ئوتنى تېرە ئىچىگە بىر تۇتام ـ بىر تۇتامدىن تازا ئاۋايلاپ كىرگۈزۈپ، ئاندىن بۇرنىدىن تېشىپ تاسما ئۆتكۈزۈپ، سالقىن يەرگە بىرەر ئاي ئېسىپ شامالدىتىپ، قۇرۇتۇپ قىلىدىغان نېمە بۇ...
ــ بولدى، بولدى، ئەجەب تولا گەپ قىلىپ كەتتىڭا، ــ دېدى ئىمىن «دەۋا»، ــ بوپتۇ، بىر تۇلۇمۇڭ

بىر قويغا ھېساب بولسۇن. قېنى، ئوشۇقنى قولۇڭلىغا ئېلىڭلار، نۇرۇم بايۋەچچە.

— بوپتۇ، ئاتە.

— ئىككىلىسىنى تىكتىڭما؟

— ئوينىمىسام بولاتتى... بىرىنى تىكەي.

— ئەمىسە ئاتتىم، يا جەمشىت! — دەپ مەيدىسىگە ئۇردى نۇرۇم بايۋەچچە.

تۆت ئوشۇقنىڭ ئۇچى ئۆرە چۈشۈپ ھەسەن بىر تۇلۇمنى ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇ يەنە بىر تۇلۇمنى تىكىپ تۇرۇپ:

— بايۋەچچە، سىلى ئوشۇقنى كىم باشلاپ ئاتىدۇ، دېمەيلا ئۆزۈڭلا باشلاپ ئېتىپ كەتتىڭلا؟ ئەكىلىڭلا مەنمۇ بىر ئېتىپ باقاي.

نۇرۇم بايۋەچچە قويۇق قاشلىرى ئاستىدىن ھەسەنگە بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئوشۇقنى خۇشياقمايلا تاشلاپ بەردى. ئەسلىدە ئۇنىڭ مۇنداق پۇلى يوق قوغالتاق بىلەن قىمار ئوينىغۇسىمۇ يوق ئىدى. ھەسەن ئوشۇقنى بىر ئېتىپلا ئۇتتۇرۇۋەتكەن تۇلۇمنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىمار توپتوغرا بىر سائەتتەك داۋاملاشتى. تالادا كۈن ئۆرلەپ يەر ـ جاھاننى قىزىتقىلى تۇردى. ئەگەر بەشسالادا قالغان سال ئۇستىدە ھېلىقى قىز بولمىغان بولسا ھەسەن ھەممىنى ئۇتتۇپ قىمارغا كىرىشىپلا كەتكەن بولاتتى. نېمىشقىدۇر ھازىر ئۇنىڭ قولى قىماردا بولسىمۇ، كۆز ئالدىدىن قەشقەردىن يېڭى چىققان ئىنىسى بىلەن گۈلى كەتمىدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۇنىڭ يولىغا قاراپلا تۇراتتى. قىمار سورۇنىدىن ئۇتتۇۋېلىپلا قوپۇپ كەتكىلى بولمايتتى. قېرىشقاندەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوشۇق ھەسەنگە ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگىلى تۇرغانىدى. ھەسەننىڭ بەختىگە بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ بىرقانچە قىمارۋاز تاراقلاپ كىرىپ كېلىشتى، ئولتۇرغانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىپ كۆرۈشتى. ھەسەن شۇ قالايمىقانچىلىقتا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىمىن «دەۋا»نىڭ ئالدىغا باردى.

ــ ئىمىن ئاكا، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن قايتىۋالاي.

ــ نېمىشقا؟

ــ دېدىمغۇ، بەشسالادا ئۈچ جان ئادەم يولۇمغا قاراپلا تۇرىدۇ. بىچارىلەر ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچ.

ــ ئوشۇق ساڭا تازا كەلگىلى تۇرغاندا...

ــ بېرىپ بەشسالادىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ كەلگۈدەك بولسا كېلەرمەن، مېنىڭ ھېسابىمنى قىلىۋېتەمسەن؟

ــ دەسلەپتە تۇلۇمنى بىر ئۇتتۇردۇڭ، بىر قوي؛ كېيىن يەنە قايتۇرۇۋالدىڭ، بىر قوي؛ ئىككى تۇلۇمنى بىراقلا تىكىپ ئۇتۇۋالدىڭ، ئىككى قوي؛ ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە ئۈچ ئۇتتۇڭ، جەمئىي سەككىز قوي؛ ئارقىدىن يەنە ئۇتتۇردۇڭ... يەنە ئۇتتۇڭ... ھازىر ساڭا تەۋە ئون قوي باركەن... ــ دېدى ئىمىن «دەۋا» ھېساب ـ كىتاب قىلىپ.

ــ بولدى، ئاكا، شۇ قويلارنىڭ يېرىمىنى ئۆزۈڭ ئېلىپ، يېرىمىنى ماڭا بۇيرۇپ بەرگىنە، سەندىن خۇش بولاي.

ــ ھەي ئۇرايىم! ــ دەپ دەڭجانى قىچقاردى ئىمىن «دەۋا»، ــ ماۋۇ ھەسەنگە ئوبدانراق قويدىن ئالتىنى تاللاپ بېرىپ يولغا سېلىپ قويە!

دەڭجا ئۇرايىم سەل ئاسقاقلاپ ماڭىدىغان قاپىقى يامان، كەم سۆز ئادەم ئىدى. ھەسەننى ئۇنچىقماي دەڭنىڭ ئارقا تەرىپىگە باشلاپ بىرىپ، ئۇ يەرگە قاپساپ قويغان قويلاردىن بەشنى تاللاپ بەردى.

— ئىمىن ئاكام ئالتە قوي بەر دىگەنتىغۇ؟ — دەپ دەڭجاغا قارىدى ھەسەن.

— ھىلىمۇ مۇرەڭگە ئىككى تۇلۇمنى ئارتىپ قۇرۇق قول كىرىپ، بەش قوينى ئالدىڭغا سىلىپ ھەيدەپ چىقىپ كەتىسەڭ يەنە يامانما؟... ماۋۇ يوغان دەڭنى ئىچىپ، ھەرقايسىڭغا سورۇن تۇزۇپ بەرگەن ئۇرايىمنىڭمۇ ئاز - تولا ھەققى باردۇ؟

— بولدى، بولدى، ئۇرايىمكا، — دىدى ھەسەن، — خاپا بولما، ھەققىڭ بار، بولمامدىغان.

ھەسەن بەش قوينى ھەيدەپ چىقىپ، تۆت قوينى كىمە بويىدىكى قاسساپقا ئىلىشىغا سىتىپ پۇلىنى يانچۇققا سالدى. بىر قوينى سويدۇرۇپ گۆشىنى تاغارغا تىقتى. يەنە ئون - يىگىرمە نان ۋە باشقا نەرسە - كىرەكلەرنى ئالدى. شۇ ئەتراپتىكى توقايلىقلارنى قولۋاق بىلەن ئارىلاپ يۇرۇپ بىلىق تۇتىدىغان بىلىقچىلاردىن بىرنەچچىسىنى چاقىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا سۇ كىچىپ يۇرۇپ، قۇياش نۇرىدا تىرىلىرى قارىداپ كەتكەن قارا باتۇرلاردىن ئىدى.

— ئاغىنىلەر، مىنى ماۋۇ يۇكلىرىم بىلەن ئاۋۇ بەشسالاغا يەتكۇزۇپ قويۇڭلار، ماۋۇ تاغاردا لىق گۆش بار، شورپا سىلىپ بىرىمەن، بىلىق يەپ زىرىكىپمۇ كەتكەنسىلەر؟... شۇ يەردە سال توختاپ قالغان، بىر ياردەم قىلىڭلار، قىرىنداشلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ بىز نىمە قىلىپ بېرىمىز، يا سال ھەيدەشنى بىلمىسەك؟

ــ سالنىڭ تۇمشۇقىغا تىرىلىپ قالغان تاشلارنى تېرىشىپ بېرىسىلەر، ئەتراپتىن شاخ ـ شۇمبا كېسىپ كېلىپ سۇغا تاشلاپ سۇنى كۆپتۈرىمىز، ھە ـ ھۇ دېيىشمىسىلەر، ھېچبولمىغاندا قىرغاقتا تۇرۇپ ۋارقىرىشىپ بەرسەڭلارمۇ بىر مەدەت.

بەشسالادىكى توقايلىقتا ھەسەننىڭ يولىغا تەشنا بولۇپ قاراپ تۇرغان ئۈچ ئادەم يىراقتىن ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىككى قولۋاقنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشتى.

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## گۆچۈك ھارىقى

جۇماق كۆكلىدە شەھەرگە كىرگەندە سەمەتنى شەھەر ئىنچىدە ئوبدان بىر ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلىك جايلارنى، روشەنباغ، گۈلشەنباغ، ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى دېگەندەك بىر ـ بىرىدىن كاتتا باغلارنى، ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىقلىرىدا توختىماي شىرىلداپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان تېرەكلىك كوچىلارنى، ئىشىك ئالدىلىرىدا گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان چىرايلىق مەھەللىلەرنى، يېتىمچىلار توپلىشىدىغان لەڭزى بېشى، چوڭ كۆۋرۈك... يەنە قانداقتۇر بىر قايناق بازارلارنى كۆرسىتىپ، داڭلىق ئاشپۇزۇللارغا ئەكىرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، بۇ ئالتە شەھەرلىككە ئىلىخونىڭ بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى ئىدى. شەھەرگە كىرگەندە ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى. يولدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغانىدى.

ئۇ كەملەردە سالچىلار شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى جىرغىلاڭ سۇيىنىڭ قۇيۇلۇشى، تاشكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ ئاستى، ئايدىڭ كىمە بويى دېگەندەك بىرقانچە يەرلەردە ساللىرىنى توختىتىپ ياغاچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈشۈرەتتى. سەمەت ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ توختىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇلار سالنى دەريا بويىدىكى كەڭ بىر ئوچۇقچىلىققا ئەكېلىپ توختاتتى. قىرغاقتا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە دۆۋىلەكلىك ياغاچلار تۇراتتى. ياغاچ ئۈستىدە بىرنەچچەيلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار كېلىۋاتقان سالنى كۆرۈپ قىرغاققا يېقىنلاپ كەلدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جوماق، ھارمىغايسەن،ــ دېدى قىرغاقتىكىلەر.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟

ــ كىمنىڭ ياغىچى؟

ــ قۇربانجان باينىڭ.

ــ ئەمسە سالنى سەل تۆۋەنلىتىڭلار... مانا بۇياققا، ئاۋۇ دۆۋىلەكلىك ياغاچلار تۇرغان تەرەپكە.

ــ ھەسەننىڭ سېلى كەلمىدىمۇ؟ــ دەپ سورىدى جوماق قىرغاققا چىقىپ ئۇ يەردە تۇرغانلاردىن.

ــ قايسى ھەسەننىڭ؟

ــ ھېلىقى پۇل تاپسىلا قەشقەرگە چۈشىمەن، دەپ مېڭىپ، شوتىغا بارمايلا يېنىپ كېلىدىغان ھەسەن «يانغاق»چۇ؟

ــ ھە، ھەسەن قىمارۋازمۇ؟... كەلمىدى.

ــ ئەستا!... سىلەر كۆرە ـ كۆرمەستە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ قالدىمۇ ـ يە؟

ــ بىلمىدۇق... بىللە ماڭغانما؟

ــ بىللە ماڭغان، بىلىقسۇدىن ئۆتۈپلا يوق، يا ئالدىمىزدا كەتكىنىنى، يا ئارقىمىزدا قالغىنىنى بىلمەي قالدۇق.

ــ ئۇ كىمنىڭ ياغىچىنى باغلىغان؟

— قۇربانجاننىڭ... ھەممىمىزلا قۇربانجان باينىڭ ياغىچىنى باغلىغان.

— قۇربانجاننىڭ ياغاچلىرىنى تاشكۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا، مانا مۇشۇ يەرگە چۈشۈرىدىغۇ؟... ئۇنداق بولسا، ئۇ قىمارۋاز سالنى بىر يەردە توختىتىپ قويۇپ قىمارغا چۈشتى دېگىنە... خۇدا ئامانچىلىقنى بەرسۇن، كېلىپ قالار.

ئۇلار ياغاچلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، نەرسە ــ كېرەكلىرىنى قىرغاقتىكىلەرگە ئامانەت قىلىشتى.

— ئارقىدا كېلىۋاتقان يەنە ئۈچ جازا سال بار، — دېدى جۇماق، — ئۇلارنىڭ ھېسابىنى ئايرىم قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ پۇلىنى ئۆزىنىڭ قولىغا بېرەرسىلەر... ئاۋۇ ھەسەن دېگەن ئالتە شەھەرلىك پەيدا بولۇپ قالسا باشقا گەپنى قىلماي، «جۇماق سېنى بەك ئىزدەپ كەتتى» دەپ قويۇڭلار، ئامانچىلىق بولسا يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، قالغان گەپنى شۇ چاغدا دەرمەن...

جۇماق سەمەتنى ئارقىسىغا سېلىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قايىقنى تۇرۇپ، ئۇنچىقماي كېتىپ باراتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ خىيالىدىن ھەسەننى نېرى قىلالمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى... سەمەت ئەتراپىدىكى ناتونۇش يەرلەرگە ھەيرانلىق ئىچىدە قارايتتى. بىرنەچچە كۈن سال ئۈستىدە يۈرگەچكە شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئاياغ ئاستىدىكى يەرمۇ لەپەڭشىۋاتقاندەك سېزىم بېرەتتى. ئۇلار دەريا بويىدىن چىققىچىلا قانداقتۇر شىۋاق، چىغىرتماق، چىغلار بېسىپ كەتكەن بوزلۇقنى كېسىپ ئۆتتى. ئالدىدا توپىلىق بىر يول، ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇن كەتكەن سوقما تاملار كۆرۈندى. تام تۈۋىنى ياۋا كەندىر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەمەن، قانداقتۇر بىر تىكەنلىك ئوتلار بېسىپ كەتكەندى. تىكەننىڭ سۆسۈن رەڭ گۈللىرى ئەتراپىدا ھەرىلەر غوڭۇلدايتتى. نەلەردىندۇر قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشقان ئاۋازى كېلەتتى. تام ئارقىسىدىن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆز زامانىسىدىكى پۇلدارلارنىڭ شەھەر سىرتىدىكى باغلىرى ئىدى. توپىلىق يول ئۇلارنى كىملەرنىڭدۇ ئېتىزلىرى، ئاق تاشلىنىپ قالغان ئاختارمىلىق يەرلەردىن ئۆتكۈزۈپ مەھەللىلەرگە يېقىنلاشتۇردى. ئۇنچىقماي كېتىپ بارغان جۇماق تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى:

— توۋا، ھېلىقى ھەسەن دېگەننىڭ قىلغان ئىشىنى دەيمىنا. كۆردۇڭمۇ، ياغاچ چۇشۇرىدىغان يەرگىمۇ كەلمەيتۇ، نەدە يۇرىدىغاندۇ بۇ هارامزادە؟

سەمەتمۇ جۇماقنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىدى.

— تېخى ئاشۇ يولدىلا ياغاچىنىمۇ، قەشقەردىن چىققان ئىنىسىنىمۇ، قىز ئەپقاچقىنى راست بولسا ئىنىسىگە قوشۇپ شۇ قىزنىمۇ دوغا تىكىپ ئۇتتۇرۇپ بولدىمۇ دېگىنە؟...— دېدى جۇماق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— ھېلىقى جاپپار دېگەن بىرنېمىنىڭ سۇغا چۆكۈپ كەتكىنى يامان بولدى ـ دە!... ئۇ زادى سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا نەدە قوشۇلۇپ قالغان؟— دەپ سەمەتكە قارىدى جۇماق.

— شىپالىقتا.

— شىپالىق دېگەن قانداق يەر ئۇ؟— دېدى جۇماق ھەيران بولۇپ.

— سىلى كۆرمىگەنما؟

— مەن نەدە يۇرۇپ كۆرەي، شۇنچە يىل سالچىلىق قىلىپ يۇرۇپ شوتا ئارىشاڭنىڭ ئۇيېقىغا ئۆتۈپ باقماپتىمەن. شىپالىق دەپ ئاڭلىغان.

— مۇز داۋاندىن چىقىپ «خادا مۇز» دېگەن يەرلەرگە يېتىپ كېلىمىزكەن، خادا مۇزدىن ئۆتسە شىپالىق. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن خادا مۇز تەرەپكە قايلىسىلا كۆپكۆك مۇز، شىپالىق تەرەپكە قايلىسىلا يايپېشىلچىلىق...

— جاپپار شىپالىقتا نېمە قىلىپ يۇرۇپتىكەن؟

— خادا مۇزدىن چىقىپ شىپالىققا كېلىپ قوندۇق. جاپپارئاخۇن شۇ يەردە «ئالتە شەھەر تەرەپكە چۈشۈپ كېتىدىغانلار بولسا بىللە ماڭسام» دەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۇرۇپتىكەن.

— ئالتە شەھەردە نېمە ئىش قىلاتتىكەن؟

— ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىما؟ — دېدى سەمەت، — ئۇ سىلىگىمۇ سۆزلەپ بەرگەندەك قىلىۋىدى. ئاكىسى مۇشۇ شەھەردە بىر ئەسكى قۇدۇققا چۈشۈپ يوقاپ كېتىپتىكەن، باشقىلاردىن «ئاكاڭ كۇچانىڭ بازىرىدا يۇرىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئاكىسىنى ئىزدەپ ئالتە شەھەر تەرەپكە چۈشمەكچى بولۇپ ماڭغانىكەن.

— ئاشۇ جاپپار دېگەنمۇ چېكەمدۇ قانداق؟ غۇلجىدا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم كۇچادا نېمە ئىش قىلىدۇ؟... هە، ئۇ كۇچاغا چۈشۈپ كەتمەي يەنە نېمە سىلەرگە ئەگىشىپ قاراكۆلگە كېلىپ قالدى؟

— كېيىن نېمە گەپ بولدى؟... هە، كېيىن ئۇ يەنە باشقىلاردىن «ئاكاڭ قاراكۆلدە سالچىلار ئارىسىدا يۇرىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىزگە ئەگىشىپ قاراكۆلگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەلگەن... ئۇمۇ ئوبدان يېتىممىتى، ئاكىسى كوچادا بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئاشۇ ئالتە شەھەرگە چۇشۇپ كېتىۋەرسىمۇ بوپتىكەن...

ــ ھەي سەمەت،ــ دېدى جۇماق،ــ بۇ دېگەن خۇدالىق ئالەم. بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئىمامى: «ياراتقان ئىگەم كىمنىڭ ئەجىلىنى قەيەردە توشىدۇ، دەپ تەقدىر قىلغان بولسا، شۇ ئادەم شۇ يەرگە بېرىپ جان بېرىدۇ» دەيدىغان. بايا جاپپارنى قاپچىغايغا ئۆزىنىڭ ئەجىلى سۆرەپ كەپتىكەن ـ دە!

مەھەللە كوچىلىرى باشلاندى. تېرەكلىك كوچىلار، يولنىڭ بىر تەرىپىدە شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان بىر ئۆستەڭ سۇ، ھويلىلىرىغا گۇللەرنى تېرىۋەتكەن شالاڭ قورۇلار، قايسىبىر دەرۋازىنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان قىزىل مانچېستىر دوپپىلىق ئادەملەر... بۇ كۆرۈنۈشلەر سەمەت بېسىپ ئۆتكەن يۇرتلاردىكى مەنزىرىلەرگە ئوخشمايتتى. «ياھ، قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ زىچلىقى ـ ھە!ــ دەپ ئويلىدى سەمەت،ــ شەھەرنىڭ ماۋۇ بېشىدىكى بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالساڭ ئۆگزىمۇ ئۆگزە مېڭىپ شەھەرنىڭ يەنە بىر بېشىغا چىقىپ كەتكىلى بولىدۇ...»

ــ مانا، ئىلىخونىڭ شەھىرى دېگەن مۇشۇ،ــ دېدى جۇماق،ــ ھەممىنى بىر كۈندىلا كۆرۈپ بولالمايسەن، بۈگۈن بىر بۇرجىكىنى كۆرسەڭ، يەنە بىر كىرگەندە يەنە بىر بۇرجىكىنى.. شۇنداق قىلىپ بۇ شەھەر بىلەنمۇ تونۇش بولۇپ كېتىسەن. قالتىس يەرلىرى بار. مەن كېيىن ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن... سەل پىغانىم ئۆرلەپ

تۇرىدۇ. ئاۋۋال جاڭگۇيدىنىڭ[1] قاۋىقىغا بېرىپ بىر ـ ئىككى سەر ئىچەيلى، دوڭشوپاڭنىڭ[2] ھارىقىمۇ قالتىس... دوڭشوپاڭنى بىلەمسەن؟

ــ ئۇ نېمە قىلىدىغان يەر، جۇماقكا؟

ــ توغرا، سەن بىلمەيسەن، دوڭشوپاڭ دېگەن ھاراق چىقىرىپ ساتىدىغان يەر، ھارىقىنىڭ داڭقى بار، ئىچسەڭ پىغانىڭنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ، كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىدۇ، ھاراق دېگەننى شۇ بىردەم بولسىمۇ خاپىلىقتىن نېرى بولاي، دەپ ئىچىمىسە نېمىگە ئىچىدۇ... ھازىر بىز بارىدىغان قاۋاقتىكى جاڭگۇيدى گۇچۇڭنىڭ ھارىقىنى ساتىدۇ. ئۆزىنىڭ گۇچۇڭدىن ھاراق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەملىرى بار. باشقا يەرنىڭ ھاراقلىرىنى ئارىلاشتۇرمايدۇ... گۇچۇڭ ھارىقىنىڭمۇ پەيزى يەنە باشقا... شۇ يەرگە بارايلى، خالىيراق، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتتىمۇ ـ يە؟

ــ ئانچە ئەمەس،ــ دېدى سەمەت، ئەمما ئۇنىڭ قورسىقى ئوبدانلا ئاچقانىدى.

ــ ئاۋۋال ئىككى ـ تۆت سەر قېقىۋېلىپ ئاندىن تاماق يەيمىز... چوڭ كۆۋرۈكتە تامىقى ياخشى ئالامەت ئاشخانىلار بار، شۇ يەرگىلا بارىمىز.

بارغانسېرى ئۆيلەر زىچلىشىپ، شەھەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلۇق كوچىلىرى باشلاندى. قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ كېتىۋاتقان خادىك ھارۋىلار، ئۆگزىلىرىگە بېدە ـ قوراي باسقان دۇكانلار، كاسىپلار ئېچىشىپ ئىش

---

① جاڭگۇيدى ــ خەنزۇچە خوجايىن دېگەن مەنىدە.

② دوڭشوپاڭ ــ ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ھاراق چىقىرىدىغان بىر ئورۇننىڭ ئىسمى، ھارىقى داڭلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىكىلگەن مۇزدۇزخانىلار، يوغان دەرۋازىسى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن قانداقتۇر بىر دەڭ، قاتار كەتكەن يەنە قانداقتۇر بىر دۇكانلار كۆزگە چېلىقاتتى. جۇماق بىلەن سەمەت چوڭ كوچىدىن بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى ـ دە، ئىشىكلىرى قارا سىرلانغان دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، دۇكاننىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كونا ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرىشتى. دۇكان ئىچى خېلىلا كەڭ ئىدى. ئاستىغا كەڭ تۆت چاسا خىشلار يېيىتىلغانىدى. دۇكاننىڭ بىر تەرىپىگە خوجايىن تۇرىدىغان پوكەي جايلاشقانىدى. پوكەي ئۈستىدە ئېغىزىنى قۇم خالتا بىلەن باستۇرۇپ قويغان ئىككى چوڭ كومزەك، هاراق ئۆلچەيدىغان خىدىك، بىرقانچە كىچىك قارا هېجىرلار تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتە سەي چىلىغان كىچىك ئىككى تۇڭ، پىششىق تۇخۇم، مايلىق پۇرچاق دېگەندەك زاكۇسكىلىق نەرسىلەر بار ئىدى. پوكەينىڭ ئالدى تەرىپىگە تام ياقىلىتىپ قېلىن تاختايدا ياسالغان ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار ئورنىتىلغانىدى. جۇماق بۇ دۇكاننىڭ كونا خېرىدارى بولسا كېرەك، جاڭگۇيدى بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى ـ دە، بىر جىڭ هاراق، چىلىغان سەي بۇيرۇتتى. دۇكاننىڭ نېرى بۇرجىكىدە بىرنەچچەيلەن هاراق ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. جۇماق بىلەن سەمەتمۇ بىر بۇرجەككە كېلىپ چۆكتى. جاڭگۇيدى هاراق بىلەن سەينى ئەكېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. سىركىگە چىلىغان سامساق، چەيلەك، جاڭدۇلارنىڭ پۇرىقى بۇرۇنغا ئۇرۇلدى. جۇماق هاراقتىن هېجىرغا يېرىم قۇيۇپ كۆتۈرۈۋەتتى ـ دە، يەنە شۇنچىلىك قۇيۇپ سەمەتنىڭ ئالدىغا هېجىرنى سۈرۈپ قويدى.

— قىنى، ئىچە، ئۇكا، دېگەنبىلەن بۇ سەپەردە سەن ماڭا ياردىلىكى، كۇچۇڭمۇ بار، ھوشۇڭ بار كۆرۈنىسەن. خۇدايىم ساقلىسۇن كۇچى بار ھوشى يوقتىن، ئۇنداق ئادەم قىپقىزىللا تەلۋە بولىدۇ. ئاۋۇ جاپپار دېگەننىڭ ئاكىسى، ھېلىقى قۇدۇقتا چۈشۈپ يوقاپ كەتتى دېگەن غاپپار شۇنداق كۈچى بار، ھوشى يوق نېمىتى، ئازراق ئالتۇننى دەپمۇ بىر ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بارمۇ؟... ھە، نېمە قاراپ ئولتۇرىسەن؟ ئىچە!

— ئەستا!— دەپ ئۇياق - بۇياققا قارىغىلى تۇردى سەمەت.

— ھە، نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى جۇماق.

— مەن ھاراق ئىچىپ باقمىغان.

— يۇرتۇڭدا ئاۋۇ مۇسەللەس دېگەننىمۇ ئىچىپ باققان بولمىغىيتتىڭ؟

— ئىچكەن... بىر قېتىم ئىچىپ...

— ھە، ئىچىپتىكەنسەنغۇ، مۇسەللەس بىلەن ھاراق دېگەننىڭ بىر گەپ... بىر گەپمۇ دەيمىز، ئەمما ھاراقنىڭ كەيپى ئالدىدا مۇسەللەس دېگەننىڭ ھېچنېمە ئەمەسلا بىرنېمە جۇمۇ... شۇڭا بۇرۇنقى شائىرلار «ھاراق پادىشاھدۇر، مۇسەللەس ۋەزىر» دەپ يېزىپتىكەنغۇ؟ پادىشاھنىڭ ئالدىدا ۋەزىر دېگەن قانچىلىك نېمىتى... قىنى خوشە!

سەمەت ھاراق قۇيۇلغان ھېجىرنى ئىككىلىنىپ قولىغا ئالدى - دە، كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. بىر ئوت ئاغزىدىن كىرىپ ئۇچەي - باغرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى.

— ھوششەرە، قىنى، سەي يېگىن! ئاۋۇ تەرخەمەكتىن

بىر چىشلە،ــ دېدى جوماق،ــ توشقانلارنىڭ سىركىگە چىلىغان تەرخەمىكى بەك ياخشى.

شۇ چاغدا قاۋاقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغانلاردىن بىرىنىڭ كۆزى جوماققا چۈشۈپ قالدى ـ دە، ۋارقىراپ كەتتى.

ــ پاھ، باياتىن بىرى ماۋۇ قاۋاق نېمانداق يوپيورۇق بولۇپ كەتتىكىن دېسەم جوماق كىرىپ قاپتىكەن ـ دە! (بۇ جوماقنى «تاز» دېگەن مەنىدىكى چاقچاق ئىدى)،ــ دېدى ئۇ.

جوماق بېشىنى بوراپ گەپ قىلغۇچىغا قارىدى ـ دە:

ــ هوي، ئايۇپمۇ سەن؟ يورۇقتا كۆزۈڭ قامىشىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ (ئايۇپنىڭ بىر كۆزى ئەلەس ئىدى)،ــ دېدى.

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ ئىككىلا ئادەمكەنسىلەر، مەيەرگىلا كەلمەمسىلەر، بىللە ئولتۇرايلى،ــ دېيىشتى ئۇلار.

ــ بىز ئالدىرايمىز،ــ دېدى جوماق،ــ بىر ـ ئىككى سەردىن ئىچىپلا چىقىپ كەتمەكچى...

ــ بىزنىمۇ بۇ قاۋاقتا قوندۇ، دەپ ئويلىغۇدىڭمۇ؟... بىزمۇ ئالدىرايمىز،ــ دېدى ئايۇپ،ــ كېلىڭلار، دېدار غەنىيمەت، بىردەم بولسىمۇ بىللە ئولتۇرايلى.

جوماق بىلەن سەمەت ئالدىدىكى نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ نېرىقى سورۇندىكىلەرگە قېتىلدى. ئۇلار ئىلىنىڭ يۇرتمۇيۇرت كېزىپ مال توشۇيدىغان كونا هارۋىكەشلىرىدىن ئىدى. باياتىن بېرى ئاز ـ ئازدىن ئىچىشىپ هارۋىغا قاتقان ئاتلىرىنى ماختاپ ئولتۇرۇشاتتى.

ــ ھە، مانا ئەمەسمۇ،ــ دېدى ئايۇپ،ــ ئەمدى ھەممە ھارۋىكەش جەم بولدۇق، قانداق دېدىم، جۇماق؟... سالچى دېگەنمۇ ھارۋىكەش. بىز بىلەن ئوخشاش. ناھايىتى سەن چاقى يوق ھارۋىنى ھەيدەيسەن، بىز چاقى بارنى؛ بىز قۇرۇق يولدا ماڭىمىز، سەن يول يوق سۇدا....

ــ ۋاھ، ئايۇپئاخۇن! ئەجەب گەپچى بولۇپ كېتىپسەنا؟ گۇچۇڭ ھارىقى خېلى كۆزۈڭنى ئېچىپ قويدىمۇ نېمە؟ــ دېدى جۇماق چاقچاقنى يەنە كۆزگە توغرىلاپ.

ــ گۇچۇڭ ھارىقى دېگەن ھەرقانچە ئىچسەڭمۇ باشقا چىقمايدۇ دېگىنە،ــ دېدى ئايۇپمۇ بوش كەلمەي. ئىشقىلىپ، باشقا تەۋە گەپ بولسىلا چاقچاق جۇماق تازغا ماڭاتتى.

ــ ھەرنېمە بولسا قاراپراق ئىچ، باشقا چىقمىغان بىلەن كۆزۈڭنى تورلاشتۇرۇپ قويىدۇ...

ھەممەيلەن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى. سەمەت ئۇلارنىڭ لەقىمىگە يۆلەپ قىلىۋاتقان چاقچاقلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەچكە ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئولتۇراتتى. بىر ـ بىرىنى سەنلىشىپلا سۆزلىشىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا بىرئاز قوپال سېزىلەتتى.

ــ بۇ ئىنىمىزنى تونۇمىدۇققۇ؟ــ دەپ سورىدى ئايۇپ سەمەتنى شەرەتلەپ.

ــ مېنىڭ يېڭى ياردەمچىم بولىدۇ،ــ دېدى جۇماق،ــ قانداق، كۆزۈڭگە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟

ــ كىملىكىنى باشتا بىلىپ قويغان ياخشىچۇ... قېنى ئىچە، ئۇكا، ئېتىڭ كىم بولىدۇ سېنىڭ؟

ــ سەمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— ھە، سەمەتجان.

سەمەتكە بۇ «سەمەتجان» دېگەن گەپ تېخىمۇ غەيرىي بىلىندى. ئۇ ئايۇپ سۇنغان ھاراقنى ئۇنچىقماي ئېلىپ ئىچىۋەتتى. ھارۋىكەشلەرنىڭ ئالدىدا سامسا، پىشىشىق گۆش دېگەندەك يېمەكلىكلەر تۇراتتى. ئۇنىڭغا جۇماق ئالغان تۇخۇم، چىلىغان سەيلەر قوشۇلۇپ داستىخان ئوبدانلا موللىشىپ قالغانىدى، سەمەت بىر سامسىنى ئېلىپ چىشلىدى.

— چاقچاق گەپ ئەمەس، مۇشۇ جاڭگۇيدىنىڭ ھارىقىنىڭ ئوبدانلا كۈچى بار، — دەپ ماختاپ كەتتى ئېگىز، ئورۇق بىر ھارۋىكەش، — ئازراقلا ئىچسەڭ ۋازژىدە تۇتىدۇ. بەزىلەر دوڭشۇپاڭنىڭ ھارىقىنى ماختايدۇ، يەنە مۇشۇ جاڭگۇيدىنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

— بۇ دۇكان پەقەت گۇچۇڭنىڭلا ھارىقىنى ساتىدۇ ئەمەسمۇ، باشقا يەرنىڭ ھارىقىنى زادى ئارىلاشتۇرمايدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى جۇماق.

— بىر يىلى نەق ئاشۇ گۇچۇڭنىڭ ئۆزىگە غۇلجىدىن يۈك تارتىپ قالدۇق، — دەپ ئۇزۇن بىر ھېكايىگە چۈشتى ئايۇپ، — ۋاھ، شۇ قېتىم سۇنىپىتۇرا، قۇمبۇلاق، كۆلئۆتەك دېگەن يەرلەردە تارتىپ كەتكەن جاپايىمىز، بۇ بوران دېگەن توختىماي چىقتى. ئالدىغا قەدەم باسساڭ كەينىڭگە كېتىسەن... خەير، شۇنداق قىلىپ ئاخىرى گۇچۇڭغىمۇ يەتتۇق. بىز مەيەردە گۇچۇڭدىن كەلگەن بولسىلا ھەممىنى گۇچۇڭنىڭ ھارىقى دەۋېرىمىزكەن، گۇچۇڭنىڭ ئۆزىگە بارساڭ مۇنداق ھاراق ئېچىتىدىغان شوپاڭلاردىن بىرقانچىسى باركەن. بىرىنىڭ ھارىقىغا يەنە بىرىنىڭ ئوخشىمايدىكەن. ئۇ يەردە ئېتىنى نىمە دېدى،

خۇدايىم، ئورۇق، ۋىجىك، شالاڭ ساقال بىر ئادەم باركەن. شۇ ئاقساقالنىڭ چىقارغان ھارىقىنىڭ ناھايىتى داڭقى باركەن، ئۆمرى ھاراق دۇملىگەن قازاننىڭ بىشىدىن نېرى بارماي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئوخشايدۇ. ھەرقانداق ھارىقىڭنى شۇنداقلا ئوت يېقىپ ھاراقنىڭ كۆيۈۋاتقان يالقۇنىغا قاراپلا ماۋۇ ھارىقىڭ بولىدۇ، بولمايدۇ ياكى مۇنچىنچى سورتلۇق ھاراق، دەپ ئايرىپ بېرىدىكەن. يالقۇننىڭ ئالىيېشىل رەڭگىگە قاراپلا ماۋۇ ھارىقىڭنىڭ پالانى نېمىسى كەم ياكى پوكۇنى يېرى مۇنداق دەپلا ھۆكۈم قىلىدىكەن... ۋاھ، گەپ قىلماڭلار، ھاراقنىڭ پىرى دېسە شۇ ئاقساقالنى دېسە بولىدىكەن. ھاراقنى ھاراق قىلىدىغان بىرىنچىدىن سۈيى، ئىككىنچىدىن خۇرۇجى، ئۇچىنچىدىن ئوتى. ئوتنى ئېگىز - پەس قالدىڭما، بولدى، قالغان ھەممىسى بىكارلا دەيدىكەن... قېنى، شۇ ئاقساقالنىڭ ھارىقىدىن بىر ئوتلاپ باقمايلىمۇ، دەپ ئىزدەپ - سوراپ باردۇق. شوپاڭنىڭ ئۆزىدە ھاراق كوركىراپ چۈشۈۋاتقان جومەكتىن بىر چۆمۈچتىن ئىسسىق ھاراقنى ئېلىپ ئىچكىنىمىزنى بىلىمىز، ئالامەت كۈچى بار ھاراقكەن. ئۇچ كۇنگىچە چۈشكەن دېڭىمىزنى تاپالماي تالادا تېنەپ يۈرۈپتۇق...

— كۆزدىنلا ئاپتۇ - دە؟ — دېدى جۇماق.

— باشتىن كەتكەن گەپ، باشتىن! — دېدى ئايۇپ، — قېنى، شوخ - شوخ ئىچمەمسىلەر... شۇنداق قىلىپ شۇ قېتىم گۇچۇڭغا كەلگەن ئادەم ئۇرۇمچىنى كۆرمەي كەتمەيلى، دەپ ئۇرۇمچىگە باردۇق. ئۇرۇمچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قاۋاقلىرىدىمۇ گۈچۈكنىڭلا ھارىقىنى ساتىدىكەن. ھەممىمىزنىڭ يانچۇقىدا گۈچۈككە كىرا ئاپارغان پۇل بار. ئات ـ ھارۋىلارنى دەڭگە چىقىرىپ قويۇپ ئۈرۈمچىنىڭ ياڭخاڭ، نەنمېن دېگەن يەرلىرىدە بىر ئويناپ كەتتۇق. تار كوچىلاردىكى مابەنزىخانىلارنىمۇ بىلىۋالدۇق. ھەپتە ـ ئون كۈن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىنىڭ چوكانلىرى ھەممىمىزنى يالىڭاچلاپلا قويدى. تاسلا قالدۇق ئات ـ ھارۋىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغىلى. ئارىمىزدا مەنسۇر دەيدىغان نوغايتۇلۇق بىر ھارۋىكەش بولىدىغان، مۇشۇ «جېنىم خېنىم»، «دەردىڭ يامان» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بولسا ئادەم تۇرماق، ھارۋىنىڭ شوتىسىدا كېتىپ بارغان ئاتنىڭمۇ كۆزىگە مۆللىدە ياش كېلەتتى. ئۇزۇن يوللاردا كېتىپ بارغاندا مەنسۇرنىڭ ئېسىگە نوغايتۇ كېلىپ قالسا «نوغايتۇنىڭ غوللىرى، تورغاي بىرنېمە، بىرنېمە» دېگەن قوشاقلارنى قېتىپ ناخشا ئېيتاتتى ـ ھە، ئېسىمگە كەلدى:

تورغاي تولا سايرايدۇ،
نوغايتۇنىڭ غولىدا.
ئۆلمەيمەن دېگەن بىلەن،
جان خۇدانىڭ قولىدا...

دېگەندەك قوشاقلارنى قېتىپ ناخشا توۋلايتتى. ئۈرۈمچىدە ئويناپ يۈرگەن چېغىمىزدا ئۇ:

نوغايتۇنىڭ غوللىرى،
ئاستى كۆمۈر، ئۈستى تاش.

ئۈرۈمچىدىن يار تۇتتۇم،
مەڭزى سۈزۈك، قەلەم قاش...

دېگەن قوشاقلارنى قوشۇپ ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ يانچۇقتا پۇچۇق يارماقمۇ يوق، قۇرۇق ھارۋىنى تاراقشىتىپ غۇلجىغا سولىشىپ ماڭدۇق. «ھە، مەنسۇر، ئەمدى ناخشاڭنى ئېيتە» دېسەم، مەنسۇر:

نوغايتۇنىڭ غولىدا،
تورغاي ياتىدۇ ئوڭدا.
چوكانلارغا پۇل خەجلەپ
ئىشتان قالمىدى قوڭدا...

دېمەسىما، ھەممىمىزنىڭ كۈلۈپ، ئۈچەيلىرىمىز ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى.

— ئايۇپ، سېنىڭ كۆزۈڭ ئاشۇ ئۈرۈمچىدىلا ئېچىلىپ كېتىپتىكەن ـ دە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى جۇماق.

— ئۈرۈمچىدىكى ئۇ ئويۇنلارنى سەن كۆرگەن بولساڭمۇ بېشىڭچىلاپ كىرىپ كەتكەن بولاتتىڭ! — دېدى ئايۇپمۇ بوش كەلمەي.

ئەمدى جۇماق ھاراقنىڭ كەيپچىلىكىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ، بارغانسېرى گەپكە قىزىقىپ كېتىۋاتاتتى. سەمەتمۇ خىجالەتچىلىكتە ياق دېيەلمەي ئۆز نۆۋىتىدە ئىچىپ ئولتۇردى.

— مۇشۇ چۆچەكلىكلەرمۇ باشقا يەرنىڭ ھارىقىنى ئىچمەي گۇچۇڭنىڭلا ھارىقىنى ئىچىدىكەن. بىر يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


كىرا بىلەن چۆچەككە بېرىپ قالدۇق، ــ دەپ گەپ باشلىدى يەنە بىر هارۋىكەش، ــ تازا قۇربان ھېيتتا بېرىپ قاپتىمىزكەن. چۆچەك دېگەندە چارۋا مال كۆپ بولغاچقىمىكىن، ھەممىلا ئادەم ئۆي بېسىپ قۇربانلىق قىلىدىكەن. تاپقىنى تۆگە، كالا، كەمبەغەلرەكلىرى بىرەر چىچقاق توقلا بولسىمۇ سويىدىكەن. ئاپارغان ماللىرىمىزنى دېگەن يېرىگە چۈشۈرۈپ بېرىپ، بىرەر ھەپتە شۇ يەردە ئۆيمۇئۆي ھېيتلاپ ئوينىاپ كەتتۇق. قايسىلا ئۆيگە كىرسەڭ تاۋاقتا هور چىقىپ تۇرغان ئىسسىق گۆش. «قېنى، ئېلىڭلار!» دەيدۇ. بىر توغرام گۆشنى ئاغزىمىزغا سېلىپ تۇرۇشىمىزغىلا ئارقىدىن هاراق كېلىدۇ، ھەممىسىلا مۇشۇنداق گۇچۇڭ هارىقى...

ــ قۇربانلىق گۆش بىلەن هاراق ئىچسە قانداق بولىدۇ؟ ــ دېدى باياتىن بېرى ئۈنچىقماي ئولتۇرغان بىر هارۋىكەش.

ــ ھېچقانداق بولمايدىكەن، تازا ئوبدان بولىدىكەن، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ھېلىقى چۆچەككە بارغان هارۋىكەش، ــ ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ پەنجىم[①] دېگەنلەردە ناھايىتىمۇ چىڭ، ھېيت دېگەندە ئاغزىڭغا تېمىم هاراق ئالغىنىڭنى ئاڭلاپ قالدىمۇ، بولدى، مەسچىتنىڭ ئىمام ـ مەزىنلىرى دەررىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئاناڭنى كۆرسىتىدۇ... چۆچەككە بېرىپ يايراپلا كەتتۇق...

بۇ گەپنىڭ ئايغى نەدىن چىقاتتىكىن؟ مەست بولۇپ قالغان ئايۇپ تۇيۇقسىز ناخشا باشلىۋەتتى. باشقا

① پەنجىم ــ غۇلجا شەھىرىگە يېقىن ئەتراپتىكى بىر يېزا.

ھارۋىكەشلەرمۇ ناخشىغا قوشۇلۇپ كەتتى. سەمەت ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

ئىلىدىن چىققان ھارۋا،
ئۇرۇمچىگە لەڭ① باستى.
ئات ئورۇق، يوللار يىراق،
ھارۋىكەشنى غەم باستى.

ئۇرۇمچىنى كۆرمەككە
ھارۋا قىلدۇق بەس ـ بەستە.
تەلكىنىڭ داۋىنىدىن
ئۆتتۇۋالدۇق مىڭ تەستە.

ــ ھەي جۇماق، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ــ دېدى ئايۇپ، ــ سېنىڭ سالىلىرىڭنىڭمۇ ئۆتىدىغان شۇنداق يامان داۋانلىرى بارمۇ؟

ــ بولماي! ــ دېدى جۇماق، ــ سالچىلار ئۆتىدىغان داۋانلارنى كۆرسەڭ كۆزۈڭ ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىدۇ.

سالچىلارغا چوڭ داۋان
ھېسابلىنار مەديان.
دولقۇنلارغا يەم بولدى
سال ھەيدىگەن قانچە جان.

ئىلىخونىڭ باللىرى،
زەپ ماڭىدۇ ساللىرى.

① لەڭ ــ خەنزۇچە ئاشلىق مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



قاپچىغايدىن ئۆتكۈچە
ئېقىپ كەتتى جانلىرى.

قاپچىغايدىن ئۆتكەندە
رازۋان تېشى بىر بالا.
ماڭغانغا تۇگىمەيدۇ
يول بىلمىسەڭ بەشسالا...

دېگەن ماۋۇ قوشاقلارنى ئاڭلاپ قوي.
ئاخىرىغا بېرىپ سەمەت بۇ ئولتۇرۇشتىن زادى قاچان قايتقانلىقىنى، يەنە نەلەرگە بارغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

# چوڭ كۆۋرۈك

داۋان ئاتلاپ چىققان قوۋان قاراكۆلدە سال ھەيدەۋاتقانلارنىڭ قېشىدا قالماي، ئوسمان ئۇلاغچىغا ئەگىشىپ غۇلجا شەھىرىگە كەلگەنىدى. قوۋاننىڭ ئەقىدە قىلىپ ئارقىسىدا يۈرگەن ئۇستازى ئۆمەر مەدداھ مۇز داۋاندا غايىب بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى شۇنچە يىراق يەرلەردىن بىللە كېلىپ، شەھەرگە ئاز قالغاندا ئوسمان ئۇلاغچىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇلاغچىغا قوۋاندەك بىر ياردەمچى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا دائىم قىلىدىغان: «بالام، ياغاچ ئۆرۈيدىغان ئىشنى قىلما» دېگەن نەسىھەتى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەنىدى. گەرچە سالچىلىق دېگەن ياغاچ ئۆرۈيدىغان ئىش بولمىسىمۇ، ئۆرۈگەن ياغاچلارنى دەرياغا تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنىپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئېقىپ يۈرۈش ئوخشاشلا بىر ئىش ـ تە!...

ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن قوۋان شەھەرگە كېلىپ تاقىچىلىق مەھەللىسى ئەتراپىدىكى «ئويمان دەڭ» دەپ ئاتىلىدىغان دەڭگە چۈشتى. كوچا ئېگىز، دەڭنىڭ ئىچى خېلىلا ئويمان بولغاچقا بۇ دەڭ «ئويمان دەڭ» دېگەن نام بىلەن داڭلىق ئىدى. دەرۋازىدىن كىرگەندە دەڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككى تەرىپىدە ئۇلاغچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان كىچىك ـ كىچىك ھۇجرىلار، دەڭ ئارقىسىغا ئۇلاغ باغلايدىغان ئۇزۇن ئوقۇر، مال چۈشۈرىدىغان ئۈستى يېپىق لاپاس، بىدە ـ سامان چۈشۈرۈپ، هارۋىلارنى چىقىرىپ قويىدىغان مەيدان بار ئىدى. ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ بۇ يەرنى تاللىشىنىڭ سەۋەبى، ئويمان دەڭ كوناگىر، دەڭدەرۋازا، تاشلىپكە دېگەندەك قايناق بازارلارغا يېقىن ئىدى. ئەكەلگەنماللارنى ئىتتىك پۇل قىلغىلى بولاتتى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ دەڭنى ئاچقان ئادەم ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن خېلى يېقىن ئىدى. شۇڭا قۇۋان «ئەزمە» ئوسمانئاخۇننىڭ يۈزى بىلەن بۇ دەڭدە ئوسمان ئۇلاغچى كەتكەندىن كېيىنمۇ تۇرۇپ قالدى.

ئوسمان ئۇلاغچى ئەكەلگەن ماللىرىدىن يامان ئەمەس پايدا كۆرگەندى. ئۇ يەنە ئۇلاغلىرىغا قەنت ـ گىزەك، كۆن ـ خۇرۇم، گەزمال دېگەندەك ماللارنى بېسىپ قەشقەرگە چۈشۈپ كەتمەكچى بولدى. قۇۋاننى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە چۈشۈپ كېتىشكە خېلى دەۋەت قىلىپ باقتى، قۇۋان: «بۇ يەردە بىرئاز ۋاقىت تۇرۇپ ئىلىخو دېگەننى ئوبدان بىر كۆرەي؛ بۇدا كەلگەنلىرىدە سىلىگە ھەمراھ بولۇپ يۇرتقا چۈشۈپ كېتەرمەن. مەن شۇنداق قىلاي» دەپ ئارقىغا داجىپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئەمما، ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئوسمان ئۇلاغچىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىدى.

دەسلەپتە ئۇ ئوسمان ئۇلاغچى «ئىش ھەققىڭ» دەپ بەرگەن ئازغىنە پۇلنى خىراجەت قىلىپ، ئىلىنىڭ بازارلىرىنى ئارىلىدى. شەھەرنىڭ قايناق بازارلىرى

ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىلەن ئېغىر گۈرۈلدەيتتى. شەھەر كوچىلىرىدىن تۆگە كارۋانلىرى يۇمشاق قەدەم بېسىپ ئۆتۈپ قايسىبىر ساراي ـ دەڭلەرگە قاراپ يىراقلايتتى. ئات ـ ئۇلاغ، تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلغان قوڭغۇراقلار پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىنى زىل، بوم، جاراڭلىق، بوغۇق خىلمۇخىل ئاۋازلارغا تولدۇراتتى. بىر كارۋاننىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى پەسىيىشى بىلەن شەھەرگە كىرىۋاتقان يېڭى بىر كارۋاننىڭ نەغمىسى باشلىناتتى. دېھقانلارنىڭ يوغان چاقلىق كۆتەك هارۋىلىرى، ئاتلىرىنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقلىرى جاراڭلاپ تۇرغان خادىك هارۋىلار، بايۋەچچىلەر چۈشكەن كالاسكىلار، هارۋىكەشنىڭ «پوش ـ پوش!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى قۇلاقنى ياراتتى. توپىلىق يوللاردىن سارغۇچ چاڭ ئۆرلەيتتى... ئاشخانىلارنىڭ ئوچاقلىرىدا گۈرۈلدەپ ئوت كۆيەتتى. ئوتتۇرىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن تەنجاڭلار ئالدىرىشاتتى، ۋارقىرىشاتتى، نېملەرگىدۇر پۈتلىشاتتى. قازانلارنىڭ تۇۋاقلىرى هورنىڭ كۈچى بىلەن سەكرىشەتتى. قورۇما چۆمۈچلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن پىژىلداپ ماي قايناپ ئەتراپقا چاچرايتتى. ئوتنىڭ يالقۇنىدا بەزىدە چۆمۈچكىمۇ ئوت يامرايتتى. سېمىز گۆشلەر ئۆتكۈزۈلگەن زىخلاردىن كاۋاپداندىكى چوغلارغا ماي تامچىپ، چوغ ئۈستىدىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلەتتى. خېرىدارلارنىڭ بۇرنىغا هەر خىل قورۇمىلاردىن ئۆرلەۋاتقان قانداقتۇر تەم تەڭشىگۈچ، خۇرۇجلارنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلاتتى. خېرىدارلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لوقمىنى شۆلگەيلەر بىلەن قوشۇپ يالماۋاتقان ئېغىزلاردىن چىققان شالاپشىغان ئاۋاز، كۆلكە ـ چاقچاق، نەپسى تويغاندىن كېيىن چىرايلاردا پەيدا بولغان خۇشاللىق، ھاردۇقى چىققان كىشىلەرنىڭ چىرايىغا يۈگۈرگەن خۇرسەنلىك... بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇۋاننىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ يانچۇقى بازار ئارىلاپ يۈرۈپ بىرنەچچە كۈندىلا قۇرۇقدىلىپ قالدى. بەزى كۈنلىرى ئۇ ئاچلا يېتىپ قالىدىغان بولدى. بازار شۇنچە ئاۋات بولسىمۇ، ئىش ئىزدەپ يۈرگەن مۇساپىرلار، ئاچ ـ توق يۈرگەن نامراتلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

بەزىدە قۇۋان دەڭدە ئالىقانلىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇروسقا قاراپ يېتىپ: «ھېلىقى نېمىدا؟... بىر ئېرىقىدا سۈت، بىر ئېرىقىدا ھەسەل... ياق، ياق، بىر ئېرىقىدا ئالتۇن، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش ئاقىدۇ، دەپ ماختىغان ئىلىخو مۇشۇما؟!...» دەپ خىيالغا كېتەتتى. بۇ شەھەرنىڭ ئېرىقلىرىدا سۈت، قايماق ئېقىپ تۇرغان بىلەن، ئۇنى ھېچكىم بىكارغىمۇ بېرىۋەتمەيتتى. شۇڭا بىر شائىر بۇ ھەقتە:

ئىلىخودىمۇ قارا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت،
ئاران يېتەر يەپ ـ ئىچىشكە تاپقانلىرى.
ئۆز جېنىنى ئاران ـ ئاران باقالايدۇ
جاپا تارتقان، مېھنەت قىلغان چاقىقانلىرى.
تومۇز كۈنى كۈمۈتىغا يەم بولىدۇ
«ئۇجمە پىش!» دەپ ئوڭدىسىغا ياتقانلىرى،

قىش - ياز خالىڭ ئاستىدىن چىقالمايدۇ،
تاۋكادا تۆت ئۇشۇقنى ئاتقانلىرى...

دەپ يازغانىكەن.

قۇۋان «ئەزمە» ھېچبولمىغاندا بىرەر مەدداھقا دوست تارتىپ بېرىپ بولسىمۇ كۆنۈمنى ئالارمەن، دەپ شەھەرنىڭ ئادەم يىغىلىدىغان يەرلىرىنى خېلى ئارىلاپ باقتى. بىر - ئىككى مەدداھنى ئۇچراتقان بولسىمۇ ھەيۋىسى قەشقەرنىڭ مەدداھلىرىدەك ئۇنچە ھەيۋەتلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر - ئىككىدىن ئادىمى بار ئىدى - يۇ، سۆزلىگەن جەڭنامە، ھېكايىلىرى ناھايىتىمۇ چولتا، ئەتراپىغا يىغىلغان ئاڭلارمەنلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. بۇلارنى رەھمەتلىك ئۆمەر مەدداھ بىلەن ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ھەرھالدا قۇۋانغا بۇ شەھەرنىڭ «لەڭزە بېشى» بىلەن «چوڭ كۆۋرۈك» دەيدىغان يەرلىرى ئازراق يېقىپ قالدى. چۈنكى، بۇ يەرلەردە قۇۋان ھەر دائىم ئۆزىگە ئوخشاش مۇساپىر، غېرىب، كەمبەغەللەرنى ئۇچرىتىپ، ئۇلار بىلەن ھال - مۇڭ ئېيتىشاتتى.

چوڭ كۆۋرۈكنى ئادەتتە خەلق «خەنزۇ بازىرى»مۇ دەپ قويۇشاتتى. بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە لەڭزە بېشى تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۇلىرى يېيىلىپ ئېقىپ شەھەرنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ قوياتتىكەن. 1767 - يىلدىن 1805 - يىللارغىچە ئىلىدا ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان ئورانزىپ گۇڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى جىرغىلاڭ سۈيى قۇيغىنىدىن شەھەرنىڭ غەربىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ناغرىچى مەھەللە ئاستىغىچە بولغان يەرلەرنى تىرىلغۇ ئېتىزلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن لەڭزە بېشىدىكى بۇلاق سۇلىرىدىن ئىككى ئۆستەڭ ئالغان. بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ بىرى لەڭزە بېشىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىدىكى ئاق يارنى ياقىلىتىپ چېپىلغانىدى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى قارادۆڭ قاپتىلى ئارقىلىق ئىلى ھاكىمبەگلىرىنىڭ خاس بېغى ـــ گۈلشەنباغ تەرەپكە قاراپ ئېقىپ، شۇ تەرەپلەردىكى ھاكىمبەگكە قاراشلىق يەرلەرنى سۇغارغاچقا «ھېكىم ئۆستەڭ» ئاتىلاتتى؛ يەنە بىرى لەڭزە بېشىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە قاراپ ئېقىپ، خەنزۇ بازىرىدىكى چوڭ كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتۈپ، ئايدىڭ، تاش كۆۋرۈك، ناغرىچى مەھەللىلەرگە قاراپ تارماقلىنىپ كېتىدىغان ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئورۇنباسار بەگ ـــ شاغىبەككە قاراشلىق يەرلەرنى سۇغارغاچقا «شاغىلىق ئۆستەڭ» دەپ نام ئالغانىدى. مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ لەڭزە بېشىدىن چىقىش ئېغىزىغا قاتناش ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆستەڭنىڭ ئۈستىنى چوڭ لىم ياغاچلار بىلەن يېپىپ كۆۋرۈك ياسالغانىدى. بۇ كۆۋرۈكنى خەلق «چوڭ كۆۋرۈك» دەپ ئاتىشاتتى.

چوڭ كۆۋرۈك شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قارا دۆڭ، چىلەكخاڭزا، دۆلەتباغ مەھەللىسى، كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تېرەك مازار، قازانچى، شەھەر ئىچى، شىمالدا توپىدەڭ، تەختىيۇن مەھەللىلىرىگە قاراپ كېتىدىغان يوللارنىڭ كېسىشكەن تۈگۈنىگە جايلاشقان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1840 ـ يىللاردىن تاكى 1920 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا

غۇلجا شەھىرىگە كەلگەن خەنزۇلار كۆپرەك مۇشۇ ئەتراپقا ئورۇنلىشىپ، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەر خىل تىجارەت ئورۇنلىرىنى قۇرغاچقا بۇ يەر «خەنزۇ بازىرى» دەپ ئاتالغانىكەن. چوڭ كۆۋرۈك ئۈستىدە داڭلىق ئاشپۇزۇللار، يېمەك ـ ئىچمەك يايمىلىرى ئېچىلغان بولۇپ، بۇ يەر غۇلجا شەھىرىنىڭ قىزىق سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە خۇيزۇ چوڭ مەسچىتىنىڭ مۇنارلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بازار يېنىغا يەنە چاڭچىلىخانىلارمۇ سېلىنغانىدى. چوڭ كۆۋرۈكنىڭ بىر تەرىپىدە مەدىكار بازىرىمۇ بار ئىدى. ئەتىگەندىن كۈن ئۆرلەپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يەرگە كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىنى دولىسىغا سالغان ئىشلەمچىلەر، قېلىپلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان كېسەك تۆككۈچىلەر، ھەر خىل ئەسۋابلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان كاسىپلار يىغىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتە شەھەر تەرەپتىن چىققان يېتىمچىلار كۆپ بولاتتى.

— ھاي ئۆز يۇرت، ئىسمىڭلار نېمە؟ — دەپ سوراشتى ئەتراپتىكىلەر دەسلەپتە قۇۋاندىن.

— قۇۋان.

— «قۇۋان» دېگەن قانداق ئىسىم ئۇ؟ ماۋۇ ئىلىخونىڭ ئادەملىرى ناھايىتى گەپچى خەق جۇما، تۈزۈك گەپ قىلىڭلا، بولمىسا ماۋۇ ئالتە شەھەرلىك ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئوڭشاپ دېيەلمەيدىكەن، دەپ قالىدۇ.

— قۇۋان بولغاندىن كېيىن قۇۋان دېمەمدىنم، — دېدى قۇۋان. ئۇ تېخى لەقىمىنىمۇ قوشۇپ دەۋەتمەكچى ئىدى، توختاپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— «قۇۋان» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ يا قۇناخۇن دەڭلا، يا قۇربان دەڭلا.

— شۇنداق، ھەرقايسىڭلارنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، — دېدى قۇۋان ھىجىيىپ، — ئەسلىدە ئەزان قىچقىرىپ قويغان ئېتىممۇ «قۇربان» ئىدى. كېيىن خەق «قۇۋان، قۇۋان» دەۋېرىپ شۇ گەپكە كۆنۈپ قاپتىمەن.

— ھە، ئەمدى دۇرۇس بولدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەدىكار بازىرىدىكىلەر ئۇنى «قۇربان» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. بەزىلىرى «قۇناخۇن»مۇ دەيتتى. قۇۋان ئۇلارغا قوشۇلۇپ كىملەرنىڭدۇ كېسىكىنى تۆكتى، كىملەرنىڭدۇ لېيىنى ئەتتى، پۇل تاپالمىغاندا يېرىم ئاچ، يېرىم توقمۇ يۈردى.

قۇۋان تولىراق قاراكۆلدە سالچىلار بىلەن قالغان سەمەت نوچى، ھۇسەن بايۋەچچىلەرنى ئەسلەپ قالاتتى. ھېلىقى قۇدۇقتا چۈشۈپ يوقاپ كەتكەن ئاكىسىنى ئالتە شەھەردىن ئىزدىمەكچى بولۇپ يۈرگەن جاپپار دېگەن يىگىتنىمۇ ئېسىگە ئېلىپ: «راست، شۇ يىگىتىمۇ سالچىلار بىلەن قالغان، ئاكىسىنى تاپقاندىمۇ قانداق؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ بىر - ئىككى قېتىم ئىزدەپ - سوراپ، ئىلى دەرياسىنىڭ سالچىلار كېلىپ توختايدىغان يەرلىرىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپمۇ باقتى. ھەر قېتىم بارغاندا قاراكۆلدىن ئەمەس، باشقا بىر يەرلەردىن كەلگەن سالچىلارغا ئۇچراپ قالاتتى. بەستىلىك، بۇرۇتلۇق كەلگەن بۇ ئادەملەر قۇۋاننىڭ سوئالىغا ھەر خىل جاۋاب بېرەتتى. بۇ سالچىلارنىڭ بەزىلىرى تېكەس، بەزىلىرى كۈنەس، يەنە بەزىلىرى توققۇزتارا دېگەندەك تەرەپلەردىن كەلگەن بولۇپ چىقاتتى. قۇۋان بۇ ئىسمى ئاتالغان يەرلەر

شەھەرنىڭ قايسى تەرەپلىرىدە، ئۇلار سالىلىرىنى زادى قايسى دەريا بىلەن ئاققۇزۇپ كېلىدۇ، بىلەلمەيلا قالاتتىم. بىر كۈنى ئۇنىڭغا ياشانغان بىر سالچى ئېرىپ چۈشەندۈردى.

— ئۇكام، ماڭا قارا، مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دېدى ئۇ، — مەيلى سالچىلار ياغىچىنى موڭغۇلكۈرە قاراكۆلدىن باغلىسۇن ياكى تېكەستىكى مويىنتاي، قوۋا، قازاق مەھەللىلىرىدىن باغلىسۇن، ياكى بولمىسا كۈنەس، قاش، توققۇزتارا، موخۇر تەرەپلەردىن باغلاپ كەلسۇن، ھەممىسىلا ياماتۇ دېگەن يەرگە كەلگەندە ئىلى دەرياسى دېگەن مۇشۇ بىر ئېقىنغا چۈشۈپ ئاخىرىدا شەھەرگە كېلىپ توختايدۇ. مەن ساڭا سالچىلارنىڭ شەھەرگە كەلگەندە كۆپرەك توختايدىغان جايلىرىنى دەپ بېرەي. شەھەرنىڭ باش تەرىپىدە، جىرغىلاڭ سۈيىنىڭ دەرياغا قۇيۇلىدىغان يېرىدە بىر ياغاچ بازىرى بار. بەزى سالچىلار شۇ يەردە سالىلىرىنى توختىتىپ، ياغاچلىرىنى شۇ يەردىلا سېتىپ پۇل قىلىدۇ. يا بولمىسا ئازراق دەم ئېلىشىپ، يەنە تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ. مانا ماۋۇ ئىككىمىز ھازىر تۇرغان يەرنى شەھەرنىڭ تاشكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ ئاستىدىكى سېتىۋالدى باينىڭ پەن زاۋۇتى دەيمىز. ئەنە كۆزۈڭ كۆرۈۋاتىدۇ، بۇ يەرمۇ چوڭ ياغاچ بازىرى، ئاۋۇ توك بىلەن ماڭىدىغان كاتتا پەن زاۋۇتىنى شەھەرنىڭ سېتىۋالدى باي قاتارلىق بايلىرى قۇرغان «ياردەم شىركىتى» سالغان. سالچىلارنىڭ كۆپى ياغاچلىرىنى مانا مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ چۈشۈرىدۇ. يەنە بەزىلىرى سالىلىرىنى بۇ يەردىنمۇ ئۆتكۈزۈپ كېتىپ، شەھەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئايدۆڭ كېمىسى بار يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپىرىدۇ، ئۇ يەردىمۇ ياغاچ سودىسى بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشقىلىپ، ياغاچىنىڭ ئىگىلىرى ياغىچىنى قەيەرگە ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ بەر دېسە شۇ يەرگە تارتىدىغان گەپ.

بىر كۈنى قۇۋان يەنە بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ سالچىلار سال توختىتىدىغان يەرگە كېلىپ، بىرنەچچە سالچىنىڭ بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ بىرەيلەننىڭ پارىڭىنى تازا قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى پاراڭچى قانداقتۇر بىر سالچىنىڭ ياخشى كۆرۈپ قالغان ساھىبجامال قىزنى قولىدىن تارتىپلا سالغا چىقىرىۋېلىپ ئەپقاچقانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىسىنى:

— مانا، غېرىب — سەنەم، لەيلى — مەجنۇن دەيسىلەر، بىزنىڭ سالچىلار ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭدىن قىزىق ئىشلار بولىدۇ، — دەپ چۈشۈردى.

قۇۋان گەپنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ قالغاچقا، بۇ ھېكايىسىنىڭ ئالتە شەھەردىن بىللە چىققان بۇرادەرلىرىنىڭ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

— بىر يىلى، — دەپ گەپ باشلاپ كەتتى يەنە بىر سالچى، — مۇشۇ بايتوقاي ئەتراپىدا بىر قىزغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قىز ئەمەسمۇ كاساپەت، نېمىسىنى ئېيتاي، «ئادەم بالىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن — ھە؟!» دەپ قاراپلا قاپتىمەن. سال ئۇزاپ كېتىۋاتىدۇ، كۆزۈم ھېلىقى قىزدا، ھېلىقى قىزنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ كۆزۈمدە ئۇيقۇ بولسا نېمە دەي. كۆزۈمنى شۇنداق يۇمسامالا بىر پەرىزات دەريا ياقىلاپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەكلا كۆرۈنىدۇ. شەھەرگە كېلىپ سالنىمۇ

تاشلىدىم. تازا ئورما ۋاقتى ئىدى. ياخشى ئورغاقتىن بىرنى ئېلىپ ئورمىچىلارغا قېتىلىپ ھېلىقى بايتوقاي تەرەپكە چىقىپلا كەتتىم. بىر ياز شۇ تەرەپتە ئورما ئورۇپتىمەن، ھېرىۋەكتام، شاخلىقتام، كالىچىتام، قىشلاقتام، يېڭىتام، كونىتام، تۆۋەنكىتام، ئاقتام، قاراتام... ئەيتاۋۇر دەريا بويىدىكى جىمى مەھەللىلەرنىڭنى ئىزدەپ قېرىۋەتتىم، ھېلىقى قىزنى ئىزدەپ تاپالمىدىم.

— نەگە كېتىپتۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى.

— ۋايتاڭەي، ئۇقمىدىم، «مۇشۇنداق بىر پەرىزاتنى كۆرگەنىدىم، قايسى مەھەللىنىڭ قىزى بولغىيتتى؟» دەيمەن. ئاڭلىغانلار: «پالانچىنىڭ قىزىنى دەمسەن ـ يە؟» دەپ باشلاپ بارىدۇ، قارايمەن، مەن كۆرگەن ھېلىقى پەرىزاتقا ھېچقايسىسى ئوخشىمايدۇ، ياق، بۇ ئەمەسلا دەيمەن، ئارقامغا يانىمەن. بىر كۇنى قىشلاقتامدا بىر بوۋاينىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم، دەردىمنى شۇ ئاقساقالغا ئېيتقۇم كېلىپ قالدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى پاراڭ قىلىپ بەردىم. بوۋاي ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «بالام، سەن ئۇ قىزنى قانداق ۋاقىتتا، قەيەردە كۆرگەن؟» دەپ سورىدى. «مانا مۇشۇ بىر ـ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا، ھاۋا تازىمۇ ئوچۇق بىر كۇنى ئىدى. چۇش، پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغانمۇ ئەيتاۋۇر، دەريانىڭ يۇقىرىسىدىن سال ھەيدەپ كېلىۋاتاتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام نېرىقى قىرغاقتا بىر قىز تۇرمامدۇ، ‹يا ئاللا، ئادەم بالىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن ـ ھە!› دەپ قاراپلا قاپتىمەن... مانا شۇ كۇندىن باشلاپ مەن ئۆزۈم ئۆزۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەس...» دېدىم. ھېلىقى بوۋاي گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقاپ: «بالام، سەن راستىنلا ئادەم بالىسىنى ئەمەس، باشقا بىرنېمىنى كۆرۈپسەن، ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپ، سالنى توختىتىپ قىرغاققا چىقماپسەن، قىرغاققا چىققانلا بولساڭ جىن چاپلىشاتتى» دېمەسما، قورقۇپ كەتتىم... ئادەم دېگەنمۇ قىزىق بولىدىكەن، ھەرقانچە قورقسامۇ شۇ قىز كۆز ئالدىمدىن يەنە ئۆزاقمىغىچە كەتمىدى. ياماتۇدىن بۇياققا ئۆتۈپلا قىرغاقلارغا شۇنچە قارايمەن، ھېلىقى قىزنى يەنە بىر كۆرمىدىم، كۆرگەن بولسام مەيلىتى ھەرقانچە ئالۋاستى بولۇپ كەتسىمۇ... مەنمۇ سال بىلەن كېلىپ قولىدىن تارتىپلا ئەكېتەي، دېگەن...

— ھاي، ماۋۇ ياغاچ كىمنىڭ؟ — دېدى بىر خېرىدار كېلىپ.

— مېنىڭ! — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ھېلىقى پاراڭ سېلىپ بېرىۋاتقان سالچى. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپنىڭمۇ ئايىغى چۇشمەيلا توختاپ قالدى.

※ ※ ※

غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدە بۇلاقلارنىڭ سۈيى بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان، بوك ـ باراقسانلىق بىر مەنزىرىلىك جاي بار. كىشىلەر بۇ يەرنى «لەڭزە بېشى» دەپ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز غۇلجا شەھىرىنى بىنا قىلىشتا مۇشۇ لەڭزە بېشىدىكى قىشتىمۇ توڭلىمايدىغان بۇلاق سۇلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، شەھەرنى لەڭزە بېشىنىڭ تۆۋەن

تەرىپىگە قۇرغانىكەن... دېمىسىمۇ، مۇشۇ بۇلاقلارنىڭ خاسىيىتىدىن غۇلجا شەھىرى ئىچىدە قىشۇ ياز تۆت - بەش ئۆستەڭنىڭ سۈيى توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. لەڭزە بېشىدا سۈيى ئۇزۇلمەي بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان چوڭ - كىچىك نۇرغۇن بۇلاقلار، قىرغاقلىرىغىچە سۇغا تولۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭلەر بار ئىدى. بىرقانچە يەردە گۈلدۈرلەپ تۈگمەنلەر مېڭىپ تۇراتتى. تۈگمەنلەرنىڭ ئالدىدا ئۇگۇت ئەكەلگەن هارۋىلار قاتارلىشىپ تۇرۇپ كېتەتتى. تاغارلارنىڭ يىرتىقلىرىدىن تۆكۈلگەن دانلارنى تېرىپ يېيىش ئۈچۈن بۇ يەرگە توپ - توپ قۇشقاچ، كەپتەر چۈشۈپ تۇراتتى... ئۆستەڭ بويلىرىدىكى قۇچاق يەتمەيدىغان تېرەك، قارىياغاچ، سۆگەتلەر ئەتراپىغا شاخلىرىنى يېيىپ قويۇق سايە تاشلايتتى. بۇ يەر يېتىمچى، مۇساپىرلار ئۈچۈن هېچكىم نېرى تۇر دېمەيدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئارامگاھ ئىدى. ئۇششاق باللار قىيقاس - چۇقان سېلىشىپ ئۆستەڭلەردە چۆمۈلەتتى، كىملەردۇ نانلىرىنى تۈگۈرۈپ بۇلاق سۇلىرىدىن ئوچۇملاپ ئىچەتتى، كىملەردۇ سۆگەت سايىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ خىيال سۈرەتتى... بۇ يەردە توخۇۋازلار خورازلىرىنى تاشلاپ توخۇ سوقۇشتۇرىدىغان، هەر يوغان ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ ئىت تالاشتۇرىدىغان، قىمارۋازلار مەيدە مۇشتلاپ قىمار ئوينايدىغان، مەدداھلار ئادەم يىغىپ جەڭنامىلەرنى سۆزلەيدىغان، نوچىلار بىر - ئىككى قەپەستىن مۇشت ئېتىپ بىر - بىرىنى سىنىشىدىغان مەيدانلار بار ئىدى. هەممە نېمىدىن پەرۋايى پەلەك چېكەرمەنلەر بولسا ئۆستەڭ بويىدىكى زەي يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ يېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەشىسىنى تارتاتتى. لەڭزە بېشىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يەنە ئاشلىق، يەم ـ خەشەك ساتىدىغان گىر بازىرى، توخۇ بازىرى بار ئىدى.

كىشىلەر: «لەڭزە بېشى بىلەن چوڭ كۆۋرۈكنى مەشرەپنىڭ نەزىرى تەگكەن خاسىيەتلىك جاي. شۇڭا، بۇ يەردىكى ئاۋاتچىلىق مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، لەڭزە بېشى بىلەن چوڭ كۆۋرۈك مۇساپىر، يېتىمچىلارنى قوللايدۇ» دېيىشەتتى. لەڭزە بېشىدىكى بۇلاقلارنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا نۇرغۇن ئەپسانىلەر ئېقىپ يۈرەتتى. «لەڭزە بېشىدا قازانبۇلاق دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بار، — دېيىشەتتى ئۇلار، — بۇلاقنىڭ ئەتراپى دۈپدۈگىلەك، خۇددى ئېسىپ قويغان ئالامەت يوغان بىر قازانغىلا ئوخشايدۇ. يەلكىسىنى ھەرقانچە غەم بېسىۋالغان مۇساپىر بولسىمۇ شۇ بۇلاقتا بىر چۆشۈپلا يۇيۇنۇپ چىقسا كۆڭلىدىكى غەم ـ قايغۇ كۆتۈرۈلۈپ يېپيېنىكلا بولۇپ كېتىدۇ...» يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، لەڭزە بېشىدا شۇنداق بىر غەلىتە بۇلاق بارمىش، سۈيى كۈندۈزى شەرققە، كېچىسى غەربكە قاراپ ئاقارمىش. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ سۈيى شىمالغا قاراپلا ئاققۇدەك بولسا تاشقىن بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنى سۇ بېسىپ كېتەرمىش... ئۇ يەردە يەنە بىر بۇلاق بارمىش، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن خام گۆشنى چىلىسا ھازىرلا پىشىپ قالغۇدەك، خام كېسەكنى چىلىساڭ بىردەمدىلا پىششىق خىش بولۇپ چىققۇدەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللا جامائەسى بىلەن تۇڭگان چوڭ مەسچىتىنىڭ خىشلىرىنى ئەنە شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدە پىشۇرۇپ ياسىغان ئىكەنمىش...

شۇ تاپتا قۇۋان «ئەزمە» لەخزە بېشىدىكى ئوچۇقچىلىقتا بىر مەدداھنىڭ شاھ مەشرەپ[①] ھەققىدىكى ھېكايەتلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. شاھ مەشرەپ توغرىسىدا ئۇ ئۆمەر مەدداھنىڭ ئاغزىدىنمۇ بەزى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغاندەك قىلاتتى. پاكار، قارا ساقاللىق مەدداھنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان ئادەممۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. مەدداھ مەشرەپ توغرىسىدىكى بايانلىرىنى داۋام قىلىۋاتاتتى...

— ئىھ، خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمە، كۆنبويى يامان گەپلەرنى ئاڭلاپ بىزەپلىشىپ كەتكەن، كوچىنىڭ توپا ـ چېڭى ئورناپ كىرلىشىپ كەتكەن، ئاۋۇ داپخۇندەك يوغان قۇلاقلىرىڭنى ئوبدان بىر كوچىلىۋېتىپ بۇياققا بۇرا... ئېيتماقچى بولغىنىم ھەزرىتى مەشرەپ ھەققىدىكى ھېكايەت، بايلىققا زىنھار كۆڭۈل بەرمىگەن، غېرىبلىقنى ئۆزىگە خۇش ئەيلىگەن، يازغان غەزەللىرىدە ئاللانىڭ ئۇلۇغ كارامەتلىرىنى بەندىلەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى بىلەن باغلىغان، شائىرلارنىڭ پىرى، ئاشىقلارنىڭ بىرى قەلەندەر مەشرەپ ھەققىدىكى رىۋايەت... ھەزرىتى مەشرەپ ئۆزىنىڭ بارچە ئۆمرىنى يۇرت كېزىپ سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئاياغلىرىنىڭ چەمى دەشت ـ باياۋان، تاشلىق يوللاردا قالغان، چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى ئىتلار تالىغان، ھەزرىتى ئاپپاق خوجىمۇ ئۇنى سورۇندىن قوغلىغان... ئاچچىقىدا مەشرەپ ھەممىنى تەرك ئەتكەن، شۇ ئېغىر كۈنلەردە ئۇنىڭ مۇبارەك قەدىمى بۇ ئەلگە دىيارىغا يەتكەن!...

---

① شاھ مەشرەپ — تولۇق ئىسمى «بابا رەھىم مەشرەپ»، مىلادىيە 1640 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1711 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ بەزى ئىش ـ ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا ئەپسانىلىشىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ھەق دوست! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى مەدداھنىڭ چۇقانچىسى.

قۇۋان دوست تارتقۇچى تەرەپكە چۆچۈپ بىر قاراپ قويدى - دە، يەنە مەدداھنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى، مەدداھ مەشرەپ توغرىسىدىكى ھېكايەتلەرنى داۋام قىلىۋاتاتتى:

— ھەزرىتى مەشرەپ مانا مۇشۇ لەڭزە بېشىدىكى بۇلاق سۇلىرىدا تاھارەت ئېلىپ، نامىزىنى ئۆتۈپ، قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، «يارەببىم!» دەپ ئورنىدىن قوپتى. ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ «ھۇۋ!» دەپ ماڭغانچە مېڭىپ قارادۆڭنىڭ ئېتىكىدىكى بىر تۈپ قۇرۇپ كەتكەن قارىياغاچ ئاستىغا بېرىپ قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئولتۇردى - يۇ، كۆردىكى، ياراتقان ئىگەمنىڭ كارامىتى بىلەن ھېلىقى قارىياغاچتا يوپيۇرماقلار پەيدا بولۇپ، ئەتراپقا سالقىن سايە چۈشتى. مەشرەپ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ، قولىدىكى ھاسىسىنى ئالدىدىكى يەرگە سانجىۋىدى، شۇ يەردىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ بۇلاق ھاسىل بولدى. بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان مۇزدەك سۇ ئەتراپقا مارجاندەك چاچرايتتى. شۇڭا مەشرەپ بۇ بۇلاققا «مارجانبۇلاق»① دەپ نام بەردى. كىشىلەر ئۇنى «مەشرەپ بۇلىقى» دەپ ئاتاشتى. ھەي خالايىق، ياراتقان ئىگەم ئۆزىنىڭ كارامىتىنى شۇنداق ئۇلۇغلارنىڭ قولى بىلەن ئاشكارا قىلىدۇ. بۇ بۇلاق ھازىرمۇ قارادۆڭنىڭ ئېتىكىدە، گۇلشەنباغنىڭ يۇقىرىسىدا بۇلدۇقلاپ چىقىپ

① بۇ بۇلاق ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن قۇرۇپ كەتكەن.

تۇرۇپتۇ. كۆزۈڭ ئاغرىغان، گېلىڭ ئىششىغان، قولىقىڭ ئېغىرلاشقان بولسا ئېرىنمەي شۇ بۇلاق بويىغا بېرىپ ئۆزۈڭگە دەۋا ئىزدە، ھەزرىتى شاھ مەشرەپنىڭ روھى ساڭا شىپا ئاتا قىلىدۇ!

— دوست!— دەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ۋارقىرىدى مەدداھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان چۇقانچىسى.

— شاھ مەشرەپ «ياپىرىم!» دەپ مارجانبۇلاق يېنىدىن قوزغىلىپ، «ھەقتائاللا!» دەپ نەرە تارتىپ قونتەيجىنىڭ دۆڭىگە چىقتى. شۇ دۆڭگە ئۆلىنىپ كەتكەن قوتانتام، گەمە يېزىلىرىنىڭ يەرلىرىدە قونتەيجىنىڭ قوي - كالىلىرىنى باقتى. قونتەيجىنىڭ قىرغىز ئايالىدىن بولغان بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىدى. رۇخسارى ئاينى خىجالەت قىلاتتى، جامالى قۇياشنى خىرەلەشتۈرەتتى. بىر كۈنى بۇ قالماق قىزى يۈز كېنىزىكىنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ سەيلە قىلىپ يۈرگەندە شاھ مەشرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بىر كۆرۈشتىلا خۇدا شاھ مەشرەپنىڭ يۈرىكىگە قىزنىڭ ئوتىنى سالدى. شاھ مەشرەپ: «ئەي پەرىزات، سەن كىم بولىسەن؟ سېنىڭ مۇھەببىتىڭ كۆڭلۇمدىن جاي ئالدى» دېدى - دە، قىزنىڭ يولىنى توسۇدى. قىز شۇنداق قارىسا ئۇنىڭ ئالدىدا قەلەندەر سۈپەت بىر كىشى تۇراتتى. قىز ئەتراپىدىكى كېنىزەكلەرگە قاراپ: «كۆردۈڭلارمۇ؟ مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق جۈرئەتلىك قەلەندەرنى كۆرمىگەنمەن. ئەي قەلەندەر، ماڭا راست ئاشىق بولساڭ ماڭا ئاتاپ بىر بېيىت ئوقۇغىن» دېدى. مەشرەپ قىزغا ئاتاپ مۇنداق قوشاق توقۇدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دىلبەر يۈزىنى كۆرگىلى دىۋانە كېلىپتۇر،
يۈز نازۇكەرەشمە بىلەن جانە كېلىپتۇر.
دىۋانە بۇ جانىڭنى پىدا قىل ئۇنىڭ ھەققى،
جانان بىلەن ساھىبى پەيمانە كېلىپتۇر.
جانىڭنى پىدا ئەيلىگىن ئەي مەشرەپ ئاشىق،
لەبلىرى شەككەر، چىشلىرى دۇردانە كېلىپتۇر.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ قىز مەشرەپنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭمۇ يۈرىكى مۇھەببەت ئوتىدا تەلپۈندى. «ئەي دىۋانە، ئەگەر سەن ماڭا ئاشىق بولساڭ تېكەس يايلىقىغا بېرىپ مالىلىرىمنى باققىن. تېكەس مېنىڭ تۇرار جايىم» دېدى. شاھ مەشرەپ: «ئەي پەرىزات، سېنىڭ ئىشق ئوتۇڭنى ماڭا خۇدا ئۆزى سالدى. ھەر ئىشقا بۇيرۇساڭ قىلماقتىن ئۆزگە چارەم يوق» دېدى. قىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. خىزمەتكارلىرىغا قاراپ: «بۇ دىۋانىنى تېكەس يايلاقلىرىغا ئېلىپ بېرىڭلار. ئۈچ يۈز تۆگە، يىلقىلىرىمنى باقسۇن!» دېدى. شاھ مەشرەپ يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، قانچە مەنزىللەرنى بېسىپ تېكەسنىڭ كۆكشىل يايلىقىغا يېتىپ كەلدى. ئۈچ يۈز تۆگە ئىچىدىن بىر تۆگىنى تۇتۇپ مىنىپ، ئۈچ يىل گىياھلارنىڭ يىلتىزىنى يەپ، يامغۇر سۈيى ئىچىپ تۆگە باقتى. قىز ھەر قېتىم ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە مەشرەپ:

كوكۇلاڭمۇ ئەنبەردۇر،
جان ئىچىدە جانان قىز.

يۈزلىرىڭمۇ ئەختەردۇر،
ياكى ماھتابان قىز.

بىر كۆرۈپ سىنى جانان،
قالمىدى مىنىڭ ھالىم.
تەڭ بولۇپتۇر ئەھۋالىم،
بىلمىدىڭكى نادان قىز...

دەپ بىيىت ئوقۇيتتى...

قۇۋانغا بۇ مەدداھنىڭ شېئىر ئوقۇشلىرىمۇ يارىمىدى. «ئامال قانچە؟ــ دەپ ئويلاتتى ئۇ ئىچىدە،ــ رەھمەتلىك ئۆمەر مەدداھ بولىدىغان بولسا شاھ مەشرەپنىڭ ئىشلىرىنى ھاياجان بىلەن قىزىشىپ سۆزلەپ ھەممە ئادەمنىڭ يۈرەكلىرىنى دۈپۈلدىتىۋەتكەن بولاتتى. بۇ مەدداھنىڭ ئاۋۇ دوست تارتىدىغان ئادىمىنىڭ ئىنجىقلىقىنى ئېيتايمۇ، مىنىڭدىنمۇ ئەزمىكەن...»

قۇۋان ئەنە شۇنداق مۇلاھىزىلىرى بىلەن بۇ مەدداھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندا ئۇ ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەن سالچىلار چوڭ كۆۋرۈكتە جىدەل چىقىرىپ، بازارنى بىشىغا كىيىۋاتاتتى.

ئادەتتە سالچىلار سالىلىرىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ كەلگەندە ياغاچ ئىگىلىرىگە ھەممە نىمىنى، ھەتتا سالنىڭ پالاق ياغاچلىرىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ بىرىۋىتىپ يىپيىڭنىكلا بولۇپ قېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا پەقەت قوزۇقلۇق ياغاچ، پالتا ـ كەكە، ئىسكىنە، بۇرغا دىگەندەك جابدۇقلار سىلىنغان بىر خالتىلا قالاتتى. ئۇلار بۇ نەرسە ـ كىرەكلىرىنى بىرەر قونالغۇغا قويۇشۇپ، شەھەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارقاتقۇچىسى



بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ كېتىشەتتى ياكى بىللە بازارغا كىرىپ كېلىشەتتى. ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، پۇچقاقلىرىنى تۈرۈپ گۈرسۈلدەپ مېڭىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەملەردىن شەھەرلىكلەر سەل ئەيمىنەتتى.

بۇ قېتىم جۇماق تاز باشلىغان سالچىلار دەسلەپتە چوڭ كۆۋرۈك ئۈستىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە ئوبدان تاماقلاندى. ئۇ يەردىن چىقىپ ئارقا كوچىدىكى قاۋاقخانىلارنىڭ بىرىدە قانغۇچە ئىچىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەمەتمۇ بار ئىدى. بۇ سەمەتنىڭ شەھەرگە بىرىنچى قېتىم سال ھەيدەپ كىرىشى ئىدى. ھاراق ئىچىشنىمۇ ئوبدانلا ئۆگىنىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇلار قاۋاقتىن تارقىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى تارتقان يەرلەرگە بېرىپ كېچىنى تاڭغا ئۇلىماقچى بولۇپ تالاغا چىققاندا كىمدۇر بىرىنىڭ سالچىلارنى كۆرسىتىپ: «ئەنە، سۇ ھايۋانلىرى كېلىۋاتىدۇ» دېيىشى بۇ قېتىمقى جېدەلگە تۈتۈرۈق بولۇپ قالدى. جۇماق بۇ گەپنى قىلغان ئادەمنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپ:

ــ نېمە دېدىڭ؟ ھەرقايسىڭنى كۆتۈرۈپ تۈرغان مۇشۇ چوڭ كۆۋرۈكنىڭمۇ ھەربىر ياغىچىنى بىزدەك سۇ ھايۋانلىرى ئېقىتىپ كەلگەن جۇمۇ، بىلىپ قوي!ــ دېدى ـ دە، بىر تىزلاپلا زوڭ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

جۇماقنى ئۇرماقچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلگەن بىرىنى سەمەت بىر مۇشت قويۇپلا تىك چۈشۈرۈۋەتتى.

ــ مانا!ــ دەپ ھەيران بولدى جۇماق سەمەتكە قاراپ،ــ مۇشتلاشقىمۇ ئوبدان ئېپىڭ باركىنا؟

ئارقىدىنلا يەردە ياتقان ئاغىنىسىنىڭ ئادەملىرى

دۈكـۈرلـىشـىپ يـېتىـپ كـەلدى. شۇنىـڭ بىلـەن چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى، ئاشخانا، قاۋاقخانىلارنىڭ ئالدىدىلا «ئۇره، ئـۇرا!» باشلىـنىپ كەتتى. نېمىلەردۇر قاراسلاپ سۇنۇپ، كـىملـەرنىـڭدۇ يـايـمىلـىرى ئۆرۈلـۈپ، كاۋاپدانلاردىكى چوغلار ھەر تەرەپكە چېچىلدى. قايسىبىر بايۋەچچىلەرنىڭ ئاشخانا ئالدىكى موم ياغاچقا باغلاپ قويغان ئاتلىرى بوشىنىپ كېتىپ ئاچچىق كىشنەپ، ئىككى پۇتىنى تىك كۆتۈرۈپ بۇ قالايمىقانچىلىقتا يېڭى بىر كۆرۈنۈش قوشتى؛ قايسىبىر ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلاپ قويغان ئېشەك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىدىغان ئىش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىمۇ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ دەھشەتلىك ھاڭراپ بازارنى بېشىغا كىيدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتا توپىدەڭنىڭ ئۈستىدىكى دوڭشوپاڭ، لەڭزە بېشى تەرەپلىرىدىن كەلگەن بىكارچىلار قوشۇلۇپ جېدەل تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئارقىدىنلەر زادى كىمنى كىم ئۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ بويۇندىشاتتى. بىر چاغدا كۆك ماتادا كېلەڭسىز كىيىملەرنى كىيىشكەن ئامانلىق ساقلىغۇچى چېرىكلەر دۈكۈرلىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشتلاشنىڭ ئاخىرى قاچ ـ قاچقا ئايلىنىپ كەتتى...

سىز «سالچى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئادەملەرنى چۈشەنمەيسىز. ئۇلار قۇچاق يەتمەيدىغان ياغاچلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، دەھشەتلىك ئېقىنلاردا جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ يۈرىدىغان ئادەملەر. ئۇلار ئىش ھەققىنى ئالغاندا ئاشپۇزۇللاردا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ قورسىقىنى بولۇشىغا تويغۇزىدۇ، چۈنكى ئۇلار دەريا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۈيىدە كۈنلەپ داۋالغۇپ ئېقىپ ئىسسىق تاماق كۆرمەيدۇ، بەزىدە ئاچمۇ قالىدۇ؛ ئۇلار قانغۇچە بازار چۆرگۈلەشنى، ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىشنى، غوۋغا كۆتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلار كۈنلەپ ئادەم دىدارىنى كۆرمەيدۇ؛ بار پۇلىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ قانغۇچە ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ جېنى ئولجىغا قالغان جان، يەنە بىر قېتىم شەھەرگە كەلگۈچە كىم بار، كىم يوقلۇقىنى بىلمەيدۇ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار قانداقتۇر بىر كوچىغا كىرىپ تونۇش بىر ئىشىكنى قېقىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر جانانىنىڭ قوينىدا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، چۈنكى ئۇلار كۈنلەپ ئەسكى چاپاننى يېپىنىپ گۈلخان يېنىدا تۈنەپ، بىر ئايال زاتىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسسىق باغرىغا ئېلىپ قۇچاقلىشىشىغا تەشنا بولۇپ كېتىدۇ...

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

## ئالتۇن ئۈزۈك

ئەينى يىللاردا ئىلى تەۋەسىدە قار ناھايىتى قېلىن ياغاتتى. قارنىڭ كۆپلۈكىدىن يىراق ـ يېقىنغا بارىدىغان بەزى يوللار ئېتىلىپ قالاتتى. يىراق يېزىلاردىن ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىدىغان دېھقانلار قارلار ئېرىپ، يول ئېچىلغاندىلا ئاندىن شەھەرگە كىرەلەيتتى. شەھەر كوچىلىرىدا قار كۆرەيدىغان گۈرجەكلەرنى دولىسىغا سېلىپ، قار تازىلاپ جان باقىدىغان مۇساپىرلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. قار بىر ياغقىلى تۇرسا بىرقانچە كۈن توختىماي ياغاتتى. ھاۋا ئېچىلىشى بىلەنلا ھېلىقى قار تازىلايدىغان ئىشلەمچىلەر ئۆزلىرى يېتىپ ـ قوپۇۋاتقان دەڭلەردىن گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ مەھەللىمۇمەھەللە، كوچىمۇكوچا كىرىپ ھەربىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن باش تىقىپ: «قار تازىلايمىز، قار!» دەپ ۋارقىرىشاتتى، ماقۇل بولغانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قارلارنى چۈشۈرۈپ ھويلىلارغا دۆۋىلەپ، ئۆيلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يوللارنى ئېچىپ راۋانلاشتۇرۇپ پاك ـ پاكىز قىلىۋېتەتتى. ئىلگىرى شەھەر سېپىلى ئىچىگە سىلىنغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھويلىلىرى كىچىك،

مەھەللە كوچىلىرى تار بولۇپ، مۇنداق ھويلىلارنىڭ قارلىرىنى زەمبىل، چانىلارغا بېسىپ، سۇدەرۋازا① تەرەپتىكى ئۆستەڭلەرگە تۆكۈشكە توغرا كېلەتتى. قۇۋان «ئەزمە» غۇلجىدىكى دەسلەپكى قىشنى ئەنە شۇنداق دەڭدە بىللە ياتقان بۇرادەرلىرى بىلەن خەقلەرنىڭ قارلىرىنى تازىلاپ بېرىپ ئۆتكۈزدى.

شۇ يىللاردا غۇلجا ئۆزىنىڭ پاتقىقى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى. قىشچە ئۆگزىلەردىن تاشلىغان قارلار كوچىلاردا چىڭدىلىپ، ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا ئۈستى ئېرىپ توڭغا ئايلىنىشقا باشلايتتى. مەھەللە ـ مەھەللىلەردىكى گەيجاڭلار② ھويلىمۇھويلا، دۇكانمۇدۇكان كىرىپ ۋارقىراپ، ئىشىك ئالدىدىكى توڭلارنى چاپقۇزاتتى. بۇ توڭلارنى چېپىش باشلىنار ـ باشلانماستىنلا ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىپ، قار سۇلىرى قارنىڭ ئاستىدىكى توپا بىلەن ئارىلىشىپ پاتقاق بولۇپ ئېقىشقا باشلايتتى. شەھەرنىڭ قارادۆڭ، بويىنكېسەك، توپىدەڭ، تاختىيون مەھەللە تەرەپلىرى ئېگىز بولۇپ، بۇ تەرەپلەردىن ئېقىپ كەلگەن سۇيۇق پاتقاق دەڭدەرۋازا، شەھەر ئىچى، خەنزۇ بازىرى، تاشلەپكىنىڭ ئالدىلىرىنى كۆل قىلىۋېتەتتى. مۇنداق كۈنلەردە ئۇقۇشماي شەھەرگە كىرىپ قالغان بەزى بىچارە دېھقانلار يولنىڭ نەرى تۈز، نەرى ئويمانلىقىنى بايقىيالماي ھارۋىسىنى توغرا كەلگەنلا يەرگە قارىتىپ ھەيدەپ، ئاخىرىدا ھارۋىسىنى پاتقاقتا پاتۇرۇپ قويۇپ چىقىرالماي ئېتىنى بىر ئامال قىلىپ ھارۋىدىن

---

① سۇدەرۋازا ــ شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى، كېيىن شۇ تەرەپتىكى مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

② گەيجاڭ ــ مەھەللە باشلىقى.



www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ ئەكېتىپ، پاتقاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ھارۋىسىنى پاتقاق قورۇغاندا كېلىپ كولاپ ئەكېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. نەچچە ھارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ، ئات كۆچەپ تارتىشۇەرگەچكە ھارۋا جابدۇقلىرى ئۈزۈلۈپ، ئاتلار يىقىلىپ قېلىپ، «ۋايدادا! شەھەر دېگەننىمۇ كىرەمدىغان!» دەپ پەندىيات قىلىپ چىقىپ كېتىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا دەڭدەرۋازا، چوڭ كۆۋرۈك، تاقچىلىق، تاشلەپكىنىڭ ئالدىلىرىدىكى پاتقاقنى ئادەم سېلىپ تۆت كۆۋرۈك، تېرەك مازارنىڭ ئالدىلىرىدىكى گۇرۇلدەپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭلەرگە ئېقىتىپ ئاران بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇڭا ئەينى يىللاردىكى مەشھۇر شائىر ناسۇھا داموللام بۇ ھەقتە:

بىزنىڭ ئىلىدا شۇنچە لايى كۆپ،
زاكات بەرمەيدىغان بىمەنە بايى كۆپ.
توراپ سەيسىگە خەلقنى دائىم
رەستە، بازار، كوچىدا يايى كۆپ.
پېقىر، مىسكىن، غېرىبلار شەنىگە
ئالدامچى، قاشىشاق، لولى گادايى كۆپ.

دەپ يازغانىكەن.

غۇلجىنىڭ ئادەملىرى ئۆزىنىڭ شەھىرىدىكى بۇ پاتقاقنى ھەزىل قىلىپ خىلمۇخىل ھېكايىلەرنىمۇ توقۇۋالغانىدى.

بىر يىللىرى غۇلجىدىكى رۇس كونسۇلخانىسىنىڭ بىر مۇھاپىزەتچىسى بولغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ پاگونلىرىنى تاقاپ، بېشىغا چوققىسىدا ئۇچلۇق تۆمۈر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مونەكچىسى بار قالپىقىنى كىيىپ، ياخشى ئاتتىن بىرىگە مىنىپ، شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ بولۇۋاتقان پاتقاقچىلىقلارنى بىر تاماشا قىلماقچى بولۇپ كونسۇلخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا شەھەر سېپىلىنىڭ ئەتراپىدا سېپىل سوقاندا توپا ئالغان ئازگاللار تېخىچە بار ئىكەن. شۇ قېتىم سۈيۈق پاتقاق ئازگالغا ئېقىپ چۈشۈۋېرىپ ئازگالمۇ پاتقاق بىلەن تىنىپ كەتكەنىكەن. ھېلىقى كونسۇلخانىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ زېرىكىپ، «مۇشۇلارنىڭ ھارىقىنى ناھايىتى ياخشى، دەپ ئاڭلىغان، ئازراق ئىستېمال قىلىپ باقمايمەنمۇ» دەپ بىر قاۋاقخانا كىرىپ خېلىلا ئىچىپ قويۇپتۇ. كەچتە قاۋاقتىن دەلدەڭشىپ چىقىپ ئېتىغا مىنىپ يولنىڭ ئەركەك ــ چىشىسىغا قارىماي چاپتۇرۇپ ماڭغىلى تۇرۇپتۇ. تازا پاتقاقچىلىق مەزگىلى بولغاچقا ھەممە يەر سۈيۈق پاتقاق، زادى نەنىڭ ئازگال، نەنىڭ تۈزلۈكىنى كۆندۈزىمۇ پەرق ئەتمەك تەس ئىكەن. ھېلىقى ئاغىنە سېپىل ياقىلاپ مېڭىپ ھېلىقى سۈيۈق پاتقاق بىلەن تولۇپ كەتكەن ئازگالنى تۈپتۈزلا يەر، دەپ ئات سېلىپ ئازگالغا ئات ــ پات بىلەن چۆكۈپلا كېتىپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ بۇ كونسۇلخانا يوقاپ كەتكەن خىزمەتچىسىنى ئىزدەپ كۆپ پايپېتەك بوپتۇ. ئۇ ماڭغان يوللار، كىرگەن دۇكانلارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ ھېلىقى قاۋاقنىڭ خوجايىنىنى تۇتۇپ ئاپىرىپ سوراق قىپتۇ. خوجايىن: «بېشىغا قالپاق، ئۈستىگە گېنېراللاردەك فورما كىيگەن ئادەممۇ؟» دەپتۇ. «ھە» دېسە، «كەلگەن، ھاراق بىلەن بىرمۇنچە زاكۇسكىلارنى بۇيرۇپ ناھايىتى

كۆڭۈللۈك ئولتۇرغان، بىزنىڭ هاراقلارنى چەت ئەلنىڭ گىرادۇسى تۆۋەن هاراقلىرىغا ئوخشىتىپ قالدىمۇ، بولدى دېگەنگە ئۇنىماي خېلىلا ئىچىپ قويدى. ئاندىن رۇسچە ناخشىلارنى ئېيتىپ، تاتارچە جىرلاپمۇ بەردى. ئاخىرىدا قازاقچە ئۆلەڭلەرنىمۇ ئېيتتى. دۇكانغا ئادەم ئولىشىپ كەتتى، كېيىن ئۇ ئازراق چارچىغاندەك بولۇپ: «بۇ ئەتراپتا ئوبدانراق كۆڭۈل ئاچىدىغان يەر يوقمۇ؟»، دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئەتراپتىكى بىر ـ ئىككى مابەنزىنىڭ[①] ئورنىنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم، خۇشال بولۇپ دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئات مىنىپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن» دەپتۇ.

شۇ كېچە ساقچىلار شەھەردىكى ئەيش ـ ئىشرەتخانىلارنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ، ئۇ يەردە جان بېقىۋاتقان بىرقانچە سەتەڭلەرنىمۇ خوجايىنى بىلەن قوشۇپ قاماققا ئاپتۇ. لېكىن، بۇ دېلونىڭ ئاخىرى چىقماپتۇ.

كۈن ئىسسىپ پاتقاقلار قۇرۇپ ئەتراپ كۆكەرگەندە بىرەيلەن سېپىل ياقىلاپ كېتىۋېتىپ بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ دۈم چۈشكىلى تاسلا قاپتۇ. هېلىقى يولۇچى: «نېمىگە پۇتلاشقاندىمەن؟... مەندىن باشقىلارمۇ پۇتلىشىپ يىقىلغۇدەك بولمىسۇن، ئېلىۋېتەي» دەپ كەينىگە يېنىپ قارىسا يەردىن بىر تۆمۈرنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇرغۇدەك. ئۇ زامانلاردا يولدا كېتىۋاتقان كىشى ئاتنىڭ پۇتىدىن چۈشۈپ قالغان بىر پاي سۇنۇق تاقىغا كۆزى چۈشۈپ

---

① مابەنزە ــ پاھىشىخانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى



قالسىمۇ، «تۆمۈرچىگە بىرەر نىمە ياسىتىپ قالسام كېرەك بولۇپ قالار» دەپ ئېلىپ قوينىغا سالىدىغان جاھانلار ئىكەن. يولۇچى ھېلىقى تۆمۈرنى چىقىرىۋالماقچى بولۇپ كولىسا بىر قالپاق چىقىپتۇ. قالپاقنى كۆتۈرسە ئاستىدىن بىر ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەتمەن ـ گۈرجەكلەرنى ئەكېلىپ كولىسا ئۇ يەردىن كونسۇلخاننىڭ ھېلىقى خىزمەتچىسى چىقىپتۇ، كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراپلا تۇرغۇدەك.

«ھوي! سەن نېمە ئادەم؟... بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟» دەپ سورىسا، «ئاستىمدا تېخى ئېتىممۇ بار» دېگۈدەك.

قولىدىن تارتىپ چىقارسا ھېلىغىچە گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇرارمىش... ئاستىدا راستىنلا ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن ئېتىمۇ تۇرغۇدەك...

※ ※ ※

غۇلجىنىڭ تازا شۇنداق پاتقاقچىلىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، شۇ تاپتا قۇۋان «ئەزمە» نېمىگە خاپا بولغانلىقى نامەلۇم، ئىشقىلىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈيۈق پاتقاقنى تىزغىچە كېچىپ كېتىپ باراتتى.

«كېچە، قۇۋان، كېچە! ــ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ــ شۇنداق بەلەن قەشقەرنى تاشلاپ ئىلىخونىڭ ئېرىقىدىكى بىكار ئېقىۋاتقان ئالتۇنلارنى سۈزۈۋالىمەن، دەپ چىققان ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن كېچە!...»

قۇۋان جىلىچىلىكتە شۇنداق ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، يولنىڭ ئىككى چېتىگە ئۆيلۈق ـ بۆياققا

ئۆتەلمەيۋاتقان ئادەملەر توپلىشىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا قوۋاننىڭ قولىقىغا بىر كىچىك بالىنىڭ يىغلامسىراپ:
— ئاكا، مېنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىز بوپتىكەن، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قوۋان بالىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە:
— ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— ئاپام ئاشۇ تەرەپتە... — دېدى بالا.
راست دېگەندەك، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئايال ئوغلىغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى.
— هوي، سەن قانداق قىلىپ ئاپاڭ ئۇياقتا، ئۆزۈڭ بۇياقتا قالغان بالىسەن؟ — دېدى قوۋان، — يا سەن تۇغۇلۇشىڭدىلا يولنىڭ بۇ تەرىپىگە تۇغۇلۇپ، ئاپاڭ ئۇ تەرەپتە قالغانمۇ؟... يا ئاپاڭ سېنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە تۇغۇۋاتقاندىلا سەن بۇياقتىمىدىڭ؟... ئەستا! نېمىلەرنى دەۋاتقاندىمەن... قېنى، هاپاش بولە!
قوۋان بالىنى هاپاش قىلىپ ئانىسى بار تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويۇۋىدى، بالىنىڭ ئانىسى رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ قولىغا بىر ناننىڭ پۇلىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ تەرەپتىن بىر ئورۇق بوۋاينى هاپاش قىلىپ بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋىدى، ئۇمۇ بىر ناننىڭ پۇلىنى بېرىپ يەنە ئۇنىڭ بەختىگە دۇئا قىلدى. «مېنى ئۆتكۈزۈپ قويۇ!» دەيدىغان هاجەتمەنلەردىن يەنە بىرنەچچىسى چىقتى. هەش ـ پەش دېگۈچە قوۋان بەش ـ ئالتە ناننىڭ پۇلىغا ئېشلەپ قالدى.
«بۇمۇ يامان ئەمەس ئىشكەن، — دەپ ئويلىدى قوۋان، — شۇ كۈنلەردە بىر نانىمۇ كىم بىكارغا بېرىدۇ؟... ئۇ تەرەپكە بىرىنى هاپاش قىلىپ ئاپىرىپ، بۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



تەرەپكە يەنە بىرىنى كۆتۈرۈپ ياندىغان گەپكەن، قوش كىرىم دېگەن شۇ...»

شۇ چاغدا پاتقاقنىڭ لىۋىدە كېلىشكەن، سىمىز بىر چوكان پەيدا بولۇپ قالدى. ھازىرقى كۈنلەردە ئورۇقلۇق مودا بولغان بىلەن، ئۇ كەملەردە ئورۇقلۇق نامراتلىق ۋە كېسەلمەنلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. قانچە سىمىز بولسا شۇنچە ساغلام، دۆلەتمەن ھېسابلىناتتى.

— ھەي ئادەم، مېنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويالىمۇ؟... زۆرۈر بىر ئىشىم بارتى...— دېدى ھېلىقى چوكان.

— ئۆتكۈزۈپ قوياي... ئۆتكۈزۈپ قويمامدىغان، خېنىم...

قۇۋان چوكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تەكشى ئەت ئالغان، سىمىزلىكىمۇ ئۆزىگە ياراشقان بىر چوكان تۇراتتى. ئايالمۇ يۈزىدىكى چۈمبەلنى سەل قايرىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئادەممۇ تەق - تۇرقى راۋرۇس، ئورۇق بىر يىگىت ئىدى. قۇۋان ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەل ئالدىغا ئېگىشىپ، ئايالنىڭ ھاپاش بولۇشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— ئەستا... سەت ئىش بولارمۇ؟... ماۋۇ پاتقاقنىڭ قىرىشقاندەك...— دەپ ئوڭايسىزلىنىپ ئەتراپىغا قارىدى چوكان.

— نېمە سەت بولاتتى؟— دېدى ئەتراپنى قىزىقچىلىق كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ بىرى،— شۇنداق قىلمىسىڭىز ئۇ تەرەپكە ئۆچۈپ ئۆتەتتىڭىزمۇ؟... خىجىل بولماي ھاپاش

بولۇۋېرىدۇ، ھاجەت چۈشكەندىن كېيىن ئەيىب ئەمەس.
— مېنى كۆتۈرەلەمسىز؟... بەستىم خېلىلا بار...
— خاتىرجەم بولۇپ غاچچىدە ھاپاش بولسىلا، خېنىم، ئادەم ئولاشتۇرماي، — دېدى قۇۋان.
ئايال قۇۋاننىڭ دۈمبىسىگە يېپىشىۋىدى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ بىرنەچچىسى «ئەھە!» دەپ گېلىنى قىرىپ قويۇشتى. ئەمدى ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا ئورۇن قالمىغانىدى. چوكان قۇۋاننىڭ دۈمبىسىگە چىڭ يېپىشىپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىۋىدى، قۇۋان خۇددى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى. ئوتتۇز ياشتىن ئېشىپمۇ تېخى ئۆيلەنمىگەن قۇۋان ئۆزىنىڭ دۈمبىسىدە بىر ئايال كىشىنىڭ يۇمشاق كۆكرەكلىرىنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىللىق بىر سېزىم ئىچىدە داۋالغۇپ كەتكەنىدى. قۇۋان ئىككى ئالقىنى بىلەن نەق چوكاننىڭ چوڭ يوتىسىدىن تۇتتى - دە، ئالغا قەدەم باستى، غۇلجىنىڭ سۆزمەنلىرىگە مۇنداق كۆرۈنۈش تېپىلغۇسىز ئىدى، ئۇلار يول ياقىسىدا تۇرۇپ چۇقان سېلىشىپ كەتتى.
— پاھ! يوك ئېغىر، ئۇلاغ ئورۇق بولۇپ قالغانمۇ قانداق؟
— يۈكنىڭ ھەممىسى لىغىرلاپ تۇرغان گۆشلىكەن ئەمەسمۇ...
— ھەي، بۇ ئۇلاغ مۇشۇ مېڭىشىدا مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ جۇمۇ!
— يېرىم يولدىلا پاتقاققا ئاتقىيدى...
راست دېگەندەك، قۇۋاننىڭ مېڭىشلىرى تازا راۋرۇس

ئەمەس ئىدى. ئايالنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەمەس، دۈمبىسىگە مەھكەم ھاپاش بولۇپ تۇرغان شۇ چوكاننىڭ ئىسسىق بەدىنىدىن ئۆزىگە ئۆتۈۋاتقان شېرىن بىر لەرزەتتىن ئۇنىڭ پۇتلىرى ئالمىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋىيەي، ماۋۇ ئادەم مېنى كۆتۈرەلمەمدۇ نىمە؟ — دەپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى چوكان.

قوۋان ھەرھالدا ئون — ئون بەش قەدەم ئالدىغا مېڭىپ پاتقاققا ئىچكىرىلەپ بولغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى چوكان چۈشۈۋالىمەن دېسىمۇ نەق سۆيۈق پاتقاقنىڭ ئىچىگىلا چۈشەتتى... قوۋان ئۇچۇن بۇ ھەرگىز بىرنەچچە قەدەملىكلا يول ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاياتىدىكى بىر ئۇزۇن سەپەرنى داۋام قىلىۋاتقاندەك، قاچاندۇر بىر چاغلاردا باشلىغان تۈگىمەس ناخشىنىڭ داۋامىنى ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قەشقەردىن بىللە چىققان بۇرادەرلىرىدىن، ئاخىرىدا ئوسمان ئۇلاغچىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بېرى ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ مىسكىن، غېرىب ھېس قىلىپ يۈرەتتى. شۇنداق بىر ئايال زاتىنىڭ ھايات سەپىرىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى خالاپ قالغىنىغىمۇ ئۇزاق بولغانىدى... راستىنى ئېيتقاندا، ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن خىجىل بولمىسا چوكاننىڭمۇ قوۋاننىڭ دۈمبىسىدىن چۈشكۈسى يوق ئىدى. بۇ ياش يىگىتنىڭ بەدىنىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان ھارارەت، ئەرلەرگە خاس ئاچچىق تەر پۇرىقى ئۇنىمۇ مەست قىلغىلى تۇرغانىدى.

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى چوكان، — كۆتۈرەلمىگۈدەك بولسىلا، ۋاقتىدا ئارقىلىرىغا يانسىلا!

— ئەمدى قانداق ئارقىغا يانىمەن، خېنىم؟

ــ ئەمسە غەيرەت قىلسىلا، خۇدايىم ئۆزىگە ئامانەت، ھەرقانچە بولسىمۇ مېنى خەقنىڭ ئالدىدا پاتقاقتا تاشلاپ رەسۋا قىلمايدىغانلا؟

ــ خۇدايىم ساقلا.

ــ كۆتۈرەلمىگۈدەك بولسىلا...

ــ ۋاي نېمە دەپ كۆتۈرەلمىگۈدەكمەن، خېنىم؟

قۇۋان ئاستا ـ ئاستا قەدەم ئېلىپ ئىلگىرىلەيتتى، ئەمما كۆڭلىدە قارشى قىرغاقنىڭ مەڭگۈ يىراقلاپ كېتىشىنى خالايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۇشۇ سېمىز چوكاننى يوغان يوتىسىدىن تۇتقىنىچە كۆتۈرۈپ مۇز داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ قويغىسىمۇ بار ئىدى... شۇنداق مېڭىپ ئۇ پاتقاقنىڭ نەق ئوتتۇرىغا بارغاندا توختاپ قالدى. يەنە ئازراقلا ماڭسا يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە چىقىپ قالىدىغاندەك، ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويىدىغاندەكلا قىلاتتى.

ــ ۋاي، نېمە بولدى؟ ــ دېدى چوكان قۇۋاننىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ.

ــ مەن بولالمىدىم.

ــ نېمە بولۇۋاتىلا؟

ــ بىلمىدىم، خېنىم، ئەجەب بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

ــ كۆتۈرەلمەيمۇ؟

ــ ئۇقمىدىم، تىزلىرىم ئېگىلىپلا كېتىۋاتىدۇيا.

ــ ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ ئادەمنىڭ نەق پاتقاقنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە دەپ ئولتۇرغان گېپىنى، مېنى ئەتەي رەسۋا قىلاي دەملا نېمە؟

ــ ئۇنداق بولامدىغان، خېنىم، سىلىنى مۇشۇ كۆتۈرگەنچە چۆل ـ باياۋانلارغا چىقىپ كەتسەممۇ مەيلىتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— چاقچاق قىلمىسىلا، چۆل ـ باياۋاندا نېمە ئىش قىلاتتۇق؟... ئەجەب ئىشىم ئالدىراشتى، خۇش بولۇپ كېتەي، مېنى تېزرەك ئۇياققا يەتكۈزۈۋېتەرلا، سىلىنى ئوبدان رازى قىلىمەن.

— قانداق رازى قىلىلا، خېنىم؟

— دېگەنلىرىنى بېرىمەن.

— مەن دېگەننى بېرىپ بولالمايلا جۇما.

چوكان قوۋاننىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ ھۇزۇرلاندى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بۇ تەر پۇراپ تۇرغان ئادەمنىڭ دۈمبىسىدىن چۈشكۈسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى ئۆلۈپ تۇل ئولتۇرغىنىغا خېلى يىللار بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ دۈمبىسىگە ئەركىلەپ ھاپاش بولغان كۈنلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. قوۋاننىڭمۇ قارشى قىرغاققا پەقەتلا يېتىپ بارغۇسى يوق ئىدى. چوكاندىن كېلىۋاتقان ئىللىق ھارارەتتىن ئۇ پىلىكتەك يۇمشاپ، تىزلىرى ئېگىلمەكتە ئىدى.

— ھاي سادىغاڭ كېتەي، نېمە بولۇۋاتىلا؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ساق ئۇ تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويسىلا، پاتقاققا مىلىنىپ رەسۋا بولغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى.

— مەنمۇ شۇ يەتكۈزۈپ قوياي دەۋاتىمەن، نېمە بولدۇم، بىلمىدىم. پۇتۇمدا جان يوق... نېمە دېسەم بولا؟ مەن دەيمەن، سىلىنى شۇنداق دۈمبەمدىن چۈشۈرمەي ھاپاش ئەتسەم، بۇ پاتقاقنىڭ چېكى بولمىسا...

— ئەستا، ماۋۇ ئادەم نېمە دەپ جۆيلۈۋاتقاندۇ ئەمدى. سىلى مەستمۇ، ساقمۇ؟

— ساقتىم، مەست بولغىلى تۇردۇم.

— چاقچاق قىلمىسىلا، بەك زۆرۈر ئىشىم بار، خـۇش بولسام...

— نېمە زۆرۈر ئىشتى ئۇ؟

— ئاپام ئاغرىقتى، شۇ تاپتا يولۇمغا قاراپلا ياتىدۇ.

— خەپ، ئانىلىرىنى گۇۋاھلىققا تارتىپ قالدىلا، ئانا دېگەن ئۇلۇغ... ئەمىسە ماڭدىم.

قۇۋان يوغان ـ يوغان چامداپ ئاخىر ئۇ تەرەپكە يېتىپ باردى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ چوكاننىڭ ئۇنچە ئالدىراش ئىشىمۇ يوق ئىدى. ئىشقىلىپ، مۇشۇ پاتقاقتىن ئۆتۈپ ئۆيىگە بېرىۋالسىلا بولاتتى. ئۇنىڭ بىر دوستىنى يوقلاپ قايتىپ كېلىشى ئىدى. دوستىنىڭ قېشىدا ھەپتە ـ ئون كۈن تۇرۇپ ئالەمنىڭ مۇنچىۋالا پاتقاقتا چىلىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەرسىزلا كوچىغا چىقىپ قالغانىدى. ئۆيىگە ئۇنچىۋالا ئالدىراپ بېرىپ قىلغۇدەك ئىشىمۇ يوق. لېكىن، بۇ پاتقاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئەر كىشىنىڭ دۈمبىسىگە پاقىدەك چاپلىشىپ يېتىپ خەققە كۈلكە بولۇپ بەرسە بولمايدۇ ـ دە!

يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە سالامەت يەتكەندە چوكان قۇۋاننىڭ دۈمبىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ بىر «ئۇھ!» دېدى ـ دە، كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى تۈزەپ قۇۋانغا قارىدى، بايا ئۇ قۇۋانغا ھاپاش بولىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا ئانچە زەن سېلىپمۇ كەتمىگەنىدى. كىشىلەرنى پاتقاقتىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويىۋاتقان بىر مەدىكارغۇ دەپلا ئويلىغانىدى. ئەمما، مۇشۇ بىرنەچچە مېتىر كەڭلىكتىكى پاتقاقتىن ئۆتكۈچە بولغان سەرگۈزەشتىلەردىن كېيىن چوكاننىڭ بۇ ئىشلەمچىنى ئوبدانراق بىر كۆرگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا قەددى ـ قامىتى راۋۇرۇس،

يوقسۇللۇق، مۇساپىرچىلىقتا تارتقان جاپالىرى كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنسىز قورۇقلارنى بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، قورۇقلار ئارىسىدىكى كۆزلىرى يەنە ئوتتەك چاقناپ تۇرغان بىر يىگىت تۇراتتى. چوكان بىر بارمىقىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى ئىككىلەنمەي سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، قۇۋاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ــ ئاز بولسىمۇ ئالسىلا، رەھمەت سىلىگە.

قۇۋاننىڭ كۆزى قولىدىكى ئۈزۈكتە ئەمەس، كۆزدىن يىراقلىشىپ كېتىپ بارغان چوكاندا ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا دەرھال بىرنەچچەيلەن ئولاشتى.

ــ بۇ پاتقاقچىلىق بۇگۈن ساڭا ياراشتىمۇ نىمە؟ ــ دېدى قۇۋاننى تونۇيدىغان بىرەيلەن.

ئۇ نېرىقى كوچىدىكى ئاۋاي ئۇستام ئىدى. قۇۋان مۇشۇ ئۇستامنىڭ دۇكىنىدىن نان ئېلىپ يەيتتى. قۇۋاننىڭ پۇلى بولمىسا تامغا سىزىق سىزىپ قويۇپ نېسىگە بېرىۋېرەتتى. باياتىن بېرى ئۇ قۇۋاننىڭ ھېلىقى بودەك چوكاننى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ قىزىقچىلىق كۆرۈپ تۇرغانىدى.

ــ ئالىقىنىڭنى ئاچە، ــ دېدى يەنە بىرەيلەن، ــ ھېلىقى چوكان قولۇڭغا نىمە تۇتقۇزۇپ قويدىكىن؟

قۇۋان ئالىقىنىنى ئېچىۋىدى، ئەتراپىدىكىلەر ھەيران بولۇپ «ئوھوي!» دېيىشىپ كەتتى. قۇۋاننىڭ ئالىقىنىدا ياقۇت كۆزلۈك بىر ئالتۇن ئۈزۈك يالتىراپ تۇراتتى.

ــ ئالتۇنمۇ نىمە؟

ــ راست ئالتۇنكەن.

ــ گۇلئايىم خېنىم ئالتۇن بەرمەي نىمە بېرەتتى،

ھەممە يېرىدىن جىرىڭلاپ ئالتۇن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان خوتۇن ئۇ! ــ دېدى يەنە بىرەيلەن.

ــ نېمە، سەن بۇ چوكاننى تونۇمسەن؟ ــ دېدى ناۋاي ئۇستام ھېلى گەپ قىلغان ئاغىنىسىگە قاراپ.

ــ تونۇيمەن، ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ كىچىك خوتۇنى ئەمەسمۇ.

ــ ئىگەمبەردى «يوق» دېگەن كىم ئۇ؟ ــ دېدى قۇۋان ھەيران بولۇپ.

ــ ئىگەمبەردى «يوق» دېگەن مۇشۇ كونا گىردە بىر زامان دېھقانلارنىڭ پۇتۇن بۇغداي ـ قوناق، ھەممە ئاشلىقلىرىنى سېتىۋېلىپ قىشچە ھايىنىغا سېتىپ پۇل تېپىپ بېيىپ كەتكەن كاتتا باي.

ــ باي دەيلا، يەنە نېمىشقا ئۇنى ئىگەمبەردى «يوق» دەيدۇ؟

ــ باي بولغان بىلەن ناھايىتى كەمبەغەل ئادەم ئىدى.

ــ باي بولغان بىلەن كەمبەغەل ئادەمتى دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟

ــ ئۆزۈڭ دەپ باقە، پۇلۇڭ بولغان بىلەن خەجلىمىسەڭ، بىرەرسى ھاجەتمەن بولۇپ بىرنېمە سورىسا «يوق»لا دەپ تۇرساڭ سەن كەمبەغەل بولماي كىم كەمبەغەل بولاتتى؟ بىزنىڭ بۇ شەھەردە مۇنداق پۇلى بار كەمبەغەللەر خېلى بار. ئەسكى چاپاندا يۈرىدۇ، ئەتىگەندە قاتتىق ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ يەپ بازارغا چىقىدۇ. ھېچكىمگە قىل چاغلىق نەرسىسىنى ئۇتقۇزمايدۇ. پۇلى ساندۇقتا توپا بېسىپ تۇرۇۋېرىدۇ. كەمبەغەلدىن نېمە پەرقى؟... شۇنداق «يوق، يوق»لا دەپ يۈرۈپ بۇ رەھمەتلىكمۇ ئۈچ ـ تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يىغقان ـ تۇگكەن پۈتۈن دۇنياسى ئۈچ خوتۇنىغا قالغان. سەن پاتقاقتىن ئۆتكۈزۈپ قويغان چوكان شۇ ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ كىچىك خوتۇنى بولىدۇ. قانداق، بولىدىغان خېنىممىكەن؟ ھاپاش قىلساڭ دىڭگىيىپ تۇرغان مەمەقلىرى تازا چىڭ قويغان ئۆپكىدەك لىغىرلاپ دومبەڭگە تاقىشىپ ھالىڭنى قويمىغاندۇ؟ ئالىقىنىڭنى ئاچە، ئۇ خېنىم ئىش ھەققىڭگە بەرگەن ئۈزۈكنى مەنمۇ بىر كۆرەي.

قۇۋان ئالىقىنىنى ئاچتى.

— بۇنى ھەممە ئادەمگە كۆرسىتىپ دام ـ دام قىلىۋەرمەي ئىتتىك قويىنۇڭغا سال، قارىغاندا گۈلئايىمنىڭ ساڭا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتىمۇ نېمە؟... پاتقاقتىن ئۆتكۈزگۈچە يانپىشىنى چىمداپ قويدۇڭمۇ ـ يە؟

— خۇدايا توۋا دېسىلە خەقنىڭ خوتۇنىغا... بىز ماۋۇ شەھەرگە مۇساپىر جۇما.

— مۇساپىردا كۆڭۈل بولمامدىكەن؟... ئەمدى ئۇ ئۈزۈكنى نېمە قىلاي دەيسەن؟

— شۇنى دەيمەن، — دەپ گەدىنىنى قاشلىدى قۇۋان، — يا مېنىڭ ئۆيۈمدە بۇ ئۈزۈكنى تاقىغۇدەك بىر مەزلۇم كىشى بولسىمۇ كاشكى... ئۆزىگە ئاپىرىپ بېرىۋېتەيمىكىن، دەيمەن.

— نېمىشقا؟ — دەپ ھەيران بولدى ھەممەيلەن.

— ئەمدى دەيمىنا، ئاشۇ كىچىككىنە پاتقاقتىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويغانغا خەقنىڭ بىر ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىۋالسام قانداق بولىدۇ؟

— ھەرھالدا كەمبەغەل بولساڭمۇ ئىگەمبەردى

«يوق»قا قارىغاندا بايراقكەنسەن، ئۇنىڭ ئاۋۇ خوتۇنمۇ ئىرىگە قارىغاندا خېلى مەردكەن. ئۇزۇكنى نېمىشقا قايتۇرۇپ بېرىمەن دەيسەن؟ ئۇنى ساڭا ئۆزى ئىختىيار قىلىپ بەردى ـ دە!

ــ بەلكىم ئۇ چوكاننىڭ يانچۇقىدا ماڭا بەرگۈدەك ئۇششاق يارماقلىرى يوقتۇ؟ شۇڭا خىجالەتچىلىكتە ئۇزۇكىنى سۇغۇرۇپ ئىلىپلا قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغاندۇ...

ــ يا ئۇ چوكاننىڭ ساڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندۇ، مۇشۇ ئۇزۇكنى سىتىپ خىراجەت قىلىپ ماۋۇ پاتقاق كېچىپ يۈرىدىغان مەينەت ئىشتىن نېرى بولسۇن دىگەندۇ... مەيلى ئۆيگە ئاپىرىپ بېرىۋېتىمەن دېسەڭ، ئۇ خېنىمنىڭ ئۆيىنى تاپماقمۇ تەس ئەمەس، تاشلەپكىدىن ئۇدۇل مېڭىپ سولغا بۇرۇلساڭ مەھەللە ئىچىدە بىر مەسچىت بار، مەسچىتتىن ئۆتسەڭ ئوڭ تەرەپتە... ياق، سول تەرەپتىكەن.. ۋاي ياقەي، باراشىڭدا ئوڭ تەرەپكە توغرا كېلىدىكەن، ئىشقىلىپ، شۇ مەسچىتنىڭ ئەتراپىدا ئىككىز بالىخانىلىق بىر ئۆي بار، ئىگەمبەردى «يوق» دىگەن باينىڭ ئۆيى شۇ،ــ دېدى ناۋاي ئۇستام.

ئەتىسى ئەتىگەندە قۇۋان تۇڭگان مەسچىتى ئەتراپىدىكى سەراپىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ ئوبدان يۇيۇندى، پاكىزراق كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ كىيدى. چوڭ كۆۋرۈكنىڭ بۇرجىكىدە ئاپتاپتا قاقلىنىپ ئولتۇرغان ساتىراشلارنىڭ بىرىگە چاچ ـ ساقاللىرىنى پاكىز ياساتتى. ئۆزىنى ئوبدان تۈزەشتۈرۈپ، گۈلئايىم بەرگەن ئۇزۇكنى قوينىغا سېلىپ يولغا چىقتى. ھەرھالدا ئۇ تۈنۈگۈنكى پاتقاق كېچىپ يۈرگەن قۇۋانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوخشىمايتتى. «تاشلەپكىدىن ئۇدۇل مېڭىپ سولغا بۇرۇلۇپ... — دېدى قۇۋان تونۇگۇن ناۋاي ئۇستام دېگەن گەپلەرنى ئىچىدە تەكرارلاپ، — تاشلەپكىنى تاپماق تەسمۇ؟ مانا مۇشۇ تۇڭگان مەسچىتىگە يېقىنلا بىر يەردە.»

ئەينى يىللاردا تاشلەپكە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئادەم قايناپ تۇرىدىغان سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىرشانۇپ دېگەن بىر ئادەم شەھەر سېپىلىنىڭ مەشھۇر دەرۋازىلىرىدىن بىرى بولغان دەڭدەرۋازىدىن چوڭ كۆۋرۈككە قاراپ كېتىدىغان يول ئۇستىگە تاشتىن ئۇل قوپۇرۇپ يىگىرمىگە يېقىن دۇكان ۋە ئىككى قەۋەتلىك بىر ساراي سالدۇرغانىكەن. بۇ ساراي «مىرشانۇپلار سارىيى»، ھېلىقى دۇكانلار بولسا «ئابدۇپلار دۇكىنى» دەپ ئاتىلاتتىكەن. قەشقەردە ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «پالانچى ھاجىم»، «پوكۇنچى ئاخۇنۇم» دېگەنلەرنى قېتىۋالىدىغانلار كۆپ بولغىنىدەك، ئىلىدىمۇ شۇ زاماندا ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «پوپ... پوپ» دېگەنلەرنى قوشۇۋالىدىغانلار خېلى بار ئىدى. ئادەتتىكى خەلق بولسا بۇ ساراي - دۇكانلار چوشكەن يەرنى ئاددىيلا قىلىپ «تاشلەپكە»لا دەيتتى، بۇ «تاش دۇكان» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن... قۇۋان تاشلەپكىدىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلۇپ ھېلىقى مەسچىتتىن ئۆتۈپ ناۋاي ئۇستام دېگەن ئۆينى قىينالماي تېپىۋالدى. ئۇ كەملەردە پۈتۈن شەھەرنىڭ ئۆزىدە ئوندىن بالىخانىلىق ئىككى قەۋەت ئىمارەتتىن زادى قانچىسى بولاتتى دەيسىلەر؟... دەرۋازىنىڭ ئىچىگە بىر تەرىپى كوچىغا قارىتىپ كۆك خىش بىلەن سېلىنغان بۇ چىرايلىق ئىمارەتنىڭ ئاستى ئامبار، ئۈستى

دىرىزىلىرى قاپقاقلىق ئۆيلەر ئىدى. ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ شەھەر ئىچىدىكى بۇ قورۇسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئاشۇ ئىككى قەۋەت ئىمارەتنىڭ ئاستىدىكى ئامبارلارغا سېلىنىدىغان ماللار يېتىپ كەلگەندە ئېچىلاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا ئادەملەر دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتى تەرەپتىكى كىچىك ئىشىكتىن كىرىپ چىقىشاتتى. شۇ تاپتا بۇ كىچىك ئىشىك ئوچۇق بولۇپ، ئىشىكتىن ھويلىنىڭ ئىچى، ئارقا تەرەپتىكى رېشاتكىلار بىلەن چوڭ ھويلىدىن ئايرىلىپ تۇرغان چوڭ باغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھازىر باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر تېخى يالىڭاچ ئىدى. ھويلىنىڭ يوغان دەرۋازىسى ئالدىدىكى قاتار تېرەكلەر ھۇررەكلىرى كۆپۈپ، پوتلا چىقىراي دەپ قالغانىدى. جاھان پاتقاقچىلىق بولغان بىلەن، ئېرىق بويىدىكى كۆكتاتلار بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆكىرىپ قالغانىدى. ئازدىن كېيىنلا چېچەك پەسلى يېتىپ كېلىپ دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ، ئالمىلار چېچەكلەپ، قىزىلگۈللەر ئېچىلىپ، بۇ يەردە بۇلبۇللارنىڭ بەس ـ بەستە سايرىشىپ كېتىدىغىنى ئېنىق ئىدى.

قۇۋان ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا بىرنەچچە رەت ئۆتتى. ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن كەتكەن كوچا جىمجىت ئىدى. مۇنداق مېڭىۋەرسە بىرەرسىنىڭ ئوغرى ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ ھويلىغا كىرمەكچى بولدى، ئۇ: «ھويلىغا كىرىپلا گۈلئايىم مۇشۇ قورۇدا تۇرامدۇ، دەپ ۋارقىرايمەن. ئېرى يوق بولغاندىن كېيىن نېمىدىن قورقاتتىم. بىرەرسى

چىقىپ: «ھە، نېمە گەپ؟» دېسە، «گۈلئايىم خېنىم بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بارتى» دەيمەن. ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرگەنلا بىرىگە تۇتقۇزۇپ قويغىلى بولمايدۇ ـ دە... ئەگەر ئۆزى چىقىپ قالغۇدەك بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا... «خېنىم، تونۇگۈن ئازراقلا خىزمىتىمگە بەك چوڭ نېمىنى بېرىۋېتىپلا، مەن بۇنى ئالالمىغۇدەكمەن، قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلدىم» دەيمەن» دەپ ئويلايتتى.

قوۋان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئاستىدىكى كىچىك ئىشىكتىن ئېڭىشىپ كىرىپ ۋارقىرىدى:

ــ ھاي، ئادەم بارمۇ؟

ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئېھتىمال ئۇ كېچىسى قويۇۋېتىپ، كۈندۈزى باغلاپ قويىدىغان ئىتلاردىن بولسا كېرەك، ھاۋشىغان ئاۋازى باغنىڭ ئارقىسىدىكى بىر يەردىن كېلىۋاتاتتى.

ــ ئادەم بارمۇ؟

قوۋان دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى شاراقلاتتى. دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ھويلىدا بىر خىزمەتچى ئايال پەيدا بولدى.

ــ كىمنى ئىزدەيسىز؟ ــ دېدى ئۇ قوۋانغا باشتىن ـ ئاياغ بىر قاراپ.

ــ گۈلئايىم خېنىم مۇشۇ ھويلىدا تۇرامدۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ خېنىمنىڭ بىر ئامانىتى بار ئىدى، ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرەي دېگەن.

خىزمەتچى ئايال پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىگە تارتىلغان پەردىلەر يېرىم قايرىلىپ

قويۇلغانىدى. خىزمەتچى ئايال مىنۇت ئۆتمەي قايتىپ چىقىپ يۇقىرىقى قەۋەتتە تۇرۇپلا ۋارقىرىدى:

— ئۆيگە كىرىڭ!

خىزمەتچى ئايال قوۋاننى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ تۆرگە باشلاپ ئاستىغا قوشلاپ كۆرپە سالدى ـ دە، «خېنىم هازىر كىرىدۇ» دەپلا ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى. قوۋان ئەيمىنىپ ئەتراپىغا قارىدى، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئۆينىڭ تاملىرىدا قىپقىزىل گىلەم جۇلالىنىپ تۇراتتى. قوش دېرىزىلەرگە ئېغىر پەردىلەر ئېسىلغانىدى. تەكىيە مەشتە قاتتىق ئوتتۇن سۇس يالقۇنجاپ كۆيۈپ ئۆي ئىچىنى ئىللىتىپ تۇراتتى. يوغان ئىككى شەمەي ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قېلىن تاۋار يوتقان ـ كۆرپىلەر قاتلاپ تىزىپ قويۇلغانىدى. بۇ ئۆينى قوۋان هەر كۈنى يېتىپ ـ قوپىدىغان دەڭنىڭ تاملىرى قارىداپ مەينەتلىشىپ كەتكەن، تۆپىسىگە ياپقان قومۇشلىرى ساڭگىلاپ قالغان مۇزدەك كۆلبىگە سېلىشتۇرغاندا بىرى ئاسماندا، بىرى يەردە ئىدى.

گۈلئايىم بۈگۈن كېچە ياخشى ئۇخلىيالمىغانىدى. ئۇ قېلىن يوتقاننىڭ ئىچىدە ئۇيقۇسى قېچىپ هە دەپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلەتتى. هېلىقى ئۆزىنى هاپاش قىلىپ پاتقاقتىن ئۆتكۈزگەن ئىشلەمچىنىڭ گەپلىرىنى ئويلاپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنىدىن ئۆزىگە تارىغان هارارەتنى هازىرمۇ هېس قىلغاندەك بولۇپ پۈتۈن سېزىملىرى لەززىگە كېلەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قوۋاننىڭ بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، قاچانلا بولمىسۇن ئۆزىنى ئىزدەپ

كېلىدىغىنىنى تۇيغاندەك قىلغانىدى. شۇڭا، بايا ھويلىدا قۇۋاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باردى. ئىشلەمچىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئويناپ كەتتى...

گۈلئايىم ئۆزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس گىرىم قىلىپ قۇۋاننىڭ ئالدىغا كىرگەندە قۇۋان ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپلا قالدى. ئۇششاق گۈللۈك ئۇزۇن قارا مەخمەل كۆڭلەك چوكاننىڭ ئاپپاق چىرايىنى تېخىمۇ ئاچقانىدى. قۇۋان تەمتىرەپ - ھودۇقۇپ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كەتتى، گۈلئايىممۇ قۇۋاننىڭ سۆزىگە ئەمەس، ئۆزىگە دىققەت قىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ تۈنۈگۈنكى پاتقاقتا مىلىنىپ تۇرغان ئىشلەمچىگە ئوخشىماي باشقىچە ئىسكەتكە كېلىپ قالغانىدى.

— سىلى تۈنۈگۈن قولۇمغا بىر نېمىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپلا كېتىپ قاپتىلا، خېنىم... مەنمۇ... تازا زەن سالماپتىمەن، سىلى كېتىپ شۇنداق ئالىقىنىمنى ئاچسام... ئالىقىنىمنى ئاچسام... يوغانلا بىر ئالتۇن جابدۇقكەن ئەمەسما...

— ناھايىتى بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكقۇ؟ — دېدى گۈلئايىم.

— ئەمدى مەن سىلىنى ئىشۇ ئازغىنە يەرگە ھاپاش قىلغانغا... ھاپاش قىلغانغا... مۇنچە يوغان نېمىنى ئېلىۋالسام قايداغ بولا؟...

— ھېچقانداق بولمايدۇ، — دېدى گۈلئايىم، — ئايالغا سېلىپ قويسۇن، دەپ كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بەرگەنىدىم.

گۈلئايىمنىڭ بۇ گېپى قۇۋاننى «زادى خوتۇنىڭىز بارمۇ، يوق؟» دەپ چېكىپ باققانغا باراۋەر ئىدى.

— ھېلىمۇ شۇ گەپ ئەمەسما، — دېدى قۇۋان، — خوتۇنۇم بولغان بولسىغۇ شۇنداق قىلسام بولاتتى، ئەمدى قايتۇرۇپ ئۆزلىرىگە سېلىپ قوياي...

گۈلئايىم كۈلۈپ كېتىپ خىزمەتچى ئايالنى چاقىردى، خىزمەتچى ئايال بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— ماۋۇ كىشى يىراقتىن كەلگەن مېھمان بولىدۇ، — دېدى گۈلئايىم، — مېھماننى بىرەر ۋاق تاماقتا تۇتماي قويۇپ بەرسەك سەت بولار؟

خېنىم بۇ گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىپ بولغۇچە خىزمەتچى ئايال مەقسەتنى چۈشىنىپ بولدى.

— شۇنداق، خېنىم، نېمە تاماق قىلساق بولا؟ — دېدى ئۇ.

— مېھماننىڭ كۆڭلى نېمىگە تارتىدىكەن؟ — دەپ قۇۋانغا قارىدى گۈلئايىم.

— مەن... مەن... مەن تاماقنى بازاردىلا يەي.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — دېدى گۈلئايىم، — سىلى دېگەن يىراقتىن كەلگەن مېھمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئاتا - ئانام بىلەن بىر يۇرت... بولمىسا ئاۋۋال غاچ - غۇچلا ھالۋا بىلەن سىنچاي قىل، مېۋە - چىۋىلەردىنمۇ ئەكىر، ئاندىن جىق ئەمەس، ئازراقتىن لەڭمەن بولسۇن، كەچكە قېزا بېسىپ پولۇ...

خىزمەتچى ئايال بىر دەقىقە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى - دە، دەرھال ئېسىگە كېلىپ «خوپ بولىدۇ!» دەپ تالاغا قاراپ ماڭدى. بۇ ئۆيدە مۇنداق ئارقا - ئارقىدىن تاماق ئېتىلىپ باقمىغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئىگىمبەردى باي بار چاغلاردىمۇ ئادەتتىكى مېھمانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



قۇرۇق سىنچاي بىلەنلا ئۇزايتتى. ھەرقانچە يۈز ـ ئابرۇيلۇق مېھمان كەلسىمۇ ئىككى خىل تاماق ئېتىلمەيتتى. ئۆيدىكى خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى بۇ تۇزۇمگە كۆنۈپ كەتكەنىدى. «ئەمدى بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟» خىزمەتچى ئايال بۇ گەپنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ھويلىدىكى ھەممە ئىشلارنى باشقۇرىدىغان غوجىدارغا ئېيتتى.

ــ ئاڭلىدىلىمۇ خېنىمنىڭ قانداق تاماقلارنى بۇيرۇغىنىنى؟

ــ خەۋىرىم يوقكەن، ــ دەپ بۇ گەپكە قىزىقتى غوجىدار.

ــ ئاۋۋال ھالۋا بىلەن سىنچاي، مېۋە ـ چېۋە، يۇمشاق نان، ئاندىن ئازراق لەڭمەن... قازانغا گۆشمۇ سالغۇدەكمىز، شورپىسىغا ئۇششاق تۇگۈپ چۆچۈرە... ئاخىرىدا قىزا بېسىپ لەڭمەن.

ــ قىزا بېسىپ لەڭمەن؟

ــ ئوھۇش، نېمە دەپ كەتتىم؟... قىزا بېسىپ پولۇ.

ــ مېھمان قانچە؟

ــ بىرلا ئادەم، ئالتە شەھەردىن چىققان مۇساپىردەك قىلىدۇ. خېنىم: «بۇ كىشى يىراقتىن كەلگەن، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام بىلەن بىر يۇرت» دېگەندەك قىلدى.


ــ مەيلى ئەمەسمۇ، شۇ باھانىدە بىزمۇ ئوبدان بىر قورساق تويغۇزۇۋالغۇدەكمىز، ــ دەپ كۈلدى غوجىدار. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇختاتقان ئادەم ئىدى.

## 4 ـ قىسىم

# ئېستىن چىقماس قاپچىغاي

دەريا بويىدا توقاي ،
توقايدىن نېمە قورقاي .
سالچىلارنى سىنايدۇ
يامان قىساڭ قاپچىغاي . . .

ـــ خەلق قوشاقلىرىدىن



www.uyghurkitap.com

قىرىقىنچى باب

# ئاق ئۆي

ئارىدىن يەنە خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. زېمىن ئۈستىدە قانچە بورانلار كۆتۈرۈلۈپ، قانچە شىۋىرغانلار قۇتراپ، قانچە زىمىستان ئۆزاپ يەنە باھار يېتىپ كەلدى. قارلىق تاغلارنىڭ باغرىدىكى تالاي قارىغايلار قاراسلاپ يىقىلدى. تېكەس، كۈنەس، قاش دەريالىرىنىڭ خەتەرلىك ئېقىنلىرىدىن يەنە قانچە ساللار لەپەڭشىپ ئېقىپ ئۆتتى. شىددەتلىك دولقۇنلاردا قانچە سالچىلارنىڭ ساللىرى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، كىملەرنىڭدۇ جەسەتلىرى ئايدالالاردا قېپقالدى. شۇ نامسىز قەھرىمانلارنىڭ دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ ئېقىتىپ كەلگەن ياغاچلىرى بىلەن قانچە ئايۋان ـ ساراي، ئىمارەتلەر ئۆرە بولدى. بىپايان چۆللەردە سانسىز ئىستۇلبىلار قەد كۆتۈردى...

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئىدى. سالچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا قىشچە خاڭنىڭ ئاستىدا ئىشلەپ سوغۇق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، يازدا سال ھەيدەيتتى. سالچىلار ئارىسىدا «ئەمدى خاڭدا ئىشلەيدىغانلار بىلەن سال ھەيدەيدىغانلارغا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىگە بولغۇدەك، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشلار تەشكىللىك بولارمىش...» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. دەسلەپتە

«سالچىلار جەمئىيىتى» دەپ بىر تەشكىلمۇ قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئورنى شەھەرنىڭ ساي بويىدىكى ئاق ئۆيلەر ئىدى. شۇ تاپتا بىر توپ سالچىلار ئۆزىنى تىزىملىتىش ئۈچۈن ئاق ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېشى قىرىقتىن ئاشقان، پىشقان سالچىلار بولۇپ، بەستلىك، قاۋۇل ئادەملەردىن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەمەتمۇ بار ئىدى. ئۇمۇ كونا سالچىلاردىن بولۇپ، «سەمەتئاخۇن» دەپ ئاتىلاتتى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى دەرۋازا ئەينى يىللاردىكى ئىلى سانغۇنى تۇرۇشلۇق كۈرەگە كېتىدىغان چوڭ يول تەرەپكە ئېچىلغاندا «كۈرە دەرۋازا» دەپ ئاتىلاتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈرە دەرۋازا ئالدىدا سەھرادىن كىرگەن دېھقانلار شاخ ـ پاخال، سامان ـ مەڭگەن، بىدە ـ قورايلىرىنى ساتىدىغان بىر بازار شەكىللەنگەنىدى. بۇ بازارنى كىشىلەر «بىدە بازىرى» دەيتتى. كېيىن شەھەر سېپىلى چېقىلىپ، شەھەر دەرۋازىسى ئېلىنىپ كەتكەندىمۇ بۇ يەر «بىدە بازىرى» نامى بىلەن بازار بولۇپ قېلىۋەردى... ئەنە شۇ بىدە بازىرىدىن كۈنپېتىشقا قاراپ ماڭغاندا، سول قول تەرەپتە تاكى دۆڭمەھەللىنىڭ ئېغىزىدىكى سايغا بارغۇچە «خەلپەم بۇزرۇكۋار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كاتتا قەبرىستانلىق سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپتە بۇ يەرگە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىغا تەرىقەت مەسلىكىنى① تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن

① تەرىقەت مەسلىكى ــ ئىسلام دىنىدىكى جاپالىق زىكىر ـ تىلاۋەت قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئاللا بىلەن بەندىنىڭ روھىنىڭ بىرلىككە يېتىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر ئېقىم. شىنجاڭدىكى سوپى ـ ئىشانلار ئۆزىنى مۇشۇ مەسلەككە تەۋە دەپ قارايدۇ.

گادا مۇھەممەد قاتارلىق زاتلارنىڭ جەسىتى قويۇلغاچقا «خەلپەم بۇزرۇكۋار» نامى بىلەن ئاتالغان. مازارنىڭ ئاخىرى تۆۋەنلەپ سايغا يېقىنلاشقاندا بۇككىدە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بىر يەر بار، دەرەخزارلىق ئىچىدە رۇس پاسونىدا سېلىنغان ئاپپاق ئۆيلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئەينى يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن ئورمانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى تۇرغان ئورۇن ئىدى. سالچىلارنى يېڭىدىن تەشكىللىگۈچىلەرمۇ دەسلەپتە مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشقانىدى.

شۇ تاپتا بىر قانچە سالچىلار خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان ئاياغ يول بىلەن كېتىپ باراتتى. باياتىن بېرى ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ مازارنىڭ تارىخى توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتاتتى.

— شۇنداق قىلىپ، غۇلجىدىكى ئۆلىمالار بىر يەرگە يىغىلىپ،— دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ئىلاخۇن «سويما». بۇ كىشى كونا پەن زاۋۇتىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ بازىرىدا ئاقساقاللىق قىلغاچقا «ئىلاخۇن ئاقساقال» دەپمۇ ئاتىلاتتى،— ۋاھ، ئاڭلىساق ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، يەكەن دېگەندەك چوڭ شەھەرلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى ھەر جۈمە كۈنى يوغان داشلارنى قايىنىتىپ، «ئاللا ھەق!» دەپ زىكىر - سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزىدىكەن. ئىلىدا نېمىشقا شۇنداق قىلالمايمىز؟ بىزنىڭ باشقىلاردىن نەرىمىز كەم، دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. شۇ زامانلاردا بەدەخشان① دېگەن يەردە كاتتا بىر زات باركەن. ھەممە ئىشان - سوپىلارنىڭ پىرى

---

① بەدەخشان — ئافغانىستانغا قاراشلىق بىر ئورۇننىڭ ئىسمى، ئىلگىرى بۇ يەر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېسابلىنىدىكەن. تارانچىلار شۇ زاتقا بىرقانچە ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ، ئۇ كىشىنى ئىلىغا تەكلىپ قىلماقچى بوپتۇ. بارغاندا ھېلىقى ئۇستازنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرىنىڭ سوۋغىلىرىنى قويۇپ، ئۇنى ئىلىغا چىقىپ تەربىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ ئادەم ناھايىتىمۇ قېرىپ كەتكەن، «ئىلى بىلەن بەدەخشاننىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن يول. ياشىنىپ قالدىم، بارالمايمەن. ئىلى تەرەپكە كەتكەن گادا مۇھەممەد دېگەن بىر شاگىرتىم بار ئىدى. خەت قىلىپ بېرەي، شۇ كىشىنى ئىزدەپ تېپىڭلار» دەپتۇ. بەدەخشانغا بارغانلار ھېلىقى ئۇستازنىڭ خېتىنى كۆتۈرۈپ ئىلىغا كېلىپ گادا مۇھەممەد دېگەن كىشىنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. بىر كۈنى كۈرەدىكى «چەنتۇ دەڭ»①نى ئاچىدىغان دەڭچا بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «بىزنىڭ دەڭدە كېچە ـ كۈندۈز جاينامازدىن قوپماي ئىبادەت قىلىدىغان بىر كىشى بار. دەڭنىڭ كىچىك بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىدۇ، ھەر ھەپتىدە بىرلا ماتا توقۇيدۇ. شۇ ماتانى سېتىپ خىراجەت قىلىپ، قالغان ۋاقتىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. سىلەر ئىزدەۋاتقان ئادەم شۇ كىشى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەپتۇ. بېرىپ سۈرۈشتۈرسە بەدەخشانلىق ئۇستازنىڭ شاگىرتى دەل شۇ كىشى ئىكەن. ئۇستازنىڭ خېتىنى قولىغا ئېلىپ كۆزىگە سۈرتۈپ، غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ سوپى ـ ئىشانلىقنى باشلاپ بەرگەنىكەن. بۇرۇن بۇ مازارلىقنىڭ ئورنى بىر شىۋاقلىق دۆڭ ئىكەن. گادا مۇھەممەد خەلپەم ھايات ۋاقتىدا: «مەن

① چەنتۇ دەڭ ــ مۇسۇلمانلار چۈشىدىغان دەڭ، دېگەن مەنىدە.

ۋاپات بولسام مۇشۇ ئورۇنغا قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. خەلپەم ۋاپات بولغاندا بۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ. بىرىپ ـ بىرىپ بۇ يەر مۇشۇنداق چوڭ مازارلىققا ئايلىنىپتۇ. مانا ماۋۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى تۈپ سىپدىنىڭ ئارىلىقىدىن كىرگەن يەر تارانچى مازىرى، يولنىڭ سول تەرىپى قەشقەر مازىرى، تارانچى مازىرىغا كىرسەڭ ئېتىكاپخانا، قورۇق تام ئارىسىغا ئېلىنغان يوغان گۈمبەزلەر بار. مەنمىغۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، ئىشقىلىپ، ئاشۇ يوغان گۈمبەزلەرنىڭ بىرىدە گادا مۇھەممەد خەلپەم ياتسا كېرەك. سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن بۇ گەپلەرنىمۇ مەن خەلپەم ھەزرەتتىن① چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىۋالغان.

— خۇدايا تووۋا! — دەپ ياقىسىنى تۇتتى سەمەت، — بۇ ئىلىخونىڭ ئادەملىرىمۇ غەلىتە خەقكەن، ئەمدى ئۆلگەندە ياتىدىغان مازارلىقىنىمۇ تارانچىنىڭ، قەشقەرلىقنىڭ دەپ ئايرىۋالغان بارمۇ؟

— ئۇنى بىز دېمەڭلار، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى قاسىم «چىپار»، بۇ ئادەم ئىلگىرى خاڭدا ئادەم باشقۇرۇپ يۈرگەچكە «قاسىم بوتوڭ» دەپمۇ ئاتىلاتتى، — بىر زامانلاردا ئالتە شەھەردىن چىققان ئادەملەر ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالىدىغان بولسا تارانچى مازىرىغا زادى قويغۇزمايتتى. بەزىلەرنىڭ زادى تارانچى ياكى قەشقەرلىقلىقىنى ئايرىپ بولالماي جېدەلمۇ بولۇپ كېتەتتى. بىزنىڭ خاڭلاردا ئىشلەپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ بىرەرسى ئۆلۈپ قالغۇدەك بولسىمۇ

① خەلپەم ھەزرەت — ئابدۇمۇتائالى خەلپەم، ئىلىدىكى ئاقارتىش ئىشلىرىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان دىنىي زات.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

«خاڭدا ئىشلەمتى، ھە، بولدى، ئەمىسە قەشقەرلىق» دەپلا ئۇدۇل ئەكىلىپ قەشقەر مازىرىغىلا قوياتتى. مېنىڭ بىر ئىشقا ئەقلىم يەتمەيدۇ، ئاڭلىسام، شۇ گادا مۇھەممەد خەلپەمۇ دەسلەپتە قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىن مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا چىقىپتىكەن. ئىلىدا مۇز داۋاندىن ئېشىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا قەشقەرلىق دەيدىغان، ئەجەب بۇ خەلپەمنىڭ مازىرى تارانچى مازىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ قاپتا؟

ــ خەلپەم ھەزرەتنىڭ ئېيتىشىچە، ــ دېدى ئىلاخۇن ئاقساقال، ــ گادا مۇھەممەد خەلپەمنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرى ئەسلىي نەمەنگەندىن بەدەخشانغا بېرىپ قالغانىكەن. بۇ يەرلىرنى سۈرۈشتۈرسە ئۇنىڭ مېيىتىنى ئەنجانلىقلار مازىرىغا قويغان بولسا بولاتتى.

ــ ئەنجان، نەمەنگەن دېگەن يەرلەردىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرسە ھەممىسىلا قەشقەرلىق، ــ دېدى بىرەيلەن.

ــ گادا مۇھەممەد خەلپەمنى بۇ يەرگە دەپنە قىلغان چاغلاردا «تارانچى مازىرى»، «قەشقەر مازىرى»، «ئەنجانلىق مازىرى» دېگەن گەپلەر نېمە ئىش قىلسۇن، ــ دېدى ئوبۇلقاسىم ئاكا. بۇ ئادەممۇ كونا سالچىلاردىن ئىدى، ــ كېيىن ئىلىنىڭ كونا ئادەملىرى «خەلپەمنىڭ يېنىدا ياتىمىز» دەپ بۇ يەرگە دەپنە قىلىنىۋېرىپ، بۇ يەر تارانچى مازىرى بولۇپ قالغان.

ــ «ئەنجانلىق مازىرى» دېگەن قايسى بولدى ئەمدى؟ ــ دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى بىر سالچى.

ــ سامان بازىرىدىن ناغرىچىغا قاراپ ماڭغاندا ئوڭ تەرەپتە بىر چوڭ دەرۋازا بار. دەرۋازىدىن كىرگەندە ئالدى

چوڭ كۆل. ئەنجانلىقلارنىڭ مازىرى شۇ يەردە. ئۇ مازارلىقنىڭمۇ ئاخىرسى كېلىپ يەنە مۇشۇ «خەلپەم بۇزرۇكۋار» بىلەن تۇتىشىدۇ... يۇرۇڭلار، ئاۋۇ «بەڭگى مازار» تەرەپكە ئۆتۈپ بىردەم ئارام ئالايلى.

سالچىلار تارانچى مازىرىنىڭ ئىچى بىلەن كۇنپېتىشقا قاراپ ماڭدى. تارانچى مازىرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئەتراپى پاكار تاملار بىلەن قورشالغان ئايرىم بىر قەبرىستانلىق بار ئىدى. بۇ يەرنى كىشىلەر «بەڭگى مازار» دەپ ئاتىشاتتى. قەبرىستانلىقنىڭ بىر تەرىپىنى ياقىلاپ چوڭ بىر ئېرىق سۇ توختىماي ئېقىپ ئۆتەتتى. سۇ بويىدا ئۆسكەن قارىياغاچ، يوغان سۆگەت دەرەخلىرى ئەتراپىغا شاخلىرىنى يېيىپ قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. ياز كۈنلىرى بۇ يەر شەھەر ئىچىدىن چىققىدىغان مۇساپىرلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئارامگاھى ئىدى. سالچىلار ئېرىق بويىدىكى چىملىقلارغا كېلىپ سۇنايلاشتى. «بەڭگى مازار»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقچىلىقتا دۇمچەك ـ دۇمچەك بىرقانچە قەبرىلەر چوقچىيىپ تۇراتتى.

— ئەجەبمۇ چىرايلىق يەركەن، نېمە دەپ بۇ يەرنىڭ ئىسمى «بەڭگى مازار» ئاتىلىپ قالغان بولغىيتتى؟ — دەپ سورىدى سەمەت ئىلاخۇن ئاقساقالغا قاراپ.

— بىر زامانلاردا ھازىرقى تېرەك مازار مەھەللىسىنىڭ ئەتراپى تازىمۇ چىرايلىق تېرەكلىك ئىكەن. ئەتراپىدا لەڭزە بېشى تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن ئىككى ئۆستەڭ سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتىكەن. تېرەكلىكنىڭ بىر ـ ئىككى يېرىدە چېكەرمەنلەر نەشە تارتىدىغان مەيدانخانىلار بار ئىكەن. «مەيدانخانا» دېگىنىمىز — جامائەت كېلىپ

ناخشا ـ ساز تىڭشايدىغان ئورۇن. ئۇ يەردە داڭلىق سازەندىلەر كېلىپ نەغمە ـ ناۋا قىلىشاتتىكەن. ئوتتۇرىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن خىزمەتچىلەر مېھمانلارغا چىنىچەينەكتە چاي، چېكەرمەنلەرگە چىلىم قاپىقىدا چوڭ تاماكىنى تەييارلاپ سۇنۇپ تۇرىدىكەن. ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئاتىغان پۇلىنى پەتنۇسقا سېلىپ سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇشاتتىكەن. قارادۆڭدىكى ئاقسۇ مەسچىتىنىڭ ئەتراپى ۋە لەڭزە بېشىدىمۇ مۇشۇنداق مەيدانخانىلاردىن بىرقانچىسى بار ئىدى. كېيىن ـ كېيىن تېرەك مازار ۋە ئاقسۇ مەسچىتىنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر ئۆيلەرنى سېلىپ مەھەللە بولۇپ كېتىپتۇ. ئاشكارا نەشە ئېلىپ ـ ساتىدىغان، نەشە چېكىدىغان ئىشلارمۇ چەكلىنىپ، چېكەرمەنلەرنىڭ شەھەر ئەتراپىدا نەشە چېكىدىغان يەرلىرىنىڭمۇ تايىنى قالمىغىلى تۇرۇپتۇ. كېيىن ـ كېيىن چېكەرمەنلەر مانا مۇشۇ قەبرىستانلىقتا كېلىپ، ئەم يەرنى مۇشتلاپلا يەر چىلىمى قىلىپ نەشە تارتىدىغان بوپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «بەڭگى مازار» ئاتىلىپ قالغانمىكىن، ئىشقىلىپ مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك...

— ئىلاخۇن، سېنىڭ ئاڭلىغانلىرىڭمۇ دۇرۇستتۇ، مەنمۇ بۇ مازار توغرىسىدا بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغان، — دېدى ئەيسا «پوستەك».

— ھە، سېنىڭ ئاڭلىغانلىرىڭ قانداق؟

— راست ـ يالغىنىنى بىز نېمە بىلىمىز دەيسەن، ھەممىسى شۇ چوڭلاردىن ئاڭلىغان گەپلەر، بىزنىڭ بۇ ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىرىنىڭ تېگى تۇرپاندىنكەن. بەگلىك



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مەنسەپ ئۇلارغا ئاتىسى ئۆلسە بالىسىغا باقىمەندە بولۇپ قالىدۇبىرىدىكەن. نېمىشقا شۇنداقلىقىنى بىز نەدىن بىلەيلى، ئىشقىلىپ، بېيجىڭدىكى خان بىر زامانلاردا: «ھە، شۇنداق بولسۇن!» دەپلا بۇيرۇق قىلىپ بېكىتىپتىكەنىكەن. ھاكىمبەگلەردىن كىم ئۆلسە ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ تۇرپاندىكى ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا قويىدىغان گەپكەن. تۇرپان بىلەن ئىلىنىڭ ئارىلىقى دېگەن ئاسان يولما دەيسىلەر؟ جەسەتنى تۇرپانغا يەتكۈزۈپ بولغۇچە خەلققە بەك ئېغىرچىلىق بولاتتىكەن. بۇ ئىشنى ئىلىنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرىمۇ تازا مۇۋاپىق تاپمايدىكەن. يىللار ئۆتۈپ، ھاكىمبەگلىك خۇشنىزات ھېكىم دېگەن كىشىگە قاپتۇ. بۇ ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئالدىغا شۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ كاتتىلىرىنى چاقىرىپ: «ھەممىڭلارغا مەلۇم، شەھىرىمىزنىڭ شىمالىدا، سايىنىڭ يۇقىرىسىدا، ئەتراپى مەجنۇنتاللار بىلەن قاپلانغان، سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ھاۋالىق يەر بار. مۇبادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم شۇ يەردىكى دۆڭنىڭ ئۈستىگە دەپنە قىلىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ھەرقانداق كىشى ۋاپات بولسا شۇ يەرگە قويۇلسۇن. جەسەتنى تۇرپانغا ئاپىرىمىز دەپ خەلققە جەبىر سالمايلى» دەپ ۋەسىيەت قىلىغانىكەن. ئېسىڭلارغا كەلگەندۇ؟ سايىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاللىقنىڭ قارشىسىدا تۇرغان «ئالتۇنلۇق» دېگەن قەبرىستانلىق شۇ، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يوغان ـ يوغان گۈمبەزلەر شۇ ھاكىمبەگلەرنىڭ قەبرىلىرى...

ــ ھوي ئەيسا، ــ دېدى سالچىلارنىڭ بىرى، ــ

«بەڭگى مازار»نىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتاتتۇق. سەن قايسى مازارلارغا كەتتىڭ؟

ــ توختاپ تۇرمامسەن، گەپنىڭ ئاخىرى شۇ يەرگە بارىدۇ، ــ دېدى ئەيسا «پوستەك»، ــ كېيىن، خۇشنىزات ھېكىم ئۆلۈپ جەسىتى ۋەسىيىتى بويىچە دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنىپتۇ. ئورنىغا ئوغلى ھاكىمبەگ① بولغاندا، ھاكىمبەگ ئەۋلادلىرىنىڭ روھىغا دائىم دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن يەكەندىن قىرىق ئۆيلۈك دەرۋىشنى كۆچۈرۈپ چىقىپ شۇ ئالتۇنلۇق ئەتراپىدىن ئۆي ـ جايلىق يەر بەرگەنىكەن. بۇ مەھەللىنى كېيىن خەقلەر «سوپىلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىغانىكەن. تېخى بۇ دەرۋىشلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن شۇ ئەتراپتىن تېرىلغۇ يەرلەرنى كېسىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئالۋان ـ ياساقتىنمۇ كەچۈرۈم قىلغانىكەن. بۇ دەرۋىشلەر ھەر پەيشەنبە كۈنى جەندە ـ كۇلاھلىرىنى كىيىپ، ساپايىلىرىنى شاراقشىتىپ «ھۇۋ!» تارتىپ، بىرنەچچىسى قوللىرىنى ساردەك كېرىپ، ئوتتۇرىدا ساماغا چۈشۈپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېلەتتىكەن. رەستە ـ رەستىلەردىكى ھۈنەرۋەن، تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دۇئا ـ تەكبىرلەرنى قىلىپ يەنە قايتىپ كېتىدىكەن، ئۇلار ھېچكىمنىڭ قولىدىن سەدىقە ئالمايدىكەن. ھەركىم ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغىنىنى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۆزلىرى يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. مانا مۇشۇ ئىشلار يولغا قويۇلۇپ، ئارىدىن يۈز يىلدىنمۇ ئوشۇق ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ. ساپايى چېلىپ، بازار چۆرگۈلەپ

---

① خۇشنىزات ھېكىمنىڭ ئوغلى خالزاتخان، ئۇ «تابى ھېكىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1818 ـ يىلى دادىسىنىڭ ئورنىغا بەگلىككە تەيىنلەنگەن.

دۇئا ـ تەكبىر قىلىنىدىغان ئىش ھېلىقى دەرۋىشلەرنىڭ بالىلىرىغا، بالىلىرىدىن نەۋرىلىرىگە قاپتۇ. تەييار پوشكالنى يەپ، ئىش قىلماي ھۇرۇنلىشىپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چېكەرمەن بولۇپ كېتىپتۇ. چاچنى گەدەنگىچە قويۇپ، يۈزنىمۇ خۇشياقسا يۇيۇپ، بولمىسا يۇيماي يۈرۈۋېرىدىكەن. ھەر پەيشەنبە كۈنى تاللىق تەرەپتىن ساپايىلەرنى شاراقشىتىپ چىقىپ كېلىپ شەھەرنىڭ دولان دەرۋازىسىدىن كىرىپ، شەھەرنى بىر پىرقىراپ كۆرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ توپتوغرا مانا مۇشۇ ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىغا كېلىپ پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ، چېكىندىغانلىرى چىلىملىرىنى راسلاپ تازا ئىچىگە تارتىپ، ئىسنى ئاسمانغا پۈۋلەپ يېتىپ كېتىشەتتىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر «بەڭگى مازار» ئاتىلىپ قالغانىكەن. قاراڭلار، ھازىرمۇ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىنىڭ پەيزىلىكىنى...

«بەڭگى مازار»نىڭ جەنۇبى تەرىپىدە كىملەرنىڭدۇ بېدىلىك يەرلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۆپكۆك بوي تارتىپ، سۆسۈن چېچەكلىگەن بېدىلىك ئىچىدىن بۆدۈنىلەرنىڭ «ۋىتىۋالداق، ۋىتىۋالداق» دەپ سايرىغان ئاۋازى كېلەتتى. بېدىلىك تەرەپتىن نېپىز چەكمەن چاپان كىيگەن، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئۇرۇق، مۇساپىر سۈپەت بىر ئادەم چىقىپ كەلدى ـ دە، سالچىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ گەپكە قۇلاق سالدى. سالچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ نەشە تارتىپ قويىدىغانلار بار ئىدى. بىر ـ ئىككى سالچى بىر چەتتە پىنەكچى يۆگىگەن تاماكىنى بىر ـ بىرىگە جۇ قىلىشىپ چېكىپ

ئولتۇراتتى. ئەمدى سالچىلارنىڭ پارىڭى يەنە تىرەك مازار ئۈستىگە كۆچكەنىدى.

ــ شۇ تىرەك مازارنىڭ چوڭ گۈمبىزى ئىچىدە ياتقان زاتنىمۇ ناھايىتى ئۇلۇغ بىر كىشى دەمدۇ قانداق؟ــ دەپ سورىدى بىر سالچى.

ــ بۇنى سورىساڭ، بۇنىڭ ۋەقەسىمۇ باياملقى گېپىمىزنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ ئۇلىشىدۇ، ــ دېدى ئىلاخۇن ئاقساقال.

ــ قايسى گەپنىڭ؟

ــ بايىقى مۇشۇ خەلپەم بۇزرۇكۋارلاردا ياتقان گادا مۇھەممەد خەلپەمنىڭ گېپىگە بېرىپ ئۇلىشىدۇ.

ــ قېنى ئاڭلايلى، ــ دېدى بىر نەچچەيلەن.

ــ شۇ چاغدا ئىلىدىن بەدەخشانغا بارغان تارانچىلارنىڭ ۋەكىللىرى ھېلىقى سوپىلارنىڭ پىرى بولغان زاتنى ئىلىغا تەكلىپ قىلسا پىرىم ئۇنىماپتۇ. شاگىرتى گادا مۇھەممەدكە قارىتىپ خەت قىلىپ بېرىپتۇ، دېيىشكەنىدىم. شۇ چاغدا بارغانلار قايتماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا ھېلىقى ئەۋلىيا: «سىلەرنىڭ ئىلى دېگەن يەردە تىرەك مازار دېگەن بىر يەر بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «بار» دەپ ھەيران بولۇپ ئەۋلىياغا قاراپتۇ تارانچىلار. «شۇ مازاردا ياتقان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. تارانچىلار: «بىلمەيدىكەنمىز» دەپ خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. ئەۋلىيا: «ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئالاھىدىن باغداد دېگەن زات ياتىدۇ. شۇ زاتنىڭ مازىرىنى ئوبدانراق ئاسراپ قويۇڭلار»

دېگەنىكەن. بۇ خەۋەر ئىلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئادەملەر: «ئىسىت! تېرەك مازاردا ياتقان بۇ زاتنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى ئەجەب قىلالماپتۇق» دەپ يىغا ـ زار قىلىشىپ، پۇلى بارلار پۇل، ھۈنىرى بارلار ھۈنىرىنى چىقىرىشىپ، «ھە ـ ھۇ» بىلەن ئەنە شۇ مازارنى تۇرغۇزغانىكەن... مەنمۇ بۇ گەپلەرنى ئۆلىمالاردىن ئاڭلىغان. بىز قارا قورساق ئادەملەرمۇ بىلمىمىز.

ــ سىلىنىڭ بۇ گەپلىرى مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمغا ئوخشىمايدىكەن، ــ دەپ گەپكە ئارىلاشتى بايا بېدىلىك تەرەپتىن كېلىپ سالچىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان چەكمەن چاپانلىق ئادەم.

سالچىلارنىڭ ھەممىسى بۇرىلىپ چەتتە ئولتۇرغان بۇ ئادەمگە قاراشتى.

ــ ھە، سىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىڭىز قانداق؟ ــ دەپ سورىدى ئىلاخۇن ئاقساقال.

ــ سىلەر قەشقەرنىڭ ئاپپاق خوجام مازىرىدىكى ئۇماچ قاينىتىدىغان داش قازانلارنى كۆرمىگەن ھەقچان، مانا مەن كۆرگەن، ــ دەپ گېپىنى باشلىدى چەكمەن چاپان، ــ بۇ داش قازانلارنىڭ يوغانلىقىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار... قازاننى يۇيۇش توغرا كەلگەندە ئىچىگە شوتا قويۇپ بىرقانچە ئادەم قولىغا سۈپۈرگە، دەسماللىق ماتالارنى كۆتۈرۈپ چۈشۈپ يېرىم كۈندە ئاران تازىلاپ بولىدۇ، تۆت ـ بەش ئادەم ئەتىگەندىن ناماز پېشىنگىچە سۇ توشۇپمۇ توشقۇزۇپ بولالمايدۇ. بىر كېچە گۈركىرىتىپ قۇرۇق ئوتۇن قالىمىغۇچە قايناتقىلى بولمايدۇ. ئۇنداق يوغان داش قازانلاردىن بىر زامانلاردا ئاپپاق خوجامدا بىر ئەمەس، بىرنەچچىسى بولاتتىكەن،

ئاپپاق خوجام مازىرىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەر كالا ـ قوي، تۆگە، ئۇن ـ ماي، گۈرۈچ، پۇرچاق، ماش، دېگەندەك ئاتىغان نەرسىلىرىنى ئەكېلىدىكەن. قولى قىسقىراقلىرى توخۇ ـ ئۆردەك، كاۋا، چامغۇر، ھەتتا بىر باش پىياز كۆتۈرۈپ كەلسىمۇ ھېسابكەن. ماللارنىڭ كالللىسىنى ئېلىپ، گۆشىنى پارچىلاپ قازانغا تاشلاپ، بۇغداي ـ قوناق، گۈرۈچ ـ يارمىلارنى يۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تازا ۋاراقشىتىپ قاينىتىپ پىشۇرغان ئۇماچىنىڭ تەمى شۇنچىلىك شېرىن بولىدىكەن، گەپ قىلماڭلار، بىر ئىچىپ قالغان ئادەم قازان بېشىنى ئەگىپ كېتەلمەي قالىدىكەن. قايسى زامانلاردا بولغان ئىشكىن، مەنمۇ تازا بىلىپ كېتەلمىدىم. بىر كۈنى كېچىچە ئاپپاق خوجامدا «ھۇۋ» سېلىپ ئۇخلىماي چىققان بىر دەرۋىش ئاشۇ داش قازانلارنىڭ بېشىدا ئۇماچ تەمە قىلىپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قىلىپ قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈپلا كېتىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر «هاي ـ هاي!» دېيىشىپلا قاپتۇ. دەرۋىش بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇماچ ئۇسۇيدىغان ئۇزۇن ساپلىق چۆمۈچلەر بىلەن قازاننى شۇنچە قوچۇپ بېقىپتۇ. دەرۋىش ھېچكىمنىڭ چۆمۈچىگە ئىلىنماپتۇ. بىر رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئاپپاق خوجامدا داش قازانغا چۈشۈپ كەتكەن شۇ دەرۋىش تېرەك مازار ئالدىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ ئىچىدىنلا چىققانىكەن...

ـــ بۇ قىزىق گەپكەن ـ ھە! ـــ دېيىشتى سالچىلار.

ـــ دەرۋىش سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىسا ئالدىدا ناھايىتىمۇ ھاۋالىق بىر يەر تۇرغۇدەك، ـــ دەپ گېپىنى داۋام قىلدى چەكمەن چاپان، ـــ ئەتراپى تېرەكلىك،

تېرەكلەر ئارىسىدىن شارقىراپ سۇلار ئېقىپ تۇرغۇدەك، شۇ چاغدا شۇ دەرۋىش: «ۋاھ، مەن ئەجەب بىر يەردىن چىقىپ قالدىما... داش قازانغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم يەنە داش قازاندىن چىقىشى كېرەك ئىدى. بىلگۈچى خۇدا، بەلكىم بىر كۆنلەردە بۇ يەردىمۇ داش قازانلار قايناپدىغان ئوخشايدۇ» دېگەنىكەن. كۆنلەر ئۆتۈپ ھېلىقى دەرۋىش ۋاپات بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ئاشۇ تېرەكلىككە دەپنە قىپتۇ. بىر كۆنلەرگە كەلگەندە ھېلىقى تېرەكلىكنىڭ ئەتراپى ئۆزىچىلا ئاۋاتلىشىپ، ئۇ يەرگە خانىقالار سېلىنىپ، داش قازانلار ئېسىلىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى ھېلىقى دەرۋىشنىڭ «بىر كۆنلەرگە كەلگەندە بۇ يەردىمۇ داش قازانلار قاينايدۇ» دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئېلىشىپ: «ھەي، شۇ دەرۋىشمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسكەندە!» دېيىشىپتۇ. دەرۋىشنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە گۈمبەزلەرنى قوپۇرۇپ قايتا ياسىشىپتۇ. بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئەتراپىغا باشقىلارمۇ دەپنە قىلىنىپ، بۇ يەر كاتتا قەبرىستانلىققا ئايلانغانىكەن. ھېلىقى دەرۋىشنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمىگەچكە، بۇ مازارنىڭ ئەتراپىدا تېرەكنىڭ جىقلىقىغا قاراپ كىشىلەر بۇ يەرنى «تېرەك مازار» ئاتىغانىكەن... يەنە مۇنداق گەپلەرمۇ بار. بىر زامانلاردا قەشقەردە ئاشىق مەدداھ دەپ بىر داڭلىق مەدداھ ئۆتكەنىكەن. قەشقەر يېڭىشەھەردىكى «ئوردام سەيلىسى»دە ئۇ مەدداھلىق قىلىۋېرىپ بىر پىرقىرىپلا خالايىقنىڭ ئىچىدىن غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشىق مەدداھ كېيىن تېرەك مازاردا پەيدا بولۇپ قالغانىكەن...

شۇ گەپلەر دېيىلىۋاتقاندا، سەمەت: «مەن بۇ گەپلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىنلگىرى كىمنىڭ ئاغزىدىن قەيەردە ئاڭلىدىم ـ ھە؟»
دەپ ئويلىنىپ قالدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى
چەكمەن چاپانغا قاراپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
ــ ھوي، چەكمەن چاپان! سەن مەن بىلەن بىللە مۆز
داۋاندىن ئۆتكەن قوۋان ئەمەسما؟... قوۋان «ئەزمە»!...
پۈتۈن يۈز ـ كۆزۈڭنى قاپقارا ساقال ـ بۇرۇت بېسىپ
كېتىپتۇ. تونۇيالمايلا قاپتىمەن... مېنى تونۇدۇڭما؟
ــ ۋاي، سەمەتئاخۇنمۇ بۇ؟...
ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.
ــ ۋاي، قىيامەتلىك دوستلىرىمكەنغۇ بۇ...
قەشقەردىن چىقىپ بەڭگى مازاردا ئۇچرىشارمىز، دەپ
ئويلىماپتىمەنكەنغۇ، دوستلىرىم! ــ دەپ يىغىنى سالدى
قوۋان.
ــ سەمەتئاخۇن، بۇ كىم بولىدۇ؟ ــ دېيىشتى
سالچىلار.
ــ ئون يىلنىڭ ئالدىدا قەشقەردىن بىللە چىققان
بۇرادىرىم، ــ دەپ چۈشەندۇردى سەمەت، ــ كۆرۈشمىگىنىمىزگە
ئۇزاق بوپتىكەن، بۇگۈن تەقدىر بولۇپ، بۇ يەردە
ئۇچرىشىپ قالدۇق.
ــ ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىزكەنغۇ، دوستلىرىم!...
ــ سەمەتئاخۇن، ئاغىنەڭلىگە دەپ قويۇڭلار
يىغلاۋەرمىسۇن، ــ دېدى بىر سالچى.
ــ قويۇپ بېرىڭلار تازا بىر يىغلىۋالسۇن، ــ دېدى
يەنە بىر سالچى، ــ مازار دېگەن يىغلايدىغان يەر.
ــ ھەي ئاغىنىلەر، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋەردۇقمۇ، ئاق
ئۆيگە كىرىپ ئۆزىمىزنى تىزىملىتىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ
قالمايلى، ــ دېدى بىرەيلەن، ــ قاراكۆلگە ياغاچ دېگەن

دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇدەك. يازىچە توشۇپمۇ تۈگىتەلمىگۈدەكمىز...

شۇ گەپ بىلەن ھەممە سالچى ئورنىدىن دۇررىدە قوپۇپ، قەبرىلەر ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللار بىلەن ئاق ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ساي تەرەپكە قاراپ تۆۋەنلەپ مېڭىپ مازارلىقنىڭ شورىدىن ئاتلاپ چوڭ يولغا چىقسىلا ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا يەتكىلى بولاتتى.

— قۇۋان، مەن تونۇشلۇق بەرمىگەن بولسام سەن مېنى تونۇمايتىڭما؟ — دەپ سورىدى سەمەت قۇۋاننى باشلاپ كېتىۋېتىپ.

— نېمىشقا تونۇمىغۇدەكمەن؟... خەقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋاپتىكەنلا، زەن سالماپتىمەن... ھۇسەنچۇ؟... ھۇسەن بايۋەچچە نەدە؟

— ھېلىقى بىز مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ سالچىلار بىلەن ئۇچراشقان قاراكۆل دېگەن يەر ئېسىڭىزدىما؟

— ئېسىمدە... سىلى بىر يوغان ئادەم بىلەن چېلىشقان...

— ئېسىڭىزدە باركەن... ھۇسەن شۇ يەردە.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ شۇ يەرگە چىقىپ كەتتى. تاغدا ياغاچ كېسىدۇ... ئىلىخودا باركەنسەن، ئەجەب نەچچە يىلنىڭياقى بىزنى ئىزدەپمۇ قويمىدىڭا؟

— ياغاچ كېسىدىغانلاردىن يىراقراق تۇراي دەپ...

— ۋاي، سەن تېخى شۇ كونا گەپتىما؟... بىز ياغاچ كەسمەيمىز، باشقىلار كېسىپ قويغان ياغاچلارنى توشۇيمىز.

— ھەممىسى بىر گەپ...

ئارقىدا كېلىۋاتقان سالچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ياش

سالچى ئەتراپىغا قاراپ ئىغىر خورسىندى.

— كۆردۈڭلارمۇ ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى، — دەيتتى ئۇ، — ماۋۇ شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆي ـ ماكانىغا كېتىدىغان ياغاچلارنىڭ ھەممىسىنى بىز دەرىيادا ئېقىتىپ كېلىمىز. تارانچى مازىرى، قەشقەر مازىرى، ئەنجانلىق مازىرى دەپ بىرمۇنچە مازارنى قىلىشىۋاپتۇ. بۇ يەردە تېخى بەگلەرنىڭ مازىرىمۇ باركەن. ئالىقانچىلىك بولسىمۇ بىر يەرگە «سالچىلار مازىرى» دەپ بىر مازارلىقنى قىلىپ قويماپتۇ...

— ئۇكامۇي! — دەپ ياش سالچىنىڭ دولىسىغا ئۇردى قارا سىدىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر سالچى، — سالچى دېگەنگە مازارنىڭ لازىمى يوق، سالچى ئۆلسە يەر كەممۇ؟ پۈتۈن ئايدالا بىزنىڭ مازىرىمىز... سالچى دېگەنچۇ، ماشا قارا، مەن ساڭا ئېيتاي، جەڭ مەيدانىدىكى جەڭچىگىلا ئوخشايدۇ، قانداق دېدىم، رەخىم ئۇستا؟ — دەپ يېنىدىكى سالچىغا قارىدى ئۇ. رەخىم ئۇستا مىللىي ئارمىيە سېپىدە جەڭلەرگە قاتناشقان ئادەم ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى رەخىم ئۇستا، — سالچىمۇ جەڭچىگە ئوخشايدۇ... قەيەردە تىنىقتىن قېلىپ كۆزۈڭنى يۇمساڭ شۇ يەرگە كۆمۈپ، بەلگە ئۈچۈن بېشىڭغا يوغانراق بىر تاشنى تىكلەپ قويۇپ كېتىۋېرىدىغان گەپ. سەن ئۆلگەندە ئەتراپىڭدا سېنى كۆمۈپ قويغۇدەك تۆت ـ بەش ئادىمىڭ بولسىغۇ ياخشى. بولمىسا، جەسىتىڭ چۆل ـ جەزىرىلەردىلا قېلىپ، دەريا قىرغاقلىرىغا لەيلەپ چىقىپ قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەملا بولۇپ كېتىدۇ... ئەمدى ماۋۇ يېڭى ھۆكۈمەت كەلدى، ئىشلىرىمىز بىر ئوبدانراق بولۇپ قالارمىكىنتاڭ!...

# قىرىق بىرىنچى باب

## يولدا

ئۇ زامانلاردا سالچىلار غۇلجا شەھىرىدىن موڭغۇلكۈرەگىچە بولغان بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك يولنى پىيادىلا مېڭىپ چىقىپ كېتىشەتتى. ئادەتتە ئۇلار سالنىڭ پۈتۈن ياغاچلىرىنى ئۈستىدىكى پىشاك، پالاقلار بىلەن قوشۇپ ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ، پالتا، ئىسكىنە، قوزۇقلۇق ياغاچ دېگەندەك نەرسىلەرنى سالغان خۇرجۇنى بىلەنلا قالاتتى. بەزىدە ئۈچ - تۆت سالچى بىر ئېشەكنى سېتىۋېلىپ خۇرجۇن، چاپان - چارىلىرىنى شۇنىڭغا ئارتىپ ئالدىغا سېلىپ ماڭاتتى.

سالچىلار تاپقان پۇللىرىنى شەھەردە بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەپ، خۇماردىن چىققۇچە ئويناپ، يانچۇق قۇرۇقدالغاندىلا ئاندىن موڭغۇلكۈرەنى ئېسىگە ئېلىشاتتى... سەمەت بۈگۈن موڭغۇلكۈرەگە غىقلا مەست ماڭغاندى. بىچارە قۇۋاننى ئۇنىمىغىنىغا قويماي سۆرەشتۇرۇپ بىللە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، قۇۋان ئۇنىڭغا ھە دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

— سەمەتئاخۇن، مانا مۇشۇ قىلىقلىرى ئەپلەشمىدى، — دەيتتى ئۇ.

— قا... قا... قايسى قىلىقىم ئەپلەشمىدى، قۇۋان، دەپ باقىنە؟ — دەپ سورايتتى سەمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغلىسى www.uyghurkitap.com



— مېنى شەھەردە ئۈچ - تۆت كۈن ئارقىلىرىغا سېلىپ يۈرۈپ پۇل خەجلەپ بەردىلە... ئوبدان مېھمان قىلدىلا...

— ساڭا يېڭى ئېگىن ئېلىپ بېرەي دېسەم ئۇنىماي، ئاۋۇ ئۇستۇڭدىكى كونا بىرنېمىلەرنى پىت بازىرىدىنلا ئېلىپ كىيىۋالغىنىڭ ئەپلەشمىدى، — دېدى سەمەت. ئۇ كەملەردە كىيىلگەن كونا - يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى ساتىدىغان بازارنى شۇنداق «پىت بازىرى» دەپ ئاتايتتى، — مېنىڭ ساڭا قايسى ئىشىم يارىمىدى؟

— مۇشۇ هاراق ئىچىدىغان قىلىقلىرى...

سەمەت قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— قۇۋان، ئاڭلاپ قوي، — دېدى ئۇ، — ئىلىخوغا چىقىپ مېنىڭ ئۆگەنگەن ھۈنىرىمنىڭ بىرى سال ھەيدەش، يەنە بىرى هاراق ئىچىش بولدى... قانداق قىلىمەن، ئىچىم سىقىلىدۇ... «مەمەت» دەپ ئاكام بولىدىغان، ئۆگەي دادامغا قىيداپ مەندىن بۇرۇن ئىلىغا چىقىپ كەتكەن. مەنمۇ شۇ ئاكامغا پاناھ تارتىپ، بىللە ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ ئۆتەرمىز، دەپ ئىلىغا چىققان. يۇرتتا ئىلىغا چۈشكەن ئۇلاغچىلاردىن «ئاكاڭ ئىلىخودا سال ھەيدەيدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان. مانا، سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار، شۇڭا مۇز داۋاندىن قاراكۆلگە چۈشۈپلا سالچىلارغا قېتىلىپ كەتتىم. بىز چىققىلى قانچە يىل بولغاندۇ؟... دەپ باققىنە.

— ئون بەش - ئون ئالتە، ۋاي ياقەي، يىگىرمە يىلچە بولۇپ قاپتۇ.

— ھەببەللى، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاكامنى ئىزدىدىم، تاپالمىدىم، ئەمدى چۈشەندىم.

— نېمىنى چۈشەندىلە؟

— نېمىنى چۈشىنەتتىم، مەن سالچىلىق قىلغاندىن بېرى ئارىمىزدىن قانچە ئادەم سۇدا ئېقىپ ئۆلدى، بەزىلىرىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تېپىپ، تاپقان يېرىمىزگىلا يەرلىككە قويدۇق. بەزىلىرى... بەزىلىرى... ھېلىقى مۇز داۋاننىڭ ئۈستىدە كۆز ئالدىمىزدىلا غايىب بولۇپ كەتكەن ئۆمەر ئۇستاز ئېسىڭدە باردۇ؟

— ئېسىمدە بولمامدىغان، ئۇ گەپلەرنى قىلماڭلا، ھېلىلا يىغلاپ سالىمەن.

— ھە، مانا، نەچچە سالچى كۆز ئالدىمىزدىلا سالنىڭ ئۈستىدىن شۇنداق غايىب بولۇپ كەتتى. يا ئۆلۈكىنى، يا تىرىكىنى تاپالمىدۇق.

— نەگە غايىب بولۇپ كېتىدۇ؟

— خۇدانىڭ دەرگاھىغا، باشقا نەگە كېتەتتى، قوۋۋان؟... يا بىر تاشقا بېرىپ سال ئۇرۇلىدۇ، يا بىر دولقۇن كېلىپ سالنى چۆكتۈرىدۇ. كۆز ئېچىپ قارىساڭ يېنىڭدىن بىر ھەمراھىڭ غايىب بولىدۇ... قوۋۋان، نېمىنى چۈشىنەتتىم. ئاكامنىڭمۇ شۇنداق غايىب بولغىنىنى چۈشەندىم. «پالانچى ئالتە شەھەردىن ئىلىغو تەرەپكە ئۆتۈپ يوقاپ كېتىپتۇ» دەپ ئاڭلىساڭ، «ھە، سال ھەيدەيمەن، دەپ شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە!» دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ، سال ھەيدەش دېگەنمۇ بىر جەڭ جۇما، دەريا بىلەن ياغاچنى تەڭ تالىشىپ ماڭىدىغان گەپ. يا سەن دەريانى يېڭىپ ياغاچنى سالامەت ئېلىپ كېتىسەن، يا دەريا ياغاچ بىلەن قوشۇپ ئىسسىق جېنىڭنىمۇ ئېلىپ قالىدۇ. كونىلارنىڭ: «سۇدا كەتكەنلەر شېھىت كېتىدۇ» دېگىنى بىكار گەپ ئەمەس.

— ۋاي سەمەتئاخۇن، ئەمسە بۇ ئىشنى نېمىشقا قىلىمىز. ئىلىخودا بىز قىلغۇدەك باشقا ئىش تېپىلمامدۇ؟

— ئۆگىنىپ قاپتىمەن، — دەپ ھىجايدى سەمەت، — ياش چاغلىرىمىزدا سەن ھېلى مەندىن سورىغان گەپنى سالچى ئۇستاملاردىن سورىساق، «قانداق قىلىمىز، مۇشۇ ئىشقا ئۆگىنىپ قاپتىمىز... سالچىلىق دېگەننىڭ خۇمارى بار» دەيدىغان، راستلا ئۆگىنىپ قالىدىكەنسەن. دەيمەن - يۇ، ئىچىم سىقىلىدۇ... ساڭا ئىچىمدىكى يەنە بىر گەپنى ئېيتسام، يۇرتتىكى مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولىدىغان، ئۆزىغۇ ئۇنچىۋالا چوڭ كۆلمۇ ئەمەس، ئەمما ئاسماندىكى جىمى بۇلۇت، كۆل بويىدىكى ھەممە سۆگەتلەرنىڭ شولىسى شۇ كۆلنىڭ ئىچىدە كۆرۈنىدىغان، مەھەللىمىزنىڭ قىزلىرى كۆل بويىغا كېلىپ سۇ ئالاتتى. قىزلارنىڭ ئىچىدە «لەيلىگۈل» دەپ بىر قىز بولىدىغان، ئىچىمنى بەك كۆيدۈرەتتى. ئۆگەي دادام غەلىتە بىر ئادەم ئىدى. «مېنى چېلىشىپ يېقىتىۋالساڭ خالىغان قىزىڭنى ئېلىپ بېرىمەن» دەپ يۇرۇپ بىرقانچە يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. مەن چېلىشنى ئۆگىنىپ ئۆگەي دادامنى يىقىتىپ بولغۇچە لەيلىگۈلنى ئاتا - ئانىسى ئىلىخودىن بارغان بىر سودىگەرگە كىچىك خوتۇنلۇققا بېرىۋەتتى... مانا، قۇۋان، مېنىڭ يۇرتنى تاشلاپ ئىلىخوغا چىقىپ قېلىشىمنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇ.

— ئەجەب ئىچىڭلار كۆچلۈك ئادەم جۇمۇ سىلى، سەمەتئاخۇن، بۇ گەپلەرنى ئىلگىرى ھېچكىمگە تىنمىغانتىڭلار؟

— ساڭا دېسەم سەن ماڭا لەيلىگۈلنى تېپىشىپ بېرەمتىڭ؟

— ھە، ئۆزۈڭلار ئىزدەپ تاپتىڭلىما؟

— تاپالمىدىم. مانا ھازىرغىچە ئۆيلەنمەي بويتاقلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. بىزنىڭ بۇ سالچىلىرىمىز قىزىق، «خوتۇن ئالساڭ يولدىن ئال، ئادەم قىلىش ئۆزۈڭدىن» دەپ ئۇچراشقاندىن ئېلىپ، ئەپلىشەلمىسە بىر ـ ئىككى كۈن خوتۇن قىلىپ قويۇۋېتىپ يۈرۈۋېرىدۇ.

— «خوتۇن ئالساڭ يولدىن ئال، ئادەم قىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەن قانداق ماقال ئۇ؟ ئاڭلىمىغانىلا گەپكىنا.

— خەلق ئىچىدە بۇرۇندىن مۇشۇنداق گەپ بارمۇ، يوق؟ بىلمەيمەن. ئەمما، بىزنىڭ سالچىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە بۇ گەپ بار... ئەنە ئاۋۇ ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن مەھەللىنى كۆردۈڭمۇ؟ قەلەندەر مەھەللىسى دېگەن شۇ. ئالتە شەھەردىن چىققان مۇساپىرلارنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. خېلى كۆپ سالچىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ مۇشۇ يەردە. ئاۋۇ دۆڭ تەرەپتىكى مايماق ـ سايماق، كاتەكتەك ئۆيلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ شەھەردىكى باي ـ غوجاملارنىڭ ئايۋان ـ سارايلىرىغا كېتىدىغان ياغاچلارنىڭ ھەممىنى بىزنىڭ سالچىلىرىمىز توشۇيدۇ، ئۆزلىرى مۇشۇنداق ئەسكى ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ...

— نېمىشقا بۇ يەرنى قەلەندەر مەھەللىسى دەيدۇ؟ سالچىلار قەلەندەر بولمىسا...

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دېدى سەمەت، — مۇشۇ قارادۆڭ مەھەللىسىدىن جىرغىلاڭغا قاراپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىلىخونىڭ ھاكىمبەگلىرىگە قارايتتىكەن. ئىلىخودا ئالتە شەھەردىن چىققان مۇساپىرلار كۈندىن ـ كۈنگە غولىلاپ، شەھەردە تۇرغۇدەك ماكان تاپالماي تېنەپ يۈرگەندە ھاكىمبەگ غوجام ئۆزىنىڭ يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى شۇ بىچارىلەرگە «ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇڭلار» دەپ بېرىۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەركىم ئۆزىنىڭ چامىنىڭ يېتىشىچە، مۇشۇنداق مايماق ـ سايماق ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ... ئەمىسە بۇ يەرنى قەلەندەر مەھەللىسى دېمەي، بايلار مەھەللىسى دەمتى؟... بۇ يەردە ئالتە شەھەردىن چىققان ھەممە كەسىپتىكى ئادەملەر تېپىلىدۇ. بىزنىڭ سالچىلىرىمىزمۇ بار. دەپ باقىنە، قۇۋان، ئىچىڭ سىقىلامدۇ، سىقىلمامدۇ؟... سالچىلىرىمىز ئاشۇ ئەسكى تۆت تامنىڭ ئىچىدە بالىچاقىلىرى بىلەن مۈكىدىشىپ، خوتۇنىنى بىر ـ ئىككى كۈن قويىنىغا سېلىپ ياتىدۇ، يەنە سالغا قاراپ ماڭىدۇ، سىرتقىلا چىقىپ كەتسەڭ كەڭ جاھان، ياپيېشىل توقاي، سايراۋاتقان قۇشلار، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلارنى كۆرۈپ يەنە كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ... توختا، قۇۋان، ئەجەب ئۇسساپ كەتتىما... باراتىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ قالدۇققۇ دەيمەن؟

ــ مەن نېمە بىلەي، ــ دېدى قۇۋان، ــ سىلىگە ئەگىشىپ بوينۇمنى باغلىغاندەك كېتىپ بارىمەن...

ــ ئەنە، دېدىمغۇ؟... باراتىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇق، شۇ يەردە بىر ـ ئىككى چۆمۈچ سۇ ئىچىپ ئۆتۈپ كېتەيلى.

قارادۆڭدىن چىقىپ جىرغىلاڭغا قاراپ كېتىۋاتقاندا

ئۆلۈك تەرەپتە يوغان بىر تۈپ سېدە بار ئىدى. سېدىنىڭ ئاستىدىكى سالقىن جايغا كىملەردۇ خالىس بىر تۇڭ سۇ قويۇپ قوياتتى. تۇڭنىڭ ئاغزىنى ياپقان قاپقاقنىڭ ئۈستىدە يىپ بىلەن باغلاپ قويغان قاپاق چۆمۈچمۇ بولاتتى. يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرى ئۆياق - بۇياقتا ئۆتكەن يولۇچىلار بۇ يەردە سالقىنلاپ بىرەر چۆمۈچتىن سۇ ئىچىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. سەمەت مۇزدەك سۇدىن غۇرتۇلدىتىپ ئىككى چۆمۈچ ئىچىۋەتتى. قوۋۇانمۇ بىر چۆمۈچ ئىچىپ ھۇزۇرلاندى. تاڭ سەھەردە توشقۇزۇپ قويۇلغان تۇڭدىكى سۇ ناھايىتىمۇ مۇزدەك تۇرغانىدى.

— قوۋۇان، — دېدى سەمەت، — ماۋۇ سېدىنىڭ يېنىدىكى ئاۋۇ كىچىك دەرۋازىنى كۆرۈۋاتامسەن؟

— كۆردۈم.

— شۇ ھويلىدا ئۆچكە ئوينىتىدىغان باراتئاخۇن دېگەن ئادەم ئولتۇرىدۇ... قەشقەردە ھەزرەت سەيلىسىدە ئۆچكە ئوينىتىدىغانلارنى كۆرگەنمۇ سەن؟

— كۆرمەمدىغان.

— ھۇنىرى شۇلاردىن قېلىشمايدۇ... ئەممازە، بۇ مەھەللىدە تازا قېلىن دىۋانىلەردىن بىرقانچىسى بار. ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ، بىرنېمە ساقال دەپ بىر دىۋانە بار. ئۆزى گىدىيىپ ئاتنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيدۇ. خوتۇن - بالىلىرىنى تىلەمچىلىككە سالىدۇ. «ئالتە شەھەرلىك بولغىنىڭغا لەنەت!» دەپ كېتىسەن. بەزى دىۋانىلەر شۇنچىلىك بېيىپ كەتكەنكى، گەپ قىلما، يەنە كۈندە بازارغا چىقىپ «ئامىن» دەپ قولىنى كۆتۈرمىسە يېگەن - ئىچكىنى تېنىگە سىڭمەيدۇ.

سەمەت شۇنداق گەپلەر بىلەن قوۋۇاننى ئارقىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىلىپ جىرغىلاڭ كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلدى. ئوڭ تەرەپتىن ئىلى دەرياسى سۈيىنىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازى كېلەتتى. شەرقىي شىمال تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن جىرغىلاڭنىڭ سۈيى بۇ يەردە ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. يېپىلىپ ئاققان جىرغىلاڭ سۈيىنىڭ ئەتراپى قويۇق تال، تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان مەنزىرىلىك جاي ئىدى.

— كۆردۈڭمۇ، قۇۋان، ماۋۇ يەرلەرنىڭ چىرايلىقلىقىنى، — دېدى سەمەت، — شەھەردە تۆت تامنىڭ ئىچىدە يا شامالنى، يا بوراننى ياكى مۇشۇنداق جەننەتتەك چىرايلىق يەرلەرنىڭ پەيزىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئادەملەرنى كۆرسە سالچىنىڭ ئىچى پۇشىدۇ. قارا، ماۋۇ دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامالنىڭ پەيزىلىكىنى، ئۆپكەڭنى ساپ هاۋاغا تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالە، يۈرەكلىرىڭ ئويناپ كېتىدۇ... يۈرە، ئاۋۇ سۇنىڭ بويىغا ئۆتۈپ بىردەم ئارام ئالايلى.

ئۇلار جىرغىلاڭ سۈيىنىڭ بويىدىكى بىر ياپيېشىل چىملىققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. سەمەت ئالقىنىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئوڭدىسىغا يېتىپ يەنە پاراڭغا چۈشتى. ئادەتتە ناهايىتى كەم سۆز بولغان بۇ ئادەم بۈگۈن هاراقنىڭ كەيپىدە خېلىلا سۆزمەن بولۇپ قالغانىدى.

— هەي قۇۋان، مۇشۇ بىرقانچە يىللاردىن بېرى بېشىمغا نىمە كۈنلەر كەلدى، دەپ سورىمايسەن. مەن يول تېپىپ «ۋاي ئانا، قېنىسەن؟» دېگۈچە يۈرتتىن ئانامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. رەھمەتلىك ئانام «ۋاي مەمەت، ۋاي سەمەت، بارمۇ سىلەر؟» دەپ ھەسرەت چېكىپلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەمدى تاپقان پۇلنى يىغىپ نەگە ئاپىراتتىم

دەيسەن؟ مۇشۇنداق تاپقان پۇلنى بولۇشىغا خەجلەپ، ئىچىپ مەست بولۇپ شەھەرنىڭ بازارلىرىنى مالىماتاڭ قىلىۋېتىپ،چىقىپ كېتىدىغان بولدۇق، دېسەم ئىشەنمەيسەن، قەشقەردىكى چېغىمدا ھەزرەت سەيلىسىدە يۇسۇپ «قان» دېگەن بىر نوچىنى بىر باش قويۇپلا ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتكەنمەن.

— ھەي سەمەتئاخۇن، نېمە دەيدىغانسىلە؟ — دەپ ھەيران بولۇپ چىملىقتا ياتقان سەمەتكە قارىدى قۇۋان، — بۇ خېلى زامانلارنىڭ ئالدىدا بولغان گەپقۇ، يۇسۇپ «قان» دېگەنمۇ ناھايىتى داڭقى بار نوچىكەن. بىر قېتىم ھەزرەت سەيلىسىدە بىر نوچى بىر باش قويۇپلا جېنىنى ئاپتىكەن، دەپ ئاڭلىغۇدۇق. شۇ نوچى سىلى بولۇپ قالماڭلا يەنە؟... ئۇ نوچىنى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈپ مۇشت ئاتىدىكەن، دەپ ئاڭلىغۇدۇقا؟

— «سەمەتئاخۇن ئىچىۋېلىپ پو ئېتىۋاتىدۇ» دەۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟... «يۇسۇپ ‹قان› دېگەن قانداق ئادەم؟ ئېگىزمۇ، پاكارمۇ؟ ئاقمۇ، قارىمۇ؟» دەپ سورىساڭ ھازىر مەن ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيمەن. شۇ بىر كاللىنى يەپ ھېلىقى نوچىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى يا تىرىكلىكىنىمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن. شۇ چاغدىمۇ مۇشۇنداق غىقلا مەست ئىدىم.

— ياق، ياق، سەمەتئاخۇن، سىلىنىڭ ماۋۇ گەپلىرىگە مەن ئىشەنمەيمەن، مانا قەشقەردىن ئىلىغوغا كەلگۈچە شۇنچە كۈنلەردە سەپەردە بىللە بولدۇق، مەن سىلىنىڭ ھاراق دېگەن بۇ ھارامغا يېقىن كەلگەنلىرىنى بىلمەيمەن.

— راست دەيسەن، ھەزرەتتە بولغان شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ ئىت سۈيدۈكىنى ھەرگىز ئاغزىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالماسمەن، دەپ قەسەم قىلىۋەتكەن، ئىلىخوغا چىقىپ بۇ نىجىسنى يەنە ئاغزىمغا ئېلىپ سالدىم، قانداق قىلىمەن، مېھرىبان ئانامدىن ئايرىلىپتىمەن. شۇنچە جاپانى تارتىپ بۇ يۇرتقا چىقىپ ئاكامنى، يا ياخشى كۆرگەن قىزىمنى ئىزدەپ تاپالماپتىمەن. ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىقنى مۇشۇ هاراقتىن تاپتىم. قانچە قېتىم مۇشتلىشىپ ئىلىخونىڭ خېلى - خېلى گاڭگۇڭلىرىنىمۇ يەرگە دومىلاتتىم. قانچە قېتىم ئۆزۈمنىڭمۇ قاپىقىنى ياردىم. بۇ سالچىلار ئىچىدىمۇ هوشۇر داۋۇت، مەمتىمىن زۇنۇن، مامۇت «قوچقار»، قاسىم «چىپار» دەيدىغان ئاجايىپ نوچى ئادەملەر بار. هەممىمىز بىر بولۇپ چوڭ كۆۋرۈكتە ماڭىدىغان بولساق شەهەرنىڭ جىمى نوچىلىرى بۇلۇڭ - بۇلۇڭغا كىرىپ كېتىدۇ. قەشقەرنىڭ نوچىلىرى ئىككى ئادەمدىن هەزەر ئەيلەيدۇ، بىرى قاسساپتىن، بىرى تاۋۇز تىلىپ ساتىدىغان باققالدىن. نىمىشقا دېسەڭ، بۇ خەقنىڭ پىچىقى قولىدىلا بولىدۇ. ماۋۇ ئىلىخودا سالچى دېگەندىنىمۇ خېلى چوڭچىيدۇ جۇما.

— نىمىشقا، سالچى دېگەن پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرمىسە؟ — دەپ هەيران بولدى قۇۋان.

— نىمىشقا چوڭچىيدۇ دېسەڭ، بۇ سالچى دېگەنلەرنىڭ هەممىسى شۇنداق ئۇستىخىنى يوغان ئادەملەر، سەل بوزەك بولاي دەپ قالسا مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن خۇرجۇنىدا ئايپالتىسىمۇ تەييار. شۇڭا، پۇچقاقلىرىمىزنى تۈرگەن پېتى دەريا تەرەپتىن چىقىپ كەلسەك سالچىلار بىلەن سەل ئازارلىنىپ قالغان دۇكاندارلارمۇ دۇكىنىنى ئېتىپ، «قارا پاچاقلار كېلىۋاتىدۇ» دەپ قېچىپ

كېتىدۇ... ۋاي قوۋان، باياتىن بېرى مېنىلا گەپكە سېلىپ قويۇپ ئۆزۈڭ ھېچ گەپ قىلمايسىنا؟

— قىلغۇدەك نېمە گەپ بار، سەمەتئاخۇن؟

— كۆرۈشمىگىنىمىزگە شۇنچە يىللار بوپتۇ، سەنمۇ مۇنداق بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىمەمسەن... ھېلىقى پاتقاقتىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويغان چوكاننىڭ ھېكايىسى بەك قىزىقكەن، شۇنى سۆزلە، ئۇ خوتۇننىڭ ئېتىنى نېمە دېدىڭ؟

— گۈلئايىم.

— ۋاھ، ئەجەب چىرايلىق ئىسىمكىنا، ئۆزىمۇ شۇنداق چىرايلىقمىدى؟

— ئۇنى بىر دېمەڭلا، سەمەتئاخۇن، ناھايىتىمۇ كېلىشكەن خوتۇن، گەپ - سۆزلىرىنىڭ سىلىقلىقىنى ئېيتىمايمۇ، مەن يېڭى تونۇشقاندا ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغىنىغا تېخى ئىككى - ئۈچ يىللا بولغانىكەن. ئۆزى چىرايلىق داستىخان راسلاپ، تۆت - بەش جامائەتنى چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن سىلىگە دەپ بەرگەن ھېلىقى ئىككى قەۋەت ئۆيلەر مېنىڭ بولدى. ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ يېمەي - ئىچمەي يىغقان دۇنيالىرى يەتكۈدەك باركەن. بوزۇپ - چاچماي خەجلىسەك بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك. گۈلئايىم: «بولدى، قوۋانئاخۇن، سىلى ئىش - ئوقەت قىلىمەن دېمەي، ئالدىمىدا چىرايلىق يۈرۈپ بەرسىلە بولدى. يەر - زېمىنلىرىمىزدىن كىرىدىغان كىرىمىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ» دېدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە خىزمەتكارلارغا خادىك ھارۋىنى قاتقۇزۇپ، ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى گىلەمدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىمەن. ئۈستۈمدە پەشمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چاپان، بېلىمدە گۈللۈك بەلباغ، ئايغىمدا مەسكاپ ئۆتۈك، بېشىمدا قاما تۆپە. شەھەرنىڭ ئىچىدە گۈلدۈرلەپ ماڭسام ھەرقانداق ئادەم سالام بەرمەي قالمايدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ئىلىخودا كۆرمىگەن يەرلىرىم قالمىدى.

— قەيەرلەرنى كۆردۈڭ؟

— ئۆمەر ئۇستازنىڭ گېپى قۇلىقىمدا، ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرى ئېسىڭلىدىدۇ؟

— رەھمەتلىك تولا گەپ قىلىدىغان ئادەمتى، قايسىبىر گېپى ئېسىمدە قالسۇن.

— سىلىنىڭ ئېسىڭلىدە بولمىغان بىلەن مېنىڭ ئېسىمدە. ئۇستازدىن ئوسمان ئۇلاغچى: «ئىلىخوغا نېمە ۋەجىدىن سەپەر قىلىپ قالدىلا؟» دەپ سورىغاندا، ئۆمەر ئۇستاز: «ئىلىخونى تۆت تەرىپىدىكى تۆت مازار يۆلەپ تۇرىدۇ. ئۇلۇغلار ياتقان شۇ مازارلارنى زىيارەت قىلاي دەپ كېتىۋاتىمەن» دېگەنىدى... ئەنە شۇ مازارلارنى زىيارەت قىلدىم. ئۇستازنىڭ روھى بولسىمۇ خۇش بولۇپ قالسۇن دېدىم.

— قايسى مازارلاركەن ئۇ؟

— تۇغلۇق تۆمۈرخان، سۇلتان ئۇۋەيس، خۇنخاي مازىرى، چاپچال مازارلىرىنىڭ ھەممىسىگە باردىم، بىراق بۇ ئىلىخو دېگەندە مازارنىڭ شەيخلىرىنىڭمۇ تازا تايىنى بولمايدىكەن. مازارمۇمازار «ھۇۋ» دەپ ساما سېلىپ يۈرىدىغان ئاشىقلارنىمۇ ئانچە ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. مۇنداق بولسا مازار دېگەننىڭ نېمە قىززىقى بولىدۇ؟

— ساڭىزە ئاشۇ يوغان داش قازانلاردا پۇرۇقلاپ ئۇماچ قايناپ تۇرغان مازارلار بولغان بولسا... باينىڭ خوتۇنى يانچۇقۇڭغا پۇلنى شۇنچە تولدۇرۇپ يولغا سېلىپ

قويسىمۇ يەنە ئۇماچ تەمە قىلىپ مازارمۇمازار يۈگۈرۈپ يۈردۈڭما؟

— ئۇلۇغلارنىڭ قەدىمى تەگكەن يەرلەرنى بىر كۆرگۈلۈك دەيمەن... يەنە قەيەرنى كۆردۈم دېمەمسىلەر...

— ھە، قەيەرنى كۆردۈڭ؟

— ئۆمەر ئۇستاز دېگەن «قاغىلىق باغ»نى.

— قاغىلىق باغ دېگەن قانداق باغكەن ئۇ؟

— مانا مۇشۇنداق ئەمەسمۇ، سىلەر ئۆمەر ئۇستاز دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قاپسىلە، ئۇستازنىڭ ھەممە گېپى ھازىرمۇ قۇلىقىمدا... مۇز داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى «قوغان» دېگەن يەردىن ئۆتۈپ ئارپىلىق دېگەن يەرلەرنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە يول ئۈستىگە قونۇپ تۇرۇپ كەتكەن سانى يوق قاغىلار ئېسىڭلىگە كەلگەندۇ! ئۆمەر ئۇستاز: «ئىلىخو تەرەپتىمۇ قاغىلار ماكان تۇتقان شۇنداق بىر ئاجايىپ يەر بار. كىشىلەر ئۇ يەرنى ‹قاغىلىق باغ› دەيدۇ. مانا مۇشۇ جىمى قاغىنىڭ پادىشاھى ئەنە شۇ يەردە تۇرىدۇ» دېگەنىدى.

— ھە، قاغىلىق باغنىمۇ ئىزدەپ تاپتىڭما؟

— تاپتىم، بۇ يەردىكى ئادەملەر ئۇ يەرنى «قاغىلىق توقاي» دەيدىكەن.

— قەيەردىكەن؟

— توققۇزتارا دېگەن يەردە. ئىسمىنى نېمە دېدى... بىرنېمە چوقاي دېگەندەك قىلىۋىدى.

— توققۇزتارادا چوقاي دەيدىغان يەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىماپتىمەنكىنا؟

— سالچىلار سال ھەيدەپ ئۆتىدىغان بىر خەتەرلىك جاي باردەكقۇ؟

— قاپچىغاي دېگىنە.
— ھەببەللى، دەل شۇ يەرنىڭ يۇقىرىسى بىر يەردىكەن.
— ئۇ يەردە نېمە باركەن؟
— ۋاھ، ياۋا ئالما، ئۆرۈك دەملا، قۇچاق يەتمەيدىغان ھەر يوغان تېرەك، بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تال، جىغان، ئىشقىلىپ جىمى نېمىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولىدىغان ئاجايىپ بىر باغكەن. يېنىدىن بىر چوڭ ئېقىن شارقىراپ ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىقلىقىنى ئېيتايمۇ، جەننەتنىڭ ئۆزى[①] ئۇ يەردىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا قاغىلارنىڭ سىلىپ كەتكەن چاڭگىلىرىغا قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قاپتىمەن. كەچلىكى ئۇ يەرگە ئۇچۇپ كەلگەن مىڭلاپ قاغىلارنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىدىكەن.
— ھوي قوۋان، — دەپ ياتقان يېرىدىن ئۆرە بولدى سەمەت، — سەن شۇ قاپچىغاي دېگەن يەرلەرگىچە بېرىپسەن. ئەجەب «مۇشۇ يەرلەردە بىر سالچى بۇرادەرلىرىم بار ئىدى» دەپ بىزنى ئىزدەپمۇ قويماپسەنا؟
— شۇ چاغدا ھېلىقى قاراكۆل دېگەن يەردە سىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ئۇلاغلىرىنى ھەيدىشىپ شەھەرگە كىردىم، كېيىن ئوسمان ئۇلاغچىمۇ يەنە ئۇلاغلىرىغا مال ئارتىپ قەشقەرگە قاراپ كەتتى. ئۇلاغچىدىن ئايرىلىپ بىر ـ ئىككى يىل ئىتنىڭ كۈنىنى كۆردۈم. دەريا بويىغا، سال توختايدىغان يەرلەرگە نەچچە

① قاپچىغاينىڭ شەرقىگە ئالتە كىلومېتىرچە كېلىدىغان يىراقلىقتا. بۇ قەدىمىي ئورمانىنىڭ قالدۇق قىسمى ھېلىمۇ بار.

بىر نېمىمۇ سىلەرنى ئۇچرىتالمىدىم، كېيىن ئىزدىمەيتىمەنغۇ تاڭ.

— باينىڭ ھېلىقى خېنىمىنىڭ ئىسسىق قويىنىنى تېپىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم دېگىنە... بوپتۇ، ئادەم دېگەن شۇ. ھېلىمۇ بولسا ئۇچراشتۇق، ئەمدى بىزدىن ئايرىلما! مانا، ماڭا ياردەمچى سالچى بولسەن، يېڭى ھۆكۈمەت كەلدى. ئەمدى ئىشلىرىمىز ياخشىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ... ھە، ھېلىقى باينىڭ خېنىمىنىڭ گېپىنى قىلە، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىسسىق قويىنىنى نېمە دەپ تاشلاپ چىقتىڭ؟

— ئوبدان خوتۇنتى، — دېدى قۇۋان گەدىنىنى تاتىلاپ، — پەقەت ئايرىلغۇم يوقتى. مۇشۇ سىلى دېگەن يېڭى ھۆكۈمەت ماڭا ياراشمىدى.

— نېمە بولدى؟

— ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا، — دېدى قۇۋان، — گۈلئايىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى بىر - ئىككى يېزىدا يەر - زېمىنلىرى باركەن. تازىمۇ نامراتلار يىغىلغان مەھەللە ئوخشايدۇ، يېزىغا كادىرلار چۈشۈپ تەركىب ئايرىغىلى تۇرغاندا بۇ يېزىدىن پومېشچىك تۇرماق، باي دېھقان دېگەن شەرتكە توشقۇدەكمۇ بىرەر ئادەم چىقماپتۇ. بىر يېزىدا بىرمۇ پومېشچىك، باي دېھقانمۇ بولمىسا كۆرەش قانداق قىزىيدۇ؟ كەمبەغەل دېھقانلار تازا ئۆچىنى ئالىدىغان ئادەم تاپالماي تۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئېسىگە ئىگەمبەردى «يوق» كېلىپ قاپتۇ. قېرىنشقاندەك ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ ئۇ يېزىدىكى جاڭزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق چوڭ خوتۇنىمۇ خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. دېھقانلار «بۇ ئىنگەمبەردى ‹يوق› دېگەن تازىمۇ بېخىل ئادەم ئىدى. مۇشۇ يەردىكى يەر - زېمىنلىرىنى بىزگە ئورتاقتا بېرىپ ئىشلىتىپ ھېچ ھالىمىزنى قويمىغان. ھېچبولمىغاندا ھېلىقى شەھەردىكى كاتتا ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان كىچىك خوتۇنىنى ئاچىقىپ بولسىمۇ تازا بىر كۆرەش قىلمامدۇق» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلەردە ئىنگەمبەردى «يوق»نىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ جان باقىدىغان قوڭالتاق دېھقاندىن ئون - يىگىرمىسى دۈكۈرلىشىپ كىرىپ كەلدى. گۈلئايىم خېنىمنى بىرقانچىسى سۆرەپ ھارۋىغا بېسىپ يېزىغا ئېلىپ ماڭدى. قورۇدىكى ئىشلەمچىلەرنىمۇ ئازاد قىلىپ ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. شۇ چاغدا بىرسى ماڭا قاراپ: «سەن نېمە ئادەم؟» دەيدۇ. ئۇ چاغدا مەن ئەلۋەتتە مۇز داۋاندىن ئۆتكەن چاغدىكى قوۋان ئەمەس - تە. ئۇستۇمدە يېڭى چەكمەن چاپان، بېشىمدا بايۋەچچىلەر كىيىدىغان تۆپە، پۇتۇمدا ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ زاۋۇتىدا تىكىلگەن تازا غاچىلداپ تۇرىدىغان مەسكاپ ئۆتۈك... ھېلىقى «سەن نېمە ئادەم؟» دەپ سورىغان كادىر سۆپەت ئاغىنىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپلا قالغان ئوخشايمەن. «سەن نېمە ئادەم، دەپ سوراۋاتىمەن» دېدى ئۇ يەنە. «مەن... مەن.. مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى، گۈلئايىم خېنىمنىڭ ئېرى بولىمەن» دېدىم. گېپىمنى ئاڭلاپ ھېلىقىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ھەيران بولدى. «گۈلئايىمنىڭ ئېرى ئىنگەمبەردى ‹يوق› ئەمەسمىدى. سەن قاچاندىن بېرى گۈلئايىمنىڭ ئېرى بولۇپ قالدىڭ؟» دەپ سورىشىپ كەتتى. «گۈلئايىم خېنىم ئىنگەمبەردى ئۆلۈپ كەتكەندىن

كېيىن ماڭا ياتلىق بولغان» دېدىم. ئۇلار ماڭا يەنە باش ـ ئايىغىمغىچە قارىشىپ كەتتى. ئۇستۇمدىكى كىيىملىرىم، قويۇۋالغان ئىنچىكە بۇرۇتلىرىم بىلەن بىر بايۋەچچىگە ئەمەس، بايۋەچچىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان تازا بىر ساختىپەزگە ئوخشاپ قالغان ئوخشايمەن. مەندىن سوراق سوراۋاتقان كادىر سوپەت ئاغىنىنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغماي قالدىم. «زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسەن؟ ئۆزۈڭ بۇ يەرگە نەدىن كېلىپ قالغان؟» دەپ سورىدى. «مەنمۇ بىر ئېزىلگەن خەقنىڭ ئەۋلادى بولىمەن. ئەسلىم قەشقەردىن، مىللىي ئىنقىلابتىن ئىلگىرى مۇز داۋان بىلەن ئىلىغا چىققان. ۋاھ، مۇز داۋاننىڭ يولىنىڭ يامانلىقى، بۇ كەمگىچە يۇرتقا قايتىپ چۇشۇپمۇ كېتەلمىدىم. شۇ يولنىڭ يامانلىقىنى ئويلاپلا كېتەلمەي قالدىم. ئۇنىڭغىچە خۇدا نېسىپ قىلىپتىكەن، گۇلئايىم خېنىم بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ قالدۇق...» يەنە نېمىلەرنى دېدىمكى، بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىپتىمەن. ھېلىقى كىرگەن دېھقانلارنىڭ بىرنەچچىسى: «بۇمۇ ئوبدان گەپ بولدىغۇ، پومېشچىكنىڭ خوتۇنىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن بۇمۇ پومېشچىككە ھېسابتۇ؟ ئاچىقىپ مۇشۇ ئاداشنىلا كۈرەش قىلمايلىما... قارىغاندا، بۇ گۇلئايىم خېنىمنىڭ پەيزىنى خېلى سۈرگەندەك قىلىدۇ. ئاچىقىپ ئوبدان بىر ئۇچۇقلاپ قويايلى» دېيىشكىلى تۇردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. ھېلىقى دېھقانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى خېلى توختاتقان بىر ئادەم باركەن. شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باشلىقى شۇ ئادەممىكىن. مېنى شەرەتلەپ تالاغا ئاچىقىپ: «ئۇكام،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەن ئالتە شەھەردىن چىققان يىتىمچىدەك قىلىسەن، ياخشىسى كۆدە ـ كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ بۇ ھويلىدىن دەرھال يوقال! ئىگەمبەردى ‹يوق›نىڭ خەققە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئاز ئەمەس. بولمىسا بىكار يىمىگەن مانتىنى سەن پۇل تۆلەپ قالىسەن» دەپ مىنى قاچۇرۇۋەتتى...

ــ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خېنىمنىڭ قېشىغا ئىزدەپ بارمىدىڭما؟ــ دەپ سورىدى سەمەت.

ــ بارمامدىغان،ــ دېدى قۇۋان،ــ باردىم، بىر كۈنى ئاستا ئوغرىلىقچە بېرىپ قاراپ باقسام، ھېلىقى ھويلىنىڭ دەرۋازىلىرىغا خەت يازغان قىزىل لاتىلارنى ئېسىۋېتىپتۇ. بىرمۇنچە ئادەملەر كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدۇ. ئۇقمىغان بولۇپ «بۇ نېمە قىلىدىغان يەركەن؟» دەپ سورىسام، ئىككى قەۋەت تەييار ئۆيلەر ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بوپتۇدەك. گۈلئايىم خېنىم نەلەردە قالدى، ئويلىسام ئىچىم ئىچىشىدۇ...

قۇۋاننىڭ گېپى تېخى ئاياغلاشماي تۇراتتى، شەھەر تەرەپتىن يەنە بىر توپ سالچىلار چىقىپ كەلدى.

ــ يۈر، قۇۋان،ــ دەپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى سەمەت. ئۇنىڭ مەستلىكى خېلىلا قايتقان ئىدى،ــ يولىمىزغا ماڭايلى.

ــ مېنى شۇ ياغاچ كېسىدىغان ئىشقا ئارىلاشتۇرمىساڭلار بوپتىكەن،ــ دېدى قۇۋان.

ــ مەن ساڭا قانچە قېتىم دېدىم. سالچى دېگەن ياغاچ كەسمەيدۇ، باشقىلار كېسىپ قويغان ياغاچلارنى توشۇيمىز. ھۆسەن ئاغىنەڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قويارسەن، ئۇمۇ بىز بارىدىغان يەردە.

# قىرىق ئىككىنچى باب

## ياماتۇ

ياماتۇ ــ ئىلى دەرياسىدىكى قەدىمىي كېچىكلەرنىڭ بىرى. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان تېكەس، كۈنەس، قاش دەريالىرى دەل مۇشۇ يەردە بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ يەر غۇلجىدىن چىقىپ توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ۋە مۇز داۋانىدىن ئۆتۈپ ئالتە شەھەرلەرگە بېرىشتا ئۆتمىسە بولمايدىغان ئۆتكەللەرنىڭ بىرى ئىدى. ياماتۇ سالچىلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر جاي ئىدى. ياماتۇ كېمىسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قاش دەرياسى قۇيۇلۇشىنىڭ ئۇدۇلىدا سال توختىتىشقا ئەپلىك گۈلەڭلەر بار ئىدى. موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا، كۈنەسلەردىن كېلىۋاتقان ھەرقانداق سالچى ياماتۇدا توختىماي ئۆتمەيتتى. ئالدىدا يېتىپ كەلگەن سالچىلار ئارقىدا قالغان بۇرادەرلىرىنى كۈتۈپ، يىغىلىپ جەم بولۇپ، نان ـ ئوزۇقلىرىنى تولۇقلاپ قايتا يولغا چىقىشاتتى. بەزى سالچىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ مۇشۇ ياماتۇدا ئىدى. مەخپىرىكام، مامۇت سامساق، تۇردى موللام، رېھىم سېرىق دېگەنلەر ياماتۇدىكى داڭلىق سالچىلار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەينى يىللاردا ياماتۇ كېچىكىگە دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا پولات ئارقان تارتىپ، چىغىرىقلارنى بېكىتىپ كېمە سىيلىنغانىدى. بۇ كېمىنىڭ باس ـ باسلىقى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئايدىڭ كېچىكىدىكى ئۇرايىمكام (ئۇرايىم تاز)نىڭ كېمىسىدىن قېلىشمايتتى. بەزىدە كېمىدىن ئۆتۈشنى كۈتۈپ ئات ـ ئۇلاغ، هارۋا، ئادەملەر دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا سانجاق بولۇپ تۇرۇپ كېتىشەتتى. كېمە ئەتراپىغا يولۇچىلار ئۇچۇن ئاشخانا، دەڭلەر ئېچىلغانىدى. ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ هاڭراشلىرى، ئاشخانىلارنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆپكۆك ئىس، كېمىدىن تاراقلاپ چۈشۈپ دەڭلەرگە قاراپ كېتىۋاتقان هارۋىلار، ساللىرىنى نەلەرگىدۇر توختىتىپ قويۇپ چىقىپ كېلىۋاتقان سالچىلار ياماتۇنى هەر كۈنى ئاۋات قىلىپ تۇراتتى. يېڭىلا سالدىن چۈشكەن سالچىلارنى باشقىلاردىن ناهايىتى ئوڭايلا پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولاتتى. پۇچقاقلىرىنى تۈرۈۋالغان، چىرايى قارىداپ كەتكەن بۇ ئادەملەر نەچچە كۈنلۈك سەپەردە شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇدا يۈرۈپ بىر ـ بىرىگە ۋارقىراپ گەپ قىلىپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، قىرغاقتا چىققاندىمۇ شۇنداق قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلىشاتتى.

سەمەتكە سالچىلىقنى ئۆگەتكەن جۇماق ئاكىمۇ مۇشۇ ياماتۇدا تۇراتتى. تۇنجى قېتىم جۇماق ئاكا بىلەن سال هەيدەپ ماڭغاندا جاپپار دېگەن بىرسىنىڭ قاپچىغايدىن ئۆتكۈچە سۇغا چۆكۈپ كېتىپ جەسىتى تېپىلمىغانلىقى سەمەتنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. شۇ چاغدا بۇ ئىشتىن جۇماق ئاكا ناهايىتى پەرىشان بولغانىدى. چۈنكى ئۇ

جاپپارنىڭ ئۆمرى تولىچىلىقتا ئۆتتۈۋاتقان ئانىسىنى ئوبدان تونۇيتتى. جاپپارنىڭ ئانىسى ياش چاغلىرىدا ناھايىتى سەتەڭ ئۆتكەن ئايال ئىدى. دۇتار چېلىپ، چىرايلىق ناخشا ئېيتاتتى. بىر مەزگىل ئۇ ئىلىدىكى بايلارنىڭ خېنىملىرىنىڭ ئولتۇرۇش، چايلىرىنى قىزىتىپ دەۋر سۈرگەنىدى. بۇ ئايال ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ كىچىك قالغان غاپپار، جاپپار دېگەن ئىككى ئوغلىنى كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن چوڭ قىلغانىدى. ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى خەۋەر قىلىش جۇماق ئاكىغا بەك ئېغىر كەلدى. ئانا جۇماقنىڭ گەپلىرىنى ئۈنسىز تىڭشىدى، ئاندىن جۇماققا ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى:

— جۇماقئاخۇن، بىر ئوغلۇم قۇدۇقتا يوقاپ كەتسە، يەنە بىرى سۈغا چۈشۈپ غايىب بولسا بۇ ماڭىلا كەلگەن تارتقۇلۇقمۇ؟... ئوغۇللىرىم ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ مېيىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولسام، ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلىپ، ھېچبولمىغاندا «ماۋۇ ئوغۇللىرىمنىڭ قەبرىسى ئىكەن» دەپ باغرىمنى يېقىپ يىغلىغان بولسام بولماتتى... ۋاي ياراتقان ئىگەم... ۋاي ئۇلۇغ خۇدايىم، ئالدىڭدا نېمە گۇناھلارنى قىلغان بولغىيتتىم...

— يىغلىما، — دېدى جۇماق ئاكا، — ئۆزۈڭگە سەۋر بەر.

— ۋاي جۇماقئاخۇن، يالغۇزچىلىقتا ئەمدى كۈنلىرىمنى قانداق ئۆتكۈزىمەن؟ بۇ تۆت تام مېنى يەپ كەتمەمدۇ؟

— مېنىڭ بىلەن چىقىپ كەت! — دېدى جۇماق ئاكا.

— نەگە چىقىپ كېتىمەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— قاراكۆلدىن بايلارنىڭ ياغاچلىرىنى تارتىۋاتىمىز، شۇ يەرگە چىقساڭمۇ بولىدۇ. ياماتۇدىن ئازراق يەر ئېلىپ قويغان، دەريانىڭ بويى، تازىمۇ چىرايلىق يەردە، شۇ يەرگە ئۆي سالساقمۇ بولىدۇ.

جۇماق ئاكا پات ــ پات خوتۇن يەڭگۇشلەپ تۇرىدىغان، «سالچىغا نىمە خوتۇن» دەپ يەنە بىر مەزگىل بويتاق يۈرۈپ كېتىدىغان ئادەملەردىن ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئايال بىلەنمۇ ئانچە ــ مۇنچە ئىچ پەش تارتىشقان يەرلىرى بار ئىدى. جاپپارنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ قويىدى ــ دە:

— ۋاي تاز، ساڭا ئىشەنگىلى بولارما؟— دېدى.

— مانا ماۋۇ پۇلنى كەم ــ كوتا يەرلىرىڭگە ئىشلىتىپ تەييارلىقىڭنى قىل. ھەپتە ــ ئون كۈندىن كېيىن كېلىپ سېنى ئالچىقىپ كېتىمەن،— دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى جۇماق ئاكا.

جۇماق ئاكا بۇ خوتۇنغا سادىق بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە خېلى يىللارغىچە سال ھەيدىدى. سالدىن قالغاندىن كېيىن ياماتۇغا ئۆي سېلىپ بۇ يەردە مۇقىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆيىنىڭ يېنىدا كىچىككىرەك بىر دەڭمۇ ئېچىۋالغانىدى. سال ھەيدەپ كەلگەن، سالغا كېتىپ بارغان سالچىلار بۇ دەڭگە چۈشۈپ قونۇپ ئۆتۈشەتتى. جۇماق ئاكا ھەر كۈنى دېگۈدەك سالچىلار بىلەن سالاملىشىپ پاراڭلىشىپ زېرىكمەيتتى. ئۇ ئۆمرىدە بالا يۈزى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئۆيدە بىرقانچە مۈشۈكلەرنى باققان بولۇپ، ئاسلانلارغا خىيالىغا كەلگەن ئىسىملارنى قويۇپ چاقىرىپ ئەركىلىتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى.

ياماتۇغا يېتىپ كەلگەندە سەمەت قوۋاننى جۇماق ئاكىنىڭ قونالغۇسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ ھەر قېتىم ياماتۇغا كەلگەندە ئۆزىگە سالچىلىقنى ئۆگەتكەن بۇ ئۇستازىنى يوقلىماي ئۆتمەيتتى. ئۇلار كىرگەندە دەڭنىڭ بىر ئۆيىدە بىرمۇنچە سالچىلار يىغىلىۋېلىپ پاراڭغا چۈشكەنىدى.

— سەمەتئاخۇن، شەھەردە نېمە يېڭى گەپلەر بار؟ — دەپ سورىدى يۆگىمەن موخوركىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرغان بىر سالچى. ئۇنىڭ يېپىنى چىمەلتىكىگە ئورىۋالغان موخوركا خالتىسىنىڭ چەت ـ چۆرىلىرىگە قايسىبىر مەشۇقى چىرايلىق گۈللەرنى نەقىشلەپ بەرگەنىدى.

— گەپ جىق، — دېدى سەمەت، — شەھەردە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپتۇدەك. مەيلى خاڭدا ئىشلەيلى، مەيلى سالدا ئىشلەيلى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىز يۇگۇرۇپ يۈرۈپ ئىش ئىزدىمەيدىكەنمىز، بىز قىلىدىغان ئىشنى شۇلار ئۆزى تاپقۇدەك. ئىش پۈتكەندە شۇلار ئىگە بولۇپ ئىش ھەققىمىزنى ئېلىپ بەرگۇدەك... ساي بويىدىكى ئاق ئۆيدە سالچىلارنى تىزىملاۋېتىپتۇ. بىزمۇ خەتلەتتۇق.

— نېمىگە خەتلەتتىڭلا؟

— ئەمدى ھەممە ئىش تەشكىللىك بولغۇدەك، سالچىلارنىڭمۇ تەشكىلى قۇرۇلغۇدەك، شۇنىڭغا خەتلەتتۇق.

— ھاراق ئىچىدىغان، نەشە چېكىدىغان، قىمار ئوينايدىغان ئىشلارمۇ يوق بولىدۇ، دەمدۇ نېمە؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ـــ ھە، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ـــ دېدى يەنە بىر سالچى، ـــ ئەمدى شەھەرگە كىرىپ جالاپ ئويناپدىغان، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە مۇشتلىشىدىغان ئىشلارغىمۇ يول قويمىغۇدەك.

ـــ بۇ قانداق بولغىنى؟... ـــ دەپ ھەيران بولدى ھېلىقى گۈللۈك تاماكا خالتىسىنىڭ يىپىنى قولىغا ئورىۋالغان سالچى، ـــ ئۇنداق بولسا، شەھەرگە كىرگەننىڭ نېمە قىزىقى بولىدۇ؟...

ـــ شۇنى دېگىنە، ـــ دېدى بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى تولغاپ قولىقىغا ئاپىرىۋالغان شاپ بۇرۇت بىرەيلەن، ـــ شەھەر دېگەنگە مۇشتلىشىپ قاپاق يارىمەن، جالاپ ئوينايمەن، دەپ كىرمىسە نېمىگە كىرىدۇ؟

ـــ بىر ـ ئىككى نوچىسى، تۆت ـ بەش جالىپى بولمىغان شەھەرنىمۇ شەھەر دېگىلى بولامدۇ؟
سالچىلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ـــ ھەي ئاغىنىلەر، مەپكوراڭلار ناھايىتى قالاقكەن جۇما... خەقلەرنىڭ بىزنى «سۇ ھايۋانلىرى» دېگىنىمۇ راست، ـــ دېدى بىرەيلەن، ـــ ھازىر جاھان نەگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ، سەنلەر نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىلەر؟... ئەمدى جالاپ ئويناپدىغان ئىشلار تۈگىدى، شەھەرگە كىرسەڭلا تانسا ئويناپسىلەر، تانسا!...

ـــ تانسا دېگەن نېمە ئۇ؟ ـــ دېدى پۇرقىرىتىپ موخوركا چېكىۋاتقان بىرى، ـــ تانسا دېگىنىڭ غىتمەكلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىغۇ؟

ـــ تانسا دېگەننىڭ نېمىلىكىنى مانا ماۋۇ تۇرسۇندىن سورا... ئاۋۋال ئۆزۈڭنى چىرايلىق تۇزەشتۈرۈپ، تانسا بولۇۋاتقان يەرنى ئىزدەپ ـ سوراپ تېپىپ بارىسەن.

بارساڭ دەرۋازا ئالدىدا گازىر ـ پۇرچاق،ماروژنى ساتىدىغان يايمىچىلار قاتار تۇرۇپ كەتكەن، بىلەت ئېلىپ ئىچكىگە كىرسەڭ بىر تەرىپىدە بىليارت ئويناۋاتقان، بىر تەرىپىدە قومۇشتا چىرايلىق تەمە قىلىپ توقۇغان ئايرىمخانىلار. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ پىۋا، كۇۋاس ئىچىۋاتقان، ئوتتۇرىدىكى مەيداندا گارمون دېگەننى ۋاڭشىتىپ چېلىپ، تانسا دېگەن قايناپ كەتكەن، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق خېنىملار كۆزۈڭنىڭ يېغىنى يەپ قاتار ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن... پىۋىدىن ئازراق ئىچىپ قىزىۋېلىپ بىرىپ خېنىملاردىن كۆڭلۈڭ تارتقان بىرىنى تانسىغا تارتىسەن، بىلىدىن تۇتۇپ ئۇياق ـ بۇياققا ئايلاندۇرۇپ مەيلىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورايسەن... مانا، ئىش دېگەن مۇشۇنداق قائىدە بىلەن بولىدۇ. مەنمۇ تانسا دېگەننى كۆرۈپ باققان، ئۆزۈم ئويناپ باقمىغان، قالغان گەپنى ماۋۇ تۇرسۇن قىلسۇن.

— مەن نېمە گەپ قىلىمەن؟— دېدى تۇرسۇن دېگەن سالچى،— ھەممە گەپنى ئۆزۈڭ قىلىپ بولدۇڭ.

— توغراقتىن[①] ئالغان ئورۇس خوتۇنۇڭنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرمەمسەن؟

— بىر يىللىرى مۇشۇ توغراقتىكى ئورۇسلار تاۋۇزنى تولا تېرىيدىغان،— دەپ گېپىنى باشلىدى تۇرسۇن،— ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتسەك ئورۇس ئاغىنىلەرنىڭ ھارۋىلارغا بېسىپ كېتىۋاتقان تاۋۇزلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولىمىز. ھەر قوزۋاي[②]، كىچىك بالىنى مىندۈرۈپ قويساڭ پۈتى يەرگە يەتمەيدۇ. بىر كۈنى شۇ توغراقتىكى

① توغراق — غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى.
② قوزۋاي — تاۋۇزنىڭ ئەينى يىللاردا تېرىلغان بىر سورتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى



بىر دېھقاندىن: «بۇ ئورۇسلار تەرگەن تاۋۇزلار نېمانچە يوغاندۇ؟» دەپ سورىسام، «ئورۇسىنىڭ خوتۇنلىرى تازا ئايدىڭ كېچىدە قوشىغا ئىشتان كىيمەي چىقىپ، تاۋۇزلارنى چاترىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلىتىپ بېرىدىكەن، ئورۇسىنىڭ تاۋۇزلىرى شۇڭا يوغىنايدىكەن» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورسىقىمغا: «تۇرسۇن، ئاشۇ ئايدىڭ كېچىدە قوشىغا ئىشتان كىيمەيدىغان ئورۇس خوتۇنلىرىنىڭ ئاپپاق ساغرىسىنى بىر سىلاپ باقمامسەن» دېگەن بىر جىن كىردى. بىر ئامالىلارنى قىلىپ يۈرۈپ مارۇسە ئىسىملىك بىر ئورۇس چوكان بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. توغراقنىڭ قورايلىقلىرىدا بىر مەزگىل موللاق ئېتىپ يۈرۈپ كەتتۇق. قارىسام ياخشى ئايالكەن. ئىككى مۇسۇلماننى چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇپ شەھەردىكى بويتاق پاڭزامغا كۆچۈرۈپلا ئەكىرىپ كەتتىم. كاساپەت ئۆي دېگەننىمۇ شۇنداق پاكىز تۇتىدىغان نېمە ئىكەن. تام ـ تورۇسنى سىرىپ سۈپۈرۈپ، ئاقارتىپ، دېرىزىلەرگە ئاپپاق پەردىلەرنى تارتىۋىدى، ھېلىقى ئەسكى ئۆيگىمۇ باشقىچىلا ئىسكەت كىرىپ قالدى... شۇنداق قىلىپ... بىر مەزگىل چىرايلىق ئەر ـ خوتۇن بولۇپ يۈردۇق. ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرىدە بار، مىللىي ئىنقىلابتا جەڭچىلىرىمىز گومىنداڭچىلارنى سۈرۈپ چىقىۋىدى، توغراكۆۋرۈك① ئەتراپىدا تانسا دېگەن قايناپ كەتتى. ۋاھ، بىزنىڭ مارۇسەنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى دېمەمسىلەر، قاچانلا ئىشتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆيگە كەلسەم مارۇسە

① توغراكۆۋرۈك ــ غۇلجا شەھىرىدىكى بىر كوچىنىڭ ئىسمى.

يوق. ئىزدەپ ـ سوراپ، تانسا ئويناۋاتقان يەرلەردىن ئاران تېپىپ كېلىمەن... شۇنداق قىلىپ ئىش زادىلا ئەپلەشمەي ئاخىرى قويۇۋەتتىم...

ــ مەن ساڭا ئېيتسام، تۇرسۇن...ــ دەپ گەپ باشلىدى جۇماق ئاكا،ــ تانسا ئوينايدىغان ئىشىمچۇ قارا، خۇددى دۇتار ـ تەمبۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا بىزنىڭ بەزى ئاغىنىلىرىمىزنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا باشقىچە جان كىرىپ سەكرەپ ئۇسسۇلغا چۇشۇپ كەتكەندەك، ئۇ خەقمۇ گارموننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا شۇنداق تۇرالماي قالىدىكەن... ماۋۇ توخۇچىيۇزىنىڭ① ئاستىدا كىچىك توققۇزتارا② دەپ بىر مەھەللە بار. شۇ يەردە بىر تۇگمەنچى ئورۇس بولىدىغان، ئاپارغان ئۇگۇتۇڭنى ئالامەت يۇمشاق تارتىپ بېرەتتى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يەكشەنبە كۈنى ئۇقۇشماي ئۇگۇت ئاپىرىپ قالىدىغان بولساڭ بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ تۇگمىنىنى ماڭدۇرمايدىغان. ئىشىك ـ تۇڭلۇكىنى مەھكەم ئېتىپ، گارموننى غارتىلدىتىپ تارتىپ، بالىچاقىسى بىلەن گۇپشۇتۇپ تانسىلا ئوينايدىغان...

ئۆينىڭ ئىچى موخوركىنىڭ ئاچچىق ئىسى بىلەن بۇلۇت بولۇپ كەتتى. سالچىلار بىرھازا تانسىنىڭ گېپىنى قىلىشقاندىن كېيىن يەنە باشقا گەپكە كۆچتى.

ــ هوي ئاغىنىلەر، راست ـ يالغىنىنى بىلمىدىم،ــ دېدى تۇرغان دېگەن ئېگىز بويلۇق سالچى،ــ ئاڭلىسام، ماۋۇ دەريادىكى سالچىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان تاشلارنى هۆكۈمەت دورا قويۇپ پارتلاتقۇدەكقۇ؟

---

① ② غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق يېزىلارنىڭ ئىسمىلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر ئۈچىرىشىش ئورنى
www.uyghurkitap.com



ــ شۇنداق قىلىدىكەن،ــ دەپ تەستىقلىدى تۇردى «پوستەك»،ــ ھەربىر قونالغۇغا سالچىلار ئۇچۇن ئالاھىدە ياتاقلارنى سالغۇدەك...

ــ يا ئاللا! بۇ سال دېگەننىڭ جاپاسىنى بىزلا تارتىپتىكەنمىز ـ دە! ــ دېدى جۇماق ئاكا،ــ ئەتىيازدىن باشلاپ مىدىرلىغىلىنى تۇرساق تاكى كەچ كۈز 11 ـ ئايغىچە سۇغا چىلىشىپلا يۈرگەن. ھېلىلا يېنىڭدا تۇرغان بۇرادىرىڭنى يا ياغاچ باستى، يا دەريا ئېقىتىپ كەتتى، دەپ ئاپىرىپ كۆمۈپ قويۇۋاتقان، جەڭدە بىر تال ئوق يەپ يارىدار بولغان ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق مۇكاپاتى بولىدىكەن؛ ئۆلۈپ كەتكەن سالچىنى سۈرۈشتۈرۈپ قويىدىغان ئادەممۇ چىقمىغان. قانچە رەت پۇشايمان يەپ، «بولدىلا، شۇ سال دېگەنگە ئىككىنچى يېقىن يولۇماي» دەيسەن، يەنە ياغىچى بار غوجاملارنىڭ زاكالەت پۇلىنى ئېلىپ خەجلەپ قويغاچقا ئامال يوق مېڭىۋاتقان. ئىش ئېغىر، قورساق ئاچ، سۇنىڭ ئۈستىدە ساڭا نەدە ئاشخانا، نەدە ئىسسىق تاماق؟... شۇنىڭ بىلەن بىچارە مالچىلارنىڭ ئېزىپ ـ تېزىپ دەريا بويلىرىغا كېلىپ قالغان ماللىرىنى تۇتۇپ باغلاپ، تاغارغا تىقىپ، توقايلىقتا ئەكىرىپ سويۇپ يەپ كېتىۋاتقان... ئازراقلا يانچۇقىمىز پۇل كۆرۈپ قالدىما بولدى. دوڭشوپاڭدا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ چوڭ كۆۋرۈككە كېلىپ قورساق تويغۇزۇپ چىقىپ مۇشتلىشىۋاتقان... ھەي، گەپ قىلماڭلار، ئاغىنىلەر! شۇنىڭغىچۇ، بۇ سالچى دېگەننىڭ ئەل ئىچىدە ئانچە ياخشى نامى يوق... تۇداخۇن،ــ دېدى جۇماق تۇردى «پوستەك»كە قاراپ،ــ ھۆكۈمەت قايسى قونالغۇلارغا ئۆي سالغۇدەك؟

— مېنىڭمۇ خەقتىن ئاڭلىشىم... قاراكۆل، تېكەس، كۈنەس سۈيىنىڭ قۇيغىنى... يەنە نە دېدى؟... ھە، مۇشۇ ياماتۇ... ئىشقىلىپ، مۇشۇنداق يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە قونالغۇ ئۆيلەرنى سالغۇدەك...

— ياماتۇغا سالماي بولمايدۇ،— دېدى بىرەيلەن.

— خوش... ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى،— دېدى جۇماق ئاكا،— ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ دېگەن گەپلىرى ئەمدى ئىشقا ئاشىدىكەن - دە!

— ئەخمەت ئەپەندىم نېمە دەپتىكەن؟— دەپ ھەممە سالچى جۇماق ئاكا تەرەپكە قارىدى. شۇنىڭ بىلەن گەپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سالچىلار بىلەن ئىلى دەرياسىدا ماڭغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىگە كۆچتى.

※ ※ ※

— شۇ قېتىم ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مۇڭغۇلكۈرە تەرەپلەرگە نېمە ئىش بىلەن چىقىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ بىلمىدىم،— دەپ گېپىنى باشلىدى جۇماق ئاكا،— بەزىلەر: «ئەخمەت ئەپەندىم سالچىلارنىڭ تارىخىنى بىر بىلىپ باقماقچىكەن» دەيدۇ. ئەگەر ئىلىدىكى سالچىلارنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان گەپ بولسا بۇمۇ ئۇزۇن گەپ جۇمۇ...! مانا مۇشۇ ياماتۇدىكى سالچى مەمەت ساقالنى مىسال قىلساق، مەمەت ساقالنىڭ دادىسى تۇداخۇن ئاكا ياخشى سالچىلاردىن ئىدى. تېگى قەشقەر ئاۋاتتىن. تۇداخۇن ئاكا دادىسىنى ئىزدەپ ئىلىغا چىقسا ئۇنىڭ دادىسىمۇ سالچىلىق قىلاتتىكەن. ئەمدى بۇ ئادەم سالچىلىقنى كىملەردىن ئۆگەنگەن؟ بۇ يەرلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇرۇشتۇرۇپ كەلسەڭ، ئىلىخودا بۇ سالچىلىقنىڭ تارىخى بەك ئۇزۇنمىكىن دەيمەن. بۇ دەرىيادىكى «پالانچىنىڭ تېشى»، «پوكۇنچىنىڭ تېشى» دەيدىغان بەزى خەتەرلىك تاشلارنىڭ نامى شۇ زامانلاردىمۇ شۇنداق ئاتىلاتتىكەن.. تېكەس تەرەپلەردە ئىلگىرى كۆپرەك قازاق، قىرغىزلار سال تارتاتتىكەن. كېيىن، غوپۇر شاڭيو دەيدىغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، ئەتراپىغا ئالتە شەھەردىن چىققان مۇساپىرلارنى يىغىپ، قىشتا تېكەسنىڭ موينتاي دىگەن يەرلەردىن ياغاچ كەستۇرۇپ، يازدا سال بىلەن تارتقانىكەن. بۇ گەپلەرنى بىزگە ئۆز ۋاقتىدا غوپۇر شاڭيوغا ئەگىشىپ سالچىلىق قىلغان مۇھەممەد موللام دىگەن ئادەملەر قىلىپ بىرىدىغان...

— جۇماقكا هوي، — دەپ ۋارقىرىدى بىر سالچى، — سەن بىزگە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرمەكچىدىڭ، بۇ گەپلىرىڭ ئۇچ تارتىپ نەگە ماڭدى؟

— توختىمامسەن هوي تاز، — دىدى جۇماق ئاكا، ئۇ ئۆزىنىڭ لەقىمى تاز بولغاچقىمۇ، ئىسمىنى تاپالمىغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى تاز دەپ چاقىرىۋېرەتتى، — گەپ دىگەننىڭ مۇنداق ئۆزىنىڭ يولى بولىدۇ... دىمەكچى بولغىنىم، ئەخمەت ئەپەندىم شۇ چاغدا تېكەسلىك باقاخۇن ھەيدىگەن سالدا ئولتۇرغانىكەن. باقاخۇننى تېكەس سالچىلىرىنىڭ پىرى دىسىمۇ بولىدۇ. شۇ باقاخۇن ئەسلىي ھېلىقى غوپۇر شاڭيو دىگەن ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپ سالچىلىقنى ئۆگەنگەن ئادەملەر ئىكەن. غوپۇر شاڭيو ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قازاق ئايالىنى باقاخۇن ئالغان، دىيىشىدۇ...

— هوي جۇماقكا، ئەخمەت ئەپەندىملەر سالغا

موڭغۇلكۆرە قاراكۆلدىن چىقىپتىكەن، سەن تېكەسىنىڭلا گېپىگە چۈشۈپ كەتتىڭغۇ؟

ــ گېپىڭ توغرا، ــ دېدى جۇماق ئاكا، ــ ئەخمەت ئەپەندىم ئەسلىي خەلقىنىڭ هال ـ مۇڭىنى ئاڭلاپ، ئېلىنىڭ يەر ـ سۇ بايلىقىنى بىر تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپ چىققان بولسا كېرەك. ئۇنداق دېگىنىم، ئەپەندىمنىڭ يېنىدا سۇ ئىنژېنېرلىرىمۇ بار ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار موڭغۇلكۆرەنىڭ يۇقىرىسىنى ئايلىنىپ قاراكۆلگە كېلىپ قالسا بولىدۇ. تېكەسنىڭ باقاخۇن باشلىق ناسىراخۇن، تۇرسۇن، هوشۇر، سۇلايمان قوشاقچى، ئىمىنجان، داۋۇت موللا، ئىمىن، هېلىمئاخۇن دېگەندەك تازا سەرخىل سالچىلىرى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، قاراكۆلدىن يەتتە ـ سەككىز سالنى باغلاپ قاتارلىشىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. ئەپەندىم سالچىلارنى كۆرۈپ: «بولدى، بىزمۇ سال بىلەن ماڭايلى» دەپ ماشىنىلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۆزلىرى بىللە ماڭماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ سالچىلار خۇشال بولۇشۇپ كېتىپتۇ، بىر تەرەپتىن ئازراق ئەندىشىمۇ قىلىشىپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىمنى باقاخۇن مۇهاپىزەتچىسى بىلەن ئۆزى هەيدىگەن سالغا سايتۇ... هاي ئۇكاموي!ــ دەپ بىر سالچىغا قاراپ ۋارقىرىدى جۇماق،ــ چىقىپ ئاشپەز ئۇستامدىن سوراپ باققىنە، ماۋۇ سالچىلارغا قىلىۋاتقان تامىقى تەييار بولدىمىكىن؟

سالچىلارنىڭ ئىچىدىن بىر ياش سالچى ئورنىدىن قوپۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى. جۇماق گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ تۇراتتى. بىر سالچى سوراپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ بەزىلەر ئەخمەت ئەپەندىمنى مەھەممەتنىڭ سالىغا چۈشۈپتىكەن، دېگەندەك قىلىدا؟

ــ ئىككىسى بىر گەپ، ــ دېدى جۇماق ئاكا، ــ مەھەممەت دېگەن باقاخۇننىڭ ئوغلى بولىدۇ، بەزىلەر ئۆگەي ئوغلىمۇ دەپ قويىدۇ. قانداق ئوغلى بولسا بولمامدۇ، ئىشقىلىپ ئوغلى، باقاخۇن شۇ ئوغلى بىلەن بىر سالنى ھەيدەپ مېڭىپتىكەن. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سال بىلەن كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قۇربانجان باي ئۆزى تېكەس دەرياسىنىڭ ئۇستىگە ياساتقان كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن. سالچىلار شۇ ئەتراپقا كېلىپ توختاپتۇ. قۇربانجان باي سال ئۇستىگە چىقىپ ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئەپەندىمنى ئۆيىگە بېرىپ بىر كېچە قونۇپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئەپەندىم:

ــ مەن بۇ يەرگە مېھمان بولغىلى ئەمەس، خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئۇققىلى كەلگەن، سىز خەلق ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئادەم، گېپىڭىزنى يەرگىلى بولمايدۇ. ئۆيىڭىزگە بارمايلى، مېھماندارچىلىقتا ئاتىغان تائاملىرىڭىز بولسا مۇشۇ يەرگىلا ئەكېلىڭ، ھەممىمىز تەڭ يەيلى، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قۇربانجان باي ئادەملەرنى بۇيرۇپ، ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى «ئالابايتالنىڭ توقىيى» دېگەن يەرگە داستىخان راسلاپ، ھەممە سالچىنى مېھمان قىلغانىكەن. ئەپەندىمنىڭ سال بىلەن كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ دەريا بويىدىكى سال توختايدىغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە «ۋاي، ئەخمەت ئەپەندىم سال بىلەن كېلىۋېتىپتۇ» دەپ ئادەملەر سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەن

گەپ. ئەپەندىم كۆپچىلىكنى ئاۋارە قىلغۇسى كەلمەي، باقاخۇنغا: «باقاخۇن ئاكا، ئىلاجى بار سالنى باشقا يەرلەردە توختاتساڭلار» دەپ ئۆتۈنۈش قىلغانىكەن. سالچىلار قوۋنغا كېلىپ قونۇپ، ئەتىسى مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا قىزىلكۆرەنىڭ ھاكىمى: «ئەپەندىم، ئەمدى سال بىلەن ماڭمىسىڭىز، بىز سىزنى شەھەرگە ماشىنا بىلەن يەتكۈزۈپ قويساق» دەپتۇ. ئەپەندىم: «نېمىشقا؟» دەپ سوراپتىكەن. ھاكىم: «تۆۋەندە قاپچىغاي دەپ بىر يەر بار. دەريانىڭ سۈيى ئىككى تەرىپى تىك تاش، تار بىر قىساڭدىن ئۆتىدۇ. سەللا بىخەستەلىك بولۇپ سال تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتسە پاچاقلىنىپ كېتىدۇ. سالدىكى ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپتە قالىدۇ» دەپتۇ. ئەخمەت ئەپەندىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «ئەجەب سالچىلىرىمىز قانچە يىللاردىن بېرى قورقماي مېڭىۋېرىپتىغۇ؟ مېنىڭ جېنىم بۇلارنىڭ جېنىدىن ئەزىزمىدى؟» دەپتىكەن، ھاكىم تەسىرلىنىپ گەپ قىلالماي قاپتۇ.

— مانا، خەلقنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟ — دېيىشىپ كەتتى جۇماق ئاكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سالچىلار.

— دېمىسىمۇ، قاپچىغاينىڭ قانچىلىك يامان يەرلىكىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى جۇماق ئاكا، — قاپچىغايغا ئاز قالغاندا باقاخۇن سالىلارنى توختىتىپ ھەممە سالىلارنىڭ ئارقان، گۈرجەكلىرىنى ئوبدان تەكشۈرتۈپ، بوشىغان يەرلەر بولسا چىڭىتىپتۇ. ئالدىغا ئىككى - ئۈچ سالنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن ئۆزى مېڭىپتۇ. ئەخمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەپەندىمنىڭمۇ يۈرىكى خېلى باركەن. ئاياغنى سېلىۋېتىپ پۇچقاقنى تىزدىن يۇقىرى قىلىپ تۈرۈپ قاپچىغاينىڭ ئىچىدىن باقاخۇن بىلەن تەڭ گۈرجەك تارتىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇ قېتىم ئەپەندىم ئەسلىدە ياماتۇغىمۇ چۈشۈپ قونۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچىكەن. بۇ يەردىكى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قوي سويۇپ، قازان ئېسىپ بەك چوڭ ھەشەم قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئەپەندىم ياماتۇغا چۈشكىلى ئۇنىمىغانىكەن. سالچىلار ساللىرىنى توختىتىپ ئانچە ـ مۇنچە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئاپتۇ. ئەپەندىم دەريا بويىغا كەلگەن دېھقانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، سالچىلار ئەكەلگەن قۇرۇق نانىنى دەريانىڭ سۈيىگە چىلاپ يەپلا كېتىپ قالغانىكەن. شەھەرگە يېتىپ بېرىپ خوشلىشىدىغان چاغدا ئەپەندىم سالچىلارغا: «سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار بەكمۇ جاپالىق ۋە خەتەرلىك ئىكەن. خەلق ئەجرىڭلارنى ئۇنتۇمايدۇ. كەلگۈسىدە سىلەر دۆلەتنىڭ ئىشچىسى بولىسىلەر، خەتەرلىك تاشلارنى پارتلىتىپ دەريا يولىنى راۋانلاشتۇرىمىز. ھەربىر توختايدىغان جايلىرىڭلارغا ياتاق، تاماقلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ» دەپتىكەن، ئەپەندىمنىڭ شۇ گەپلىرى ئەمدى ئىشقا ئاشىدىغان ئوخشايدۇ...

— ئەپەندىم قالتىس ئادەمكەندە، تېگى نەلىكتۇ بۇ ئادەمنىڭ؟ — دېدى قارا سىدىق دېگەن سالچى.

— مانا مۇشۇ غۇلجا شەھرىنىڭ توغراكۆۋرۈك مەھەللىسىدە قاغىلىق باغقا يانداش بىر كوچىدا تۇغۇلغانىكەن. دادىسى موزدۇزلۇق قىلاتتى، ئۇستا سازەندە، ناخشىچى دەيدۇ. ئاتە يېشىدا دادىسى ئۆلۈپ

كېتىپ، ئانىسى ناھايىتى جاپالاردا بېقىپ چوڭ قىلىپتىكەن،— دېدى جوماق ئاكا.

— مەن ئاڭلىسام،— دېدى تۇرغان دېگەن ئېگىز سالچى،— ئەخمەت ئەپەندىم بىر يىللىرى پىلچى، گاڭگول خاڭلىرىغا چىقىپ خاڭنىڭ تېگىگىمۇ چۈشۈپ ئىشلەپتىكەن. كېيىن ھۆكۈمەتكە باشلىق بولغاندا خالق ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا جىق سۆزلىگەن دەيدۇ... ئەجەبمۇ ياش ئۆلۈپ كەتتى ـ دە شۇ ئادەم.

— ئەخمەت ئەپەندىم ۋاپات بولغاندا قانچە ياشلاردا بولغىيتتى؟— دەپ سورىدى بىر ەيلەن.

— تېخى ياش،— دېدى جوماق ئاكا،— قىرىققىمۇ بارمىغانغۇ دەيمەن، ئوتتۇز نەچچە ياشلارمىكىن؟

— ئوتتۇز نەچچە يېشىڭدا سەن نېمە ئىش قىلغان؟— دەپ سورىدى بىر سالچى يېنىدىكى بۇرادىرىدىن.

— مەنما؟...— دېدى ئۇ،— ئوتتۇز نەچچە يېشىمدا مەن قىمارغا ئۆگىنىپ قىلىپ دادامنىڭ تاپقان دۇنيالىرىنى ئاسمانغا سورۇپ بولغان، ئۆزۈڭچۇ؟

— مېنىڭ نېمە ئىش قىلغىنىمنى سورىما. ئوتتۇز نەچچە يېشىمدا مەن ھېچ ئىش قىلمىغان.

— ھېچ ئىش قىلمىغان دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟

— ھېچ ئىش قىلمىغان دېگەن نېمە گەپ بولاتتى، مەكتەپكە بەرسە مەكتەپتىن قېچىپ، ھۈنەرگە بەرسە ھۈنەردىن قېچىپ، ئۆيلەپ قويسا ئۆيگىمۇ كىرمەي يۈرگەن...

— قېنى يۈرۈڭلار، ئاغىنىلەر، تاماق پىشىپتۇ، ئاشخانىغا چىقايلى،— دېدى جوماق ئاكا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قىرىق ئۈچىنچى باب

# يەنە قاراكۆلدە

ئەينى يىللاردا موڭغۇللۇكۇرە بازىرىدىن قاراكۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزۈك هارۋا يولىمۇ يوق ئىدى. ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل هارۋا يولى ئازراقلا ماڭغاندا يايلاقلارغا قاراپ كەتكەن ئاياغ يوللارغا ئۆزگىرىپ كېتەتتى. بەزىدە يول قانداقتۇر بىر سازلىق، قويۇق چۆپلۈكلەر ئارىسىدا غايىب بولاتتى ـ دە، يەنە قەيەرلەردىدۇر بىر قۇرغاق تۆپىلىكلەر ئۈستىدە پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇ يەردە ئەتىيازدىن تاكى كۈزگىچە يامغۇر ـ يېشىن كۆپ بولاتتى. بىردەمدىلا ئەتراپنى تۇمان بېسىپ قارلىق ئېگىز چوققا، ياپيېشىل ئوتلاق، كۆپكۆك قارىغايزارلىق... هەممە نىمە گويا شۇ تۇمان ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك غۇۋالىشىپ كېتەتتى. بۇ داكىدەك نېپىز تۇتەك، چەكسىز غۇۋالىق تەبىئەتكە يەنە باشقىچە بىر هۆسن ئاتا قىلاتتى... بەزىدە بۇلۇتلار تاراپ تۇمان كۆتۈرۈلۈپ تۇيۇقسىز قۇياش نۇرى چاقناپ كېتەتتى ـ دە، بىر ـ بىرى بىلەن كېسىشىپ كەتكەن چىغىر يوللار، تاغ باغرىدىكى ئات ـ ئۇلاغ، ياۋايى هايۋانلار سالغان مال يوللىرى، هەر تەرەپكە توردەك تارالغان ئېقىنلار كۆز ئالدىڭىزدا سۈرەتتەك گەۋدىلىنەتتى.

بۇ يوللار بەزىدە ئېقىن سۇلارنى ياقىلاپ بېرىپ تاغلارنىڭ نەق چوققىسىغىچە سوزۇلۇپ كېتەتتى. تاغ باغرىدىكى يول ئۈستىدە ئۇچراشقان ئىككى ئاتلىق مالچى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىپ، بىر - بىرى بىلەن ئامانلىشىپ، ناسۇال قۇتىلىرىنى سۇنۇشاتتى... بۇ يوللار بىلەن يەنە مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ماڭغان كارۋانلار كېلەتتى. بەزىدە يول قانداقتۇر بىر گۈمۈرۈلگەن يارنىڭ نەق لېۋىدىلا تۈگەيتتى - دە، كارۋانغا ئەگىشىپ پىيادە كېلىۋاتقان مۇساپىر ئاياغ ئاستىدىكى چوڭقۇرلۇقنى، تۆۋەنگە شىلدىرلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان تاشلارنىڭ قەيەرلەردىندۇ يىراق بىر بوشلۇقتىن كېلىۋاتقان ئەكس ساداسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتەتتى. تەجرىبىلىك كارۋان بېشى يۈگۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ، تار يوللاردا بىقىنلىرى تاشلارغا سۈركىلىۋېرىپ قىرچىلىپ كەتكەن تاغارلارنى ئارتقان ئۇلاغلارنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرايتتى. ئاز ئۆتمەي كارۋان قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى يەنە قانداقتۇر بىر چوڭقۇر ساي ئىچى بىلەن كەتكەن يولدىن ئاڭلىناتتى...

ئىلگىرى بۇ يوللاردا دەڭلەر بولسىمۇ، دەڭلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى يامغۇر يالاپ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن كونا ئۆيلىرىدە بىر پارچە كىگىز ياكى داق بورىدىن باشقا ھېچنېمە بولمايتتى. سالچىلار نەدە قونۇشقا توغرا كەلسە شۇ يەردە كېيىم - كېچەكلىرى بىلەنلا يېتىپ - قوپۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى سالچىلارنى تەشكىللىگۈچىلەر ئۇلارنى قاراكۆلگە دەسلەپتە ئات ھارۋىسى، كېيىن يۈك ماشىنىسى بىلەنمۇ يەتكۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قويىدىغان بولغاندى. ئات هارۋىسى، ماشىنا دېگەنلەرمۇ سانى چەكلىك بولغاچقا ئالدىغا بار، كەينىگە يوق بىر نىمە ئىدى. ماڭىدىغان ۋاقتى شۇ ئات هارۋىسى، ماشىنىلارنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغان سالچىلار ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالاتتى. قالغانلىرى ئادەتلىنىپ قالغىنى بويىچە پىيادە كېتىۋېرەتتى. ئات هارۋىسى، ماشىنا بىلەن ماڭغانلار ئەلۋەتتە كەتمەن ـ گۈرجەك دېگەندەك سايمانلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ مېڭىشنى ئۇنتۇمايتتى. هارۋا، ماشىنا نەدە پاتقاققا پېتىپ قالسا كولاپ چىقىرىپ، يول يوق يەردە يول ياساپ، ماشىنا بىلەن قارا كۆلگە بىر ـ ئىككى قونۇپ ئاران يېتىپ چىقىشاتتى. بەزىدە ماشىنىسى پاتقاققا پېتىپ قالغان شوپۇر جىلىچىلىكتە هاراقنى شۈنچىلىك جىق ئىچەتتىكى، ئۇنى ئويغىتىپ هوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈن كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاراكۆلگە ماشىنا بىلەن ماڭغانلارغا قارىغاندا پىيادە ماڭغانلار بۇرۇن بېرىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ تۇراتتى.

جۇمھۇرىيەت يېڭى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ھەرقانداق ئىش ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ناھايىتىمۇ داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە قاراكۆلگە نەچچە يۈز سالچى يىغىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھامۇت «قوچقار»، ھېيىت «يالغان»، مەمەت «سويما»، ئوسمان «پايپاق»، ھاپىز «كالۋا»، سادىر «ياۋاش»، ئىسمايىل «بوران»، ھېلىم «ساختا»، ئاۋۇت «ۋاتىلداق»، ئابدۇل «قالايمىقان»، جۇماق «باتۇر»، نۇردۇن «پوق»... دېگەندەك ئاجايىپ ـ غارايىپ لەقەملىرى بار ئادەملەر بار ئىدى. بەزىلەر بۇ

لەقەملەرگە شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كەتكەنكى، لەقىمىنى قوشۇپ چاقىرمىسىڭىز ھەرگىز قارىمايتتى... كىيىم - كېچەكلىرىچۇ، شۇ زاماندا... سالچىلارنىڭ ئۇستىگە كىيگەن ھەر ياغىزا، ھەر خىل پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلەر ھازىرقى كۇندە بولسا كىچىكرەك بىر تارىخىي مۇزېيلارنى تولدۇرۇشقا يېتىپ ئاشاتتى. قونچىنىڭ ياخشىلىقىدىن تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي باشلىۋېرىپ ھالى قالمىغان قاتتىق ئۆتۈكلەر، كالاچقا ئوخشاپ كېتىدىغان ۋە بەزىلەرنىڭ زادى نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى خۇدايىم ئۆزىلا بىلىدىغان ھەر خىل پوپۇچ - كەشلەر، يۇمشاق چورۇق، چەمى نېپىز سەندەللەر... گۈل باسقان ۋە گۈل باسمىغان قىزىل مانچېستېر دوپپىلار، ئىككى تەرىپى يېرىق مايسا رەڭ قالپاقلار، بەزىلىرىنىڭ بېشىدىن قىش - ياز چۈشمەيدىغان سالپاڭ قۇلاقچىلار، قالپاق بىلەن قۇلاقچىلارنىڭ ئىچىگە كىيىۋالىدىغان كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق بۆكلەر... ئىزما بىلەن ياندىن ئېتىلىدىغان كۆڭلەكلەر، ئالدى - كەينىنى ئۆرۈپ كىيگىلى بولىدىغان كەڭ ئىشتانلار، قارا پەشمەت، نېپىز قەشقەر چەكمەنلىرى... بەزى كەمبەغەل سالچىلارنىڭ كىيىملىرىگە ئۇست - ئۇستىلەپ شۇنچىلىك جىق ياماق چۈشكەنلىكى، ئىشقىلىپ، ساق يېرىدىن ياماق چۈشكەن يېرى جىق. ئاق، كۆك، قارا ھەر خىل يىپتا بەزىلىرىنى تۇجۇپىلەپ، بەزىلىرىنى يوغان - يوغان كۆكلەپلا سالغان بۇ ياماقلارغا تازا زەن سالسىڭىز بۇگۇنكى دۇنيا خەرىتىلىرى كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ... بۇلارنىڭ تەق - تۇرقىنى تەسۋىرلەشكە مېنىڭ قەلىمىم ھەقىقەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئاشىدىغان ئۆزۈن دارازا ئادەملەر، بويى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ توغرىسىغا قاراپ تەن قويىغان بودەكلەر، ئورۇقلۇقىدىن ئۈستىگە كىيگەن كىيىملىرى ياغاچقا ئىلىپ قويغاندەك تۇرىدىغان ئاۋاقلار، قىيسىق ياكى مولۇننىڭ كۆزىدەك پۈلتىيىپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلەر، موخوركىنىڭ ئىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن ھەر خىل پاسوندىكى بۇرۇتلار، قايسىبىر جېدەل - ماجىرا، مۇشتلىشىشلاردىن يادنامە قالغان چوڭقۇر تارتۇق، ئېزىلىپ مايماق كەتكەن بۇرۇنلار، يېرىمى بار، يېرىمى يوق ئالىقاندەك يوغان قۇلاقلار... پۈتۈن ئۆمرى مۇشۇ سالچىلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئاقساقاللار، بۇ سەپكە يېڭىدىن قوشۇلغان ياش كۈچلەر... ھەممە سالچىنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلار مەيلى باي بولسۇن، كەمبەغەل بولسۇن بىلىگە ئىككى ئوراپ باغلايدىغان قارا پوتىدىن ئايرىلمايتتى. بازاردىن ئۆيگە ئالغان ھەممە بازارلىقلىرىنى ئۇلار شۇ پوتىغا تۈگۈپ بېلىگە ئورىۋالاتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ بۇ پوتىلىرىغا پۈتۈن بىر دۇكاننىڭ ماللىرى سىغىپ كېتەتتى...

سەمەت قۇۋاننى بىرنېمىلەرنى قىلىپ سۆرەشتۈرۈپ قاراكۆلگە يەتكۈزۈپ چىققانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار قاراكۆلنىڭ يېنىدىكى دۆڭ ئۈستىدە ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. تۆۋەندە پۈتۈن قاراكۆلنىڭ مەنزىرىسى يېيىلىپ ياتاتتى. بۈگۈنكى قاراكۆل قۇۋان ئون - يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا مۇز داۋاندىن ھالقىپ چۈشۈپ كۆرگەن قاراكۆلگە ئوخشىمايتتى. دەريا ياقىسىغا نۇرغۇن ياغاچلا دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. دەريانىڭ قىرىدا ئادەملەر

ناھايىتىمۇ ئالدىراش ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ۋارقىراشقان، بىر ـ بىرىنى چاقىرغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ نېمانچە جىق ئادەم بۇ؟ــ دېدى قوۋان ھەيران بولۇپ.

ــ ھەممىسى سالچى،ــ دېدى سەمەت،ــ ئەنە ئاۋۇ تۇرخۇنلىرىدىن ئىس چىقىۋاتقان يەرنى كۆردۇڭما؟... ئۇنىڭ ھەممىسى ئاشخانا. نېمە تاماق يەيمەن دېسەڭ بار... ئەنە ئاۋۇ ئۇزۇن كەتكەن ئۆيلەرنى قارا، سالچىلارنىڭ ياتاقلىرى... بۇ يەردە ئىشلەيمەنلا دېگەن ئادەمگە تاماقمۇ بار، ياتىدىغان يەرمۇ تەييار... ۋاي قوۋان، تارتقان جاپالىرىمىز ئاز ئەمەس جۇمۇ. باي غوجامنىڭ ياغىچىنى مىلىڭ جاپادا ئېقىتىپ بېرىپ پۇلنى ۋاقتىدا ئالالماي سارغىيىپ يۈرۈپ كەتكەن... قانچە قېتىم ئاچ ـ توقمۇ قالغان... قاراكۆلگە چىقىپ ياتىدىغان يەر تاپالماي قارىغاي ياغاچلىرىنىڭ قىسىلچاقلىرىدا، مالچىلار ئورۇپ يىغىپ قويغان چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا دۈگدىيىپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇزغان... سەن تېخى مۇنداق جاپالارنى كۆرمىدىڭ.

ــ مەنمۇ گاڭگۇل دېگەن خاڭدا بىر قىش ئىشلىگەن،ــ دېدى قوۋان،ــ ئىلىخونىڭ خاڭلىرىنىڭ ھەممىسىدە يەنە شۇ ئالتە شەھەرنىڭ يېتىمچىلىرى ئىشلەيدىكەن، يەرنىڭ ئاستىغا 150 پەلەمپەينى ساق ساناپ چۈشۈپ، جىنچىراغ ئارانلا پىلدىرلاپ تۇرغان قاراڭغۇ زۇلمەتتە ئىشلەيمىز. «تۇۋا!» دەپ ياقامنى تۇتتۇم، خاڭنىڭ ئاستىدا جىمى ئادەم بىر ـ بىرى بىلەن «كۆت... ھېجىقىز» دەپ تىللىشىپلا پاراڭ قىلىدىكەن. خاڭ دېگەندە زادى چىرايلىق گەپ بولمايدىكەن. قىشچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



ئىشلىگەن پۇلنى جىگىنىڭ بېشىدا «دەتتىكام!» دەپ مەيدىسىنى مۇشتلاپلا تۈگىتىپ، ئەتىيازغا چىققاندا يەنە شۇ پىتلاپ كەتكەن ئەسكى چاپىنى بىلەن قالىدىكەن...

— سەنچۇ؟ — دەپ سورىدى سەمەت، — سەنمۇ بىر «دەتتىكام!» دەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ باقمىدىڭمۇ؟

— خۇدايا توۋا دېسىلە، — دېدى قۇۋان، — مەن قىمار بولۇۋاتقان يەرگە مۇنداق بويۇنداپ قاراپ باققانمۇ بەندە ئەمەس... شۇنداق قىلىپ، خاڭدا قىمارغا پەقەت ئارىلاشمىدىم. ئاز كۈن ئۆتمەيلا لىگىسى① ئىشلىگەن پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى تۇتۇپ قېلىپ، يېرىمىنى قولۇمغا بېرىپ: «سەن پايدالىق تەگمەيدىغان ئادەمكەنسەن» دەپ خاڭدىن قوغلىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەمەت كۈلۈپ كەتتى.

— ھە، خاڭدىن قوغلاندى بولۇپ يەنە نەگە باردىڭ؟ نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— «كەمبەغەل بولساڭ شەھەر تالاش» دېگەن گەپ راستىكەن، — دېدى قۇۋان، — يەنە شەھەرگە قايتىپ كىرىپ خەقنىڭ ئۆگزىسىنىڭ قارىنى تازىلىدىم، سۇچىلىق قىلدىم.

— سۇچىلىق قىلدىم دېگىنىڭ نېمە گەپ ئۇ؟ سۇ ساتتىڭما؟

— سۇ ساتتىم.

— ئىلىخودا سۇنى پۇلغا ئالامدىغۇ؟

— ئالىدىكەن... غۇلجىنىڭ شەھەر ئىچى، بوينىكىسىك دېگەندەك مەھەللىلىرىگە ياغاچ تۇڭنى

① لىگىسى — خاڭدىكى ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم.

ئېشەككە ئارتىپ سۇ ئاپىرىمىز. ئۆزىمىزنىڭ چۆپقەتلىرى بار. سەھەردە سۇنى ئەكىرىپ تۇڭلىرىغا قۇيۇپ بېرىپ پۇل بەرسە پۇلىنى ئالىمىز، بولمىسا تامغا بىر جىجاق جىجاپ قويۇپ ئون ـ ئون بەش كۈندە بىر ھېسابلىشىمىز. سىلى ئاڭلىدىلىمىكىن، غۇلجىدا ئىسمايىل، ھاشىمجان دېگەن داڭلىق سۇچىلار باركەن. ئىسمايىل دېگىنى ئۇستىگە يوغان سۇ تۇڭىنى ئورناتقان، ئىككى ئات قاتقان ھارۋىدا شەھەردىكى جىمى ئاشپۇزۇللارغا سۇ توشۇيدۇ. ھاشىمجان سۇچى دېگەنلەر چوڭ سۇچى ھېسابلىنىدۇ. سۇ توشۇيدىغان بەش ـ ئون ھارۋا، ئون ـ يىگىرمە ئېشىكى بار. مەن شۇ ھاشىمجان سۇچىغا ياللىنىپ ئىشلىگەن. بىزدەك ئېشەك بىلەن سۇ توشۇيدىغانلار كىچىك سۇچى ھېسابلىنىدۇ. تاپقان پۇلنى ھەر كۈنى ئۇدۇللۇق ھاشىمجانغا ئۆتكۈزىمىز. ھاشىمجان بىزگە تېگىشلىكىنى ئايرىپ بېرىدۇ. ھەر كۈنى تاپقان پۇل قورساققا ئارانلا دال بولىدۇ... سۇچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان بىچارىلەرمۇ خېلى بار. تۇردى سۇچى دەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان، ئەپكەشتىلا سۇ توشۇيتتى. سۇنى چايقىلىپ كەتمىسۇن، دەپ سۇنىڭ ئۇستىگە ياغاچ ـ تاشلارنى قوياتتى. ئۆزىغۇ ۋىجىك، ئورۇق ئادەم، كۆرسىلە، كۆتۈرگەن چېلەكنىڭ يوغانلىقىغا قاراپ ھەيران قالىلا، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرەلمەيدۇ...

— بولدى، بولدى، قوۋان، بەك جىق گەپ قىلىپ كەتتىڭ.

— ئاخىرىدا دەيدىغان بىر گېپىم، — دېدى قوۋان، — سىلى...

— ئەستاغپۇرۇللا، قوۋان، مەن ساڭا مۇشۇ سىلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دېگەن گېپىڭنى ئۆزگەرت، دەپ يولدا كەلگۈچە قانچە قېتىم دېدىم...

— «سىلى» دەپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، «سەن» دەيدىغانغا تىلىم بارمايدىكەن.

— «سەن» دەۋەر، «سىلى» دېگەن گەپ ماۋۇ ئىلىخودا بەزىلەرنىڭ قۇلىقىغا «ئاناڭنى پالان قىلاي» دېگەندەك ئىشىتىلىدىغان ئوخشايدۇ. «سىلى» دېسەڭ بەك ئاچچىقى كېلىدۇ. «سەن» دېگىنى بىر ـ بىرىنى يېقىن كۆرگىنى، ئۆزىدىن ياشتا ناھايىتى چوڭ ئادەملەر بولسا ئاندىن «سىلى» دەيدىكەن... تازا ئىنچىكە يەرلىرىنى مەنمۇ تازا ئۇقۇپ كەتمەيمەن... بولدى، باشقا گەپنى قويۇپ «سەن» دەۋەر. باشتا قوپال بىلىنىدۇ، كېيىن ئۆگىنىپ قالىسەن... ھە، ئاخىرىدا دەيدىغان بىر گېپىم، «سىلى» دېگەندەك قىلىۋېدىڭ، ئاخىرىدا نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟

— ئاخىرىدا... ئاخىرىدا... دەي دېگەن گېپىم، سىلى ھاراقنى بەك كۆپ...

— يەنە «سىلى» دېگىلى تۇردۇڭغۇ؟...

— ھە، ھاراقنى كۆپ ئىچىدىكەنسەن، چوڭ كۆۋرۈكتىكى جېدەللەرنىڭ ھەممىسىدە سېنى بار دەيدۇ... بىز ماۋۇ يۇرتقا مۇساپىر جۇما!

— قۇۋان، مەن ساڭا قانچە قېتىم ئېيتتىم، ئىچىم سىقىلىدۇ، ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ئاكام بىلەن لەيلىگۈلنى ئىزدەپ تاپالمىدىم...

— سەمەتئاخۇن، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يولدا چىققۇچە دەپ بولدۇڭلار.

— شۇنداق بولدىما؟... سېنى يېقىن كۆرۈپ... ئەمما، قۇۋان، مەن ساڭا دەپ قوياي، مېنىڭ مۇشۇ ھاراقتىن

باشقا خۇمارىم يوق جۇما. يا نەشە چەكمەيمەن، يا قىمار ئوينىمايمەن، بىزنىڭ بۇ سالچىلارنىڭ ئىچىدە نەشە چېكىدىغانلارمۇ خېلى بار. ماۋۇ يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەندىن بېرى نەشە چېكىشنى چەكلەپ، ئالتە شەھەر تەرەپتىن نەشە ئاچىقىپ ساتىدىغانلارنى تۇتقىلى تۇرۇۋىدى، سالچىلىرىمىز چېكىدىغانغا نەشە تاپالماي، سال توختىغان يەردە توقايلىقتا كىرىپ ئالىقىنىنى نەمدەپ ياۋا كەندىرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا سۈركەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرىمۇ قىزىقكەن. شەھەردە بىزنى يىغىپ ئۆگىنىش قىلىپ: «ئەمدى ئىشچىلار سىنىپى دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولىدۇ. بۇرۇنقىدەك قالايمىقان ئىشلىرىڭلارنى تاشلاڭلار، بېلىڭلاردىكى پوتاڭلارنى يېشىۋېتىپ، چاچ قويۇپ، مەدەنىي يۈرسەڭلار بولىدۇ...» دېۋىدى، ھەممە سالچى: «بەلگە پوتا باغلىماي، بېشىمىزغا چاچ قويۇۋېلىپ يۈرسەك خوتۇن كىشىدىن نېمە پەرقىمىز بولىدۇ» دەپ غۇدۇراپ كەتتى... بۇ يەردە تۇرۇپ ئەجەبمۇ قۇرۇق گەپكە چۈشۈپ كەتتۇقا. يۈرە، ئەنە ئاۋۇ دۆڭ تەرەپتە ھۇسەننىڭ ئۆيى بار. كىرىپ پەتە ئوقۇپ قوي. ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆلۈپ كەتتى.

— ئاكىسى، قاچان؟

— ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مەديان دېگەن يەردە سال دۇم بولۇپ كېتىپ شۇ يەردە قازا قىلدى.

— مانا مۇشۇنداق ئەمەسمۇ، — دېدى قۇۋان، — يەنە سىلى... ھوي «سىلى» دەپ سالدىما... يەنە سەن ھە دېسىلا مېنى سالچى بول، دەپ قىستايسەن.

— سالچى بولمىغان ئادەم ئۆلمەمدىكەن؟ — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەمەت، ــ تۇغۇلدۇڭمۇ بىر كۈنى ئۆلىسەن... قورقما، سالچىنىڭ كۈنى ياخشى بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ماۋۇ قارا كۆلدىن سالغا ئولتۇرۇپ ماڭساڭ تا شۇ شەھەرگە يېتىپ بارغۇچە سالچىلارنىڭ جېنىنى سىرقىرىتىدىغان نۇرغۇن خەتەرلىك تاشلار بار، ماۋۇ يېگى ھۆكۈمەت ئادەم چىقىرىپ ئۇ تاشلارنىڭ ھەممىسىنى پارتلىتىپ، دەريانىڭ ئېقىنىنى راۋان قىلغۇدەك... قۇۋان، مەن ساڭا دەپ قويغاي، مۈگدەپ قىلىپ ئاشۇنداق يامان تاشلارغا ئۇسۇۋالىدىغان ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ سالچىلىقمۇ يامان ئىش ئەمەس جۇما... تازا يازنىڭ كۈنلىرى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇدىن كېلىۋاتقان گۈر ــ گۈر سالقىن شامالغا مەيدەڭنى تۇتۇپ ماڭساڭ ھۇزۇرلىنىپ كېتىسەن. ئەتراپىڭدىكى ياپيېشىل توقايلار، يىراقلاردىكى ئاقباش تاغلار، دەريا بويىدا ئوتلاپ يۈرگەن قوزا ــ تايچاقلار، ئاراللاردىكى دەرياغا قارماق تاشلاپ ئولتۇرغان بېلىقچىلار، نەلەردىدۇر قىيغىتىپ ئويناپ يۈرگەن قىز ــ يىگىتلەر كۆز ئالدىڭدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ بىر دەمدىلا ئارقاڭدا قالىدۇ. ئەتراپىڭدىكى مەنزىرىلەرگە تويماي قاراپ يۈرەكلىرىڭ ئويناپ كېتىدۇ. شۇنداق چاغلاردا شەھەرنىڭ قىستا ــ قىستاڭ توپىلىق كوچىلىرىدا ئالدى ــ ساتتى قىلىشىۋاتقان ئوقەتچىلەرگە، دىمىق، تار دۇكانلاردا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ھۈنەر قىلىۋاتقان كاسىپلارغا، كۈن ئوتتەك قىزىتىپ تۇرغان ئېتىزدا ساپان سۆرەۋاتقان دېھقانلارغا ئىچىڭ ئاغرىپ قالىدۇ...

## قىرىق تۆتىنچى باب

# ياغاچ كەسمەيمەن

تاغ ئېتەكلىرىدە مالچىلارنىڭ شۇنداق بىر ئاجايىپ ئۆيلىرى ئۇچرايدۇ. قايسى زامانلاردا، كىملەرنىڭ ياسىغانلىقىنى بىلمەيسىز، قېلىن توپا تام، ئۆگزىسىگە ئېگىز قىلىپ بېسىۋېتكەن ئوت ـ چۆپلەر، قىشچە يوچۇقلىرىغا كىگىز قېقىپ قېلىنلاپ كەتكەن ئىشىكلەر، راملىرى قەغەز بىلەن يەملەنگەن پەنجىرىلىرى، هويلىدىكى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرىدىكى قوپال، يوغان مىخلارغا ئېلىپ قويغان هەر خىل ئات جابدۇقلىرى، قانداقتۇر بىر تاسما، ئارغامچىلار، ئۆيگە يانداپ سېلىنغان مال ئېغىللىرى سىزگە قويۇق مالچىلار تۇرمۇشىنىڭ پۇرىقىنى بېرىپ تۇرىدۇ. قىشتا بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر دۆۋىسى ئۇستىگە ياغقان قار بارغانسېرى ئۆز ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي تۆت تەرەپكە ساڭگىلاپ كېتىدۇ. مۇنداق چاغلاردا يىراقتىن قارىسىڭىز بۇ ئۆيلەر تاغ باغرىدىكى يوغان بىر موگۇغىلا ئوخشاپ قالىدۇ. مۇنداق ئۆيلەر تولىراق مالچىلار «قىشلاق» دەپ ئاتايدىغان جايلاردا بولۇپ، يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولىدۇ. سەمەت قۇۋاننى ئەنە شۇنداق ئۆيلەردىن بىرىنىڭ ئالدىغا باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەلدى. ئۇلار ئۆيگە يېقىنلىشىشى بىلەن ئۆگزىدىكى قۇرۇق چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە مۆگدەپ ياتقان تۇكلۇك قارا ئىت هويلىغا سەكرەپ چۈشۈپ قاۋاپ كەتتى.

— هاي هۇسەن! — دەپ ۋارقىرىدى سەمەت.

ئۆيدىن سەل قورساق سالغان، قاپقارا بۇرۇتلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرغان، بەستلىك بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئىت ئىگىسىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئارقىغا يېنىپ يەنە ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى. قۇۋان هۇسەننى كۆرۈپ تونۇمىغىلى تاسلا قالدى. ئۇ قۇۋان ئىلگىرى كۆرگەن نىپىز لەۋلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىنچىكە سىم بۇرۇت قويۇۋالغان ئورۇق يىگىتكە زادىلا ئوخشىمايتتى.

— هۇسەن، قارا، مەن كىمنى باشلاپ چىقتىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى سەمەت.

— هوي، بۇ قۇۋانغۇ، — دەپ يىراقتىن قۇچاق ئېچىپ كەلدى هۇسەن.

ئىككى بۇرادەر دولىلىرىغا ئۇرۇشۇپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. هۇسەن ئۇنىسىز كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ بۇ كۆز يېشىغا ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسىغا بولغان هازا ۋە ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان ئاغىنىسى بىلەن كۆرۈشكەندىكى خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەندى. قۇۋاننىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ياشقا تولدى.

— قېنى يۈرۈڭلار، ئۆيگە كىرەيلى، — دەپ باشلىدى هۇسەن.

مېهمانلار ئۆيگە كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا بوسۇغىدا هۇسەننىڭ خوتۇن - بالىلىرى پەيدا بولدى. هۇسەن ئۈچ باللىق بولغانىدى. بالىلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىككىسى ئوغۇل بولۇپ ئوبدانلا بوي تارتىپ

قالغـانـدى. ئەڭ كـىـچـىـك قـىـزى يۈگـۈرۈپ دادىـسـىـنـىـڭ قۇچـىـقىغا چـىـقـىـۋالدى. شۇ ئارىـدا ياشانغـان بىر ئـايـال كـىـرىـپ ئۇلار بىلـەن سالامـلاشـتى. قۇۋان قـىـسقا بـىـر خـەتمىـقـۇرئان قـىلـىـپ دۇئاغـا قـول كۆتۈردى. دۇئـادىـن كـېـيـىـن هـۆسـەن مېـهـمـانلارغـا بـالـىـچـاقـىـلـىـرىـنـى تونۇشتۇردى:

ــ ماۋۇ مېنىڭ ئاپام، ئاۋۇ خوتۇنۇم، ئـاۋۇ بەڭباشـلار ئـوغۇللـىـرىم، ماۋۇ قـىـزىم. بۇ مېـهمانـلار مـېـنـىـڭ ئـۆز يۇرتلۇقلـىـرىم، يېـقـىـن بۇرادەرلـەر، ماۋۇ سەمـەتـئـاخۇنـنـى تونۇيـسىلـەر، هـازىـر قاراكۆلـنـىـڭ كونـا سالچـىـلـىـرىـدىـن بـولۇپ قالـدى. ئـاۋۇ قەشـقـەردىـن چـىـقـقـانـدىـن بـېـرى كۆرۈشمـىگـەن ئاغىـنـەم قۇۋان... قېنى، ئوبدان توقلـىـدىـن بىرنى تۇتۇپ كېلىڭلار، قـازانغا گۆش سـالايلى، خوتـۇن، ئاۋۋال مېهمانلارغا چاي...

هـۆسـەنـنـىـڭ ئـايالـى گـۈلـى داسـتـىـخـان سـېـلـىـپ مېهمانلارغا چاي قۇيدى. ئۇ ئۈچنى تۇغقان بولسىمۇ يەنـە ئـىـكـكـى مەڭزىـدىكى قـىـزىللـىـق كەتمـەي قـىـز بالـىـدەك تۇرغانـدى.

ــ خۇدايا تووۋا، ــ دېدى قۇۋان قىزىق جايدىن ئوتـلاپ تۇرۇپ، ــ مۇز داۋاندىن چۈشۈپلا مۇشۇ قاراكۆلدە بىـر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلغانتۇق. خۇدا نېسىپ قىلـىـپ بۈگـۈن يەنە مۇشۇ يەردە جەم بوپتۇق.

ــ ماۋۇ سـەمـەت بـىـلـەنـغـۇ پـات ـ پـات كـۆرۈشـۈپ تۇردۇق، ــ دېدى هۆسەن، ــ سېنىڭ ئىز ـ دېرىكىڭنىمۇ ئالالـمـدۇق، هازىر نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

ــ بىكار، ــ دېدى قۇۋان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ــ ئىلىخودا سەن دوست تارتىشىپ بەرگۈدەك بىرەر ـ يېرىم مەدداھمۇ چىقمىدىما؟

ــ ئىلىخونىڭ خېلى مەدداھلىرى باركەن، نىياز مەدداھ دېدىمۇ بىرسىنىڭ خېلى داڭقى باركەن. ئۇلارغا دوست تارتقۇم كەلمىدى...

ــ ھېلى ئايەتنى خېلى قاملاشتۇرۇپ ئوقۇدۇڭغا، ــ دېدى ھۆسەن، ــ سالچىلار: «بىر مەسچىت سالساق ئىمامەتچىلىك قىلىپ بېرىدىغان ئادەم تېپىلارمۇ؟» دەپ يۈرۈشەتتى. مۇشۇ قاراكۆلنىڭ ئىمامىلىقىنى دەپ قىلامسەن ـ يە؟

ــ ئىمامەتچىلىككە شەرتىم توشمايدۇ، ــ دېدى قۇۋان.

ــ قانداق؟

ــ بىرىنچىدىن، ئۇششاق سۈرىلەرنى ئانچە ـ مۇنچە بىلگىنىم بىلەن چوڭراق ئايەتلەردىن خەۋىرىم يوق. جامائەتكە باش بولالمايمەن. ئىككىنچىدىن، ھازىر ئۆزۈم بويتاق، بويتاق ئادەمنىڭ ئىمام بولۇشىغا شەرتى توشمايدۇ... ئۈچىنچىدىن... ئۈچىنچىدىن...

ــ بولدى، بولدى، ــ دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى سەمەت، ــ بۇ قۇۋان بىر ئىشنى قىلمايمەنلا دېدىما، بولدى، مۇشۇنداق باھانىسى تۈگىمەيدۇ.

گۈلى يوغان لېگەندە كېسىلگەن يېڭى تاۋا نانلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ داستىخانغا چاچتى. مېھمانلارنىڭ چېيىنى لىقلاپ قويدى.

ــ قېنى چاي ئىچىڭلار، ــ دېدى ھۆسەن، ــ باللار ھېلىلا مالدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىدۇ.

ــ ھازىر بىزگە چاي قۇيۇپ چىقىپ كەتكەن مەزلۇم ئايالىڭ بولامدا؟ ــ دەپ سورىدى قۇۋان.

ــ ھە، ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى شۇ،ــ دېدى ھۆسەن.
ــ ھېلىقى... بىز دەريا بويىدىنلا قولىدىن تارتىپ ئەپقېچىپتۇ، دەپ ئاڭلىغان قىز شۇمۇ؟
ــ شۇ.
ــ ئەپقاچقۇچىلىكى باركەن،ــ دېدى قۇۋان،ــ نىكاھ ئوقۇتقانسەن؟
ــ نىكاھ ئوقۇتماي قانداق خوتۇن قىلغىلى بولىدۇ؟
ــ شۇنداق، نىكاھ ئوقۇتماي بولمايدۇ... ئەمدى ئالتە شەھەر تەرەپتە قالغان چوكانلار ئېسىڭدىن چىقىپتۇ ـ دە؟
ــ قايسى چوكانلارنى دەيسەن؟
ــ ۋەي ھۆسەن،ــ دەپ ئاغىنىسىگە ھەيران بولۇپ قارىدى قۇۋان،ــ بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالدىڭما؟... قەشقەردىن كەلگۈچە يۇرتتىكى چوكانلارنىڭ تولا گېپىنى قىلىپ ئاغزىڭدىن كۆپۈك قايناپ كېتىۋېدىغۇ؟
ــ ھە، ئۇ ماڭغۇچە قىلغان بىر پاراڭ دېگىنە... ياشلىقتا ئادەم بەزى بەڭباشلىقلارنىمۇ قىلىپ سالىدىكەن...
ــ ماۋۇ قىزغا كېيىن كاتتا توي قىلىپ بەرگەنسىلەر؟
ــ نەنىڭ تويى،ــ دەپ كۈلدى ھۆسەن،ــ «مانا تويۇڭنى قىلىپ بېرىمىز، ئەنە قىلىپ بېرىمىز» دەپ گۈلنى گوللاپ يۈرۈپ ئىككى باللىق بولۇپ كەتتۇق. باللار تۇغۇلغاندىن كېيىن گۈلمۇ بىزنىڭ كەمبەغەللىكىمىزنى كۆرۈپ تەقدىرگە تەن بەردى. بولمىسا، يۈلنىمۇ تاپمىدۇق ئەمەس، تاپتۇق. ھەي شۇ رەھمەتلىك ئاكامنىڭ غەلىتە مىجەزلىرى بار ئىكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



باشقا ئادەمنىڭ ساللىرى غۇلجىغا تۆت ـ بەش كۈنگە قالماي يېتىپ بارسا، ئاكام ھەيدىگەن سال ئون كۈننىڭ قارىسىنى ئالماي بارالمايتتى. «نېمە بولدى؟» دېسەڭ، سال پالانى يەردە قېيىداپ قالدى، پوكۈنى يەردە كۆككە مىنگىشىپ قالدىلا دەيتتى، باھانىسى جىق. ئاكامغۇ سالغا ئۇستا ئىدى. نېمە قىلىدۇ دېسەڭ، بەش ـ ئون قىمارۋاز يولغا تەڭ چىقىپ، غۇلجىغا بارغۇچە توقاي ـ توقايدا قىمار ئويناپ، يانچۇقىدا ھېچنېمە قالمىغاندا ئاندىن شەھەرگە كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زادى ئىلگىرى باسمىدۇق. كېيىن ئاچچىقىم كېلىپ مەنمۇ ئاكام بىلەن بىللە ماڭمايدىغان بولغان...قېنى، چاي ئىچىڭلار.

ھۇسەن داستىخاندىكى نانلارنى ئوشتۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ــ ھە، گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈۋەت، ــ دېدى سەمەت.

ــ بىر كۈنى، ــ دېدى ھۇسەن، ــ ئاكاملارنىڭ سالى ھېلىقى بىز گۈلنى ئەپقاچقان يەرنىڭ ئەتراپىدا بىر ـ كۈن قونماق بولۇپ توختاپتۇ. سالچىلار قىرغاقتا چىقىپ ئوت يېقىپ چاي قايناتماقچى بولۇپ سۇ ئەكېلىپ، چېلەكنى ئۈچ پۇتلۇق ياغاچ ئوچاقتا ئېسىپتۇ. سالچى دېگەننىڭ چېلەك، كاتىلوكتىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. چاينىمۇ شۇ چېلەكتە قاينىتىدۇ. گۆش تاپسا گۆشنىمۇ شۇ چېلەكتە پىشۇرۇپ يەيدۇ. تاماقنىمۇ شۇ چېلەكتە ئېتىدۇ. كاتىلوك...

ــ نېمە ئۇ «كاتكۇلۇك» دېگەن؟ ــ دەپ سورىدى قۇۋان.

ــ كاتكۇلۇك ئەمەس كاتىلوك، ــ دېدى ھۇسەن، ــ تۆمۈر قاچا. بىقىندىن ئېسىۋالىدىغان تاسمىلىرى بار.

ئەسكەرلەر ھەربىي يۈرۈش قىلغان چاغلىرىدا ئىستىقاللىدىكەن. مىللىي ئىنقىلابتىن كېيىن سالچىلار كۆپ ئىشلىتىدىغان بولغان. چاي ئىچىپ، تاماق يەيدىغان قاچا ھەم قول يۇيىدىغان چۆگۈن... ئىشقىلىپ، كاتىلوكتىن بىرنى تېپىۋالسا نەچچە ياغزا ئىشقا ئىشلىتەتتى... بىچارە ئاكام ھېلىقى بىز گۈلنى ئەپقاچقاندا گۈلى ماڭا سۇ بېرىمەن، دەپ سالغا ئېلىپ چىققان چېلەكنى تاشلىۋەتمەي، شۇنىڭدا چاي قاينىتىپ ئىچىپ يۈرۈپتىكەن، بىر موماي سالچىلار ئوت ياققان يەرگە كېلىپ ئوتنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويغان ھېلىقى چېلەككە تازا سىنچىلاپ قاراپ كېتىپتۇ. ئاكام: «ھە، موما، بۇ چېلەككە تازا قاراپ كەتتىڭغۇ، چېلەك كۆرمىگەنمىدىڭ؟» دەپتىكەن. موماي: «بالام، مەن بۇ چېلەكنى تونۇغاندەك قىلىمەن» دەپتۇ. ئاكام ئېرەنشىمەيلا: «ئاپا، تونۇساڭ تونۇغانسەن، سالچىنىڭ چېلىكىنى كىم تونۇمايدۇ. مۇشۇنداق تېشى قاپقارا، سەت...» دەپتۇ. موماي: «دۇنيالىقتا بىر نەۋرە قىزىم بار ئىدى. ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئاشۇ چېلەكنى كۆتۈرۈپ سۇغا بېرىپ سۇدا ئېقىپ كەتكەن... بۇ چېلەك شۇ قىزىمنىڭكىدەك قىلىدۇ...» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاكام نېمە دېيىشنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئويلاپ باقسا راست، گۈلنى مۇشۇ ئەتراپتىن ئېلىپ كەتكىنى ئېسىگە كەپتۇ، مومايدىن: «قىزىڭىزنىڭ ئېتى نېمىتى؟» دەپ سوراپتۇ. موماي: «گۈلى» دەپتۇ، ئاكام يۈگۈرۈپ بېرىپ موماينى قۇچاقلاپ: «ۋاي جېنىم ئاپا، قىزىڭىز ھايات بار، بىز قىزىڭىزنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ، سال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كەتكەن، ئىنىمگە نىكاھلاپ قويغان. ھازىر ئوماق ئىككى چەۋرىكىزمۇ بار» دەپتۇ. موماي بۇ گەپلەرگە ئۆزىنى ئىشەندۇرەلمەي: «ئايلىناي، بالام، ئېيتقان سۆزلىرىڭ راستمۇ؟... گۈلى قىزىم ھاياتمۇ، قىزىمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي...» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە گۈلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى گۈلى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كېتىپ، مومىسى بىلەن بوۋىسى ئالدىدا چوڭ بولغانىكەن. تېخى بىرەر يىلنىڭ ئالدىدا بوۋايمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، موماي تىنكەندەك يالغۇز قالغانىكەن. ئاكام شۇ قېتىم مومايىنى لاقا ـ لۇقىلىرى بىلەنلا سالغا بېسىپ شەھەرگە ئەكېردى. ھەممىمىز جەم بولدۇق. گۈلى بەك خۇشال بولدى. بايا كىرگەن چوڭ ئايال ئاپىمىز شۇ. شەھەردە بىرسىنىڭ قورۇسىدا قوشنا ئولتۇراتتۇق. كېيىن ھەممىمىز بۇ يەرگە كۆچۈپ چىقتۇق. ئاپىمىزنىڭ تۇرمۇشقا ئېپى بار ئىكەن. ئازراق مېلىمىز بار. باللار باقىدۇ، ئۆزۈم تاغدا ياغاچ كېسىمەن...

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ھۆسەننىڭ ئىككى ئوغلى بىر توقلىنى ئىشىك ئالدىغا ئەكەلدى.

ــ قېنى، دۇئا بېرىڭلار! ــ دېدى ھۆسەن.

سەمەت بىلەن قۇۋان بىر ـ بىرىگە قاراشتى ـ دە، قۇۋان دۇئاغا قول كۆتۈردى.

※ ※ ※

شۇ كۈنى بۇ ئۈچ ئاغىنە ئۈچۈن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك

بىر كىچە بولدى. ھۆسەننىڭ ئوغۇللىرى ياندىكى ئۆيدە ياتاتتى. تاماقتىن كېيىن گۈلىمۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ ئورنىنى سېلىپ بېرىپ، قىزىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى. ئۈچ ئاغىنە ئايرىلغاندىن بېرى باشلىرىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ تۈننى تاڭغا ئۇلىۋەتتى. ھۆسەن قۇۋاننىڭ گۈلئايىمنى پاتقاقتىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويغان ھېكايىسىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ يۇمىلاپ كەتتى.

— ھە، قۇۋان، گەپ قىلە، — دەيتتى ھۆسەن، — شۇنداق قىلىپ ئۇ خېنىمنىڭ ئەمچەكلىرى قويغان ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىكەن - دە؟... سەنمۇ تارتىنماي يوغان يانپاشتىنلا تۇتۇپ كۆتۈردۈڭ؟... كونا كىيىم - كېچەكلىرىمنى پەگاھقا سېلىپ قويۇپلا خېنىمنىڭ قوينىغا كىرىپ يوقاپ كەتتىم، دېگىن. شۇ يوقاپ كەتكەنچە ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ ئۆيىدىن بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاران چىقىپسەن - دە؟

— ۋاي، گەپ قىلما، مېنىڭمۇ بىر ئايال زاتىنىڭ قېشىغا تۇزۇكرەك يالىڭاچ بولۇپ بارغىنىم شۇكەن. خېنىممۇ ئېرى ئۆلۈپ يالغۇز ياتقىلى خېلى يىللار بولغاچقا تازا قاغجىراپ كېتىپتىكەن. قۇرۇپ تەييار بولۇپ قالغان ئەسكى سامانلىقتا چوغ چۈشۈپ كەتكەندەكلا ئىش بولدى... ئۇنداق بولغان بىلەن گۈلئايىممۇ ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق خېنىمكەن، قولۇمغا بىرمۇنچە پۇلنى تۇتقۇزۇپ: «بازارغا بېرىپ ئۆزلىرىگە تازا يارىشىدىغان بىر قۇر كىيىم ئېلىپ كىيسىلە» دېدى، ئاندىن مەھەللىدىن ئىمام - مەزىن

باشلىق بەش ـ ئون جامائەتنى چاقىرىپ چىرايلىق نىكاھ ئوقۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىگەمبەردى «يوق»تىن قالغان خادىك ھارۋىغا كۆرپىنى قاتلاپ سالغۇزۇپ، غادىيىپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى بالىخانىلىق ئۆيلىرى بار ھويلىغا بەخۇدۇك كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىغان بولدۇم، بەش ـ ئالتە يىل شۇنداق بايۋەچچىدەك ھۇزۇر سۈرگەنىدىم، ماۋۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ كەلگىنى ماڭا تازا ياراشمىدى جۇما، ــ دېدى قۇۋان ئاخىرىدا ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ.

ــ بولمىسىزە، ئاخىرىغا بېرىپ نەق ئاشۇ ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ ئۆزىلا بولاتتىڭكەن ـ دە؟

ــ ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بىرنېمە بولۇپ چىقماتتىمىكىن. كەمبەغەلچىلىك جېنىمغا بەك پېتىپتىكەن. گۈلئايىم خېنىمنىڭ پۇلىنى تازا بىر خەجلەپ، ئۆزۈمنى خەققە تازا بىر كۆرسىتەي دېگەن... ئۆمەر ئۇستازنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر؟ بىزنى تاكى مۇز داۋانغا كەلگۈچە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ زېرىكتۈرمىگەن. ئۇستازنى ئويلىسام ھېلىمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. كاتتا ئۆلىما ئىدى. بۇ دۇنيادا يا بىر ئىزناسى، يا بىر قەبرىسىمۇ قالمىدى. ئېسىمگە كېلىپ قالسا ئاشۇ ئاقباش تاغلار بار تەرەپكە قاراپ روھىغا دۇئا قىلىمەن. ئۆمەر ئۇستاز بىر ـ ئىككىلا يەردە مەدداھلىق سورۇنى تۈزۈپ، ئازراقلا پۇل تاپسا بولدى قىلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ ئادەم دائىم ماڭا: «قۇۋان، بايلىق دېگەنگە ئادەم ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمىگۈلۈك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئەلفەقىر فەخرى› دېگەن دەيتتى.»

ــ ئۇ نېمە گەپكەن؟ ــ دەپ سورىدى سەمەت.

— كەمبەغەللىك مېنىڭ پەخرىم، دېگەن گەپكەن...
شۇنداق دېگەنبىلەن، ئادەم ئاسماندىن دۆلەت ياغقاندەك تۇيۇقسىزلا باي بولۇپ قالسا زادى كەمبەغەل بولغۇسى كەلمەيدىكەن. قەشقەردىن داۋان ئاتلاپ ئىلىغا پىيادە چىققان ئادەم بۇدا ماۋۇ سەمەتئاخۇننىڭ زورى بىلەن شەھەردىن مۇشۇ قاراكۆلگە چىققۇچە پىيادە مېڭىپ دوزاخنىڭ ئازابىنى تارتتىم. شۇ خېنىمنىڭ ئىسسىق قوينىنى، لەززەتلىك تاماقلىرىنى، خېنىمم بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلىسام يىغلىغۇم كېلىدۇ.
— ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ خېنىمنى ئىزدەپ نەچچە بارغانسەن؟ — دېدى سەمەت.
— باردىم، بىر قېتىم باردىم، — دېدى قوۋان.
— كۆرۈشتۈڭمۇ؟
— ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ يەر - زېمىنى بار بىر مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر ئەسكى تۆت تاملىقنى ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرىپ، كۆز باغلانغان بىر ۋاقىتتا بارغانىدىم، مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. «ۋاي قوۋان، بۇ يەرگە نېمە دەپ چىققانلا؟» دېدى. «بىز دېگەن ئەر - خوتۇن تۇرساق، هال - ئەھۋاللىرىنى سوراپ چىقمىسام قانداق بولىدۇ» دېدىم. ئۇقسام، گۈلئايىم ئولتۇرغان شۇ ئۆيىنى «كىم كېلىپ، كىم كېتىدۇ؟» دەپ نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم باردەك... يېزىدىكى يامان ئادەملەرنى ئاچچىقىپ دۇمبالايدىغان چاغدا گۈلئايىمنىمۇ بىللە سۆرەپ چىققۇدەك. ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ بېخىللىق قىلىپ دېھقانلارنى قاقشاتقانلىرىنىڭ ھەممىۋا ھېسابى شۇ خېنىمنىڭ گەجگىسىگە يېزىلىپتۇدەك...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر كېچە دەككە ـ دۈككىچىلىكتە قۇچاقلىشىپ ياتتۇق. سەھەردە ئەتراپقا يورۇق چۈشە ـ چۈشمەيلا مېنى يولغا سېلىپ قويدى. «قۇۋان، مەن خۇش بولاي، ئەمدى ئىزدەپ كەلگۈچى بولمىسىلا، مۇنداق قاراملىق قىلىسىلا ئۆزلىرىگە ئىش تېپىۋالىلا، خۇدايىمنىڭ ياخشى كۈنلىرىمۇ باردۇ؟ شۇ چاغدا كۆرۈشەرمىز» دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ قالدى. ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ ھېسابىنى خوتۇندىن ئالىدىغان قانداق جاھان بولۇپ كەتتى بۇ؟...

ئارىنى ئازراق سۈكۈت باستى. ئۆي ئىچىنى لامپىنىڭ سارغۇچ نۇرى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. پەنجىرىدىن يايلاق ئاسمىنىنىڭ جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى، يىراق بىر يەردە مالچىلارنىڭ ئىتلىرى ھاۋشىيتتى. يېقىنلا بىر يەردىن نەلەگىدۇر بېرىپ قايتقان بىر سالچىنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

سال دېگەن ئەجەب نەرسە،
ماڭسا سۇدا ئىزى يوق.
ئىلىخومۇ چاغلىقكەن،
ۋاي دېگۈدەك قىزى يوق...

ــ ئاۋۇ ئەخمەقنىڭ گېپىنى، ــ دېدى ھۈسەن، ــ ئىلىخونىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى كۆرمەپتىكەن ـ دە!

ــ ھۈسەن بايۋەچچە، ــ دېدى قۇۋان ئۆتمۈشتىكى بىر چاغلار ئېسىگە كېلىپ، ــ يۇرتتىكى چاغدا چىرايلىقراق بىر چوكاننى كۆرسەك كۆزلىرىڭ ئوينىپ كېتىدىغان، ھازىرمۇ جىم يۈرمەيدىغانسەن؟

ــ جىم بولۇپ قالدىم، ــ دېدى ھۈسەن.

— ھەي ياقەي، مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدى قۇۋان.

— راستىلا جىم بولۇپ قالدىم، — دېدى ھۇسەن، — خوتۇن ئېلىپ، بالىلىرىمىز لەڭگىدە چوڭ بولۇپ قالسا ئۆزۈڭمۇ بېسىقىڭغا چۈشۈپ قالىدىكەنسەن.

— دوپپا بازىرىدىكى قىزىقچىلىقلار ھېلىمۇ ئېسىڭگە كېلىدىغاندۇ؟

— ھەممىسى گۆدەكلىكتىكى بىر سىراغلىقكەن دېگىنە... رەھمەتلىك ئاكام مۇشۇ ئايالىمنى ئۆزى نىكاھلاپ چېتىپ قويغان. «ئۇكام، خەقنىڭ قىز بالىسىنى ئىسسىق ئۆيىدىن ئايرىپ ئەپقاچتۇق. ئەمىزە... ئەمدى بۇ قىزنى ئۇرۇپ - تىللاپ، كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشنى قىلساڭ ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولمايمەن!...» دېگەن گەپ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان. مېنىڭمۇ قىمار دېسە قولۇم قىچىشىپ تۇرالماي قالىدىغىنىمنى سىلەرمۇ ئوبدان بىلىسىلەر، رەھمەتلىك ئاكام: «ھۇسەن ئۇكام، سەن دېگەن بالىچاقىلىق ئادەم، ماۋۇ مەرەزگە يېقىن كەلمە!» دەپ مېنى قىمار بولۇۋاتقان يەردىمۇ تۇرغۇزمايدىغان... گۈلنى ئۆزۈممۇ بەك ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەننىڭ ياقى باشقا خوتۇن خەق خىيالىمغىمۇ كىرمەيدىغان بوپقالدىغۇتالڭ!؟...

— خۇدايىم ئۆزى ئىنساب بېرىپتۇ، — دېدى قۇۋان.

شۇ ئارىدا سەمەتنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا مېڭىپ خورىكى باشلىنىۋىدى، قۇۋان بىلەن ھۇسەن ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋەتتى.

— سەمەتئاخۇن، قوپەۋاي!

— ماۋۇ ئۈچىمىز ئاران بىر جەم بولغاندا كۆزۈڭنى بىر ئاچە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



— ئازراق بىر كۆز يۇمـايلىمۇ، — دېدى سەمەت كۆزىنى زورغا ئېچىپ.

— باياتىن بىرى ھەنىۋا گەپنى بىز قىلدۇق، سەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئاخىرىدا خورەككە چۈشۈپ كېتىۋاتىسەن، سەنمۇ مۇنداق بىر بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ باقە، — دېدى ھۇسەن.

— سۆزلەپ بەرگۈدەك نېمە گەپ بار؟...

— نېمە گەپ بار دەيسىنا؟... سەن توغرۇلۇق ماۋۇ سالچىلار ئارىسىدا گەپ ـ سۆز ئاز ئەمەس جۇما.

— نېمە گەپ ـ سۆزكەن؟ — دەپ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى سەمەت.

— گەپ جىق.

— ھېلىمۇ نېمە گەپكەن؟ ئېيتمامسەن... خەق دېگەن قۇرۇق گەپنى تېپىۋېرىدۇ.

— نېمە گەپ بولاتتى، سەمەتئاخۇن ئاخىرىدا ئۆزگە بىر ئىش تېپىۋالمىسا بولاتتىغۇ، شەھەرنىڭ جالاپلىرىنى بىر باشتىن تېتىپ چىققىلى تۇردى، دېيىشىۋاتىدۇ.

— دەۋېرىدۇ.

— ئۆتكەندە بىر چوكاننىڭ ھويلىسىغا كېچىدە تامدىن ئاتلاپ چۈشۈپ ئېرى بىلەن بوغۇشۇپ قالغىنىڭ يالغانما؟

— يالغان گەپ. مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ ئېرى بار خوتۇنغا كۆز تاشلاپ باققان ئەمەس.

— بىر خېنىم بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىپ، موڭغۇلكۈرەگە باشلاپ ماڭغىنىڭچۇ؟

— راست، شۇنداق قىپتىمەن، — دېدى سەمەت، — مەستچىلىكتە كۆزۈمگە ئاي كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. «يۇرسىلە، سىلىگە يىراق بىر يەردىن ئۆي تۇتۇپ بېرەي»

دەپ باشلاپ مېڭىپتىمەن. گۆكىرەتمىگە[1] كەلگەندە مەستلىكىم يېشىلىپ شۇنداق قارىسام ھېلىقى خوتۇن كۆزۈمگە نېمىلەرچە كۆرۈنۈپ كەتتى. يېرىم يولدىلا قايتۇرۇۋەتتىم.

— شەھەردە خېنىملارنىڭ بەزمىسىنى قىزىتىپ يۈرىدىغان بىر سەتەڭ باركەن، سەمەتئاخۇن شۇ سەتەڭ بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلىمىدىمغۇ؟

— كىمنى دەيسەنكىن؟

— دۇتار چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان سەتەڭكەن. خېنىملارنىڭ بەزمىسىدە ئۇ كەلمىگۈچە داستىخان سېلىنماسمىش...

— بۇ ئىلىخودىكى باي خېنىملارنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرىدىغان سەتەڭلەر بىزدەك يالاڭ ئاياغ سالچىلارغا قارامدا؟ سەن نەدىكى گەپلەرنى دەۋاتىسەن، ھۇسەن؟

— ئەمىسە بۇ گەپ خەقنىڭ ئاغزىغا قانداق چىقىپ قالىدۇ؟

— خەق دېگەن دەۋېرىدۇ... راست، توختا،— دەپ ئويلىنىپ قالدى سەمەت،— بۇ خېلى يىللارنىڭ ئالدىدىكى گەپ، قەشقەردىن چىقىپ قالغان شۇنداق بىر ئۇسسۇلچى خېنىم بىلەن بىر - كېلىش قىلىپ قالغان. شۇنى دەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ھە، قېنى دەپ باقسىلا،— دەپ شىپقاپ يېقىن كېلىپ ئولتۇردى قۇۋان،— قەشقەردىن چىققان سەتەڭ بولسا بىزمۇ تونۇمدۇق، سىلى قانداق تونۇشۇپ قالغان؟

— قۇۋان، مەن ساڭا «سىلى» دېگەن گېپىڭنى قوي، دەپ قانچە قېتىم دېدىم؟

[1] گۆكىرەتمە — غۇلجا يېزىلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— «سەن» دەيدىغانغا زادى تىلىم بارمايدىغۇ تاڭ.

— «سەن» دەۋەر... بۇ گەپنى قىلىپ بەرسەم گەپنى سەل يىراقتىن باشلىسام بولىدۇ... بىر قېتىم شۇنداق ئەر - ئايال ئارىلاش ئولتۇرغان بىر سورۇندا بولۇپ قالدىم. بىر ئاغىنىنىڭ تويىمۇ ياكى باشقا ئىشمىدى، تازا ئېسىمدە يوق. ساز دېگەن چېلىنىپ، ئۇسسۇل دېگەن بولۇۋاتىدۇ. بىر سەتەڭنىڭ ئېيتقان ناخشىسى بىلەن ئوينىغان ئۇسسۇلى جىمى ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. يېنىمدا ئولتۇرغانلار «بۇ خېنىم قەشقەردىن يېڭى چىقىپتىكەن. ئۇسسۇلنى كارامەت ئوينايدىكەن. ناخشىنىمۇ ئەجەب چىرايلىق ئېيتىدىكەن» دېيىشىپ كەتتى. تازا سەپسىلىپ قارىسام ھېلىقى چوكاننى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن. ئاق سېرىق كەلگەن، ناھايىتى كېلىشىملىك چوكانكەن. نەدە كۆرگەنلىكىمنى زادى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەندە قوپۇپ تالاغا چىقسام ئارقامدىن بىرەيلەن: «سەمەت نوچى!» دەپ چاقىرغاندەك قىلدى، چۆچۈپ كەتتىم. مېنى ئىلىخودا ھېچكىم «سەمەت نوچى» دەپ چاقىرمايدىغان، «بۇ كىمدۇ؟» دەپ ئارقامغا قارىسام ئالدىمدا ھېلىقى ئۇسسۇلچى خېنىم تۇرىدۇ. «سەمەت نوچى، مېنى تونۇمىدىلا - ھە؟» دېدى. «تونۇغاندەك قىلدىم، زادى ئېسىمگە ئالالمىدىم» دېدىم. «قەشقەردە ھېلىقى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ بېغىدا خىزمەتلىرىدە بولۇۋىدىمغۇ؟» دېۋىدى، ئاندىن ئېسىمگە كەلدى. «ھە، سېرىق قۇشقاچما؟» دېۋىدىم. «ئەمدى ئەسلىرىگە كەلدىم» دەپ خۇشال بولۇپ خېنىمنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

بەلكىم سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بىر زامانلاردا ھەزرەت سەيلىسىدە نوچىلىقى بىلەن ھەزرەت سەيلىسىنى سوراپ يۈرگەن ئىبراھىم «جودا» دېگەن بىر ئادەم باركەن. ئۇ كۆپ يەرلەردە يەر ـ زېمىنى بار باي ئادەمكەن. كېيىن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىپ «ئىبراھىم ھاجىم» دەپ نام ئاپتىكەن. بىر سەۋەبلەر بىلەن ماڭا بىر قېتىم شۇ باي ھاجىمنىڭ قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى بىر كاتتا بېغىدا مېھمان بولۇشقا توغرا كەلگەن. سورۇنغا قەشقەرنىڭ نوچىلىرى بىلەن سەتەڭلىرى يىغىلغانىكەن. ئالامەت كاتتا سورۇن بولغانىدى. شۇ چاغدا بۇ «سېرىق قۇشقاچ» ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقانىدى.

— «سېرىق قۇشقاچ» دېگەن نېمە گەپكەن؟ لەقىمىمۇ، ئېتىمۇ؟

— ئاق سېرىق كەلگەن بۇ خېنىم قۇشقاچتەك توختىماي سايراپ تۇرغاچقا «سېرىق قۇشقاچ» دەپ لەقەم ئالغانىكەن. ئۆزىنىڭ ئېتى نېمىتى... ھە، ھەسەلخان. «رەھمەت، خېنىم، شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدىن مېنى ئۇنتۇماي تونۇۋاپلا، يەنە بۇرۇنقىدەكلا چىرايلىق تۇرۇپلا» دېدىم. ھەسەلخان: «تونۇمامدىغان، ئۆز يۇرت ئەمەسمۇ، بىزمۇ ماۋۇ ئىلىخوغا مۇساپىر بولۇپ قالدۇق. پات ـ پات كېلىپ ئەھۋالىمىزنى سوراپ قويسىلا» دەپ تۇرۇشلۇق ئورنىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئارقىسىغا يېنىپ بەزمە بولۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ «سېرىق قۇشقاچ» بىلەن بىر ـ ئىككى يىل ئىزدىشىپ يۈردۈم. كېيىن بولدى قىلدىم.

— نېمىشقا؟ — دەپ تەڭلا سورىدى ھۇسەن بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قۇۋان، ــ ئۆز يۇرتلۇقكەن، چىرايلىقكەن، ماقۇل كەلسىلا ئېلىپ قويساڭ بولمامتى؟

ــ يا ئاللا! ــ دېدى سەمەت، ــ ئۇنداق خوتۇنغا ئەر بولۇپ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولغىلى بولامدۇ، خىراجىتى ئالامەت چوڭ خوتۇنكەن، پۇللا دەپ تۇرىدۇ.

سېرىق قۇشقاچ ھارامزادە،
شېكەر بەرسە سايرايدۇ...

دېگەن بېيىتلارنى ئاڭلىغانما؟ مانا شۇمۇ ئاشۇنداق خېنىملارغا ئاتاپ توقۇلغان قوشاقلار، پۇلنى ئېلىپ، سېنى رازى قىلىپ ئىشكتىن چىقىرىۋېتىپلا يەنە باشقا پۇلى بارلارغا سايرايدۇ.

ــ يا ئاللا! مەن گۇلئايىمنىڭ قەدرىگە يەتسەم بولغۇدەك جۇما، ــ دېدى قۇۋان.

ــ شۇ گۇلئايىمنىڭنى تاشلىۋەتمەي ئىزدەپ تۇر، ــ دېدى سەمەت، ــ ھازىر پومپىشچىك خوتۇندىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ، بىر كۈنى ئەسقىتىپ قالىدۇ.

ــ توۋا دەيمەن، ــ دېدى قۇۋان، ــ پومپىشچىك خوتۇننى كەمبەغەل ئالسا نېمە بولىدىكەن، ھېچ چۈشەنمىدىم...

ــ قۇۋان، ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟ ــ دەپ سورىدى ھۆسەن.

ــ نېمە ئىش قىلاتتى، مەن بىلەن سال ھەيدەيدۇ، ــ دېدى سەمەت.

قۇۋان يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ــ سال ھەيدەشتىن قورقساڭ مەن بىلەن تاغقا چىقىپ ياغاچ كەس، ــ دېدى ھۆسەن، ــ سالغا ئوخشاش جىق

ھەشەممۇ كەتمەيدۇ، ناھايىتى پالتا، ھەرە، پانا قاقمىدىغان چوڭ بولقا، ئىبكەك، پىچاق، تۆت ـ بەش شىنا دېگەندەك ئەسۋابلىرىمىز بار. ئەسۋابلارنى كۆتۈرۈپمۇ يۈرمەيمىز. تاغدىن چۈشكەندە قارىغاينىڭ ئاستى تەرىپىدىكى بىر يەرلەرگە تىقىپ قويۇپ قايتىپ كېلىۋېرىمىز. ھازىر ئادەملىرىمىز چېكىرتى، سارقۇۋا، تەكچى، قاراڭغۇ ساي، شوتىنىڭ ئۈستى تەرەپلەردىن ياغاچ كېسىۋاتىدۇ... كەسكەن ياغاچنى ئاتلارغا سۆرىتىپ تاغ بېتىدىن چۈشۈرىمىز. سايىنىڭ تاپىنىغا بارغاندا ئوتتۇرىسىدىكى تەڭنىسىنى ئېلىۋەتكەن بىرىشكا ھارۋىلارغا① قاچىلاپ، تۆت ئات قېتىپ سۆرىتىپ، دەريا بويىلىرىغا يەتكۈزۈپ كېلىمىز. جاپالىق يەرلىرىمۇ خېلى بار. ئەمما، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىش. ئايھاي! تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپىڭغا قارىساڭ ئېلىخو دېگەننىڭ چىرايلىقلىقىغا شۇ چاغدا قايىل بولىسەن.

— ھۆسەنئاخۇن، — دېدى قۇۋان، — بىز شۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئاندىن بۇ ئېلىخو دېگەنگە چۈشكەنغۇ؟

— ئۇ چاغدا بىز يولنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، جان قايغۇسىدا ئەتراپقىمۇ تۈزۈك قارىماپتىمىزكەن. ئۇ يەردىكى ياپيېشىل قارىغاي، سۈپسۈزۈك سۇلارنىغۇ دېمەيلا قوياي، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تولىلىقىغا ئەقلىڭ ھەيران قالىدۇ، تاغ تېكىسىنى بىلىدىغانسەن؟

— نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن، تاغ تېكىسى دېگەن شۇ ئۆچكىنىڭ ياۋىسى.

— ھەببەللى، بىلىدىكەنسەن، تېكە دېگەن بىزنىڭ يۇرتنىڭ جاڭگاللىرىدا بىرەر ـ بىرەر ئۇچراپ

---

① بىرىشكا ھارۋا — رۇسلاردىن كىرگەن تۆت چاقلىق ئۇزۇن ھارۋا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قالىدىغان. ماۋۇ يەردە تاغ تېكىسى دېگەن توپ ـ توپ
بىلەن يورىدۇ. ئارىسىدا بىرسى تاغنىڭ تازا ئېگىز
چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپقا قاراپ كۆزەتتە تۇرىدۇ. سەللا
شەپە بولسا ھەممىسى قاچىدۇ. بۇ يەردە ئوۋچىلار تاغ
تېكىسىنىڭ ئۆتەر يوللىرىغا قاپقان قويۇپ تۇتىدۇ...
ئارقار دېگەننى كۆرگەنمۇسەن؟

— «ئارقار» دەپ ئاڭلىغان، كۆرمەپتىكەنمەن، — دېدى
قۇۋان.

— ئارقار دېگەن قوينىڭ ياۋىسى. قوچقىرىنىڭ
مۈڭگۈزى تولغىماچ، ناھايىتى يوغان بولىدۇ. ئىلىخودىكى
ھەرقانداق چوڭ مازارغا بارساڭ مازارنىڭ تاملىرىغا،
دەرۋازىلىرىنىڭ ئۈستىگە، بەزى قەبرىلەرگە قويۇپ
قويغان مۈڭگۈزلەرنى كۆرىسەن، ھەممىسى ئارقارنىڭ
مۈڭگۈزى. تاغدا، ئورماننىڭ قىرلىرىدا تاغ تېكىسىدىن
تۆۋەنرەك يەرلەردە ئوتلايدۇ. قوچقىرى مۈڭگۈزىنى سەل
كەينىگە قىلىپ بەدىنىنى تەڭشەپ سەكرەيدىغان بولسا
ئالامەت ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ... بۇغىنىمۇ بىلىسەن،
چىشىسىنى «مارال» دەيمىز، بۇ يەردىكى تاغلاردا بۇغىمۇ
شۇنداق تولا، كېچىسى يىقىلغان قارىغايلارنىڭ
يوپۇرمىقىنى يېيىش ئۈچۈن تۆۋەنلەپ چۈشىدۇ. قارىغاي
كېسىدىغان جابدۇقلارنى يىغىپ بىر يەرگە قويمىساق
بۇغا دەسسەپ رەسۋا قىلىدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن
مارال موزىيىدىن ئايرىلىپ قالسا سۈتىنى يەرگە
تېمىتماي، دەريانىڭ سۈيىگە قويۇپ بەرگۈدەك... يەنە
سۆسەر دەپ بىرنېمە بار، قوڭۇر قارا كېلىدۇ، تېرىسى
ناھايىتى قىممەتلىك، پۇتلىرى قىسقا، پاكار، مۈشۈككە
ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆزلىرى دۈپدۈگىلەك، كېچىسى

ياپېپشىل يېپىپ تۇرىدۇ، ئەمما ناھايىتى جاھىل نېمە، قاپقانغا چۈشۈپ قالسا پۇتىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ.ــ كېيىكنى بىلىسەن، بۇ يەردە كېيىكنى «ئېلىك» دەيدۇ. چارۋىچىلار كېيىكنى كۆپ ئوۋلايدۇ. گۆشىنى يەيدۇ، كەينى پۇتىنى قاتۇرۇپ قامچىنىڭ سېپى قىلىدۇ. تېرىسىنى ئەيلەپ، ئېگەر ـ توقۇمنىڭ ئاستىغا كۆرپىلىك قىلىپ سالىدۇ. كېيىكنىڭ كۆزى ناھايىتىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. شۇڭا ئوۋچىلار كېيىكنى ئۆلتۈرىدىغان چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە زادى قارىمايدۇ...

ــ موڭغۇلكۈرەنىڭ تاغلىرىدا جەرەنمۇ بارمۇ؟ــ دەپ سورىدى سەمەت.

ــ كېيىكنىڭ بەدىنى ئۇزۇنراق، ئارقا تەرىپى ئاقۇچراق بولىدىكەن، جەرەننىڭ بەدىنى كېيىككە قارىغاندا قىسقا، ئارقا تەرىپى قارا كېلىدىكەن. بۇ تەرەپلەردە مەن جەرەن كۆرۈپ باقمىدىم... بۇ يەردە ياۋا چوشقىمۇ تولا، ئېيىق، مولۇن، سۈلەيسۈن دېگەنلەرمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. تىيىنمۇ جىق، بەزىلەر: «موڭغۇلكۈرەنىڭ تاغلىرىدا يىلپىزمۇ بار» دەيدۇ، مەن كۆرۈپ باقمىدىم.

ــ ئۇلار بارمۇ؟ــ دەپ سورىدى سەمەت.

ــ ئۇلار بار.

ــ ئۇلار دېگەن نېمە؟ــ دەپ سورىدى قۇۋان.

ــ ئۇلار دېگەن تاغنىڭ بېشىدا بولىدىغان بىر قۇش، ــ دەپ چۈشەندۈردى ھۈسەن، ــ توخۇغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ، بوينىدا ئاپپاق ھالقىسى بار، پۇتلىرى قىزىل بولىدۇ، تاغنىڭ تازا ئېگىز قارلىق چوققىلىرىدا ياشايدىكەن. ئوۋچىلار ئۇنىمۇ تۇزاق قويۇپ تۇتىدۇ. گۆشى، ئۇستىخىنى، ھەممە نېمىسى دورا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېيىشىدۇ... قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك، غاز، كەكلىك دېگەنلەرغۇ تاغنىڭ ئېتەكلىرىدىن تارتىپ دەريانىڭ توقايلىرىغىچە ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

— چىلچۇ؟ — دېدى سەمەت.

— چىلمۇ بار، — دېدى ھۆسەن، — چىلنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى كەكلىككە ئوخشاپ كېتىدىكەن، چىپار ـ چىپار كېلىدىكەن، زىققە كېسىلىگە ناھايىتى پايدىلىق، دەيدۇ... ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەرنىڭ تاغلىرىدىكى يېگىلى بولمىدىغان مالىنا، قارىقات، بۆلجۈرگەن، ياۋا پىياز دېگەندەك نەرسىلەرچۇ. رەۋغاش دەپ بىرنېمە بار، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى چىقىدۇ. غول پىيازغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يېسەڭ چۇچۇمەل، سۇلۇق، شۇنداق مەززە قىلىسەن. مانا ماۋۇ سەمەتئاخۇنلار سال ھەيدىدۇق، دەپ يوغان سۆزلىگەن بىلەن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى توقايلارنى، تال، جىغان، زىرىق، تاغ تېرىكى دېگەندەك بىرنېمىلەرنىلا كۆرىدۇ. بېشىنىڭ ئۈستىدىن بىر توپ ياۋا غاز قاتارلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتكۈدەك بولسا ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ بىرھازا قارىشىدۇ... قاندىاق، قۇۋان، گۈلئايىمنىڭ قوينىدا ياتتىم، دەپلا خۇدۇڭنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتمەي، مۇنداق بىر تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ خۇدا ياراتقان مۆجىزىلەرنىمۇ كۆرۈپ قوي.

— قارىغاي دېگەن شۇنداق كۆرگەنلا ئادەم چىقىپ كېسىۋېرىدىغان نېمىمكەن؟ — دېدى قۇۋان.

— ئۇنىڭمۇ يولىنى بىلمىسەڭ قارىغاينىڭ ئاستىدا قالىسەن، ئادەتتە قارىغاي دېگەننى شاخ ـ پۇتاقلىرى كۆپرەك ئۆسكەن تەرەپكە ئۆرۈيمىز.

— نېمىشقا؟

— قارىغاينىڭ شاخ - شۇمبىلىرى جىق تەرىپى ئېغىر بولىدۇ، پەملەپ ئازراقلا پالتا ئۇرساڭ شۇ تەرەپكە ئۆزىلا سۆرەپ چۈشۈپ كېتىدۇ، تاغ دېگەندە قارىغاي كېسمەن دېگەن ئادەمگە قىش - ياز ئىش بار، نەرىگە پالتا ئۇرسەن، قايسى تەرىپىگە ھەرە سالىسەن، نەرىگە پانا قاقىسەن، ھەممىسىلا ھۈنەر، كۆرۈپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ كېتىسەن، ئىشلار بارغانسېرى ئوڭشايلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، ئەمدى كەسكەن ياغاچلارنى ئۆزىمىز سۆرەپ يۈرمىگۈدەكمىز.

— قانداق قىلىدىكەنسىلەر؟ — دېدى سەمەت.

— سىيرىلما ئېرىق دېگەن بىرنېمىنى ياسىغۇدەكمىز، كەسكەن ياغاچنى شۇنىڭغا تاشلىساق ئۆزىلا تاغنىڭ ئېتىكىگە گۈلدۈرلەپ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكۈدەك.

— قالتىس گەپكىنا، ئۇنى قانداق ياسايدىكەن؟

— ئاۋۋال تاغنىڭ بېشىدىن ئېتىكىگىچە بىر ئېرىق قازىمىزكەن. بۇ ئىشلارنى يازدا قىلىدىغان ئوخشايمىز. سوغۇق چۈشۈشى بىلەنلا ھېلىقى ئېرىقنىڭ ئىچىگە سۇ چېچىپ، قار تاشلاپ مۇز قاتۇرىمىزكەن، ئاندىن ئېرىقنىڭ ئىچىنى تازىلاپ، يۇقىرىدىن ياغاچلارنى ئاقلاپ، پۇتاقلىرىنى ئېلىپ بىر - بىرلەپ تاشلىساق ئۆزىلا غۇيۇلداپ چۈشۈپ كەتكۈدەك... قانداق، قوۋان، سال ھەيدەيدىغانغا تۇرامسەن، ياغاچ كېسىدىغانغىمۇ؟

— مەن ياغاچ كەسمەي!

— گەپ تۈگىدى، — دېدى سەمەت، — قوۋاننىڭ دادىسى كىچىك چېغىدىلا «بالام، ياغاچ كېسىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما» دەپ قۇلىقىغا قۇيۇۋېتىپتىكەن... تاڭ يورۇپ قالاي دېدى، ئازراق كۆز يۇممايلىمۇ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قىرىق بەشىنچى باب

# بالا شوم

قوۋان شۇ بىرقانچە يىلدىن بىرى سەمەتنىڭ زورى بىلەنلا سال ھەيدەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆز مەيلىچە بولسا شامال يەپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ، دەريانىڭ دولقۇنلىرى ئارىسىدا چايقىلىپ يۈرىدىغان بۇ ئىشنى بىر كۈنمۇ قىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆمەر مەدداھنى، يۈرتىنى، گۈلئايىم بىلەن ئۆتكەن كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى، يەنە نىمىلەرنىدۇر خىيال قىلاتتى، ئۆزى سالدا بولسىمۇ خىيالى پۈتۈن ئالەمدە پەرۋاز قىلاتتى، سەمەت پات ـ پات:

ــ ھەي قوۋان، خىيالىڭ نەلەردە پالاس قىقىۋاتىدۇ؟... پالاقنى ئوڭغا تارت، ئوڭغا!... ھە، ئەمدى سولغا، چاپان تەرەپكە! ــ دەپ ۋارقىراپ تۇراتتى.

دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى دۆڭلۈكلەردە ھارۋا يوللىرى، يانباغىرلاپ كەتكەن چىغىر يوللار كۆرۈنەتتى. شۇ يوللار بىلەن ماڭغاندا كىملەرنىڭدۇ تىرىكچىلىك قىلىدىغان مەنزىللىرىگە، يەنە قايسىبىر چوققا، قايسىبىر قەدىم يېزا، پەقەت بىرنەچچە ئۆيلۈك ئادىمى بار قىشلاق، ئۆز زامانىسىدا بايلار سېلىپ، كېيىن تاشلىنىپ كەتكەن قورۇقلارغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى.

دۇنيادىكى شۇ كىچىك يوللار قوشۇلۇپ چوڭ يوللار ھاسىل بولغانمۇ ياكى چوڭ يوللار پارچىلىنىپ كىچىك يوللار پەيدا بولغانمۇ؟ قۇۋان ئۇچۇن بۇلارنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرۇش ئوشۇقچە ئىدى. ئۇ ئۆمەر مەدداھقا ئەگىشىپ ماڭغان كۈنلەردە تىكەنلىك ئوتلار بىسىپ كەتكەن قانچە چىغىر يوللاردىن ئۆتۈپ تۇيۇقسىز كەڭ، توپىلىق چوڭ يوللارغا چىقىپ قالغان، بەزىدە مۇنداق چوڭ يوللارنىڭ بارا ـ بارا كىچىك ئاپپاق يوللارغا ئۆزگىرىپ، ئاخىرىغا بېرىپ قانداقتۇر بىر تاشلىق داۋانلارنىڭ ئېتىكىدە يوقاپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرگەن... دەرياچۇ؟... سانسىز ئۇششاق تاغ سۇلىرى جىرا ـ جىرالاردىن ئېقىپ چىقىپ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ بۇ ئەزىم دەريالارنى ھاسىل قىلغان. دەريالارمۇ بەزىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە بۆلۈنۈپ سانسىز ئېتىز، كەڭ ۋادىلارغا يېيىلىپ ئېقىپ، ئاخىرىدا غايىبمۇ بولۇپ كېتىدۇ... قۇۋاننىڭ ماڭغان نەرسىنىڭ ئىزى قالمايدىغان، ئۇستىگە چۈشكەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان دەريا دېگەن مۇنداق نەرسە بىلەن خۇشى قالمىدى. ئۇ كارۋانلار قاتارلىشىپ ماڭىدىغان توپىلىق يوللارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يەردە يىقىلغان ئادەم يەنە يەرنى تىرەپ قوپۇپ كېتەلەيدۇ...

— قۇۋان، يەنە نېمە خىياللارغا چۈشۈپ كەتتىڭ؟ — دەپ ۋارقىرايتتى سەمەت.

— ھېچ...

— ھېچ دەيسەن، كۆڭلۈڭ زادىلا بىر يەردە ئەمەس... ئالدىڭغا قارا، نەلەرگە كېلىپ قالدۇق؟

— نەگە كەلدۇقكىن؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— نەگە كەلدۇقكىن دەيسەنغۇ؟... توۋا، قوۋان، مۇشۇ يەرلەردىن قانچىنچى قېتىم ئۆتتۇشۇڭدۇ؟... مانا، كۇنەس دەرياسىنىڭ قويۇلۇشىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ئەمدى چوڭ سوغا چىقتۇق، دېگەن گەپ. خۇدا بۇيرۇسا شەھەر دېگەنگە ئۇيناپ ـ كۈلۈپ كىرىپ كېتىمىز.

— كۇنەس دەرياسى، كۇنەس دەرياسىلا دەيسىلەر، — دېدى قوۋان، — بۇ دەريا تەرەپتىن بىرەر سالنىڭ ئېقىپ كەلگىنىنىمۇ كۆرمىدىم، كۇنەس دېگەن ئۇ ياغاچ يوق يەرما؟

— ھەي قوۋان، — دېدى سەمەت، — ئىلىنىڭ تاغلىرىنىڭ ياغاچ چىقمايدىغان يېرى يوق جۇما... مەنمىغۇ بۇ كۇنەس دېگەن تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقمىغان، ھاشىم «چىپار» دېگەن سالچىلارنىڭ شۇ تەرەپتىن سال ئەكەلگىنىنى كۆرگەن. سالچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، كۇنەس دېگەندىمۇ قارىغايلىق ئاجايىپ چىرايلىق تاغلار باركەن، ئىلگىرى سالچىلار ئۇ تەرەپلەردىنمۇ نۇرغۇن ياغاچ تارتقان دېيىشىدۇ، كۇنەس دەرياسىنىڭ سۈيى ناھايىتى تىنچ ئاقىدىكەن، خەتەرلىك يەرلىرى ئازمىش. شۇڭا، كۇنەسنىڭ سالچىلىرىنى تېكەس دەرياسىدا سال ئاققۇزغانلار زادى ياراتمايدۇ. كۇنەسنىڭ سالچىلىرى موڭغۇلكۇرە، تېكەسنىڭ سالچىلىرىغا ياردەمچىمۇ بولالمايدۇ، دېيىشىدۇ... ئالدىمىزدا يەنە بىر خەتەرلىك تاش بار، قەبرە تاش دەپ. «قەبرە تاش»نى بەك خەتەرلىك دەپ كەتكىلىمىغۇ بولمايدۇ. ئەمما، ساڭا ئوخشاش يولدا خىيال سۈرۈپ ئۇخلاپ ماڭىدىغانلار «گۈپ»لا قىلىپ سالنى ئاپىرىپ تاشقا ئۇرۇۋېلىپ ئىش تاپىدۇ، قەبرە تاشتىن ئۆتسەك قەيەر؟ ئۇنىغۇ بىلەرسەن؟

— بىلمەيدىكەنمەن.

— ئەجەب دۆت بىرنېمە ئىكەنسەن، مەن ساڭا قانچە قېتىم دېدىم، قەبرە تاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن قاش[1].

— ئۆتكەندە سىلى قەبرە تاشتىن ئۆتۈپ غېنىنىڭ كۆكى دېگەندەك قىلىۋېدىلىغۇ؟

— يا ئاللا، قۇۋان، ئاشۇ «سىلى» دەيدىغان گېپىڭنى قاچانمۇ بىر تاشلارسەن.

— مېنى بىر «سىلى» دېگىلى قويسىلا، «سەن» دېگەنگە زادى تىلىم بارمايدىكەن.

— بوپتۇ، «سىلى» دېگۈڭ كەلسە «سىلى» دەۋەر. غېنىنىڭ كۆكى دېگەن شۇ قاشنىڭ بېشى. «غېنىنىڭ كۆكى»دىن تا ئاشۇ ياماتۇغا بارغۇچە دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى قاشقا تەۋە يەرلەر، قارىۋاغ، سېپىل، سۇلتانشاھيۇزى[2]، سامىيۇز دەپ مەھەللىلىرى بار. بۇ يەرنىمۇ ناھايىتى قەدىمىي يۇرت دەپ ئاڭلايمەن. ئوسمان «سويما» دېگەن سالچىنى تونۇمسەن؟

— تونۇمايدىكەنمەن.

— ئوسمان «پايپاق»مۇ دەپ قويىدۇ. پاقالچەكلىرى قاپقارا تۈك، نېرىدىن قارىساڭ پايپاق كىيىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ، شۇڭا ئوسمان «پايپاق»مۇ دەيدۇ. ئوسمائاخۇننىڭ دادىسى مەمەت تۇردى دېگەنمۇ كونا سالچىلاردىن ئىكەن. مەمەت ساقال دەپ ساقاللىق يەنە بىر سالچى بار، مېنىڭ ئاكام مەمەت ئىلىخوغا چىقىپ

---

① قاش — غۇلجا ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىكى كۈنەس بىلەن چېگرالىنىدىغان يەرنىڭ ئىسمى، تېكەس دەرياسىنىڭ ئوڭ قېشىدا بولغاچقا «قاش» ئاتالغان.

② سۇلتانشاھيۇزى — هازىرقى سالا كەنتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يوقاپ كەتكەچكە، مەن بۇ «مەمەت» ئىسىملىك ئادەملەرگە بەك دىققەت قىلىمەن. ھە، شۇ مەمەت ساقالنىڭ دادىسى تۇردىئاخۇن دېگەن ئادەممۇ ناھايىتى تەجرىبىلىك سالچىلارنىڭ بىرى. مۇشۇ تۇردىئاخۇن دېگەن ئادەملەرنىڭ دادىسىمۇ كونا سالچىلاردىن ئىكەن. شۇ كونا سالچىلارنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، «كۆچ - كۆچ» تە... «كۆچ - كۆچ» دەپ ئاڭلىغانما؟

— ئاڭلىغاندەك قىلىمەن.

— مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن. شۇ چوڭلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىر زامانلاردا ئىلىدىكى تارانچىلار بىلەن تۇڭگانلار كۆتۈرۈلۈش قىلىپ ئىلىخونى مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانىكەن. كېيىن ئورۇسلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلىنى بېسىۋالىدىكەن. يەنە بىر زامانلاردا ئۆتۈپ ئورۇسلار ئىلىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ چېگراسى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېلىش ھېسابىغا ئىلىنى مانجۇلارغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا، ئىلى دېھقانلىرىنىڭ چېگرانىڭ قايسى تەرىپىدە تۇرۇشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىغا قويىدىكەن. ئىلىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر مانجۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئورۇسلار تەرەپكە كۆچكەنىكەن. شۇ چاغدا تارانچىلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەنىكەن. كۆچەي دېسە ئەل - يۇرت، ئىسسىق ئۆي - ماكاندىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان؛ كۆچمەي دېسە جان قايغۇسى... مانا شۇ چاغدا مۇشۇ قاشتىن نۇرغۇن ئادەملەر سال بىلەن كۆچكەن، دەيدۇ.

كەتمەكنى نىشان ئەيلەپ،
سالنى باغلىدۇق قاشتا.
ئاق خان بىلەن قارا خان،
ئىتتىپاق ئىكەن باشتا.

دېگەن قوشاقلار شۇ چاغدا چىققانىكەن. خەقنىڭ ئەقىللىكلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ كەملەردە يوللار ناچار، ئورۇسلار تەرەپكە سۇ يولى بىلەن مېڭىشتىن باشقا ياخشى ئامال بارمۇ، بىراق سۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خەتىرى بار. ساللار تاشلارغا ئۇرۇلۇپ قايناملارغا كىرىپ كېتىپ، بىر قىسىم ئادەملەر سۇغىمۇ غەرق بولۇپ كەتكەنىكەن. ۋاي، قۇۋان، بۇ تارانچى دېگىنىڭمۇ بېشىغا جىق ئىش كەلگەن خەق جۇمۇ!... ماۋۇ قاش دېگەن يەردىن نى ـ نى سالچىلار، چېلىشچى، پالۋانلار چىقىپتىكەن. غېنى باتۇرنىغۇ بىلىدىغانسەن؟

ــ غېنى باتۇرنى كىم بىلمەيدۇ؟
ــ هە، شۇ غېنى باتۇرمۇ مۇشۇ قاشلىقكەن.

قاشنىڭ سۈيى ئاقىدۇ
تاشتىن ـ تاشقا شارقىراپ.
غېنىكام چىقىپ كەلدى،
هۇررا سېلىپ ۋارقىراپ.

ئىلىخودەك يەر بارمۇ؟
غېنىكامدەك ئەر بارمۇ؟
غېنىكام چىقىپ كەلسە،
چېرىكلەردە جان بارمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



قاشتىن چىقتى غېنىكام،
ئاق بوز ئاتنى ئوينىتىپ...

يەنە نېمىتى خۇدايىم؟... مۇنداق قوشاقلار جىق ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ غېنى باتۇر تېخى «غېنى باتۇر» ئاتالمىغان چاغلاردا توققۇزتارا، كۈنەس، نىلقىنىڭ يايلاقلىرىدىن ئوغرىلاپ مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىنى مۇشۇ قاشنىڭ ئەتراپىدىكى توقايلىقلارغا قويۇۋېتىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنىكەن. سالچىلار بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭغا نان، ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بەرگەنىكەن... بۇ سالچى دېگەنىنىڭچۇ، قۇۋان، ئاجايىپ مىجەزلىرى بار. ئۆزلىرىنىڭمۇ نوچىلىقتىن تەمەسى بار، داڭقى چىققان نوچىلارنىمۇ بەك چوڭ كۆرىدۇ. شۇڭلاشقىمكىن، غېنى باتۇر بىلەن سالچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشىكەن. مىللىي ئىنقىلابتىن كېيىن غېنى «ۋاي غېنى باتۇر» بوپكەتكەندىمۇ سالچىلارنى ئۇنتۇپ قالماي يوقلاپ تۇرغانىكەن. «ھەي سالچى ئاغىنىلەر، بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان بۇرادەرلەر، مۇشۇ كۈندە ماڭا قولۇمنى سۇنسام دېۋانىمۇ يوق دېمەي بىرنېمە بېرىدۇ، سىلەرگە نېمە لازىم؟ تارتىنماي دەڭلار!» دەيدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئاشۇ غېنىنىڭ كۆكىدىن سالغا چىقىپ، ئاياغلىرىنى سىلىۋېتىپ، پۇچقاقلىرىنى تۈرۈپ، سالچىلار بىلەن تەڭ سال ھەيدەپ شەھەرگە كىرىپتىكەن، «ۋاي غېنى باتۇر سال ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ» دەپ ئاڭلاپ ئادەملەر دەريا ياقىلىرىدا سانجاق بولۇپ تۇرۇپ كېتىشىپتىكەن.

— سەمەتئاخۇن، — دېدى قۇۋان، — سىلى غېنى باتۇرنى كۆرگەنما؟

— كۆرگەن، — دېدى سەمەت، — گۇلئايىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى ئىگەمبەردى «يوق»نىڭ خادىك هارۋىسىدا غادىيىپ ئولتۇرۇپ بارمىغان يېرىم قالمىغان دەۋاتاتتىڭ، بەلكىم كۆرگەنسەن، ياماتۇنىڭ تۆۋىنىدە قارىتام، قىشلاقتام① ئەتراپىدا قۇم ئارىشاڭ بار، كىشىلەر قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىدۇ. هەر يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قۇم ئارىشاڭ سەيلىسى بولىدۇ. بۇرۇنلاردا ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ شاڭيو، مىڭبېگىلىرى سەيلە كۈنى ئۆز تەۋەسىدىكى چېلىشچىلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ چېلىشقا سالاتتىكەن. يەڭگەنلەرگە مۇكاپاتلارنى بېرەتتىكەن. قاشتىنىمۇ نۇرغۇن چېلىشچىلار چىقىپتىكەن، قاشلىقلارنىڭ:

قۇم ئارىشاڭ دېگەن يەردە
قاشلىقنىڭ نامى قالغان.
بىزدىن ئابدۇرېھىم دېگەن،
بۆكە دەپ ئاتاق ئالغان.

دېگەن قوشاقلىرى بار. ئەنە شۇ قۇم ئارىشاڭ سەيلىسىدە غېنى باتۇرنى بىر - ئىككى قېتىم كۆرگەنىدىم... ئەممازە، بۇ قاشلىقلار بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەملەر - دە!

— قانداق دەيلا؟

---

① قارىتام، قىشلاقتام — يەر ئىسمى، توقىقۇزتارا، چاپچال، غۇلجا ناهىيەلىرىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرى جايلاشقان قەدىمىي مەھەللە.

— تېخى يېقىندىلا بىزنىڭ سالچىلار قاشنىڭ دېھقانلىرىنىڭ دەرياغا سىلىپ قويغان تەتۈر سېۋەتلىرىگە چۈشكەن بېلىقلارنى ئوغرىلاپ يەۋاپتىكەن. دېھقانلار ھۆكۈمەتكە سالچىلارنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلماقچى بوپتۇ. سالچىلارنىڭ ئىچىدىكى گەپدانراق بىرى: «ھوي، سىلەرنىڭ تېخى خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟ ھۆكۈمەت يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلغاندا دەريانى بىز سالچىلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن. بىزنىڭ دەرياغا تەتۈر سېۋەتىڭلارنى سېلىۋالغان سىلەر ئوغرى بولماي بىز ئوغرى بولامدۇق» دەپتىكەن، قاشنىڭ دېھقانلىرى ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ دەۋادىن يالتىيىپ قاپتۇ... قېنى، سالنى قىرغاققا تارتايلى، بۈگۈن مۇشۇ غېنىمنىڭ كۆكىدە قونىمىز.

قۇۋاننىڭ بۇ سالچىلىقنى قىلىشقا زادى مەيلى يوق ئىدى. دۇنيادا جان بېقىش ئۈچۈن ئۆزى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر ئازمۇ؟ قۇۋانمۇ تىرىكچىلىك ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى مەجبۇرىي قىلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ غېنىمنىڭ كۆكى دېگەن يەرگە كەلگەندە قونالغۇغا توختاش بىلەن پەقەتلا خۇشى يوق ئىدى. يەنە ئازراقلا ماڭسا ياماتۇغا يېتىدىغان گەپ، ياماتۇ دېگەندە ياتاق، تاماق ھەممە نېمە تېپىلىدۇ. بۇ ئوچۇقچىلىقتا پاشىغا يەم بولۇپ يېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟... لېكىن... سەمەت يولدا ئەتەي ئۇ يەر – بۇ يەردە توختاپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈپ غېنىمنىڭ كۆكىگە كۆز باغلىنارغا يېقىن يېتىپ كېلەتتى – دە، «بولدى، مۇشۇ يەردە قونىمىز»لا دەيتتى. سالنى قىرغاققا تارتىپ سالنىڭ تۇمشۇقىدىكى تال ئارقاننى قىرغاقتىكى

قوزۇقۇقا مەھكەم باغلاپ، «ئەمىسە، قۇۋان، سال ساڭا ئامانەت قالدى ـ ھە، ئوبدان قارا، مەن ماۋۇ مەھەللىدىكى ئاغىنىلەر بىلەن بىر پاراڭلىشىپ كېلەي» دەپ مەھەللە ئىچىگە قاراپ ماڭاتتى. شۇ كەتكەنچە تاڭ سەھەردە پەيدا بولاتتى. بۇگۈنمۇ سالنى قۇۋانغا ئامانەت قىلدى ـ دە، مەھەللىگە قاراپ كەتتى.

قۇۋان سالنىڭ پوكەي ياغىچىغا باغلاپ قويغان چاقاقانغىنە يۇك ـ تاقلىرىنى يېشىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. ئەپلىك يەرگە ياتىدىغان ئورۇن ھازىرلىدى. خالتىدىن قاتتىق نانىنى ئېلىپ، دەريا سۇيىگە چىلاپ ئولتۇرۇپ يېدى ـ دە، ئارقىدىن ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى بۇلۇتلار گىرۋىكىدە ئەكس ئېتەتتى. دەريانىڭ قارشى قىرغىقى تەرەپتىكى توققۇزتاراغا قارايدىغان مەھەللىنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى، قۇۋان خىيالغا كەتتى.

سەمەت قۇۋاننىڭ نەزىرىدىكى بۇرۇنقى سەمەتكە ئوخشاشماي قالغانىدى. ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا قەشقەردىن كەلگۈچە قۇۋانغا ھەمسەپەر بولۇپ كەلگەن سەمەت ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز، ھاراق ـ شاراب، كەيپ ـ ساپا دېگەنگە يېقىن يولىمايدىغان يىگىت ئىدى. ھازىر سەمەت يېشى چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ ھاراق ـ شاراب، ئويۇندىن قايتمايدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە ئاغزى بىر ئېچىلىپ كەتسە توختىماي سۆزلەيتتى. «توۋا،— دەيتتى قۇۋان ئۆز ـ ئۆزىگە،— ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن ـ ھە؟ سەمەتئاخۇن ھەر قېتىم سالنى بۇ يەرگە توختىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


قويۇپلا ماڭىدۇ. نەگە كېتىدىغاندۇ؟ بۇ ئەتراپتا بەشدۆڭ، قارىئۇۋاغ، سىپىل دېگەندەك خېلى كۆپ مەھەللىلەر بار. بەزىسى يېقىن، بەزىسى يىراق، سەمەتئاخۇن قايسى مەھەللىگە بارىدىغاندۇ؟ ئۇ يەردىكى ئاغىنىلىرى بىلەن كىچىچە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ قىمار ئوينامدۇ؟ ياق، سەمەتئاخۇننىڭ بىر ياخشى يېرى ھازىرمۇ قىمار ئوينىمايدىكەن، ھاراق ئىچەمدۇ؟ سەمەتئاخۇننىڭ يەنە بىر ياخشى يېرى سال بىلەن كېتىۋاتقاندا ھەرگىز ھاراق ئىچمەيدۇ، ئەمىسە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەن تۈگىمەيدىغان نېمانچە جىق پاراڭ ئۇ؟... ياق، سەمەتئاخۇن پاراڭ سېلىشقىلى بارمايدۇ، شۇ مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە سەمەتئاخۇننىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان بىر تۇل چوكان بار، شۇنىڭ قوينىغا كىرىدۇ...» قۇۋان ئىختىيارسىز گۈلئايىمنى ئېسىگە ئالدى. بىراق، گۈلئايىمنىڭ ھازىر تۇرغان مەھەللىسىنىڭ يېنىدىن مۇنداق دەريامۇ ئېقىپ ئۆتمەيتتى، ئۇ يەرگە سال بىلەنمۇ يېتىپ بارغىلى بولمايتتى...

ئەتىسى سەمەت بىلەن قۇۋان ھەيدىگەن سال ياماتۇغا يېتىپ كەلگەندە ئالدىدا ئۆتۈپ كەتكەن سالچىلار دەريانىڭ قىرغىقىدىكى چىملىقتا سوزۇلۇپ يېتىشىپ، ئارقىدا قالغانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ياماتۇ ھەربىر گۇرۇپپا سالچىلارنىڭ ئالدى ـ كەينى جەم بولۇپ يولغا چىقىدىغان ئورۇن ئىدى.

ــ سەمەتئاخۇن، كېچىكتىڭلىغۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھۆسيىن «شاڭخو» سالنى توختىتىپ قىرغاقتا چىققان سەمەتتىن.

— سال بەشسالانىڭ ئىچىدە قېيىداپ قېلىپ، ئاخشام كۆز باغلانغاندا غېنىنىڭ كۆكىگە ئارانلا يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردە قوندۇق.

— سەن ھەيدىگەن سالنىڭ غېنىنىڭ كۆكىگە كەلگەندە تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمايدىغان بولۇپ قالغىنىغا خېلى بولدى — ھە؟... قاشنىڭ مەھەللىلىرىدە ئەل — ئاغىنىلىرىڭمۇ جىق ئوخشىمامدۇ؟

— مەن قەشقەردىن يېڭى چىققاندا، — دېدى سەمەت سالچىلارنىڭ قاتارىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — قاراكۆلگە كېلىپ قازاقنىڭ دېڭىدە بىر كېچە قوندۇق. ئەتىسى قوپۇپ تالاغا چىقسام قاراكۆلنىڭ يېنىدىكى دۆڭدە جۇماقكام مالچىلار بىلەن چېلىشقىلى تۇرۇپتىكەن. مەنمۇ بېرىپ قىزىقچىلىق كۆرۈپ تۇردۇم. جۇماقكام ئىككى ئادەمنى يەرگە ئاتتى. بىر چاغدا ماڭا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ: «كەلمەمسەن ھوي ئالتە شەھەرلىك، بىر بەل تۇتۇشۇپ باقايلى» دېدى. ئۆزۈمنىڭمۇ تېخى ياش، تازا تىنۋىم بار ۋاقتىم ئىدى. جۇماقكام ئالدىدا بىر — ئىككىيلەن بىلەن چېلىشىپ چارچاپ قالغانمۇ، ئۇنىمۇ بىلمىدىم، جۇماقكامنى كۆتۈرۈپلا بېسىۋالدىم. ئەسلىدە جۇماقكام شۇ چاغلاردا سالچىلارنىڭ ئىچىدىكى يېنى يەرگە تەگمىگەن چېلىشچىلاردىن ئىكەن. ئەتراپتا تۇرغانلار «ۋاھ!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. جۇماقكام ئورنىدىن تۇرۇپ دولامغا ئۇرۇپ: «ياشاپ كەت، ئۇكام، ئەمدى چېلىش دېگەننى سەن قىلساڭ بولغۇدەك!... نېمە ئىش قىلىدىغان يىگىتسەن؟» دەپ سورىدى. «ئالتە شەھەردىن تېخى يېڭى چىقتىم، نېمە ئىش قىلىدىغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن» دېدىم. «بولدى، ماڭا

ياردەمچى بولۇپ سال ھەيدە!» دېدى. شۇنداق قىلىپ بىر زامان جۇماقكامغا ياردەمچى بولۇپ سال ھەيدەپ كەتتىم. ھەر يىلى 5 ـ ئايدا قۇم ئارىشاڭ سەيلىسى مەزگىللىرىدە جۇماقكام سالنى شۇ ئەتراپقا توختىتىپ قويۇپ، مېنى باشلاپ بىرىپ قۇم ئارىشاڭدا چېلىشقا سالاتتى. ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن ئۇ يەرگە نۇرغۇن چېلىشچىلار باراتتى. قاشنىڭ چېلىشچىلىرىنىڭمۇ داڭقى بار ئىدى. شۇ چاغدا قاشلىق ئاغىنىلەردىن بىرقانچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ھازىرغىچە ئىزدىشىپ تۇرىمىز.

ـــ ئالامەت گەپكەن ـ ھە...! ـــ دېدى ھۆسيىن «شاڭخو»، ـــ دېھقانچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا سېنىڭ بىلەن كېچىچە پاراڭلىشىپ چىقىدىغانغا ئىشى يوق ئادەملەرمىكىن ئۇ؟ ھەي سەن كېچە ـ كېچىلەپ قاشنىڭ چوكانلىرى بىلەن چېلىشىپ يۈرسەڭمۇ دەيمەن؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ـــ سەمەتئاخۇن، ـــ دېدى ئىسمايىل «بوران»، ـــ سەن «بالا شۇم» دەپ ئاڭلىغانمۇ؟

ـــ ئاڭلىماپتىكەنمەن.

ـــ مەن ساڭا كونا گەپلەردىن بىرنى قىلىپ بېرەي، ـــ دەپ گەپ باشلىدى ئىسمايىل «بوران»، ـــ بىر چاغلاردا غۇلجىدا نۇردۇنبەگ، نۇردۇنبەگ دېگەن بىر نوچى ئۆتۈپتىكەن. خېلى مەنمەن دېگەن نوچىلارمۇ نۇردۇنبەگنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا چىرايى تاتىرىپ كېتەتتىكەن. نۇردۇنبەگ كۆپرەك ھارامدىن پۇل تېپىپ تىقىلىپ كەتكەن كاتتا بايلارنىڭ چىشىغا تېگەتتىكەن. بىر قېتىم تاشلەيكىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر سودىگەرنىڭ

دۇكىنىغا كېچىدە ئوغرى تېگىپ دۇكاننى قۇرۇقداپلا قويۇپتۇ. ياموۇلدىن ئەمەلدارمۇ چىقىپ تەكشۈرۈپ ئوغرىنى تاپالماپتۇ. سودىگەردىن: «گۇمانلىنىدىغان ئادىمىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن. سودىگەر: «نۇردۇنبەگدىن گۇمانلىنىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياموۇل نۇردۇنبەگنى تۇتۇپ كېلىشكە ئون نەچچە چېرىك چىقىرىپتۇ. چېرىكلەر شەھەر ئىچىنى ئىزدە ــ ئىزدە قىلىپ ئاختۇرمىغان يېرى قالماپتۇ. نۇردۇنبەگنى تاپالماپتۇ. نۇردۇنبەگ توپيدەڭدىكى① دوڭشوپاڭدىن ھارىقىنى ئىچىپ چىقىۋېتىپ تۇيۇقسىز ھېلىقى چېرىكلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ياموۇلنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ چېرىكلىرىگىمۇ تازا ئىشەنچ قىلالمىغاچقا، چېرىكلەرگە مىلتىق بەرمەي، قوللىرىغا بىردىن كالتەكلا تۇتقۇزۇپ قويغانىكەن. ئايھاي! نۇردۇنبەگ كالتەك تۇتقان بۇ ئون نەچچە چېرىك بىلەن شۇنداق سېلىشىپتۇكى، توپيدەڭنىڭ توپىسىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، يولنىڭ توپىسى ئاسمانغا پۇرقىراپ ئۆرلەپ بىردەمدىلا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ. توپا بېسىلغاندا ئادەملەر كېلىپ قارىسا ئون نەچچە چېرىك يەردە «ۋايجان ــ ۋايىيەي» دەپ دومىلاپ ياتقۇدەك، نۇردۇنبەگ يوق تۇرغۇدەك. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ياموۇل رەسمىي قورال تۇتقان چېرىكلىرىنى چىقىرىپ، نۇردۇنبەگنى ئىزدەپ شەھەرنى ئوڭتەي ــ توڭتەي قىلىۋېتىپتۇ. نۇردۇنبەگ شۇ قاچقانچە قېچىپ دەريا

---

① توپيدەڭ ــ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر مەھەللە ئىسمى.

بويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ كەملەردە ئايدۇڭ[1] كىمە بويىدا سالچىلار ياغاچ ئەكېلىپ چۈشۈرۈپ ساتىدىغان ياغاچ بازىرى بار ئىكەن. نۇردۇنبەگ شۇ يەردىن بىر سالچى ئاغىنىسىنىڭ سىلىغا ئولتۇرۇپ ئىقىپ توپتوغرا ئورۇسلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىكەن.

ــ نۇردۇنبەگكە ئاخىرىدا سالچى ئاغىنىسى ئەسقىتىپتۇ ـ دە! ــ دېيىشتى سالچىلار مەغرۇرلىنىپ.

ــ نۇردۇنبەگ يۇرتتىن ئايرىلىپ، يەركەنت تەرەپلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈپتۇ، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئىسمايىل «بوران»، ــ شۇ يەردە بىر قاسساپنىڭ تۇل قالغان ئايالى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ناھايىتىمۇ كېلىشكەن ئايالكەن، نۇردۇنبەگ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېچىلىرى بارىدىكەن. ھېلىقى ئايالنىڭ ئون ئىككى ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر ئوغلى بار ئىكەن، نۇردۇنبەگنىڭ كېچىدە ئانىسى بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى سېزىپ قېلىپ ناھايىتى ھار ئاپتۇ. دادىسىنىڭ قاسساپلىق قىلغاندا ئىشلەتكەن بىر قول پالتىسى باركەن، شۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ئانىسى يوق چاغلاردا توختىماي بىلەيدىكەن. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ، بىلەۋېرىپ پالتا دېگەن ئۇستىرىدەك ئىتتىك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆزىمۇ ناھايىتى پەيلى يامان ھارىمىكەن. ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە بويى تارتىپ يوغانلا ئەر بولۇپ قاپتۇ. ھېلىقى ئايالنىڭ ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى پاكارلا دەرۋازا ئىكەن. بىر كۈنى كېچىدە نۇردۇنبەگ شۇ دەرۋازىدىن ئېگىشىپ

---

[1] ئايدۇڭ ــ غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىلى دەرياسى بويىدىكى مەھەللىلىرىنىڭ بىرى.

كىرىۋاتقاندا ھېلىقى ھارىمى دەرۋازىنىڭ يېنىدا تامغا چاپلىشىپ پالتىنى تەڭلەپ تۇرغانىكەن. بىر ئۇرۇپلا نۇردۇنبەگنىڭ كاللىسىنى چورتتىدە ئۈزۈۋېتىپتۇ. نۇردۇنبەگنىڭ كاللىسى يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپ نەچچە سەكرەپ توختاپ قالغانىكەن.

— يا ئاللا! — دېيىشىپ كەتتى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سالچىلار، — راستلا بالا شۇمكەن!

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئىسمايىل «بوران» سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئون نەچچە چېرىكنى يەر چىشلەتكەن نوچى بىر كىچىك بالىنىڭ قولىدا جان بېرىپتىكەن... سەمەتئاخۇن، ماۋۇ سەھرا دېگەن شەھەرگە ئوخشىمايدۇ، شەھەردە خېلى ئىشلار چېگىچىقماي سىڭىپ كەتكەن بىلەن، سەھرا يېرى دېگەندە بىر ئادەم قاتتىقراق يۆتىلىپ قويسىمۇ پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلىنىدۇ. ئۇقۇشماي يەنە بىر بالا شۇملارغا ئۇچراپ قالما، قالغان گەپنى مەن دېمىسەممۇ بىلدىڭغۇ دەيمەن.

— بىلدىم.

— يۇرۇڭلار، يولغا چىقايلى! — دېدى بىرەيلەن.

ھەممە سالچىلار ئورنىدىن دۈررىدە تۇرۇشتى. سەمەت بىرھازا ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قىرىق ئالتىنچى باب

# سىم - تۆمۈگە

مونغۇلكۈرەدىن زەرىبدارلىق بىلەن ياغاچ توشۇش داۋام قىلىۋاتقان شۇ يىللاردا قاراكۆل سالچىلار توپلاشقان چوڭ بىر مەھەللىگە ئايلانغانىدى. ئىشچىلار ئۈچۈن دەريا بويىغا كورپۇس - كورپۇس ئۆيلەر سېلىنغانىدى. ھەربىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى يول، ئىككى تەرىپىگە تاختايدىن بۆگلۈكلەر چىقىرىلغانىدى. بىر چوڭ ئۆيدە يەتمىش - سەكسەن ئادەم ياتاتتى. ئۈچ - تۆت يۈزگە يېقىن ئادەم ئەتراپتىكى تاغلاردىن قىشچە ياغاچ كېسەتتى. تاغدىن كېسىپ چۈشۈرۈلگەن قارىغايلار بىرىشكا ھارۋا، چانىلار بىلەن قاراكۆلگە يەتكۈزۈپ كېلىنەتتى. قاراكۆلگە كەلگەن ھەربىر تۈپ ياغاچ سورتقا ئايرىلىپ بەلگە سېلىناتتى. ئەبەيدۇللا ناسىر، ياشلاردىن ئىبراھىم ئوسمان، ھەسەنبەگ قاتارلىق كىشىلەر شۇ يىللاردىكى ياغاچلارنى سورتقا ئايرىيدىغان پىرىيومچىلاردىن ئىدى... كۆن ئىللىشى بىلەنلا 4 - ئايدىن 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دەريادا سال توختىماي ماڭاتتى. قاراكۆلدىكى ئاشخانىلارنىڭ ئوتى كېچە - كۈندۈز ئۆچمەيتتى. ناۋايلار سالچىلار ئۈچۈن كېچىلەپ نان يېقىپ سەھەرگە ئۈلگۈرتەتتى. غوپۇرئاخۇن، ياقۇپئاخۇن، ئابلاخۇن

ئۇستىلار شۇ يوللاردىكى ئەڭ ئالدىراش ئاشپەز ــ ناۋايلاردىن ئىدى.

ھەر قېتىمدا يەتتە ــ سەككىز سال، ئون تۆت ــ ئون ئالتىغىچە ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ يولغا چىقىشاتتى. دەريادىكى خەتەرلىك تاشلار پارتلىتىلىپ دەريا ئېقىمىنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ راۋانلىشىپ كەتكەنىدى. يول ئۇستى تېكەس، خېيسەنتۇ، ياماتۇ قاتارلىق ئورۇنلارغا سالچىلار ئۇچۇن توختاپ ئۆتىدىغان پونكىتلار قۇرۇلغانىدى. ھەربىر پونكىتتا ياتاق، ئاشخانىلار بار ئىدى. سالچىلار بۇ پونكىتلاردا توختاپ ئارقىدا قالغانلارنى كۈتۈپ، جەم بولۇپ، قونۇپ ھاردۇقىنى ئېلىپ مېڭىشاتتى. شەھەردىمۇ تاشكۆۋرۈك يەن زاۋۇتى، چېلەكخاڭزا[1] قاتارلىق ئورۇنلاردا سالچىلار شەھەرگە كىرگەندە چۈشىدىغان پونكىتلار بار ئىدى. سالچىلارنى شەھەردىن قاراكۆلگە ترانسپورت شىركىتىنىڭ ھارۋا ياكى ماشىنىلىرى يەتكۈزۈپ قوياتتى... ھەر يىلى قىرىق ــ ئەللىك مىڭ كۇۋا يارامىلىق ياغاچ دەريا بىلەن غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كېلەتتى. ئاندىن بۇ ماتېرىياللار ماشىنىلارغا قاچىلىنىپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇپ كېتىلەتتى.

سالچىلارنىڭ ئەمگەك، تۇرمۇش شارائىتلىرىدا نۇرغۇن ياخشىلىنىشلار بولدى. لېكىن، خېيىم ــ خەتەر يەنىلا ئۇلارنىڭ بېشىدا ھەر كۈنى ئەگىپ يۈرەتتى. دەريادىكى چوڭ قورام تاشلارنىڭ بەزىلىرى پارتلىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بەزىلىرى ھېلىمۇ بار ئىدى. بەزى تاشلار

---

① چېلەكخاڭزا ــ غۇلجا شەھىرىدىكى بىر كوچىنىڭ ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئادرېسى



ئادەتتە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىلەن سۇ ئۇلغايغان چاغلاردا سۇ ئاستىدا قېلىپ يوشۇرۇن خەۋپ سالاتتى. كەلكۈن پەسلى 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا قاپچىغاي قىساڭنىڭ ئىچىدىكى سۇ يۇگەنسىز ئاساۋ ئاتنىڭ ئۆزگىلا ئايلىناتتى. چوڭ قايىنامغا ئېھتىياتسىزلىقتىن كىرىپ قالغان بەزى ساللار چۆرگۈلەپ چىقالماي جىق ئاۋارىچىلىك سالاتتى.

بەزى كەچ كۈزدە ھاۋادا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، سال توڭلاپ توختاپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى. مۇنداق ئەھۋالدا كۆپىنچە سالچىلار سالنى تاشلاپ ئەتىيازدا كېلىپ ئېلىپ كېتەتتى. ئەمما، پېشقەدەم سالچىلار ئوڭايلىقچە بولدى قىلمايتتى. ياماتۇلۇق تۇداخۇن ئاكا كۆن سانايدىغان تەجرىبىلىك سالچىلاردىن ئىدى. بىرەرسى: «تۇداخۇن ئاكا، پالانچىنىڭ سالى پوكۈنى يەردە توڭلاپ قاپتۇ. قانداق قىلساق بولار؟» دەپ سورىسا، تۇداخۇن ئاكا ھېسابلاپ كۆرۈپ: «بولدى، ئۇ سالنى ئەمدى ئېلىپ كەلگىلى بولمايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلاتتى ياكى: «تېخى ئەتىگەن، بىرىڭلار، كۆن ئېچىلىپ كېتىدۇ» دەيتتى. راست دېگەندەك، سالچىلار ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى راسلاپ ھېلىقى سالنىڭ قېشىغا بارغۇچە يەنە كۆن ئېچىلىپ، ھاۋا ئىللىپ قالاتتى.

قاراكۆلدىكى يوغان ياتاق ئۆيگە جەم بولۇپ قالغاندا سالچىلار بەزىدە ئىختىيارسىز ھادىسىگە ئۇچرىغان بۇرادەرلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى.

ــ يا ئاللا! ــ دېدى بىر كۈنى توختاخۇن ئىسىملىك بىر سالچى، ــ مۇنداق خىيال قىلسام، ئارىمىزدىن خېلى

ئادەملەر ھادىسىگە ئۇچراپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك «خۇداغا ئامانەت» دەپ مېڭىۋاتىمىز، ئاخشام مۇشۇ موڭغۇلكۈرەدىن سال ھەيدەپ كېتىۋېتىپ يولدا ئۆلۈپ كەتكەن ئىسمەتباي بىلەن يولداش چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. يولداش ھە دەپ دولامغا ئۇرۇپ: «توختاخۇن، تېخىچە توختىماي سال ھەيدەۋاتامسىلەر؟... بولدى، ئەمدى توختاپ قىلىڭلار!» دەۋاتقۇدەك. ئاغىنىلەر، ئەمدى مەن دەيمەن، مۇشۇ سالدا ماڭىدىغان ئىشنى بولدى قىلسام بولامدۇ نېمە؟...

— ئۇنى دېسەڭلار، ئالدىنقى كۈنى مېنىڭ چۈشۈمگە ئاۋۇتئاخۇن كىرىپ قاپتۇ، — دېدى سالچى سەپەرئاخۇن.

— قايسى ئاۋۇتئاخۇن؟

— ھېلىقى سېلى تاشقا ئۇرۇلۇپ دوم بولۇپ كېتىپ تۇرغانبەگ قازاق بىللە بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئاۋۇتئاخۇنچۇ؟... رەھمەتلىكنىڭ جەستىنى ئاي ئۆتۈپ ئاران تاپمىدۇقمۇ؟... شۇ ئاۋۇتئاخۇن، يېنىدا ھېلىقى قازىقمۇ بار. بازاردا يولنىڭ چېتىدە ماڭا قارىشىپ تۇرغۇدەك، تۇرغانبەگ: «ئاي ساپارئاخۇن، مانا كىمىڭدى تاستاپ، باسقا شاپان ئاۋىستىرىپ كىيسەڭشى»[①] دەۋاتقۇدەك. ئەتىگىنى ئويغىنىپ كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەپ قالدىم. تۇرغانبەگ ئەجەب بىر گەپ قىلدا؟... ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسى: «سەپەرئاخۇن، بۇ سالچىلىقنى قاچانغىچە قىلىسەن؟... بۇ ئىشنى تاشلاپ باشقا بىر ئىش قىل، بولمىسا بىزدەك ئۆرۈلگەن سالنىڭ ئاستىدا

① ھەي سەپەرئاخۇن، ماۋۇ كىيىملىرىڭنى تاشلاپ، باشقا چاپان يەڭگۈشلەپ كىيسەڭچۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالىسەن... دېگەن بولدىمۇ قانداق؟» دەپ ئويلاپ قالدىم...

— ئەخمەت ھېيىت بىلەن ئەمەت مەمەت دېگەن ئادەملەرگە نېمە بولغان؟ — دەپ سورىدى ياشراق بىر سالچى.

— ئەخمەت ھېيىت تازا كەلكۈن ۋاقتىدا دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان سالغا ئۈزۈپ بارىمەن، دەپ دەرىيادا ئېقىپ كەتكەن، — دېدى قارا سىدىق، — ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى ئوينىشىدىغان سۇ ئەمەس، سۇ بىلمەيدىغىنىنى ئوڭايلا ئېقىتىپ كېتىدۇ، بەزىدە سۇ بىلىدىغىنىنىمۇ سۆرەپ ماڭىدۇ... ھە، ئەمەت مەمەتنىڭ گېپىگە كەلسەك، ئاشۇ شەھەرنىڭ يېنى — جىرغىلاڭدىلا بولغان گەپ، تازا سوغۇقتا سال قېيىداپ توختاپ قېلىپ، رەھمەتلىك سۇنى كېچىپ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىمەن، دەپ توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەن... توختى تاھىر دەپ بىر ئوبدان ئادىمىمىز بولىدىغان، قاپچىغاينىڭ ئىچىدە سال ـ پال بىلەن بىللىلا قايىنامغا كىرىپ كېتىپ ئۆلگەن... قاپچىغاينىڭ ئىچىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ ساناپ چىقماقمۇ تەس.

— ۋاي بۇ قاپچىغاينىڭ گېپىنى قىلماڭلار، — دېدى مەمەت ئۇستا، — مېنىڭ كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم، مەمەت سوپى بىلەن قىشلاقباي دېگەن قازاق يىگىت قاپچىغايدا سال چېچىلىپ كېتىپ قازا قىلمىدىمۇ؟... ماۋۇ ياغاچ كېسىپ يۈرىدىغان رىھىم مامۇتنىڭ ئاكىسىچۇ؟ ئۇمۇ ئۈچ ئادەم بىلەن شۇ قاپچىغاينىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن...

— قاپچىغاينىڭ ئىچىلا ئەمەس، دىققەت قىلمىسا بۇ دەريانىڭ ھەممە يېرى خەتەرلىك، — دېدى سالچى ساۋۇت

مەمەت،ــ نۇرسايا دەپ بىر قىرغىز سالچىمىز بولىدىغان. شەھەرگە ئاز قالغاندا، ئاشۇ گۆكرەتمە ئەتراپىدىلا سالىدىن دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن... يەنە ھېلىقى كىمتى؟... ھە، ھېلىم خوتەن دېگەن ئادەم ئاشۇ بايتوقاي ئەتراپىدا سالى قېيىداپ قېلىپ سۇدا ئېقىپ كەتكەن. رەھمەتلىكنىڭ ئۆلۈكىنى ئون نەچچە كۈندە ئاران تاپقانىدۇق. جەسەتنى چېلەككاكۇزىدىكى پونكىتقا ھارۋىغا سېلىپ ئەكەلگەننى كۆرگەنىدىم. شۇنچە ئورۇق بىچارە سۇدا كۆپۈپ ھارۋىغا پاتمايلا قاپتىكەن...

ــ بولدى، بولدىۋاي، ئاغىنىلەر،ــ دېدى ئابلاخان سالچى،ــ ئەجەب كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭلار؟... سۇدا ئېقىپ كەتكەن، ياغاچ بېسىۋالغان، پۇت ـ قولى ئارغامچىغا ئۇرۇلۇپ قىلىپ ئۈزۈلۈپ ناكار بولغان ئادەملىرىمىز ئازمۇ؟... سۇدا قازا قىلغان بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى شېھىت كەتكەنگە ھېساب... سالچىلارنىڭ پىرى كىمۇ بىلەمسەن؟ــ دەپ يېنىدا ئولتۇرغان ياش سالچىدىن سورىدى ئابلاخان سالچى.

ــ بىلمەيدىكەنمەن،ــ دېدى ياش سالچى قولىدىكى تاماكىسىنىڭ ئىسىنى تورۇسقا پۈۋلەپ ئولتۇرۇپ.

ــ مۇنداق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى چىققان يەردە قولۇڭدىكى تاماكىنى تاشلا! توختا، مەن بىر ـ ئىككى شورىۋالاي،ــ دېدى ئابلاخان سالچى،ــ سالچىلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىلياس ئەلەيھىسسالام بولىدۇ، ئىلياس ئەلەيھىسسالامۇ سۇغا كىرىپ كېتىپ چىقمىغانىكەن. «سۇغا كىردى چىقمىدى ئىلياس پەيغەمبەر، ئاسمانغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىقتى چۈشمىدى ئەيسا پەيغەمبەر» دېگەن گەپلەر شۇنىڭدىن قالغان.

— قاپچىغاينىڭ ئىچىدە «ھۆمەخاننىڭ قۇشخانىسى» دەيدىغان بىر يەر باركەن. ئۇ قانداق يەر؟ — دەپ سورىدى ياردەمچى سالچىلارنىڭ بىرى.

— ھۆمەخان دېگەن ئەسلىي تىكەسىنىڭ سالچىسى، — دەپ چۈشەندۈردى ئابلاخان سالچى، — «ھۆمەقۇماي» دەپمۇ قويىمىز. تىپىگى مارالبېشىلىق ئادەم، قاپچىغاي قىساڭىنىڭ ئىچىدە سال توختاتقىلى بولىدىغان بىر يەر بار، ھۆمەخان ئۇياق — بۇياقتىن قاقتى — سوقتى قىلىپ ئەكەلگەن ماللىرىنى شۇ يەردە ئوغرىلىقچە سويۇپ يەتتى. سۇ ئىتتىك، ئۇ يەردە ھۆمەخاندىن باشقا ئادەممۇ سال توختىتالمايتتى. ھۆمەخان دېگەن ئاجايىپ بىر ئادەم جۇمۇ! مال سويغاندا ئىسسىق ئىچ ماينى قولىنى تىقىپ سۇغۇرۇپ ئېلىپلا ئاغزىغا سالاتتى. گۆشنى تاياقتا سانجىپ كاۋاپ قىلىپ، قېنى تېمىپ تۇرسىمۇ پىشا — پىشمايلا يەۋېرەتتى. قانداق ئاشقازانتىكەنتاڭ ئۇ ئاداشتىكى، نىمە يېسە، خام يېسىمۇ، پىششىق يېسىمۇ سىڭىپ كېتىۋېرەتتى. ھاراقنى دېمەمسىلەر، ھاراقنىمۇ شۇنداق قاتتىق ئىچەتتى، تازا سوغۇقتا ئىككى — ئۈچ رومكا ئىچىۋېلىپ قويۇپ: «پالانى يەردە ياغىچىم قالغانتى ئەكېلىپ بەرسىڭىز» دېسەڭلا، تىترىمەي سۇغا چۈشۈپ ئەكېلىپ بېرەتتى. ھاراق تاپالمىغان چاغلاردا ساپ ئىسپىرتنىلا ئىچەتتى. ئىسپىرتقا سۇ ئارىلاشتۇرغاننى كۆرسە: «سەنمۇ ھاراقكەش بولامسەنەۋاي!» دەپ زاڭلىق قىلاتتى... كەچ كۈزدە دەريانىڭ ھەممىدىن بۇرۇن مۇز تۇتۇپ توڭلايدىغان يېرى قەيەر بىلەمسىلەر؟ ئاشۇ

قاپچىغاي كۆۋرۈكىنىڭ ئەتراپى، شۇ يەر ھەممىدىن بۇرۇن مۇز تۇتىدۇ. بىر يىلى شۇنداق كەچ كۈزدە ھۆمەخاننىڭ سالى قاپچىغاي ئۆتچاشىنىڭ ئەتراپىدا توختىلاپ قېلىپ، ئەكىتەلمەي تاشلاپ كېتىپتۇ. ئەتىيازدا كېلىپ قارىسا ياغاچ يوق، شۇ ئەتراپتا بىرسى ياغاچنى ياساۋاتقان ئۆيگە ئىشلىتىۋالغانىكەن. ھۆمەخان: «بۇ قانداق گەپ؟ خەقنىڭ ياغىچىنى نېمىشقا ئىشلىتىۋالىسەن؟» دېسە، ھېلىقى ئادەم: «بۇ ياغاچ قانداق قىلىپ سېنىڭ بولىدۇ؟ سەن قەشقەردىن يۇدۇپ كەلگەنمۇ؟» دەپتۇ. ھۆمەخان: «ھوي، بۇ ياغاچنىڭ ئىگىسى باشقا، مەن بىر ئىشلەمچى، ياغاچنىڭ ئىگىسىگە مەن قانداق جاۋاب قىلىمەن؟» دېسە، ھېلىقى ئادەم: «تاغدىكى ياغاچنىڭ ئىگىسى خۇدايىم، يوقال!» دەپ ھۆمەخاننى قوغلىۋېتىپتۇ. خەۋەرلەر بار، قاپچىغاينىڭ ئەتراپىدا ئۆچكە كۆپ بېقىلىدۇ، ھېلىقى ئادەمنىڭمۇ شۇ يەردە نۇرغۇن ئۆچكىلىرى بار ئىكەن، ھۆمەخان ئاچچىقىدا ھېلىقى ئۆچكىلەردىن ئوتتۇز ـ قىرىقىنى ھەيدەپ كېلىپ، دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئادەم قويۇپ، ئۆچكىلەرنى بىر ـ بىرلەپ سويۇپ سۇغا تاشلاپ ئاياغ تەرەپتىن سۈزۈۋالغانىكەن. ھۆمەخاننىڭ قۇشخانىسى دېگەن گەپلەر شۇنىڭدىن قالغان...

يېقىندىن بېرى قاراكۆلدىكى چوڭ ئۆيدە سالنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە پات ـ پات گەپ ـ سۆز بولىدىغان بولۇپ قالدى.

ـــ مەن دەيمەن، ئاغىنىلەر، ـــ دېدى بىر كۈنى «ئىسمەت قاۋان» دەپ ئاتىلىدىغان گەۋدىلىك سالچى، ـــ ھەممە بالا ـ قازا مۇشۇ ياغاچلارنى باغلىغان تالدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولـۇۋاتـىدۇ. سۈنـىڭ تازا يامـان ۋاقتىدا سـال پىرقىـراپ كېلىــپ بىر تاشقا ئۇرۇلـدىـما، بولـدى، تـالدا ئەشـكـەن ئـارقـانـنـىـڭ پـارىسـىـلـداپ ئـۈزۈلـۈپ سـال چۇۋۇلـۇپ كېتـىـۋاتقـان، ئـۇنداق چاغـدا ئـادەم نەدە؟ ياغـاچ نـەدە؟... نەچچە سالچى شۇنىڭ بىلەن جېنىدىن ئايرىلمىدىمۇ؟...

شۇنىڭ بىلەن سالچىلار تال ئۈزۈلۈپ كېلىپ چىققان ھادىسـىلـەر توغرىـسىدا چۇۋۇرلـىـشـىـپ گـەپكە چـۈشـۈپ كەتتى.

— تالنىڭ گېپىنى قىلـىـپ قالدىـڭلار،— دەپ گەپكـە ئـارىلاشتى يـاقۇپ رىشـىـت، بۇ ئادەم ھـازىـر سالچـىـلار ئـەترىتـىـنـىـڭ رەھبـەرلىرىدىـن بىرى ئىـدى،— ناھـىـيـە كۆكەرتىش تارماقلىرىنىڭمۇ بىزگە ھازىر پىكرى جىـق، تالدا سال باغلايمىز دەپ، پۈتۈن توقايلىقلاردىكى تاللارنـى كېـسـىـپ تـۈگەتـىـڭلار، دەپ ئـۆسـتـۈرمـىـزدىـن دەۋا قىلـىـۋاتىدۇ. سىـلەر دېگەنـدەك، تالدا سـال بـاغلايدىـغـان ئىشنى ئۆزگەرتكىلى بولسا ياخشى گەپ بولاتتى.

— شۇنداق بولـسا بىچارە ئـالا ئۆكـۈزمۇ ئـارام تېپـىـپ قالاتتى ـ دە،— دېدى سۇلتان سالچى.

سالچىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كـەتتى. ئەينى يىلـلاردا ساي ـ ساي توقايلارنىڭ ئىچىدىن كېسىلـگەن تاللارنـى توشۇيدىغان ئۆكـۈزلەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئـالا ئۆكۈز ئۇزۇن يىـل توشۇغانـىدى. شۇ چاغـلاردا سالچىـلار ئارىسىدا: «ئالا ئـۆكۈز پالانى سـايغا تالـغا كېتـىـپتۇ، ئـالا ئۆكـۈز پـوكۈنى توقـايدىن تـال بـېسـىـپ كـەپتۇ» دېگـەن گەپلەر كۆپ بولاتتى.

— ھـەي ياقۇپ رىـشـىـت،— دېـدى سـالـچى تـوختـى داۋۇت،— سـالـغا تـال ئىـشـلـەتـمـەي بـاشـقا نـىـمـە

ئىشلىتەمتىڭ؟... ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز سالنىڭ ياغىچىنى باغلايدىغانغا ئەزەلدىن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان نەرسە شۇ. باشقا نەرسىدىن ئەشكەن نېمەڭ مىڭ پىششىق بولسىمۇ سۇدا كۈچ بەرمەيدۇ.

ــ ئۇغۇ شۇنداق،ــ دېدى ياقۇپ رىشىت،ــ ئەمدى ماۋۇ يېڭى زاماندا ھەممە نېمە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭمۇ باشقا بىر ئامالى بولۇپ قالامدۇ، دەيمىنا.

ــ ياغاچىنىڭ ئىككى بېشىنى تەشمەيلا بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويىدىغان ئامال بولسا ـ ھە،ــ دېدى مەخمۇت زەيدىن. بۇ ئادەم تەجرىبىلىك سالچىلاردىن بولۇپ، ئادەم باشقۇرۇشقىمۇ ئېپى بار ئىدى.

ــ ھوي مەخمۇت زەيدىن،ــ دەپ ھەيران بولدى سالچى قادىر ھاشىم،ــ ياغاچىنىڭ بېشىغا تۆشۈك تەشمىسەڭ تالنى نەدىن ئۆتكۈزىسەن؟

ــ شۇنداق ياخشى ياغاچىنىڭ ئىككى بېشىغا تۆشۈك تەشتىڭما، بولدى، ياغاچىنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ،ــ دېدى مەخمۇت زەيدىن،ــ ياغاچنى ئىشلىتىدىغان چاغدا ياغاچىنىڭ ئىككى بېشىدىكى تۆشۈك بار يەرنى كېسىپ چىرىتىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە ياغاچ زايە بولىدۇ... ياغاچنى تۆشۈك تەشمەيلا بىر ـ بىرىگە چاتقىلى بولىدىغان بولسا ئۇ چاغدا سالچىلىرىمىز ياغاچ تېپىشىدىغان ئىسكىنە، بۇرغا، كەكە ـ پالتىلىرىنىمۇ تاغارغا سېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرمەيتتى...

ــ ئۇنداق بولسا،ــ دەپ گەپكە قوشۇلدى تاماكا ئىسى بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرگەن ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان سەمەت،ــ ياغاچقا تۆشۈك تەشمەي تۆگىلا ئورناتساق بولماسمىكىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى لادىيىسى



— نېمانداق ھەممىڭلىنىڭ تۆشۈك بىلەن خۇشىڭلار قالمىدى؟ — دېدى ھېيت «يالغان»، — سەمەتئاخۇن، ئەجەب سەنمۇ تۆشۈكتىن زېرىككىپ قاپسەنا؟... تۆڭگە دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟

— تۆڭگە دېگىنىم مۇنداق ھالقا.

— ھالقا؟!

— خوتۇنلارنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىنى دەۋاتىمەن... مۇنداق دەرۋازىلارغا ئورنىتىدىغان تۆمۈر ھالقا.

— سەمەتئاخۇن، سەن خوتۇنلارنىڭ دەرۋازىسىنى جىق قاققان ئادەم، ئېسىڭگە شۇ دەرۋازىنىڭ ھالقىسىلا كەپتۇ ـ دە! — دېدى ھېيت «يالغان».

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ سالچىلارنىڭ بېشى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن تاماكا ئىسلىرى تەۋرەپ كەتتى.

— بەللى، ھېيتاخۇن، راست گەپ قىلمىدىڭلىدە، — دېدى سەمەت، — ئۇنداق كىرىدىغان يەر بولسا دەرۋازا قېقىپ كىرەمتىڭلا شورىدىنلا ئاتلىماي؟...

— ماۋۇ سىدىق «پاقىلداق» بولىدىغان بولسا دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنىمۇ شاراقشىتاي، دەرۋازىنى پاقىلدىتىپ ئۆرۈپلا پۈتۈن مەھەللىنى ئويغىتىۋېتەتتىغۇ دەيمەن؟ — دېدى ھېيت «يالغان» چاقچاقىنىڭ نىشانىنى بۇراپ.

— مۇنۇ سادىر «ياۋاش» بارسا قانداق قىلار؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن.

— سادىر «ياۋاش» بارسا ئاستا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ دەرۋازىنى ئىتتىرىپ بېقىپ، «دەرۋازا ئېتىككەن» دەپ يەنە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېنىپ كېلەتتىغۇ دەيمەن.

— ماۋۇ ئىلاخۇن «سويما» بارغان بولسىچۇ؟

— ئىلاخۇن «سويما» دەرۋازىنىمۇ قاقماي، شورىدىنمۇ ئاتلىماي، دەرۋازىنىڭ ئاستىدىن دومىلاپلا كىرىپ كېتىدۇ.

— مۇنۇ توختى «بېلىشىڭ» بارسىچۇ؟

— توختى «بېلىشىڭ»نىڭ بارغىنىدىن بارمىغىنى ياخشى... تېخى دەرۋازىغا يەتمەي، مەھەللىنىڭ ئىچىدىلا جېدەل چىقىپ ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ...

لەقەمگە يۆلەپ قىلىنغان بۇ چاقچاقلاردىن سالچىلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— كۈلۈۋەرمەڭلار ئاغىنىلەر ھوي،— دېدى ياقۇپ رىشىت،— ئاۋۇ سەمەتئاخۇن بىر گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلىۋالمىسۇنمۇ!

— مېنىڭ دېگىنىم،— دېدى سەمەت،— ھەربىر ياغاچىنىڭ ئىككى بېشىغا شۇنداق ھالقىغا ئوخشايدىغان تۆڭگىنى قېقىپ، تالىنى شۇ تۆڭگىلەرنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ ياغاچىلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ كۆرۈپ باقساق بولمامدۇ؟...

— توغرا،— دېدى مەخمۇت زەيدىن،— ماۋۇ گەپنىڭ خېلى جېنى بار كۆرۈنىدۇ، باشتا بىر - ئىككى سالنى شۇنداق باغلاپ كۆرۈپ باقامدۇق؟

مۇنداق بەس - مۇنازىرە، تەكلىپلەرنىڭ زادى قانچە رەت بولغانلىقىنى، بۇ سىم - تۆڭگە دېگەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنى باشتا زادى كىملەرنىڭ ئويلاپ تاپقانلىقىنى سورىسىڭىز مەنمۇ بىلىپ كەتمەيمەن. سالچىلاردىن سورىسىڭىز ئۇلارمۇ تازا بىلمەيدۇ، ئىشقىلىپ، بۇ مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل -

پاراسىتى بىلەن بارلىققا كەلگەن نەرسە ئىدى. سالچىلار ئۈچۈن كېرەكلىك سايمانلارنى ياساپ بېرىدىغان تۆمۈرچى ئۇستاملار ئەمدى باشقا ئىشنى قايرىپ قويۇپ تۆككە ياساشقا كىرىشىپ كەتتى. سەندەللەر ئۇستىدىكى قىپقىزىل چوغلانغان تۆمۈر ئۇستىگە بولقا ـ بازغانلار گۈپۈلدەپ چۈشۈپ ئەتراپقا سانسىز ئۇچقۇنلار چاچرايتتى...

دەسلەپتە ياغاچنىڭ ئىككى بېشىغا تۆشۈك تەشمەي تۆككە قېقىپ، تال ئارغامچىنى تۆككىلەرنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ قۇراشتۇرۇلغان سال پەيدا بولدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ خىلدىكى سالنىڭ ئاجىزلىقى ئاشكارىلاندى. تۆمۈر تۆككە تال ئارغامچىنى ناھايىتى تېز قىرقىۋېتەتتى ـ دە، تال ئۈزۈلۈپ سال ئوڭايلا چۆرگۈلەپ كېتەتتى.

ــ ھاي سالچى ئاغىنىلەر، ــ دېدى بىر كۈنى تۆمۈرچى روزى ئىمىن ئۇستا، ــ «ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇسىلەر؟ تۆمۈرنىڭ سۈركىلىشىگە تۆمۈرلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، تال دېگەن بىكار...

شۇ چاغدا سالچىلارنىڭ كاللىسىغا «تۆككىلەرنى تۆمۈر سىم بىلەن بىر ـ بىرىگە چاتساق بولغۇدەك» دېگەن ئەقىل كەلدى. نەچچە قەۋەت پولات سىملارنى چۈۋۈپ، قەۋىتىنى يېشىپ، ئۇنىڭ بىر قەۋەت سىمىدا تۆككىلەرنى چاتتى. شۇنىڭ بىلەن تالدا سال باغلايدىغان ئىشلار تارىخقا ئايلىنىپ، سىم ـ تۆككە دەۋرى باشلاندى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 58 ـ يىللىرىدىن باشلاپ سىم ـ تۆككە بىلەن سال باغلاش ھەممە يەردە ئومۇملاشتى، سىم ـ تۆككە ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىشى سالچىلىق

ئىشلىرىدىكى بىر چوڭ سەكرەش ئىدى. ئۇ ساللاردىكى خەتەرنى ئازايتتى، ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. ئىلگىرى بىر سالنى ئىككى ئادەم ھەيدەپ كۆپ بولغاندا سەككىز ــ ئون كۇۋا ياغاچ ئېلىپ ماڭالايتتى، سىم ــ تۆشگە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن سالچىلار ئۈچ ــ تۆت جازا سالنى بىر ــ بىرىگە ئۇلاپ ئىككى ئادەم ئەللىك ــ ئاتمىش كۇۋا ياغاچ ئېلىپ ماڭالايدىغان بولدى. سالچىلار بىر جازىلىق يەككە سالنى «باشگازا سال» دەيتتى، بىر ــ بىرىگە چېتىلغان كۆپ جازىلىق سالنى «چاتما سال» دەيتتى. كېيىنكى يىللاردا ئابلىمىت، تۇرسۇن قاتارلىق سالچىلارنىڭ ئالتە جازا سالنى بىر ــ بىرىگە چېتىپ ھەيدەپ، بىر قېتىمدا 100 كۇۋادىن ئوشۇق ياغاچنى ھەيدەپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەينى چاغلاردا بۇنچىلىك ياغاچنى ئون نەچچە يۈك ماشىنىسىغا ئاران باسقىلى بولاتتى.

※ ※ ※

1960 ــ يىلدىن باشلىنىپ ئۈچ يىل داۋام قىلغان قاتتىق قەھەتچىلىك يىللىرىدا سالچىلار ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى تارتتى. ئىش ئېغىر، قورساقتا يەيدىغان نەرسىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. ناۋاي ئۇستاملار ئازغىنە بۇغداي، قوناق ئۇنىغا يەنە نېمىلەرنىدۇر ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىپ نان ياقاتتى. مۇنداق خېمىرنىڭ نېنى تونۇردا توختىمىغاچقا، تونۇرلارنى چېقىپ پەشخۇن سېلىپ، ناننى لېستا پىشۇرىدىغان بولۇشتى. سالدا ماڭىدىغانلارغا كۈنىگە ئىككى ناندىن ھېسابلاپ، ئون ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نانغا ئون بەش زاغرا قىتىپ بېرىلەتتى. تاغ تۆپىسىدە ياغاچ كېسىدىغانلارغا چۈشلۈكى تاغ بېشىدا ھەر ئادەمگە ئىككى تالدىن پىشۇرغان ياڭيۇ بېرىلەتتى. كەچتە ئاشخانىغا يېتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇماچ ئىچەتتى. گۆش، ماي دېگەن يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى... سالچىلار توقايلاردا ساللىرىنى توختىتىپ دەم ئېلىشقا ئولتۇرسىلا ئىختىيارسىز تاماقنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىشەتتى.

— يا ئاللا، ئاغىنىلەر، ھېلىقى بىر يىللىرى چوڭ كۆۋرۈكتىكى ئاشخانىلارنىڭ تاماقلىرىنىڭ نوچىلىقى ھە؟!... تاڭجاڭلىرىنىڭ خېرىدار چاقىرىپ كانايلىرى يىرتىلىپ كېتەتتى!

— دەڭ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى مانتىخانىلارنىڭ مانتىلىرىچۇ؟ بىر كۇنلۇك يەردىن بۇرنۇڭغا گۇپۇلدەپ پۇرايدۇ، بىر نانغا بەش مانتىنى ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ ئاران يەپ كېتىسەن.

— تاماقنىڭ پارىڭىنى ئازراق قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، ماۋۇ قورساق ئېچىپ تېخىمۇ غۇلدۇرلاپ كەتتى. سىلەر گېپىنى قىلغان مانتىدىن ھازىر بولىدىغان بولسا يېگىرمە... ياق، ئوتتۇزنىمۇ ھېچنېمە كۆرمىدىم، دەپ سوقۇۋېتەتتىم.

— پو ئاتما، نانغا ئوننى يەپ كېتەلىسەڭچۇ چوڭ گەپ...

— تۇڭگان مەسچىتىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشخانىلارنىڭ قوي گۆشى شورپىسى بىلەن بېرىدىغان ئاپپاق ھور نانلىرىچۇ؟

— تاڭگالىرىنى دېگىنە، تۇڭگانلارنىڭ ئاق تاڭگا، زىمىتاڭگا، پۇرچاق تاڭگا دەپ ئاتايىپ تاڭگالىرى

بولىدىغان، ئىچىگە ئۆرۈك مېغىزى سېلىپ ياسايدىغان يەنە بىر خىلى بارتى...

— ئۇنىمۇ دەيسىلەر، بۇنىمۇ دەيسىلەر، — دېدى ئېلى باتۇر، — چوڭ كۆۋرۈكتىكى غالتەك هارۋىدا سۆرەپ ساتىدىغان پاقلان گۆشىگە يەتمەيدۇ جۇمۇ، دوغشوپاڭدا تۆت سەر يېرىم جىڭ ئىچىۋېلىپ، چوڭ كۆۋرۈككە كېلىپ شۇ پاقلان گۆشىدىن تۆت - بەش جىڭ تارتقۇزۇپ يەۋالساڭ... گۆشنى پارچىلاپ قازانغا ئازراق ماي قۇيۇپ، دورا - دەرمەننى تەڭشەپ قويۇپ ئېلىپ بېرىدۇ، پاھ، ئۇنىڭ هۇزۇرىغا هېچنېمە يەتمەيدۇ.

— يا ئاللا، شۇ مەمۇرچىلىقلارنىڭمۇ قەدرىگە پەقەت يەتمەپتىكەنمىز، — دېدى سالچى مەمەت زۇنۇن، — هاراقنى ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ ئاشخانىلارنىڭ ئۇستەل - ئورۇندۇقلىرىنى ئۇرۇپ چېقىپ، تاماقلىرىنى يەرگە تۆكۈپ، يەنە تالاغا سۆرىشىپ چىقىپ مۇشتلاشقانلىرىمىزچۇ؟ يايمىچىلارنىڭ يايمىلىرى چېچىلىپ، نەچچە ناۋاينىڭ تەۋەڭلىرىدىكى نانلىرى ئۆرۈلۈپ، ئاپپاق نانلارنىڭ ئاياغ ئاستىمىزدا دەسسىلىپ كەتكەنلىرىچۇ؟... ئاش - تاماقنى خورلىغانلىرىمىزنىڭ ئۇۋالى ئەمدى بولۇۋاتامدىكىنتاڭ!...

— شۇنداق! — دېدى بىر تەرەپتە گەپ - سۆزلەرگە ئۇنچىقماي قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان قۇۋان ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، — قەهەتچىلىك دېگەن شۇ. قەهەتچىلىك دېگەندە قانچە يېسىمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە هېچنېمە يۇقمايدۇ. قەهەتچىلىكنىمۇ خۇدايىم ئىنسانىنىڭ خۇي - پەيلىگە بېقىپ بېرىدۇ...

بىر سالچىنىڭ «قېنى، بىلىققا ئېغىز تېگىڭلار!» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋارقىرىغان ئاۋازى قۇۋانىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ھەممەيلەن دوررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەڭ پاقىيوپۇرمىقى ئۇستىدىكى قاقلاپ پىشۇرۇلغان بېلىقتىن بىر پارچىدىن ئالدى، سالچىلار توختىغان يەرلىرىدە دەرياغا قارماق تاشلاپ بېلىق تۇتۇپ، مۇشۇنداق كاۋاپ قىلىپ يەيتتى.

— ئىلى دەرياسىنىڭ مۇشۇ ئاق بېلىقىنىڭ ئاجايىپ تەمى ياخشىدە! — دېدى سالچى ھاجى كامال، — قىلتىرىقى يوق، شورپا قىلساڭمۇ بەك شېرىن شورپا بولىدۇ... بىر يىللىرى سالنى توختاتقان يەردە پۈتىمىزنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرساق بېلىق دېگەن پۇتلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئاق بېلىق، چورتان بېلىق، سازانكا، تاپانبېلىق دەمسەن، ھېلىقى بېشى قوش مۇشتتەك يوغان... ئېتى نېمىدى؟ ئىشقىلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ بېلىقلار بولىدىغان، قەھەتچىلىك بولسا ھەممە نېمە يوقاپ كېتەمدىكىن، دەريادا بېلىقمۇ ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.

— باشقىسىغۇ مەيلى، — دېدى ياقۇپئاخۇن سالچى، بۇ ئادەم سالچىلار ئىچىدە ئۇزۇن يىل گورۇپپا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ئادەملەردىن ئىدى، — مۇشۇ ئاق بېلىق يوقاپ كەتمىسە بولاتتى. ئاڭلىشىمچە، بىر قېتىم سەيپىدىن ئەپەندى ئىلىغا كېلىپ كادىرلارغا يوليورۇق بەرگەندە: «ئىلىدىكى ئۈچ ئاقنى يوقىتىپ قويمىساڭلار بولىدۇ. بىرى، مولتوختىيۇزى، چۇلۇقايلارنىڭ ئاق ئالمىسى؛ بىرى، جىلىيۇزى، تۇرپانيۇزىلەرنىڭ ئاق ئۆرۈكى، يەنە بىرى، ئىلى دەرياسىنىڭ ئاق بېلىقى» دەپتىكەن.

قىرىق يەتتىنچى باب

## دەريا كوچىسى

سالچىلار ھەربىر پەسىللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەڭ بۇرۇن ھېس قىلىدىغان ئادەملەر ئىدى. باھار كىرىش بىلەن دەريانىڭ مۇزلىرى ئېرىپ شۇرەمەللەر ئاقاتتى. تېخى ئېتىزلاردىن قارلار تولۇق كەتمەي، شەھەر كوچىلىرىنىڭ پاتقاقلىرى قۇرۇپ بولماي تۇرۇپ ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا يېشىل ئوتلار باش كۆتۈرەتتى. شۇ يېشىللىقلار بىلەن تەڭلا دەريا قىرغاقلىرىدا سالچىلارمۇ پەيدا بولاتتى... يازنىڭ ئوتتەك قىزىق ئاپتىپىدا تاغ چوققىلىرىدىكى مۇزلار شىددەت بىلەن ئېرىپ، دەريا سۈيى ئۆلغىيىشقا باشلايتتى. 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردىكى كەلكۈن سۈيى بەزىدە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى. بەزى چوڭقۇر يەرلەر قۇم - تاشلار بىلەن تىنىپ، ئىلگىرىكى قانداقتۇر بىر تېيىز يەرلەرنى سۇ كولاپ چوڭقۇرلىتىۋېتەتتى. بۇ پەسىل سالچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىراش، دەريا بىلەن ئەڭ كەسكىن ئېلىشىدىغان چاغلىرى ئىدى... ھەممىدىنمۇ كۈز پەسلى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. كۈز ئايلىرىدا سۇ سۈزۈلۈپ دەريانىڭ ئاستىدىكى تاشلارمۇ مارجاندەك ئېنىق كۆرۈنەتتى. دېھقانلار بۇنى «سۇ سەمرىدى» دەيتتى. توقايلار ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com



قايسىبىر دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئالتۇندەك سارغىيىپ، قايسىبىر يوپۇرماقلار ئوتقاشتەك قىزىرىپ رەڭمۇرەڭ تاۋلىناتتى. جىغانلارنىڭ غۇژمەكلىشىپ تۇرىدىغان مېۋىلىرى تاكى قار چۈشكىچە شاخلىرىدا كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇراتتى. سالچىلار سوغۇق چۈشۈپ كەتكۈچە يەنە بىر ـ ئىككى يول سال تارتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئاندىن ئۇزاق قىش كۈنلىرى باشلىنىپ پۈتۈن تەبىئەت ئاپپاق لىباس كىيەتتى. دەريا ئۈستىنى قېلىن مۇز قاپلاپ چەكسىز دالا، جىمجىت توقايلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەندەك قىلاتتى... ئاز ئۆتمەيلا يەنە يېڭى بىر باھار باشلىنىپ توقايلىقلاردا قۇشلار چۇرۇقلىشاتتى. دەرەخلەرنىڭ يېڭىدىن بۆرتۈپ چىققان سۇس يېشىل يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە باھار يامغۇرىنىڭ تامچىلىرى يالتىرايتتى. دەريا ئېقىنلىرىدا سالچىلارنىڭ چۇقانلىرى ئاڭلىنىشقا باشلايتتى.

سالچىلار تۇرمۇشىدىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشلەر بولماقتا ئىدى. سەككىز ئادەمگە بىردىن بىرىزىنت چېدىر تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. ھەربىر قونالغۇدا سالچىلار چېدىرلىرىنى تىكىپ ئارام ئېلىشاتتى. ئىلگىرىكىدەك بوران ـ چاپقۇن، يامغۇر ـ يېشىندا ئايدالادا قالىدىغان ئىشلار ئاخىرلاشقانىدى. بۇرۇن سالچىلار ئېھتىيات ئۈچۈن تېرە تۇلۇملارنى ئېلىۋالاتتى، ھازىر سالچىلارغا ئىچى رېزىنكە سۇ ئۆتمەس ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن قىزىل تۇلۇم تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ تۇلۇمنى سالچىلار كېرەك بولغاندا ئىتتىك قولغا چىقىدىغان بىر يەرگە قوياتتى ياكى ئۈستىگە كىرىپ، ئاستىنى چاتىراقتىن باغلىۋالاتتى. ھەربىر

ئېشىنچا ئاستىدا رېزىنكە ئۆتۈكى بار ئىش كىيىمى بېرىلگەندى. سۇغا چۈشۈپ سال باغلايدىغان، سۇدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان چاغلاردا بۇ كىيىملەر ناھايىتى ئەسقاتاتتى. ئەمما، «بۇ بىرنېمىلەر بىلەن قولىشالمايدىكەنمەن» دەپ ھېلىمۇ كالتە ئىشتان بىلەن يالاڭ ئاياغ سال ھەيدەيدىغان سالچىلار خېلى بار ئىدى.

سالچىلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان پونكىتلار ئىچىدە تېكەستىكى پونكىت چوڭ ۋە ئاۋات پونكىتلاردىن ئىدى. تېكەس ناھىيە بازىرىدىن تېكەس دەرياسى بويىغا چۈشىدىغان «دەريا كوچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كوچا بار. دەريا كوچىسىنىڭ دەرياغا ئۇلاشقان يېرىدە تېكەس دەرياسى كۆلدەپ ئاقىدىغان بىر كەڭلىك بار. يۇقىرىدىن كەلگەن ساللار بۇ يەردە توختىماي ئۆتمەيتتى. پونكىت دەريا كوچىسىنىڭ تېكەس دەرياسىغا ئېگىشكەن ئېغىزىغا جايلاشقانىدى. سالچىلار بۇ يەردە ياتاقلىرىغا ئورۇنلىشىپ، ئارقىدا قالغان ھەمراھلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. كەچتە تېكەس بازىرىغا كىرىپ ئىزدەيدىغان ئادەملىرىنى ئىزدەپ، كۆرۈشىدىغان بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، قاۋاقلارغا كىرىپ ئىچىپ، مۇشتلىشىپ، بىر - ئىككىسى قاپاقلىرىنى يېرىشقىمۇ ئۈلگۈرەتتى. ئەتىسى سەھەردە يەنە ھېچنېمە بولمىغاندەك ساللىرىغا قاراپ مېڭىشاتتى. يول ئۈستىدە بىر - بىرىنىڭ ئەپتىگە قاراپ كۈلكە - چاقچاق باشلىناتتى.

— پالانچىئاخۇن، — دەيتتى ئاخشام جېدەل - ماجىراغا ئارىلاشماي ساق قالغانلىرى يارىدار بولغانلارنى شاڭخو قىلىپ، — مۇبارەك بولسۇن، قالتىس يارىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— نېمە قالتىس يارىشىپتۇ؟ — دەپ سورايتتى ھېلىقى سالچى ھېچنېمىنى چۈشەنمەي. ئۇ تېخى ئاخشامقى كەيپىدىن تازا يېشىلىپ كەتمىگەن بولۇپ، كېچىدە بولغان ماجىرالارمۇ ئېسىدە تازا يوق ئىدى.

— ئاۋۇ پېشانەڭلىدىكى بۇرۇنقى تارتۇقنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان يېڭى ھۆررەكنى دەيمەن...

— ئاخشامقى ئويۇننىڭ مۆڭگۈزى چىقىپتۇ - دە!...

— ھوي ئاغىنىلەر، ماۋۇ قىزىقچىلىقنى كۆرمەيسىلەر، تېخى مەيەردە قاپىقىنى يارغانلارمۇ باركەن.

— ئاخشام ياتاقنىڭ ئىشىكىگە ئۇسۇۋاپتىمەن، — دېدى ھېلىقى قاپىقى يېرىلغان سالچى خىجالەت بولۇپ.

— ئۇقۇشماي ئېرى بار خوتۇننىڭ شورىدىن ئاتلاپ قالدىڭمۇ قانداق؟ قاراڭغۇدا ئېرىگە ئۇسۇۋالغان ئوخشايسەن.

— ئوشۇق گەپ قىلماڭلار، ئاغىنىلەر، — دېدى قاپىقىنى يېرىۋالغان سالچى، — شۇ تاپتا بېشىم ئاغرىپ بولالمايلا قىلىۋاتىمەن... ئاخشامقى ھېلىقى سورۇندا تېكەسلىك بىر - ئىككىيلەن بىلەن ئىچىشىپ ئولتۇرغىنىمنى بىلىمەن، كېيىن نېمە بولدى؟ قانچىلىك ئىچتۇق؟ ئۇلار نەگە كەتتى؟ مەن ياتاققا قانداق قايتىپ كەلدىم؟ بىرسىنى بىلسەم ئۆلەي.

— ئاخشام ئۇقۇشماي ھوشۇر «چىپار»غا مۆشت ئېتىپ قويۇپسەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى بىرەيلەن.

— ھوشۇر «چىپار»غا؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى ھېلىقى سالچى.

ھوشۇر «چىپار» تېكەس سالچىلىرىنىڭ نوچىسى

ئىدى. بويى ئىككى مېتىر كېلىدىغان پالۋان سوپەت بۇ ئادەم ئوتتايلىقچە ئۇرۇش ـ جېدەلگىمۇ ئارىلاشمايتتى، ئارىلىشىپ قالسا بىر ئۆزى ئىككى ـ ئۈچ ئادەمگە بوي بەرمەيتتى.

ــ ھوشۇر «چىپار» بەك مەست بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، «ئاغىنە، سەن موڭغۇلكۈرەنىڭ سالچىسى ئوخشىمامسەن؟ بەك مەست بولۇپ كېتىپسەن، ئاستا كېتىۋال» دەپ نەسىھەت قىلسا، «نېمە دەيسەنوي، چوقۇر» دەپ قويۇپلا ئۇنىڭ كانىيىغا ئېسىلىپسەن. ھېلىمۇ ياخشى ئاتقان مۇشتتۇڭ ھوشۇرئاخۇنغا تەگمەي ئۆزۈڭ پىرقىراپ كېتىپ دۈم چۈشۈپسەن، ھوشۇرئاخۇن ئۆزى سېنى ھارۋىغا كىرا قىلىپ سېلىپ ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

ــ ئاپلا! بەك سەت ئىش بوپتۇ ـ ھە!

ــ بۇ ھېلىقى تەلىپ نوچىنىڭ غېنى باتۇرغا پۇت ئېتىپ قويغىنىدەكلا ئىش بوپتۇ ـ دە،ــ دېدى ساۋۇت سالچى.

ــ ئۇ نېمە گەپكەن، ساۋۇتئاخۇن؟ــ دەپ ساۋۇت سالچىغا قارىدى ھەممەيلەن.

ــ ئىلىي ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا بولغان گەپ،ــ دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ساۋۇت سالچى،ــ غۇلجا شەھىرىنىڭ بايكۆل مەھەللىسىدە تەلىپ دەپ ئېگىز بوي، نوچى بىر ئاغىنە بار. ئۆزىمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا نېمە، بىر كۈنى تەلىپ تېرەك مازارنىڭ ئالدىدىكى دەڭدە ئۆزىگە بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتۇپ قويۇپ بازارغا سودىلىققا چىقىپ كېتىپتۇ. قايتىپ كېلىپ قارىسا ئورنىدا باشقا بىر ئادەم كالچىيىپ ياتقۇدەك. تەلىپ كەلگەنچە كېلىپ ھېلىقى ئاغىنىسىنى «قوپەۋاي، ماۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېنىڭ ئورنۇم» دەپ بىر تېپىپتىكەن. قانداق بولغان، ھېلىقى ياتقان ئاداش پۇتىنى شۇنداق بىر شىلتىغانىكەن، تەلىپنىڭ ئېشكىگە بىر پەشۋا «قاس» قىلىپ تېگىپ، تەلىپ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ھويلىغا دۈۋىلەپ قويغان مەڭگەنگە بېشىچىلا كىرىپ كېتىپتۇ. دەڭدىكىلەر تەلىپنى مەڭگەندىن تارتىپ چىقىرىپ قارىسا تەلىپ كۆزىنى ئاچماي ياتقۇدەك. يۈزىگە سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتىكەن. تەلىپ كۆزىنى ئېچىپلا: «مەن نېمە بولدۇم؟» دەپ سوراپتۇ. بېشىدا قاراپ تۇرغانلار: «ۋاي تەلىپ نوچى، سەن ئۇقۇشماي غېپىنى باتۇرغا پۇت ئېتىپ قويۇپسەن ئەمەسمۇ» دەپتىكەن. تەلىپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ...

ھوشۇر «چىپار» بىلەن سەمەتمۇ بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى. بىر قېتىم سەمەت سال بىلەن تېكەسكە كېلىپ توختىغاندا تېكەس بازىرىدا ھوشۇر «چىپار» بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شۇ كۈنى تېكەس سالچىلىرىنىڭ ئىستۇلبىنىڭ ياغاچلارنى ئۆتكۈزۈپ پوچتا تارماقلىرىدىن پۇل ئالغان كۈنى ئىدى. ھوشۇر بىر ئاشخانىنىڭ بىرنەچچە ئۇستىلىنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئىشداشلىرىنى مېھمان قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

ــ بەللى، بەللى، سەمەتئاخۇن، ــ دېدى ھوشۇر «چىپار» سەمەتنى ئۇچراتقىنىغا خۇشال بولۇپ، قارا تۇمىقىنى گەدىنىگە سۈرۈپ قويۇپ، ــ سېنى خۇدا ئۆزى بەتكۈزدىمۇ قانداق؟

ــ نېمە بولدى؟ ــ دېدى سەمەت.

ــ ئازراق پۇللۇق بولۇپ قالدۇق، بىر كۆڭۈل ئېچىپ

ھاردۇقىمىزنى چىقىرايلى، دەۋاتىمىز. يورە، بۇ باھانىدە سېنىمۇ بىر مېھمان قىلىۋالاي.

تاملىرى قارىداپ كەتكەن ئاشخانىنىڭ ئىچىنى موخوركىنىڭ ئاچچىق ئىسى قاپلىغانىدى. تېكەستە كەچتە ئوبدانلا سالقىن تارتىپ قالغان بولسىمۇ، ئاشخانىنىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى ئۇستىلىدىكى گۆش، سەيلەردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق ھور، ئادەملەرنىڭ تىنىقى بىلەن ئىسسىپ كەتكەنىدى. سالچىلار چالا - بۇلا تاماقلىنىپلا ئىچىشۋازلىقنى باشلىدى. ساقىينىڭ قولىدىكى رومكىلار بىلىق كۆزى بولۇپ ئايلىناتتى. ھوشۇر «چىپار» بۇ كۈنى ناھايىتى كۆپ ئىچتى. ئۇ مېھمىنى سەمەتئاخۇننى ئىسىدىن چىقارمايتتى.

— قېنى، ھەي ساقىي! ماۋۇ سەمەت ئاغىنىمىزگە قويدۇڭلارمۇ؟ — دەپ تۇراتتى ھوشۇر «چىپار»، — سەمەتئاخۇننى ئۇنتۇپ قالماڭلار... مەن سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، ماۋۇ سەمەتئاخۇنمۇ نەچچە تۈگمەننىڭ كويلىسىدىن ساق چىققان، چوڭ كۆۋرۈكنى سورىغان نوچىلارنىڭ بىرى جۇمۇ!...

سەمەت شۇ كۈنى ئاخىرىغا بارغاندا ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك ھاراق ئىچكىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ سورۇندىن تۈن كېچە بولغاندا چىقىپ كەتتى. نېمىشقا چىقىپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەيتتى. كەيپى ناھايىتى چاغ بولۇپ، يونكىتقا كەلگۈچە ناخشا ئېيتىپ كەلدى:

ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
بېشىدا يوگەن بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



ئىچىمدە دەردىم تولا،
ئۆزۈم مۇنداق يۈرگەن بىلەن.

ئۇ بۇ بېيىتلارنى تېخى ھېچبىر يۇرتتا، ھېچبىر سازەندە ئىجاد قىلىپ باقمىغان بىر ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتماقتا ئىدى. بەزى بېيىتلارنى ئۆزى ئىچىدىن چىقىرىپ توقۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

ئەتراپىم ئېگىز چوققا،
قارىغايلار قاتار ـ قاتار.
تاغقا چىققان سالچىنىڭ
ئۆيى يوق، نەدە ياتار؟

ئېقىپ كەلدىم سال بىلەن،
سالنى باغلاپ تال بىلەن.
بىر كېچە مۇڭداشمىدىم،
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن...

بۇ ناخشىنىڭ داۋامىنى ئۇ ياتاقتا كېلىپمۇ ئېيتتى. خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقان قۇۋاننى سىلكىپ ئويغىتالماي خېلى ھەپىلەشتى. قۇۋان ھېرىپ شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىمۇ ياكى سەمەتنىڭ مەستلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇخلىغانغا سېلىۋالدىمۇ، ئىشقىلىپ كۆزىنى ئاچمىدى:

ــ يا ئاللا، قۇۋان،ــ دەيتتى سەمەت،ــ سالغا چىقساڭ ئايىغى يوق خىيال، بېشىڭ ياستۇققا تەگسىلا تۈگمەس ئۇيقۇ... خۇدايىم بەرگەنلا ئادەمدە سەن... ساڭا بۇ «ئەزمە» دېگەن لەقەمنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم.

قەشقەردىن چىقىپ كەلدى،
سەمەتئاخۇن بىلەن قۇۋان.
مۇساپىرغا تېپىلماس
ئىلىدا تۇزۇك جۇۋان...

قۇۋان، بۇ ناخشىنى ئاڭلىغانمۇسەن؟... ئاڭلىمىغان بولساڭ ئاڭلىۋال، تېخى يېڭى چىقىپتۇ.

تېكەستە قايناپ كەتتى،
سالچىلار بىلەن بەزمە.
ئويغاتسىمۇ قوپمايدۇ،
قۇۋان دېگەن ئەزمە...

سەمەتكە نەدىن كەلگەن ئىلھامكى، ئۇ شۇنداق بېيىتلارنى توقۇغىلى تۇردىكى، ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. قۇۋاننى قانچە قىلىپمۇ ئويغىتالماي، ئاخىرى ئۆزى ئۇنىڭ يېنىدا قىڭغىيىپ يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى... ئەتىسى ئۇ ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. كېچە ئولتۇرۇش بولغان سورۇندىن ئۇ تەرلەپ، چاپىنىنى شۇ يەرگە تاشلاپ يېلىڭلا چىقىپ كېتىپ سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانىدى.

سەمەت تېكەس دوختۇرخانىسىدا بىر ھەپتە ياتتى. ھوشۇر «چىپار» بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ پونكىتتا يەنە بىرنەچچە كۈن دەم ئالدى. ئۆمرىدە ئاغرىپ تۇزۇك دورا يەپ باقمىغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايى خېلىلا سولغۇن، چاچ ـ ساقاللىرىغا چۈشكەن ئاقلار بىردىنلا كۆپىيىپ قالغانىدى.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ قۇۋان پەيدا بولۇپ قېلىشۇىدى، سەمەت ناتونۇش بىر ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

— قۇۋان، بارمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى سەمەت.

— مانا ئالدىلىرىدا تۇرۇپتىمەنغۇ، — دېدى قۇۋان.

— نەچچە كۈننىڭياقى ھېچ كۆرۈنمەيسىنا؟

— خۇدىلىرىنى بىلمەي قىزىپ ياتقاندا دوختۇرخانىغا ئەكەلگەنمۇ مۇشۇ قۇۋائئاخۇن، ھوشۇر «چىپار» ئاغىنىلىرىگە خەۋەر قىلغانمۇ مۇشۇ قۇۋائئاخۇن، — دېدى قۇۋان، — كېيىن قارىسام ئەتراپلىرىدا سىلىنىڭ ھاللىرىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەملەر خېلى كۆپىيىپ قالدى. مەن ھۇسەننىڭ ئۆيىگە پەتىگە كەتكەنىدىم.

— نېمە پەتە ئۇ؟

— ھۇسەن بەندىچىلىكنى قىپتۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟... قايسى ھۇسەن؟

— بىز بىلەن قەشقەردىن بىللە ئىلىخوغا چىققان ھۇسەن بايۋەچچە... ياغاچ كېسىۋاتقاندا كەسكەن قارىغاي يىرقىراپ كېتىپ ئۈستىگىلا چۈشكەن ئوخشايدۇ، شۇ يەردىلا جان بېرىپتۇ.

سوزۇلۇپ ياتقان سەمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئىككى بۇرادەرنىڭ ئارىسىنى ئېغىر بىر سۈكۈت باستى.

— ياراتقان ئىگەم ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!... — دەپ دۇئا قىلدى سەمەت جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — خوتۇن - بالىلىرى قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

— ئىككى ئوغلى يوغانلا ئەر بولۇپ كېتىپتۇ، قىزىمۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ. موماي ئالدىنقى يىلى ئۆلۈپ

كەتكەنىكەن. ھۆسەننىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى نېمىدا؟ ھە، گۆلىمۇ؟... گۆلى يەنە شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇ. ھۆسەن ئاغىنىمىز ئەتراپتىكى مالچىلار بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەنىكەن. ھۆسەننىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان ئاغىنىلىرى يىراقلاردىنلا ئات چاپتۇرۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېلىشىۋىدى، مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئېزىلىپ، ئاخىر بولالماي «ۋاي ھۆسەن ئاغىنەم!... ۋاي قېرىندىشىم!» دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتىم.... ھېلىقى مۇز داۋاننىڭ ئۈستىدە ئۆمەر ئۇستازغا يىغلىغاندەكلا يىغلىدىم... سەمەتئاخۇن، مۇشۇ ئىلىخو دېگەندىن كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى جۇما.

— راست دەيسەن، — دېدى سەمەت، — بىر چاغلاردا قەشقەردىن بىر توپ ئادەم بىللە يولغا چىقىۋىدۇق، مۇز داۋاندىن ئۆتمەيلا ئۆمەر ئۇستازدىن ئايرىلدۇق، ھۆسەنمۇ بىزنى تاشلاپ كېتىپتۇ، مانا، ئاخىرىغا كېلىپ ئىككىمىزلا قاپتۇق... ھېلىقى ئوسمانئاخۇن دېگەن ئۇلاغچى ھايات بارمىدۇ؟ بار بولسا نەلەردە ئېشەكنى ھەيدەپ يۈرىدىغانغۇ؟... يۇرتتا كىملەر ئۆلۈپ، كىملەر قالغاندۇ؟... ئەجەب ئېچىم سىقىلىپ كەتتا، يۈرە، تالاغا چىقىپ ئاۋۇ دەريانىڭ بويىدا بىردەم ئولتۇرايلى.

ئىككى ئاغىنە پونكىتتىن چىقىپ دەريا كوچىسى بىلەن تۆۋەنلەپ بېرىپ دەريا بويىدا ئولتۇرۇشتى. دەريانىڭ تېكەس بازىرى تەرەپتىكى كەڭ يېرىدە كىملەرنىڭدۇ ساللىرى توختىتىپ قويۇلغانىدى. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا كەڭ بىر دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى. دالالاردا تېخى ھېچبىر شائىر شېئىرلىرىدا ئىسمىنى ئاتاپ باقمىغان قىزىل، كۆك، سېرىق، سۆسۈن رەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



گۈللەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قارلىق چوققىلارغا يېقىنلاشقانسېرى بۇ دالا گۈللىرىنىڭمۇ رەڭگى سۇسلىشىپ، نەق قارلىق چوققىلارنىڭ ئۆزىگە بارغاندا پەقەت ئاپپاق ئېچىلىدىغان گۈللەرلا قالاتتى... دەريادىن ئۇرغان سالقىن شامال سەمەتنىڭ يۈزىنى سىلاپ ئۆتتى.

— ھۆسەننىڭ خوتۇنى تېخى ياپپاشلا تۇرۇپتۇ، دېدىڭما؟ — دەپ سورىدى سەمەت تۇيۇقسىز قۇۋان تەرەپكە قاراپ.

— شۇنداق، ياپپاشلا تۇرۇپتۇ، — دېدى قۇۋان، — ئىككى مەڭزى ئازاردەك قىزىل، ھېچ ئۇچىنى تۇغقان خوتۇنغا ئوخشىمايدۇ.

— مۇنداق دە، — دەپ خىيالغا چۆشۈپ قالدى سەمەت، — مەنمۇ پەتلەپ ھال سوراپ بارارمەن... مەن دەيمەن، قۇۋان، ئۇلار ھۆسەننىڭ يىل نەزرىنى ئۆتكۈزۈپ بولسۇن، ئاندىن ئارىدا ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ گۈلنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى قۇۋان ھەيران بولۇپ.

— شۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئاتىسىز قالغان بالىلىرىغا ئۆزۈڭ ئاتا بول دەيمىنا.

— ئۇنداق يېرى بولسا گۈلنى سىلى ئالسىلا بولىدۇ، — دېدى قۇۋان.

— سەن ئالساڭ نېمە بولىدۇ؟ — دېدى سەمەت.

— مېنىڭ خوتۇنۇم تۇرسا... گۈلنى خوتۇننىڭ ئۈستىگە ئالسام ئەپلەشمەيدۇ — دە.

— قېنى خوتۇنۇڭ؟

— گۈلئايىمچۇ؟...گۈلئايىم بىلەن نىكاھىمىز بۇزۇلمىغان تۇرسا.

— ۋاي، قۇۋان، سەن نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن؟... شۇ پومپىشچىك خوتۇن بىلەن ھېلىمۇ ئىزدىشىپ تۇرامسەن؟

— شۇنداق، — دېدى قۇۋان، — رەھمەتلىك ھوسەن ئاغىنىمىزنىڭ بالىلىرىغا ئۆزلىرى ئاتا بولسىلا، ساۋاب ئىش دېگەن شۇ.

— قۇۋان، مەن ساڭا قانچە قېتىم دېدىم؟ مەن ئۆيلەنمەيمەن.

— ماڭا قارىسىلا، مېنىڭغۇ سىلىگە نەسىھەت قىلغۇچىلىكىم يوق، شۇنداق بولسىمۇ دەپ قوياي، ئادەم دېگەن ھەمىشە بىر خىل ئۆتمەيدۇ، يىلىنىڭمۇ ھەممە كۈنى ئوخشاش بولمايدۇ، يازى بار، قىشى بار، مانا بۇ قېتىم ئاغرىپ ئۆزلىرىمۇ كۆردىلا، ئاغرىپ باش ياستۇققا يەتكەندە قېشىدا ھەمراھ بولىدىغان ئادىمى بولمىسا بولمايدۇ... ئۆيلەنمەيمەن دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟... ھېلىمۇ باشقىلار سىلىنى «قايسى سەمەت؟» دېسە، «ھېلىقى سەمەت بويتاقچۇ» دەيدىكەن...

— بولدى قىلە، قۇۋان! — دېدى سەمەت، — ئۆيلەنمەيمەن دېدىممۇ، ئۆيلەنمەيمەن!

— ئەمىسە ئىختىيارلىرى، — دېدى قۇۋان، — ئۆيلەنمىسىلىمۇ ئۆيلەنمىسىلە، ماۋۇ ھاراق دېگەن نىجىسنى ئەمدى ئىككىنچى ئاغزىلىرىغا ئالغۇچى بولمىسىلا... يېقىندىن بېرى مەن سىلىدىن خېلى خۇش بولغانىدىم...

— نېمىگە خۇش بولغان؟ — دەپ سەمەتنىڭ كۆزىگە قارىدى سەمەت.

— مۇشۇ بىرنەچچە يىلنىڭياقى ئۇنداق غېنىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



كۆكىگە بىرىپ قونىمىز، دەپ تۇرۇۋالمايدىغان بولدىلا... ماۋۇ هاراق دىگەن نىمىنىمۇ ئۇنداق جىق ئىچمەيدىغان بولغانتىلا، بۇ دورەمزە سىلىنى شەيتان يەنە بىر ئازدۇرۇپتۇ. ئاشۇ هوشۇر «چىپار» دىگەننىڭ كەينىگە كىرمەيدىغان گەپتى. شۇ ئاچچىقىمدا مەن سىلىنى «ئۆزۈڭ ئاغرىتقاندىكىن ئۆزۈڭ ساقايتىش» دەپ تېكەسنىڭ سالچىلىرىغا تاشلاپ بىرىپ كەتكەنىدىم.

سەمەت كۈلۈپ كەتتى.

ــ ئەمما... ئەمارزە سەمەتئاخۇن، مۇشۇ ئۆيلەنمەيمەن دەيدىغان گەپلىرى زادى ئەپلەشمىدى، ــ دىدى قۇۋان گىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ ماڭا قارىسىلا، مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن ئۆيلىنىشمۇ بىر سۈننەت جۇما... پەيغەمبىرىمىز: «ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغانلا ئادەم ئۆيلەنسۇن، ئۆيلىنىش ئۇنىڭ كۆزىنى، جان يىرىنى هارامدىن ساقلايدۇ» دەپتىكەن. بۇ گەپلەرنىڭ هەممىسى هەدىستە بار...

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى يولدىكى بىر توپ دىھقانلار ئالدىنقى كۈنى چىققان بورانىنىڭ كىملەرنىڭدۇر قوتىنىنىڭ ئىشىكىنى ئۆرۈۋەتكەنلىكى، شەھەرگە سودا ــ سېتىققا چۈشۈپ كەتكەنلەرنىڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكى، قادىرنىڭ دۆڭگە تەرگەن بۇغدىيىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە سارغايغانلىقلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ــ گىپىڭ توغرا، ــ دىدى سەمەت، ــ مەنمۇ ئۆيلىنىشۋالسام بولاتتى. ئۆزۈمنىڭ ئوبدانلا ئەخمەقلىقىم بارمۇ، بىلمىدىم. شۇ چاغقىچە ئۆيلەنمىدىمغۇ تاڭ!... يىگىت ۋاقتىمدا مەھەللەمدىكى بىر قىزغا كۆزۈم

چۈشۈۋىدى، ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىدىم. ئۇ قىز ھازىر نەدە؟ ئۆلدىمۇ، ھاياتمۇ؟ ھايات بولسا كىملەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرىدۇ؟ «سەمەت» دېگەن بىر ئىسىم ئۇنىڭ يادىدا بارمۇ، يوق؟ بۇ گەپلەرنى قىلسام ھازىر مېنى ھەممە ئادەم زاڭلىق قىلىپ كۈلەر... يېشىم ئەللىككە كېلىپ قالدى، چاچ ـ ساقاللىرىمنى ئاق باسقىلى تۇردى. ئەمدى ئۆيلەنسەم ئۇ خوتۇن بالا تۇغار. ئۇ بالا چوڭ بولغۇچە مەن بۇ دۇنيادا بارمۇ، يوق؟ نېمە قىلارمەن يېتىم ـ يېسىرلارنى كۆپەيتىپ... ماۋۇ تەشكىل دېگەنمۇ تاغدەك يۆلەنچۈك ئىكەن. ئاغرىپ قالساق داۋالايدىكەن، بېشىمىزدىن ئادەم ئۈزۈلمەيدىكەن. شۇمۇ يېتەر... بىراق، سەنزە، قۇۋان، مۇشۇ سالچىلىق دېگەنگە زادى كۆڭلۈم ئۇنىمىدىكەن. شۇنچە يىلدىن بېرى مەن بىلەن سال ھەيدەۋاتىسەن، «قاچانغۇچە ياردەمچى بولىمەن؟ مەن ئۆزۈم بىر باش گۈرجەكنى تۇتۇپ سال ھەيدەپ باقاي» دېمىدىڭ. ئاڭلىسام، موڭغۇلكۈرەنىڭ ياغاچلىرى كېسىلىپ بىر يەرگە يېرىپتۇدەك. ئۇششۇق ئادەملەرنى قىسقارتقۇدەك، ئەمدى توققۇزتارادىن ياغاچ تارتقۇدەكمىز... سەن يا ئۆز ئالدىڭغا گۈرجەك تۇتۇپ سال ھەيدىمىسەڭ، يا قىشتا ياغاچ كېسىدىغانغا چىقمىساڭ، سېنىڭ ئىسمىڭنىمۇ ئاۋۇ قىسقارتىدىغانلارنىڭ قاتارىغا خەتلەپ قويامدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— بوپتۇ، — دېدى قۇۋان، — مېنى قىسقارتىدىغانلارنىڭ قاتارىغا خەتلەپ قويسا قويسۇن... سىلىنى دەپ سال ھەيدەپ يۈرىمەن، بولمىسا بۇ سالچىلىق دېگەننى بىر كۈنمۇ قىلغۇم يوق.

※ ※ ※

توقةۇزتارا ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ نارات بۆلىكى قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان گۈزەل تاغلارنىڭ بىرى. لېكىن، توقةۇزتارانىڭ ئەينى چاغلاردىكى تاغ يوللىرى ئىنتايىن ناچار، تار، خەتەرلىك ئىدى. ياغاچ ماتېرىياللىرىنى سۇ يوللىرى بىلەن يۆتكىمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. 1962 ـ يىلى توقةۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانى قاپچىغاي قىساڭىنىڭ چىقىش ئېغىزى بىلەن چوڭ جىرغىلاڭ① سۈيىنىڭ تىككەس دەرياسىغا قۇيۇلۇش ئارىلىقىغا بىر سالچىلار ئەترىتى قۇرۇپ، توقةۇزتارانىڭ ياغاچلىرىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى زايىمكا پەن زاۋۇتىغا يەتكۈزۈشنى ئويلاشتى. موڭغۇلكۈرە سالچىلىرى ئىچىدىكى تەجرىبىلىك سالچىلارنىڭ كېلىپ ئىش باشلاپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن توختى «بىلىشلىك»، روزى «گادا»، تۇرسۇن بارات، ھۇسەيىن «شاڭخو»، سۇلتان، مامۇت سامساق قاتارلىق ئۇستا سالچىلار قاپچىغايغا كەلدى. كەلگۈسىدە سالچىلارنىڭ مەھەللىسى بولىدىغان يەرگە بىرىنچى چېدىرنى تىكىپ ئورۇنلىشىپ، توقةۇزتارا سالچىلىرىدىن ياردەمچى سالچى قوبۇل قىلىپ ئۆگىتىشنى باشلىدى.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان زەربىدارلىق بىلەن توختىماي ياغاچ كېسىش موڭغۇلكۈرە تاغلىرىنى ئوبدانلا ھالسىراتقانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئازادلىقنىڭ

① چوڭ جىرغىلاڭ دەرياسى ــ «موخۇر سۈيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئالدى ـ كەينىدە بىر مەزگىل موڭغۇلكۈرەنىڭ ياغاچ كېسىش ئىشلىرىغا چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى يېتەكچىلىك قىلىشقانىكەن. ئۇلار كۆپرەك سارقۇۋىنىڭ مۇزساي، كۆجەك ساي ئەتراپلىرىدا ياغاچ كەستۇرگەچكە، ئۇ يەرلەر كېيىن «گىراژدان ساي» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار نەچچە مىڭ كۇۋا ياغاچنى قاراكۆل بويىغا سۆرىتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدىن بىراق سۇزۇۋالماقچى بولۇپ قاراكۆلدىلا سۇغا تاشلىغان. بۇ ياغاچلار مۇتەخەسسىسلەر ئويلىغاندەك ئۇدۇل غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ئاقماي، ساي ـ ساي، توقاي ـ توقايلارغا ئېقىپ كىرىپ كېتىپ نۇرغان ئاۋارىچىلىكلەرنى تۇغدۇرغان، كېيىن بۇ ياغاچلارنى ساي ـ سايلاردىن يىغىپ سال قىلىپ قۇراشتۇرۇپ ميڭىشنىڭ تەننەرخى ئادەتتىكى سالنىڭ تەننەرخىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە سالچىلار ئارىسىدا نۇرغۇن شاخخو گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى.

ئىشقىلىپ، موڭغۇلكۈرەدىكى ياغاچ كېسىش باشتىلا شۇنداق كۆلىمى زور ۋە پىلانسىز ئېلىپ بېرىلغاچقا ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يىلپىز، قوڭۇر ئېيىقلارنىڭ ئىزى مەڭگۈ ئۆچتى. نۇرغۇن قىممەتلىك ئۆسۈملۈك، جان ـ جانىۋارلار يوقىلىشقا يۈزلەندى. بۇغا ـ مارال، كېيىكلەر ئۈركۈشۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى... موڭغۇلكۈرەدىكى سالچىلار 1964 ـ يىلى توققۇزتارا قاپچىغايغا بىراقلا يۆتكىلىپ كەلدى. موڭغۇلكۈرەدە ئەڭ ئاخىرقى سال 1965 ـ يىلىغىچە ماڭدى.

www.uyghurkitap.com

## قىرىق سەككىزىنچى باب

# قاپچىغاي

قاپچىغاي خىسلەتلىك بىر جاي. تېكەس دەرياسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى قارلىق چوققىلاردىن باشلىنىپ كۈنچىقىشقا قاراپ ئېقىپ، دەل مۇشۇ قاپچىغايغا يېقىنلاشقاندا شىمالغا قاراپ بۇرۇلىدۇ. قاپچىغاينىڭ باش تەرىپىدە كىچىك جىرغىلاڭنىڭ سۈيى، ئاياغ تەرىپىدە نارات تاغلىرىدىن باشلانغان چوڭ جىرغىلاڭنىڭ سۈيى ئوڭ تەرەپتىن كېلىپ تېكەس دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. چوڭ ـ كىچىك جىرغىلاڭ سۇلىرىنىڭ تېكەس دەرياسىغا قوشۇلىدىغان ئارىلىقتا سالچىلارغا دەھشەت سالىدىغان مەشھۇر قاپچىغاي جىلغىسى سوزۇلۇپ ياتىدۇ، موڭغۇلكۈرەدىن توققۇزتاراغا يۆتكەلگەن سالچىلارنىڭ چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشقان يېرى ــ ئاشۇ قاپچىغاي جىلغىسىنىڭ چىقىش ئېغىزى بىلەن چوڭ جىرغىلاڭ سۈيىنىڭ تېكەس دەرياسىنىڭ قويۇلۇشى ئارىلىقىدىكى قاقاس بوشلۇق ئىدى. سالچىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ يەر ئىلگىرى توختىماي بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان، باغلاپ قويسا ئىتمۇ تۇرمايدىغان بىر يەر ئىدى. بۇرۇن موڭغۇلكۈرە، تېكەس تەرەپلەردىن سال ھەيدەپ كەلگەن سالچىلار بۇ يەرنىڭ

شامىلىدىن قورقۇپ سالنى توختاتماي، تۆۋەندىكى «بىرىم ئۆتكەل» دەيدىغان يەرلەرگە بېرىپ ياتاتتىكەن.

قاپچىغاي غۇلجا شەھىرى ۋە توققۇزتارا ناھىيەسىدىن كۆنپېتىش تەرەپتىكى موخۇر يېزىسى بىلەن نارات تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى يايلاقلارغا بېرىشتا ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەردىكى دەريا ئۈستىگە ئەڭ دەسلەپتە بىر ئاسما كۆۋرۈك سېلىنغانىكەن. كېيىن توققۇزتارا ناھىيە بۇ يەرگە بىر كېمە سالغان. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا كېمىنى كۈتۈپ ئات ـ ئۇلاغ، هارۋا، ماشىنا، ئادەم ۋە مال ـ ۋارانلار تۇرۇپ كېتىشەتتى. ماللارنىڭ ئارقىسىدا مالچىلارنىڭ قويىدىن يوغان ئىتلىرى ئەگىشىپ كېلەتتى. هارۋىلارنىڭ چاقلىرى ئارىلىقلىرىدا قاغىلار تاغارلارنىڭ يىرتىقلىرىدىن تۆكۈلگەن دانلارنى تېرىپ يەيتتى...

پېشقەدەم سالچىلار بۇ يەردىكى كېمىدە ئىشلەيدىغان ئابدۇل دېگەن بىر كىشىنى ئەسكە ئېلىشىدۇ. بۇ ئادەم كېيىن دەرياغا كۆۋرۈك سېلىنغاندا كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ئات هارۋىسى، ماشىنىلاردىن ھەق يىغىش ئىشلىرىنى بېجىرگەنىكەن. كونا كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى قارا تاشنىڭ ئۈستىدە كۆزەتچىنىڭ قاراۋۇلخانىسى چوخچىيىپ تۇراتتى. ئادەتتە تاغ ئىچىدىكى مۇھىم كۆۋرۈكلەرگە قارايدىغان قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسىگە «بىر تال ياغاچىنمۇ ئۆتكۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ!» دېگەن بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن بولاتتى. ئەمما، بۇ كۆۋرۈكلەردىن ئۆتىدىغان شوپۇر ۋە هارۋىكەشلەرنىڭ قولىدا قانداقتۇر بىر چالا ساۋات باشلىقلارنىڭ قاغا پۇتى قىلىپ يېزىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«بىر هارۋا ئوتۇن ياكى بىر ماشىنا ياغاچ بېرىلسۇن!» دېگەن مەزمۇندىكى تەستىق خېتى بولماي قالمايتتى. ئۇ ماشىنا قانداق ماشىنا؟ چوڭمۇ، كىچىكمۇ؟ ياغاچنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ ياغاچ قۇرۇقمۇ، هۆلمۇ؟ بىر هارۋا ئوتۇن دېگىنى زادى قانداق ئوتۇن؟... بۇ تەرەپلىرىنى هېچكىم سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمايتتى. شۇڭا، بىر ماشىنا ياغاچنى ئۆتكۈزۈپ كېتىشكە خەت ئېلىۋالغان هېلىقى شوپۇر ماشىنىسىغا ياغاچ دېگەننى چاقى ئېتىلىپ كەتكۈدەك شۇنداق باساتتىكى، ئەييۇھەنناس، بۇ ماشىنا تاغ يوللىرىدا ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ، كېمە بويىغا ئارانلا يېتىپ كېلەتتى...

موڭغۇلكۈرەنىڭ سالچىلىرى كەلمەسنىڭ ئالدىدىمۇ توققۇزتارادا ئانچە ــ مۇنچە سالچىلار بار ئىدى. موڭغۇلكۈرەنىڭ سالچىلىرى كەلگەندىن كېيىن قاپچىغاينىڭ ئىچى ۋاڭ ــ چۇڭغا تولدى. دەسلەپتە سالچىلار يېتىپ ــ قوپۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دۆڭ باغرىغا گەملەرنى كولاشتى. بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قېزىلغان گەمىنىڭ ئۈستى يەردىن بىر مېتىرچە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. هەربىر گەمىنىڭ كەينىدە دېرىزىسى، يان تەرىپىدە بىر ئىشىكى بولاتتى. قىش كۈنلىرى قار يېغىپ هاۋا ئېچىلسىلا قاپچىغاينىڭ شامىلى باشلىناتتى. بەزىدە قاتتىق شامال قارلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ گەملەرنىڭ ئىشىكىنى كۆمۈۋېتىپ، ئىچىدىكىلەر بىرەر كۈن تالاغا چىقالمايدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. مۇنداق بورانلىق ناچار هاۋادا سالچىلار كۆپىنچە ئانچە ــ مۇنچە هاراق ئىچىپ، ئۆزىنى قىزىتىپ يۈرۈشەتتى. هاراق

تېپىلمايدىغان يىلللاردىمۇ سالچىلار ئۇچۇن هاراق كەم ئەمەس ئىدى. قانداقتۇر بىر يېڭى هاراق زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان سۇپەتسىز، سارغۇچ دوغ بىر نەرسىلەر، ئىسپىرتقا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەلگەن ئىچىملىكلەر، ئىشقىلىپ، مەست قىلىدىغانلا نەرسىلەر بولسىلا بولۇۋېرەتتى. سالچىلار كەيىپ بولۇۋېلىپ گەمىدە قىستىلىشىپ يېتىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. ئائىلىدىكىلەر ئۇچۇن كولانغان گەمىلەر ئايرىم ئىدى. بويتاقلار قاتارلىشىپ ياتىدىغان مۇنداق چوڭ گەمىلەردە قىلىشمايدىغان پاراڭ بولمايتتى. ئۇلار تاماكا خالتىلىرىنى قويۇنلىرىدىن چىقىرىپ، گېزىت قەغىزىگە ئاچچىق موخوركىنى پىنەك قىلىپ يۆگەپ، ئارقا - ئارقىدىن چېكىپ گەمىنىڭ ئىچىنى كۆپكۆك تۈتۈن قىلىۋېتەتتى. بۇ تاماكا خالتىلىرىنىڭ سۈپىتىمۇ هەر خىل ئىدى. بەزىلىرىنىڭ خالتىلىرىنىڭ چەت - چۆرىسىگە ئەگرى - بۈگرى سىزىقلار چىقىرىلىپ، ئوتتۇرىسىغا گۈللەر نەقىشلەنگەن، يىپىنىڭ ئۇچىغا قانداقتۇر بىر مونچاقلار ئېسىلغان بولاتتى. يەنە بەزى خالتىلارنىڭ مۈرىسىگە ئۇششاق چۈچىلا تۇتۇلۇپ، ئوتتۇرىسىغا گۈپۈلدەپ ئۆرۈپ تۇرغان بىر يۈرەكنىڭ سىياقى كەشتىلىنەتتى. ئاددىيلا قارا رەختتىن تىكىلگەن سىيدام خالتىلارمۇ بار ئىدى.

— يا ئالللا، ماۋۇ تاماكا خالتىسىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆردۈڭلارما؟ — دېدى بىر سالچى يېنىدىكى سالچىنىڭ تاماكا خالتىسىنى قولىغا ئېلىپ، — قايسى ئاشنائڭ تىكىپ بەردى؟

— بۇدورقى يېڭىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— خېلى قولى ئىشلىق چوكانكەن جۇمۇ، نىكاھلاپ ئېلىۋالساڭ بولامدۇ؟... سالچىلىقتىن قالساڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ مۇشۇنداق تاماكا خالتىسى تىكىپ بەرسە بازارغا ئاچىقىپ ساتساڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك پۇل تاپالايسەن.

— خوتۇندىن ئاشنا ياخشى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— «كاۋاپ نېمىشقا تاتلىق، كۆلگە مىلىگەچ؛ ئاشنا نېمىشقا تاتلىق، ئاندا ـ مۇندا كۆرگەچ» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟...

— ھوي ئاداشوي، سېنىڭ خالتاڭنىڭ نېماندىاق تايىنى يوق؟ — دېدى بىرەيلەن كۆرۈمسىزلا بىر رەختتە خالتا تىكىۋالغان ئاغىنىسىگە قاراپ.

— بىزنىڭ چوكان ئالدىراش، — دېدى ئۇ، — تاماكا خالتىسىغا گۈل چىقارغۇدەك ۋاقتى يوق...

شارائىت ناچار بولسىمۇ يەنە سالچىلارنىڭ كەيپىياتى ئۈستۈن ئىدى. گويا ئۇلار مۇشۇنداق مۇشكۈلچىلىكلەر ئۈستىگىلا تۇغۇلغاندەك ھېچبىر ئېغىرچىلىقنى پىسەنتىگە ئېلىپ قويمايتتى. گەمىدىكى زېرىكەرلىك دەملەرنىمۇ مۇشۇنداق كۆلكە ـ چاقچاق بىلەن خۇشاللىققا ئالماشتۇراتتى.

— ھوي ئاغىنىلەر، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك نېمە تاماكا خالتىسى بىلەنلا قالدىڭلار، ماۋۇ سەمەتئاخۇننىڭ بۆرۈتىنىڭ گېپىنى قىلىڭلار، — دېدى بىرەيلەن، — سەمەتئاخۇن، مۇشۇ قاملاشقان بۆرۈتۈڭلار بىلەن قانچە چوكاننىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرگەنسىلەر؟

— ياش ۋاقتىمدا بۇ بۆرۈتۈمغا خېلى چوكانلار زوقلىناتتى، — دېدى سەمەت بۆرۈتىنى ئالقىنى بىلەن سىلاپ قويۇپ، — ماۋۇ ئىلىخو دېگەن بۆرۈتنىڭ ئانچە

قەدرى يوق يەركەن... ئەمدى بۇ ئاقىرىپ كەتكىلى تۇرغان بۇرۇتقا كىم قارايدۇ، دەيسىلەر.

— سەمەتنىڭ بۇ بۇرۇتى بۇرۇتمۇ، — دېدى يەنە بىر سالچى، — بۇرۇن مۇشۇ ياماتۇنىڭ كېمىسىگە قارايدىغان بىر ئورۇس بولىدىغان، ئۇ قايسى مەزھەپتىكى ئادەمتىكىن، بىلمىدىم. ساقىلى كىندىكىگىچە چۇشۇپ تۇراتتى. بۇرۇتىنى تولغاپ ئاپىرىپ ئىككى قۇلىقىغا يۆگىۋالاتتى...

— بۇرۇتقا ھەۋەس قىلىدىغان چاغلار ئۆتۈپ كەتتى، ئاكىلار، — دېدى ياش بىر سالچى، — ئەمدى چوكانلار ساقال - بۇرۇتنى قىرىپ چۈشۈرۈپ، چاچ قويغانلارغا ئەگىشىدىغان بولۇۋالدى.

— ھە، شۇڭا سەن گەجگەڭگە پۆپۈك چىقىرىۋاپتىكەنسەندە؟! — دېدى ياشانغان بىر سالچى، — غۇلجىدا نىزام دەپ بىر ھارۋىكەش بولىدىغان...

— قايسى نىزام ئۇ؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن تاماكىسىنىڭ ئىسىنى تورۇسقا پۈۋلەپ تۇرۇپ.

— غۇلجىدا «نىزام» دەيدىغان ھارۋىكەشتىن ئۈچى بار، — دېدى ياشانغان سالچى، — بىرى كېپەكيۈزلۈك نىزام «تۆگە»، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا گومىنداڭنىڭ تۈرمىلىرىدە ياتقان، ئېگىز، ناھايىتى كۈچى بار ئادەم؛ يەنە بىرى تۇرپانيۈزلۈك نىزام «گۆدەك»، ھازىر تۇرپانيۈزدە بالىلىرى بارمىكىن، ئۆرۈش دېسە، تۇرۇش دەپ تۇرىدىغان، ناھايىتى سۆزمەن ئادەملەردىن ئىدى؛ يەنە بىرى ئۈچدەرۋازىلىق نىزام «پۆپۈك»، شۇ بىر يىللاردىلا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا گالىستۇك تاقاپ يۈرىدىغان، بېشىدا چىچىمۇ بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. شۇڭا خەقلەر ئۇنى «نىزام پۆپۈك» دەۋالغان. ھارۋىكەشلەرنىڭ كارۋان بېشى ئىدى. ئەمما، ئىلگىرىكى ھارۋىكەشلەرنىڭ كاتتىسى دۆڭمەھەللىلىك غېنى ھارۋىكەشتىدە. گۇلدۇرلەپ مېڭىپ تۇرىدىغان يىگىرمە — ئوتتۇز ھارۋىسى، نەچچە ئون ئادەملىرى بولىدىغان...

— غېنى ھارۋىكەشنىڭمۇ بېشىدا پۆپۈكى بارمىدى؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟ چاچ قويغان غىتمەكلەرنى كۆرسە ئات قامچىسى بىلەن ساۋايدىغان ئادەملەر ئىدى... بولمىسا نىزام «پۆپۈك» دېگەنلەرمۇ يامان ئادەملەر ئەمەس ئىدى. ئۇ كەملەردە ھەممە ئادەم ئۇزۇن چاپان، ئاغلىق ئىشتان كىيىپ، ئىشتانبېغىنى ساڭگىلىتىپ يۈرگەچكە، كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەنلەر كۆزگە سىغمىغان بولسا كېرەك، كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەنلەرنى «كالتە قۇيرۇق» دەيتتى. ئۈچدەرۋازا، نوۋىگورد تەۋەسىدە ھۆسيىن «كالتە قۇيرۇق» دېگەندەك بىرقانچە كالتە قۇيرۇقلار بار ئىدى... ئۇ زامانلاردا ئىشتانباغنىڭ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان چۇچىلىرىغىمۇ ئالامەت ئىشلىنەتتى. چوكانلار ئاشنىلىرىغا چۇچىلىسىغا قىزىل ـ يېشىل يىپلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆرۈگەن ئىشتانباغلارنى سوۋغا قىلاتتى. بەزى زاڭلار مۇنداق ئىشتانباغلىرىنىڭ چۇچىلىرىنى ئەتەي ساڭگىلىتىپ ئالچاڭلاپ مېڭىپ كېتىشەتتى.

— ياھ، ھازىرقى زامانىنىڭ خوتۇنلىرى ئاشنىلىرىغا تاماكا خالتىسى ئىشلەپ بەرگەندەكلا ئىش ئىكەن ـ دە!

سالچىلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— مەن بىر گەپ ئاڭلىدىمغۇ، — دېدى ئۇنىڭدا ياتقان بىر سالچى ئەندىككەندەك.

— ھە، نېمە گەپ ئاڭلىدىڭ؟

— يېرىم ئۆتكەلدە جىن باركەن.

قاپچىغايدىن ئازراقلا تۆۋەنلەپ «رازۋاينىڭ تېشى» دەپ ئاتىلىدىغان خەتەرلىك تاشتىن ئۆتكەندە دەريانىڭ سول قىرغىقى كەتكەن توقايلىق ئىدى. بۇ يەر «يېرىم ئۆتكەل» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يەردە قانداقتۇر بىر تىكەنلىك جىغان، ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەر بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسۈپ جاڭگاللىشىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە تەبىئىي شەكىللەنگەن بىر ئۆڭكۈرمۇ بار ئىدى. ئىلگىرىمۇ سالچىلار شامالدىن قورقۇپ سالىلىرىنى قاپچىغايدا توختاتماي مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ توختىتاتتى. ھازىرمۇ بەزى سالچىلار قاپچىغايدىن باغلىغان سالىلىرىنى مۇشۇ يېرىم ئۆتكەلگە ئەكېلىپ توختىتىپ قوياتتى.

— نەنىڭ جىنىكەن ئۇ؟

— نەنىڭ جىنى بولاتتى، مۇشۇ قاپچىغاينىڭ جىنلىرى بولمامدۇ! بەزىلەر مۇشۇ قاپچىغاي قىساڭنىڭ ئىچىنى جىنلارنىڭ ئۇۋىسىكەن دەيدۇ.

— شۇڭا بۇ يەردە ھېلىمۇ توختىماي شامال چىقىدىكەندە... بۇگۈن ھاۋا تۇتۇلۇپ بىرنېمە ياغىدۇ، ئەتىسى قارىساڭ جىم، ئۆگۈندىن باشلاپ بوران...

— قالغىنىنى خۇدايىمنىڭ ئۆزى بىلىدۇ، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ھېلىقى جىن توغرىسىدىكى گەپنى باشلىغان سالچى، — ئىشقىلىپ، ئاشۇ يېرىم ئۆتكەل تەكشى يەر ئەمەسمىش... قاپچىغايدا ئادەم تولىلاپ كەتكەندىن بېرى قاپچىغاينىڭ جىنلىرى يېرىم ئۆتكەلگە يىغىلىۋاپتۇدەك...

— يوق گەپنى تاپماڭلار، ئاغىنىلەر، — دېدى بىر

سالچى، ــ بىز موڭغۇللۇكۈرەدىن سال تارتقان چاغلىرىمىزدىمۇ شۇ يەرگە بېرىپ ياتاتتۇققۇ؟
ــ هازىرمۇ يېرىم ئۆتكەلدە سال‌لارنى توختىتىپ دەم ئالىمىزغۇ؟
ــ ئىشقىلىپ، مەن شۇنداق ئاڭلىدىم.
ــ زادى مۇشۇ جىن دېگەن نەرسە راست بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى بىر سالچى.
ــ بولماي، ــ دېدى يەنە بىر سالچى، ــ ئۆيدە باققان مۇشۇكۇڭ بەك قېرىپ كەتسە كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ، كىچىكلەپ ئاخىرى جىنغا ئايلىنىپ يوقاپ كېتىدۇ.
ــ ئۆچكىمۇ شۇنداق، ــ دېدى يەنە بىرەيلەن، ــ يولدا ساڭا ساقاللىق بىر قېرى ئۆچكە مەرەپ يالغۇز يولۇققىمۇ، ئېسىڭگە كەلگەن ئايەتنى ئوقۇپ ئالدى ــ كەينىڭگە قارىماي قاچساڭ بولىدۇ.
ــ زادى جىننى كىم كۆرۈپتىكەن؟
ــ بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئىمىن «قوراي» كۆرۈپتىكەن، ــ دېدى ناسۋال چېكىدىغان بىر سالچى قىپقىزىل ناسۋال قاپىقىدىن ئالقىنىغا ناسۋال تۆكۈپ تۇرۇپ، ــ ئىمىنئاخۇن قوراي ئورۇپ ساتىدىغان بىر كەمبەغەل ئادەم ئىدى. مەھەللىنىڭ سىرتىدا «ئىمامنىڭ قورۇقى» دەيدىغان بىر ئەسكى تاملىق بولىدىغان، بىر زامانلاردا بىر ئىمام شۇ يەرگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇپتىكەن. كېيىن تاشلىنىپ ئەسكى تاملىققا ئايلىنىپ كېتىپتىكەن. ئىمىن «قوراي» كۈن ئولتۇرۇپ، كۆز باغلىنىپ قالغان بىر چاغدا شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا بىرەيلەن «هوي ئىمىنئاخۇن!» دەپ چاقىرغاندەك قىلىپ قاپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا هېچكىم

يوق. بىر تەرەپتە ھېلىقى ئەسكى تامنىڭ قارىيىپ تۇرغۇدەك. ئىمىن «قوراي»نى سۇر بېسىپ ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭغىلى تۇرۇپتۇ. «ھوي ئىمىنئاخۇن، نەگە قاچىلا؟» دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپتۇ. ئىمىنئاخۇن جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ بىر قاچماقچى بوپتىكەن، پۇتى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ قەدەم ئالالمايلا قاپتۇ. شۇ زامان ئىمىن «قوراي»نىڭ ئالدىدا چاچلىرى چۇۋۇق، ئەمچىكى تىزىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغان يالماۋۇز بىر خوتۇن پەيدا بوپتۇدەك. ھېلىقى خوتۇن: «ھوي ئىمىنئاخۇن، ئاۋۇ تاملارنىڭ كەينىدىكى قورايلارنى بىزنى قويماي ئورۇپ بوپتىلا، ئەمدى مەن نەدە ياتىمەن؟... مېنى ئۆيلىرىگە ئالغاچ كەتسىلە» دەپ ئىمىن «قوراي»غا مەھكەم چاپلىشىپتىكەن، ئىمىن «قوراي» قورقىنىدىن شۇ يەردىلا ھوشىدىن كېتىپتۇ... مانا ئىمىن «قوراي» شۇ يىقىلغانچە ئۆرە بولالماي ئۆلۈپ كەتتىغۇ.

ــ مەن سىلەرگە ئېيتسام، ــ دېدى رابوتچى ئۆتۈكنى پايتىمىسىدا سۈرتۈپ پارقىرىتىپ ئولتۇرغان بىر سالچى، ــ مۇشۇ خوتۇن كىشى دېگەننىڭ بەك مەينەتلىرىدىنمۇ ھەزەر ئەيلىسە بولىدۇ، ئاخىرىغا بېرىپ ئۇمۇ جىنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ شۇنداق... خوتۇن خەقنىڭ ئىچىدە ئايدا ـ يىلدا بېشىغا تارغاق سالمايدىغان، بۇگۇن تاماق ئەتكەن قازىنىنى يەنە بىر قېتىم تاماق ئېتىدىغان چاغدا ئاندا ـ مۇندا چايقاپ قويۇپلا بولدى قىلىدىغان، بىكار بولسىلا ئاپتاپقا چىقىپ پىت باقىدىغان تازا بىر مەينەتلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شۇنداقلىرى ئېرىدىن ئايرىلىپ تۇل قالدىما، بولدى، جىنغىلا ئايلىنىپ كېتىدۇ...

— ھەي ئاغىنىلەر، خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى بىر سالچى، — جىن دېگەن سالچىغا يېقىن يولىمايدۇ.

— قانداق؟

— جىن دېگەن ئوتتىن بەك قورقىدۇ، سالچى دېگەن چۇشكەن يېرىدە گۈلخان يېقىپ ئولتۇرىدىغان خەق. سالچىدىن جىنمۇ قورققۇدەك...

— بۇ گېپىڭنى شامالغا قىلىپ بەر، — دېدى بىر سالچى، — ئاشۇ يېرىم ئۆتكەلدە جىن بار، دېگەن گەپ راست، مەمتىمىن بەگرى نېمە بولدى؟

— نېمە بوپتۇ؟

— سالىنى توختىتىپ قويۇپ ھېلىقى يېرىم ئۆتكەلدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىپ ياتقان باھانە بىلەنلا جىن چاپلاشمىدىمۇ؟

— ياق، ئۆڭكۈردە ياتماپتىكەن، شۇ يەردىكى بىر دولان دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئورۇن سېلىپ يېتىپتىكەن، — دېدى بىرەيلەن.

— ئىشتىنىنى قاتلاپ بېشىغا قويۇپ، — دەپ قوشۇپ قويدى يەنە بىرەيلەن.

— ھە، شۇ دولان دەرىخىنىڭ ئاستىمۇ، ئۆڭكۈرمۇ، ئىشقىلىپ، تازا تەكشى ئەمەس بىر يەردە ئۇخلاپ قاپتىكەن. ئۆزىمۇ ئىشقا چىقمىغان كۈنلىرى بېشىنى كۆتۈرمەي ئۇخلايدىغان ئۇيقۇسى قاتتىق ئاغىنە ئىدى. سالچىلار يولغا چىقىدىغان چاغدا قارىسا مەمتىمىن بەگرى يوق. ئىزدە ـ ئىزدە، دەريا بويىدىن ئاغزىدىن بۇزۇلداپ كۆپۈك ياندۇرۇپ ياتقان يېرىدىن تېپىپتىكەن...

دوختۇرخانىلارغا ئاپارسىمۇ داۋالىيالماي، ئاخىرىدا ئوسمان «پايپاق» دېگەن سالچىمىز ئۆزى ئۆيىگە ئاپىرىپ بېقىپ، داخانلارغا ئوقۇتۇپ يۈرۈپ ساقايتىۋالمىدىمۇ؟

— قايسى ئوسمان «پايپاق» ئۇ؟

— ئوسمان «سويما»چۇ؟... ئوسمان «سويما»نى ئوسمان «پايپاق»مۇ دەپ قويىمىز. پاقالچەكلىرى غوچچىدە تۈك، نېرىدىن قارىساڭ پايپاق كىيىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ... ئوسماننىڭ دادىسى مەھەممەت «سويما» دېگەنمۇ تازا كونا سالچىلارنىڭ بىرى، ھازىرقى سالچىلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى ھۆسىيىن «سويما»، ئىلاخۇن «سويما»، روزى ئەمەت «سويما»، ئۇرايىم «سويما» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر پىلەكتىن چۈشكەن خەمەكلەر...

※ ※ ※

سالچىلارنىڭ قەدىمى يەتكەندىن كېيىن قاپچىغاي كۆندىن ـ كۈنگە ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە گەمە ئۆيلەر، ياغاچ چۈشۈرىدىغان كەڭ مەيدان بار ئىدى. توقۇزتارانىڭ چاچى، موخۇر تەرەپلىرىنىڭ ياغاچلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلايتتى. كۆۋرۈكنىڭ سول تەرەپ يول بويىغا ئىدارە ئىشخانىلىرى، دوختۇرخانا، ماگىزىنلار جايلاشقانىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئاستى تاكى موخۇر سۈيىنىڭ قۇيۇلۇشىغا بارغۇچە دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە سال توختىتىشقا، سال باغلاشقا ئەپلىك جايلار بار ئىدى. ئۇ تەرەپلەردىن سۇغا ياغاچ دومىلىتىپ چۈشۈرۈۋاتقان ئىشچىلارنىڭ، ياغاچ ئاقلاۋاتقان ئايالارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى كېلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى قاپچىغايدىن غۇلجا شەھىرىدىكى زايىمكا پەن زاۋۇتىغا ئەڭ ئالدىراش ياغاچ توشۇلغان يىللار دېسە بولىدۇ. دەسلەپتە ئۆز ئالدىغا شەخسىي سال ھەيدەپ پۇل تاپماقچى بولۇپ ھېلىم «ساختا»، بىلالخان، ساۋۇت، قادىر ھاشىم دېگەندەك بەزى پېشقەدەم سالچىلار قاپچىغايدىن كېتىپمۇ قالدى. ئەمما، كەتكەنلەرگە قارىغاندا كېلىپ قوشۇلغانلارنىڭ سانى نۇرغۇن ئىدى. بىر قىسىم ئىشچىلار قۇتۇبى، نەنسەن ئورمانلىرىدىن بۇ يەرگە كېلىپ، قىشتا تاغدا ياغاچ كېسىپ، يازدا سال ھەيدىدى. ئىش ئالدىراش چاغلاردا غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ سامىيۈز، قاش، دۆڭمازار، نوغايتۇ قاتارلىق يېزىلىرىدىن كېلىپ ئىشلەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن باشقا قازاق، قىرغىز، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، سالا مىللەتلىرىدىن بولغان ئادەملەر بار ئىدى، كۆپىنچىسى ۋاقىتلىق ئىشلەپ، ئىش سېلىككەندە قايتىپ كېتەتتى.

دەريادىكى خېيىم ـ خەتەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ ئازايغان بولسىمۇ، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى يەنە بولۇپ تۇراتتى. سال قاپچىغايدىن قوزغىلىپ موخۇر سۈيىنىڭ قويۇلۇشىدىن ئۆتكەندە دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى كۈنەس ناھىيەسىگە قاراشلىق تۆپىلىك ئىدى. شۇ تۆپىلىكتىن دەرياغا ئۇسۇپ كىرگەن بىر تاش بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ يەردە «رازۋاي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قازاق كىشى قازا قىلغانىكەن. شۇڭا ئۇ تاش «رازۋاينىڭ تېشى» دەپ ئاتىلاتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى دەريا يولىنى راۋانلاشتۇرغاندا بۇ تاشنىڭ دەريا ئوتتۇرىسىدىكى

قىسمى پارتلىغانىدى. تاشنىڭ ئۇلۇغ قىرغاق تەرەپتە قالغان بىر قىسمى سۇ ئاز بولغاندا كۆرۈنۈپ، سۇ ئۇلغايغاندا سۇ ئاستىغا مۆكۈپ خەۋپ سالاتتى. بۇ يەردە دىققەت قىلمىسا سال ئوڭايلا ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتەتتى. «قوش ئۆۋىسى لەپشىمى»، «بەشسالا»، «قەبرە تاش» دېگەنلەر يەنىلا خەتەرلىك جايلار ئىدى. شۇڭا سالچىلار: «هوشيار بولمىساڭ دەريانىڭ بىر غېرىچ يېرىمۇ خەتەر» دېيىشەتتى...

قانداقلا بولمىسۇن، قىيىنچىلىق يىللار ئاخىرلىشىپ سالچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى تەمىناتى ئوڭشىلىپ قالغانىدى. سالچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى سالچىلارغا گۆش، ھاراق نورمىلىرى تارقىتىپ بېرىلەتتى. ھەر قېتىم ھاراق تارقىتىلغاندا قۇۋاننىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كېتەتتى.

— تاشلىمىسىلا... ئاشۇ ئېشەك سۈيدۈكىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نېمە بەرسىچۇ...— دەيتتى ئۇ.

لېكىن، سالچىلارغا ھاراق بەرمەي ئۇنىڭ ئورنىغا ھەرقانچە ئالىي بىر نەرسە بەرسىمۇ، سالچىلار بەرىبىر ھېلىقى بەرگەن نەرسىنى ئاپىرىپ ھاراققا تېگىشەتتى.

— ئامال يوق، قۇۋان،— دەپ قۇۋان بىلەن چېقىشاتتى سەمەت،— بۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دېگىنە، بوپتۇ، گۆشنى سەن يە، ھاراقنى بىز ئىچەيلى.

— تاشلىمىسىلا، مەن بىر خوش بولاي، شۇ ئېشەك سۈيدۈكىنى پىرقىرىتىپ بىر سۇغا تاشلىمىسىلا!

— ئېشەك سۈيدۈكىنى سۇغا تاشلىغان بىلەن ماۋۇ دەريانىڭ سۈيى بۇلغىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كانايغىلا قۇيۇپ ھاجەتخانىغا ئاپىرىپ تاشلىغان ياخشى... قۇۋان، سەن ھاراققۇ ئىچمىگەن، ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا دوغاپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىچمىگەنما؟ — دەپ سورىدى سەمەت قوۋاننى گەپكە سېلىپ.

— ئىچكەن.

— تازا ئاشۇ تومۇزنىڭ ئىسسىقىدا ئىچسەڭ يۈرەككىلا بارىدۇ ـ ھە؟... قېتىققا قىيامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىدىغان «ساراڭ دوغ» دېگەننى ئىچىپ باقمىغانما؟

— ئىچكەن.

— مۇسەللەس ئىچىپ باققانما؟

— ئىچمىگەن.

— مۇسەللەس دېگەننى ئانچە ـ مۇنچە ئىچىپ قويساڭ يامانمۇ بولمايدۇ... ئەمما، ئۇنىمۇ جىق ئىچىپ قويساڭ غەزەپ تۇتىدۇ جۇما.

— «تۇتىدۇ» دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ — دېدى قوۋان ھەيران بولۇپ.

— «تۇتىدۇ» دېگەن نېمە گەپ بولاتتى، — دېدى سەمەت، — كەيپ قىلىدىغان نېمىلەرنى جىقراق ئىچىپ سالساڭ شۇنداق بىر تۇتىدىغان ۋاقتى بولىدۇ.

— تۇتسا قانداق بولىدۇ؟

— تۇتۇپ سېنى يەتتە قات ئاسمانغا چۆرۈۋېتمەيدۇ، ئاشۇ يولدا ئۆتۈپ كېتىپ بارغان قىرى خوتۇنلار كۆزۈڭگە پەرىدەك كۆرۈنگىلى تۇردىمۇ، ھە، ھاراقنىڭ تۇتقىنى شۇ.

— ھاراقكەشنىڭ ئەقلىدىن ئازغىلى تۇرغان ۋاقتىكەن ـ دە؟!...

— شۇنداق... بەزى سالچىلارنىڭ مەستچىلىكتە ئۇقۇشماي ئۆزىدىن قىرى خوتۇنلارنى باشلاپ كېتىپ قالىدىغىنىمۇ شۇ...

— سىلىمۇ بىر قېتىم...

— بىر قېتىم ئەمەس، مەنمۇ نەچچە قېتىم شۇنداق قىلغان. ئەمدى، قۇۋان، چوڭ بولدۇق... چوڭ بولدۇقمۇ دەيمىز، يەنە مۇشۇ هاراق دېگەن بىرنېمىنى ئىچىپ سالغاندا ئادەم باشقىدىنلا كىچىك بالا بولۇپ قالىدىكەن... كۆزۈڭنى ئۇنچىلا ئالايتىپ كەتمە. چېقىشىپ قويدۇم، قۇۋان، مەن ئەمدى ئىچمەيمەن... توختاپ تۇرە، ماۋۇ هاراقنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باقاي، جامۇ، جىگمۇ؟... ئۇنداق دېگىنىم، ئۆتكەندە مۇشۇنداق پېچەت هاراقنىڭ بىر بوتۇلكىسى سۇلا چىقىپتۇ ئەمەسمۇ. هاراقنى چىقارغان زاۋۇت شۇنداق قىلدىمۇ، يا هېلىقى ئوتتۇرىدا ئېلىپ - ساتىدىغان ساختىپەزنىڭ ئىشىمۇ ئەيتاۋۇر، بىر بوتولكىسىغا ئېرىقنىڭ سۈيىنىلا قاچىلاپ سېتىپتۇ... ئۇنى دېسەڭ، بىزنىڭ ماۋۇ قاپچىغاي ماگىزىندىكىلىرىمۇ ساق ئەمەس. بىر تۇڭ پارچە هاراققا ساق بىر چېلەك سۇ ئارىلاشتۇرىدۇ دېگەن گەپ بار، كۆرۈپ قالغانلار باركەن...— شۇنداق دەپ تۇرۇپ سەمەت قولىدىكى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ هاراقتىن بىر يۇتۇم يۇتتى - دە، تەمىنى مۆلچەرلەپ بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى،— پاھ - پاھ! ماۋۇ تازا قىيامىغا يەتكەن جۇنكەندە!— دېدى ئۇ.

— جۇن دېگەن نېمە ئۇ؟— دېدى قۇۋان چۈشەنمەي.

— جۇن دېگەن هاراقنىڭ تازا ساپ ئاشلىقتىن ئىشلەنگىنى، گىرادۇسىمۇ يۇقىرىراق بولىدۇ...

— ۋاي، مۇشۇ هاراق دېگەن هارامنىمۇ ئاشلىقتىن چىقىرامدا؟

— شۇنداق، ئاشلىقنىڭ جەۋھىرى دېگىنە.

— بىر ئىشقا شەيتان ئارىلاشسا،— دېدى قۇۋان خاپا بولۇپ،— مۇشۇنداق هالالمۇ هارامغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## قىرىق توققۇزىنچى باب

# بايتوقاي ئەتراپىدا

خۇددى ھارۋىكەشلەر دەڭلەرگە يېتىپ بارغاندا ئۆزىنىڭ ئىپتىنى ماختاپ چۇشۇپ كەتكەندەك، سالچىلارمۇ قونالغۇلارغا چۇشكەندە ئۆزىنىڭ خەتەرلىك يەرلەردىن سالنى ھەيدەپ قانداق ئۇستىلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتكىنىنى ھېكايە قىلىپ ماختىناتتى. بۈگۈن سالچىلار بىرىنچى قونالغۇدىلا يولغا دەپ تارقىتىپ بەرگەن ھاراقلىرىنى ئىچىپ مەست بولۇشۇپ ئۆزلىرىنى ماختاشقا چۇشتى.

— ئاۋۇ قۇش ئۇۋىسى لەپشىمى دىگەن يەرنىڭ قانداقلىقىنى ھەممىڭلار ئوبدان بىلىسىلەر، — دەپ گەپ باشلىدى بىرەيلەن، — خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن غەلىتىلا بىر جاي. غەلىتە بولغاندا شۇنداق غەلىتە. خۇددى بىرسى دەريانىڭ بويىغا كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ تىكلەپ قويغاندەك ئالدىڭغا قارىساڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرغان غايەت زور تاش. تاشنىڭ يۈزىدە بىرسى ئۇشكە بىلەن تېشىپ قويغاندەك تۆشۈكچىلەر، تاشنىڭ شۇ كامارلىرىغا ئۇۋا سېلىپ ئۇچۇپ - قونۇپ تۇرغان قۇشلارچۇ؟ سار دەمسەن، قۇرغۇي، لاچىن دەمسەن... ئىشقىلىپ، ھەممىلا قۇش تېپىلامدىكىن دەيمەن. ئەمما، بېشىڭنى شۇنداقلا

كۆتۈرۈپ قۇشلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدىڭما تۇگەشكىنىڭ شۇ. يا سالنى ئاپىرىپ شۇ تاغنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇرسەن، يا سۇ سىپلىڭنى تۆگە لوككىسىدەك لەپەڭشىتىپ سىملىرىنى ئۈزۈپ چۇۋۇپلىۋېتىدۇ... مەنمۇ ئاسمانغا قاراپ سەللا ھاڭۋېقىپ قاپتىمەن. شۇنداق قارىسام، ئالدىمغا ھېلىقى تاش تاغ ئۇچقاندەك يېقىنلاپ كېلىۋاتامدا، ياردەمچىگە «سولغا تارت!» دەپ ۋارقىرىدىم. غاچچىدە سولغا تارتتۇق، ئاندىن ئوڭغا... «يەنە سولغا»... خۇدا ئوڭشاپ سۇغا بوي بەرمەي ئۇستىلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتۇق... سالچىنىڭ ئالدى ياماتولۇق مەھەممەت بىلەن مامۇت سامساقمىكىن دەيمەن. شۇنچە يىل سال ھەيدەپتىمەن، «مامۇت سامساقنىڭ سالى بىر يەردە بىرنېمە بوپتۇ، يا قېيىداپ توختاپ قاپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىماپتىمەن... ئۇستىلىقتا كەلگەندە شۇلاردىن قالسىلا مەن...

— ئەھە!— دەپ يۆتەلدى بىر - ئىككى سالچى،— ماۋۇ پو بەك ھاۋىلاپ كەتتىغۇ دەيمەن؟

— مانا، باشقىلار دەپ باقسۇن.

— تولا پو ئاتما،— دېدى ئۇچەدەرۋازىلىق مەھەممەت ھاجى،— ئۆتكەندە بەشسالانىڭ ئىچىدىن بەش كۈنگىچە چىقالمىغان سەنغۇ؟

— ئۆتكەندە قەبرى تاشقا يەتكەندە شۇنداق بىر ئىش بولدى،— دەپ گەپ باشلىدى يەنە بىرەيلەن،— ئاشۇ قەبرە تاشمۇ بىر غەلىتە تاش - دە، سۇنىڭ ئىچىگە بىرسىنى دەپنە قىلىپ، ئۇستىگە قەبرە قاتۇرۇپ قويغاندەكلا تۇرىدۇ... شۇ چاغدا قەبرە تاشنىڭ ئۇدۇلىدىكى توقايلىقلارنىڭ چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئىپتايمۇ، بۇلبۇل دېگەن سايراپ مەست بولۇپ كېتىپتۇ. بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ مەنمۇ ھاڭۋېقىپلا قاپتىمەن. شاگىرتىم ھوشيار يىگىت، «ھاي ئۇستام، ئالدىلىرىغا قارىسىلا!» دېمەسمۇ، شۇنداق قارىسام قەبرە تاش ئالدىمغىلا كېلىپ قاپتۇ. ھودۇقۇپ كېتىپ مەن گۇرجەكنى ئوڭغا تارتىپتىمەن، شاگىرتىم سولغا... سال پىرقىراپ كېتىپ قەبرە تاشقا سۈركىلىپ غاراسلاپ كەتمەمسە، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى. سالنىمىغۇ قالتىس پۇختا باغلاپتىكەنمەن. سالامەت ئۆتۈپ كەتتۇق...

— چاپچال مازارنىڭ ئاستىدىكى قايىنامنىمۇ بوش چاغلىماڭلار،— دېدى يەنە بىر سالچى،— تۆۋەندە ئىلى دەرياسىنىڭ چاپچال ئۆستىڭىگە سۇ ئاچقان ئېغىز بار... نېمە ئىشقىكىن بىلمەيمەن، شۇ چاپچال مازارغا يېقىنلاشقاندىلا مېنى سۈر باسىدۇ. ئۇلۇغلار ياتقان يەر بولغاچقا شۇنداقمىكىن؟... ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، مازار تەرەپ تىك يار، دەريانىڭ سۈيى شۇ تەرەپكە يېتىپ ئاقىدۇ. بىر قېتىم سۇ بەك ئۇلۇغ، قايىنام سالنى پىرقىرىتىپ يارنىڭ ئاستىغىلا سۆرەپ كەتتى. بىز سالنى ئوڭ تەرەپكە تارتىمىز، سۇ سولغا، سۇ سول تەرەپكە تارتىدۇ، بىز ئوڭغا... قارىسام سۇ سالنى ئاپىرىپ چاپچال ئۆستەڭنىڭ ئېغىزىغا تىقىپلىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ. سالنىڭ ئۈستىدە توختى «بىلىمشىڭ» بار ئىدى. چاچراپ قوپۇپ: «ھوي نان يېمەسلەر، سال دېگەننى مۇشۇنداق ھەيدەمسەن؟... نېرى تۇرە!» دەپ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ قولۇمدىن پالاقنى ئالدى. ئۆزىمۇ غەزەپ

كۆچى بار ئادەم ـ دە، پالاقنى ئولۇق تەرەپكە كۆچەپ تارتىپ سالنى چاپچال ئۆستىڭىنىڭ ئېغىزىدىن ئامان ئۆتكۈزۈپ كەتتى...

ــ سالچى دېگەننىڭ جېنى تۆمۈردىنمۇ چىڭ جۇمۇ،ــ دېدى ياشتا چوڭ بىر سالچى،ــ مانا مۇشۇ توختى «بېلىشلىڭ»نى ئالساق، ياغاچ بېسىۋېلىپ پۇت ـ قولى سۇنۇپ يېتىپلا قالغان، «ھەي! ئەمدى توختاخۇن ئورنىدىن تۇرالمايدۇ جۇمۇ» دېيىشكەندۇق. نەدىكىنى، بەدىنىنىڭ نەچچە يېرىدە سۇنۇقنى تاڭغان تۆمۈر بار، يەنە سالنى ھەيدەپلىۋاتىدۇ...

گەپ بىلەن تەڭ ئىچىشۋازلىقمۇ قىزىپ كەتتى.

ــ بولدى قىلىڭلار ھەي ئاغىنىلەر،ــ دېدى بىرەيلەن،ــ ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە ھەپىلىشىدىغىنىمىز شۇ ياغاچ سال، يەنە سالنىڭلا گېپىگە چۈشۈپ كەتتىڭلارغۇ، باشقا گەپ يوقمۇ؟

ــ بىز ياش ۋاقىتلاردا،ــ دەپ گېپىنى داۋام قىلدى بايىقى ياشتا چوڭ سالچى. كەيپ بولغانسېرى ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى سالپىيىپ ئىككى تەرەپكە چۈشۈپ كەتكىلى تۇرغانىدى،ــ بىز ياش ۋاقىتلاردا سالچى دېگەننىڭ ئالامەت ھەيۋىتى بار ئىدى، ئۇ چاغلاردا سال تېكەسنىڭ قوۋۇ بازىرىغا كېلىپ توختايدىغان. ئارىمىزدا روزەم دەپ بىر ئاغىنە بولىدىغان، پاكار، دىقماق ئادەم ئىدى، ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈۋېلىپ، پاقالچاقلىرى تىلىنىپ، تاپانلىرى يېرىلىپ كەتكەن قاپقارا پۇتى بىلەن كوچىنىڭ توپىسىنى ياللاڭغىداق كېچىپ قوۋۇنىڭ ئىچىدە «قەمبەرنىسا»نى ئېيتىپ ماڭىدىغان بولسا ئۇششاق باللار ئارقىسىدىن ئەگىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دۇر ـ دۇر ماڭاتتى... مۇشۇ قاسىم «چىپار»، قادىر هاشىم، تۇرغان دېگەن سالچىلار بىر ـ بىرىدىن يوغان ئادەملەر ئىدى. شەھەرگە كىرىپ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا قاتارلىشىپ ماڭىدىغان بولساق، شەھەرنىڭ نوچىلىرى: «ئەنە قارا پاچاقلار كېلىۋاتىدۇ» دەپ شەھەرنى سوقۇشمايلا تاشلاپ قاچاتتى... ماۋۇ سەمەتئاخۇن بىلەن ئابلىمىت «خوراز» دېگەنلەر كېيىن قۇم ئارىشاڭدىكى چېلىشتا نامى چىققان نوچىلار...

— قېرىپ قالدۇق، — دېدى سەمەت، — ئەمدى نوچىلىق قىلغۇدەك يېرىمىز قالمىدى.

— نېمە تالىشىپ سوقۇشاتتىڭلاركىنتاڭ؟ — دەپ سورىدى ياش سالچىلاردىن بىرى.

— نېمە تالىشىپ سوقۇشقانتۇقكىن، ئىشقىلىپ ئىچىمىز پۇشسىلا سوقۇشاتتۇقنۇ... بىر قېتىم مۇشۇ سەمەتئاخۇنمۇ ئارىمىزدا بارمۇ ئەيتاۋۇر، سالارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ چوڭ كۆۋرۈكتىكى بىر ئاشخانىغا تاماققا كىردۇق. ئارىمىزدا كېكەچلەپ گەپ قىلىدىغان بىر سالچى بار ئىدى. ئېتى نېمىتى، ئېسىمدە يوق؟

— ۋاققاس.

— ۋاققاسمۇ؟... توغرا، ۋاققاس. تەنجاڭ كېلىپ: «نېمە تاماق يەيسەن؟» دەپ سوراپتىكەن. بىچارە دابەنجىاڭ يېمەكچىمىدىكى، نېمە يېمەكچىدىكى... «دا ـ دا ـ دا...» دەپ كېكەچلەپ قاپتۇ. تەنجاڭ ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي: «نېمە دەيدۇۋۋي ماۋۇ كېكەچ» دېمەسمۇ، بولغان گەپ شۇ. «هە، بىزنىڭ ئادەمنى نېمىشقا كېكەچ دەيسەن؟» دەپ بويكەتتى جېدەل... گەپ قىلماڭلار، ئاشخانىنىڭ چىنە ـ تەخسىلىرىنى يەرگە ئېتىپ،

ئۇستەل دىگەننى ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ ئۆرىتۆپە قىلىۋەتكەندۇق... شۇڭا، سالچىلار بازارغا كىرىپتۇ دىسە، بەزى دۇكانچىلارنىڭ قۇيقا چىچى تىك بولۇپ، دۇكانلىرىنىمۇ تاقاپ كىتىپ قالاتتى... قىنى، مىنىڭ نۆۋىتىم كەلگەن بولسا بىرەر يۇتۇم قۇيىماسىلەر، جىق ئەمەس، ئازراقلا، ئىچمەي دىسە مۇشۇنداق كۆڭۈل تارتىپ قالىدۇ... شەھەردە تۇراق تاز دەيدىغان قىش - ياز بىشىدىن تۇمىقىنى ئالمايدىغان بىر تاز بولىدىغان، يوغان، ئىگىز، كۆتمەك بۇرۇت قويۇپ يۇرىدىغان نەرسە ئىدى. لەڭزە بىشىدا قىمار ئويناپ، بىزنىڭ بىر سالچىمىز ئۇتتۇۋالسا «پالان نىمەمنى ئالماسەن!» دەپ قانلىق قىلىپ پۇلنى بەرمەي قوغلىۋىتىپتۇ. جۇماقنى بىلىسىلەر، شەھەردىكى خىلى - خىلى نوچىلار ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدۇ. بۇ گەپنى جۇماق ئاڭلاپ: «ۋاھ، بۇ قانداق يولسىزلىق بولدى؟... يۇرۇڭلار!» دەپ ھەممىمىزنى باشلاپ ماڭدى. تۇراق تازنى لەڭزە بىشىدا تۇتۇۋالدۇق. جۇماق: «سەن تاز بولساڭ مەنمۇ تاز، يەكمۇيەك چىقە!» دەپ ھىلىقى تۇراقنى چىچقىچە سىلىپ، سالچىلار بار ۋاقىتتا لەڭزە بىشىغا دەسسىمەيدىغان قىلىۋەتكەندى... شەھەرنىڭ يارى دەيدىغان يەنە بىر نوچىسى بار ئىدى. «يارى ماڭقا» دىسە تونۇمايدىغىنى يوق. بىر كۈنى تۆپچى بازىرىدا بىر - ئىككى سالچىمىز بىلەن تۇتۇشۇپ قىلىپ سالچىلارنى ئۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بىرقانچىمىز يوپۇرۇلۇپ بىرىپ ئۇنىمۇ چىچقىچە سالغانىدۇق... ئۇ چاغلاردا سالچىلار ئۆم ئىدى، شۇنداق بولمىسا باشقىلار بوزەك قىلىپ كىتىدىغان جاھانلار ئىدى... شۇنداق دەيمىز، بىز سالچى خەقلەرنىڭمۇ ئوسال تەرەپلىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خېلى بار، بەزى ئادەملىرىمىز ئوغرى ـ قاراقچىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. دەريادا سالنىڭ ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ كۆزگە چېلىققانلا نەرسىنى قويماي ئوغرىلاپ ماڭاتتۇق، خەق هوشىنى تېپىپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگۈچە سال دېگەن بىر يەرلەرگە كېتىپ بولاتتى. ماۋۇ يېڭى ھۆكۈمەت كېلىپ سالچىنىڭ ئاز ـ تولا تۈزلىپ قالغان ۋاقتى...

ــ ھەممىسى يوقسۇلچىلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش، ــ دېدى هاراق ئىچىۋاتقانلارغا ئارىلاشماي بىر چەتتە ئولتۇرغان ئىسمايىل «پالتا». ئۇ بىر ئاز ۋاقىت سالچىلىق قىلىپ كېيىن ياماتۇدا دەڭ ئاچقان ئادەم ئىدى، ــ ئۇ زاماندا سالچىنىڭ تولىسى ياغاچ ئىگىلىرىگە گەدەنگىچە قەرز، بەزى سالچىلار شەھەرگە سال ھەيدەپ كىرىپ ياغاچلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىپ، بازار تەرەپكە قاراپمۇ قويماي، ئارقا كوچىلار بىلەن مېڭىپ موڭغۇلكۈرەگە پىيادە چىقىپ كېتەتتى. نېمىشقا دېسەڭلەر، ئۇنداق بىچارىلەرنىڭ تولىسى بازاردىكى قاسساپ ـ ناۋايدىن تارتىپ ساتىراشقىچە ھەممىسىگە قەرزدار، قەرزدارچىلىق دېگەن بەك قاتتىق، شۇڭا ئوغرىلىق قىلىپ سالسىمۇ سالىدۇ. «چىنە بولسا دەزى بولمىسا، يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا» دېگەن گەپلەر بىكار چىقمىغان ـ دە...

ــ ھەي ئاغىنىلەر، ــ دەپ دەلدەڭشىپ ئورنىدىن قوپتى بىرەيلەن، ــ سالچىنى ماختاۋاتامسىلەر، ئەيىبلەۋاتامسىلەر؟ مەن ھېچ ئاڭقىرالمىدىم. مەن سىلەرگە ئېيتسام، جىمى كەسىپتىكىلەرنىڭ ئىچىدە باي ـ كەمبەغىلى بولىدىكەن، مەن سال ھەيدەپ باي بولغان ئادەمنى كۆرمىدىم، ھەممىسىلا نامرات... بەزىدە «ئاھ، خۇدا! ماڭىمۇ ‹ئالە، قۇلۇم› دەپ بىر ئىلتىپاتىڭنى

ياغدۇرۇۋەتسەك، مەنمۇ بىر باي بولۇپ باققان بولسام» دەپ ئېغەكنى تۇتۇپ خىيالغا چۈشۈپ كېتىمەن...

ــ باي بولۇپ كەتكەن بولساڭ نەچچە خوتۇن ئالاتتىڭ؟ ــ دەپ سورىدى بىر سالچى.

ــ خوتۇننى جىق ئالمايتتىم. ئاشۇ بىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما، شۇنداق بىر چىرايلىق ئۆي سالدۇراتتىم، گەپ قىلماڭلار...

ــ ھەرقانچە كاتتا ئۆي سالدۇرساڭمۇ تېرەك مازارنىڭ ئالدىكى تۇداخۇن باينىڭ ئۆيچىلىك ئۆي سالدۇرادىڭ؟

ــ تۇداخۇن باينىڭ ئۆيى دېگەن نېمە ئۇ؟ تۇداخۇن باينىڭ ئۆيى مەن سالدۇرىدىغان ئۆينىڭ قولىغىمۇ سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ... ئالدى تۇۋرۇكلىرىگە گۈل چەككەن كەڭ پېشايۋان، ئارقا ئىشىكتىن چىقساڭ كەتكەن باغ. دېرىزىنى شۇنداقلا ئاچساڭ ئالما، ئۈرۈك، شاپتۇل دېگەنلىرىڭ ئۆزىلا ئۈسۈپ ئۆيگە كىرىدۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل، كۆلنىڭ بويىدا ئەل ـ ئاغىنىلەر كېلىپ قالسا ئىچىشىپ ئولتۇرىدىغان چاقچاقانغىنە شىپاڭ، شىپاڭنىڭ ئەتراپىدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇل دېگەننىڭ سايراپ كەتكەن... پۈتۈن ئۆمرۈم جاننى ئېلىپ قويۇپ دەريادا ياغاچ توشۇپلا ئۆتۈپتۇ. مەن توشۇپ ئاپارغان ياغاچلاردا خەقلەر نى ـ نى ئايۋان ـ سارايلارنى سېلىپ كەتتى. مېنىڭ ئولتۇرغان يېرىم ھېلىمۇ شۇ قەلەندەر مەھەللىسىدىكى مايماق كەپە. قاپچىغايغا كەلسەك ياتىدىغان يېرىمىز قاراڭغۇ گەمە... قۇيمامسىلەر ھەي ھارىقىڭلارنى! ماڭا تولدۇرۇپ بىرنى قويۇڭلار!... قايسىبىر چاغدا بىر ئورۇسنىڭ ياغىچىنى زايىمكاغىچە ئاپىرىپ بەردىم، ئوھوي، ئۇ چاغلاردا

دەريانىڭ سۈيىنىڭ چىقىلىقىنى دېمەمسىلەر، زايىمكا دېگەننىمۇ ئاجايىپ بىر يەر ـ دە. ئىلگىرى چوڭلار ئۇ يەرنى «جىگدىلىك» دەيتتىكەن. دېمىسىمۇ ئۇ يەردىكى جىگدە، زىرىق، تال، جىغان دېگەنلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. چاتقاللىقتا يورغىلىشىپ يۈرگەن توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك دېگەنلەرنىڭ سانى يوق، ئوچۇقچىلىقلاردا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى ئېيتايمۇ، شۇنداق جەننەتتەكلا بىر يەر ئىدى. ئورۇسلارنىڭ «زايىمكا» دېگىنى شۇ «جىگدىلىك» دېگىنىمىكىن ياكى بىر دەم ئالىدىغان يەر دېگىنىمىكىن، بىلمەيمەن. ئۇ يەرگە تولىراق شەھەرنىڭ بايۋەچچىلىرى چۈشۈپ ئولتۇرۇش ـ مەشرەپلەرنى قىلىدىغان، ئورۇسنىڭ ياش بالىلىرىمۇ گارمونلىرىنى تارتىپ، قىزلىرىنى قولتۇقلاپ يۈرىدىغان، ياشاش دېگەننى مانا شۇ خەق بىلىدىكەنغۇ، ئىلىدا پۇل يىغىپ باي بولغان ئورۇسنى كىم كۆرگەن؟ جىق باي بولغىنىنىڭ بىرەر بىرىنىشكا هارۋىسى، بىر ئەسكى تۈگمىنى بولىدۇ شۇ. تاغقا چىقسا ئومارتا قىلىپ ھەسەل چىقىرىپ، ئازراق يەرگە ياڭيۇ تېرىپ قويىدۇ. تاپقان پۇلىنى غىتتا ـ غىتتاڭ گارمونىنى چېلىپ خەجلەپلا تۈگىتىدۇ، زايىمكادىكى شۇ چىرايلىق يەرلەر تېخى يېقىنقى يىللارغىچە بار ئىدى. ئاشۇ قەھەتچىلىك يىللىرى خەقلەر ھەممە دەل ـ دەرەخنى كېسىپ قالاپلا تۈگەتتى جۇمۇ!...

ــ ھە، ھېلىقى ئورۇسنىڭ ياغىچىنى قانداق قىلدىڭ؟ شۇ گەپنى قىلە، ــ دېدى بىرەيلەن.

ــ قانداق قىلاتتىم، زايىمكاغا ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ بەردىم. ئۇ چاغلاردا زايىمكاغا ھازىرقىدەك بىرىنچى بۇقا،

ئىككىنچى بوۇقا، ئۈچىنچى بوۇقا دەيدىغان سال توختىتىدىغان يەرلەر، ياغاچنى تىراكتور بىلەن سۆرىتىپ چىقىدىغان ئىشلار نەدە؟ ياغاچلارنى ئۆزىمىز پىشاڭلار بىلەن مۇرىدەپ قىرغاققا ئاچىقىپ بېرەتتۇق، ھېلىقى بەلگىچە ساقال قويغان، ئۆتۈكىنىڭ قونچى يانپېشىغىچە كېلىدىغان غەلىتە ئورۇسكەن، ئۆزىمۇ موگىغۇلكۇرەدىن سالغا ئولتۇرۇپ بىللە كەلدى. ھاراق ئىچكىنىمنى كۆرسە: «سەن مۇسۇلمان ئادەم، ھاراق ئىچمەسلىك كېرەك. ئۆلگەندە باغقا كىرەلمەيسەن» دەيتتى. ئۇ دېگىنى: «مۇسۇلمان تۇرۇپ ھاراق ئىچسەڭ ئۆلگەندە جەننەتكە كىرەلمەيسەن» دېگىنى ئىكەن... ۋاي خۇدايىم، گۇناھلىرىمىزنى ئۆزۈڭ كەچۇرگەيسەن.

※ ※ ※

شۇ قېتىمقى سەپەردە سەمەت بىلەن قوۋان ھەيدىگەن سال بايتوقاي ئەتراپىغا كەلگەندە تېيىز يەرگە چىقىپ قېپىداپ قالدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ كاشىلىنى كۆرۈڭ، — دېدى سەمەت سالنىڭ پالىقىنى قويۇپ، سالنىڭ تۇمشۇقى تىرىلىپ قالغان يەرگە قاراپ، — بىزنى نېمە غەپلەت باستى ـ ھە، قوۋان؟ بۇ يەر تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا گۇلدۇرلەپ سۇ ئېقىۋاتقان يەر ئىدىغۇ؟... كەلكۈن ۋاقتىدا مانا مۇشۇنداق كاشىلا تولا چىقىدۇ. بىر ئوبدانلا سۇ ئېقىۋاتقان يەر ئەتىسى قارىساڭ قۇم يىغىلىپ دۆڭگە ئايلىنىپ قالغان. سۇ باشقىلا بىر يەرلەردىن يول تېپىپ ئاققىلى تۇرىدۇ. ئەجەب بىر دىققەتسىزلىك قىپتۇق ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھە؟... سەنغۇ دەريانىڭ ئېقىمنى دېگەنگە قاراپمۇ قويمايسەن، بېشىڭنى چۆكۈرۈپ خىيال سۈرگىنىڭ سۈرگەن. ئۆزۈڭ سالنىڭ ئۈستىدە بولغان بىلەن خىيالىڭ باشقىلا بىر يەرلەردە. ئەجەب تۇگىمەيدىغانلا بىر خىياللىرىڭ بارغۇ تاڭ... ھېلىقى ئۆمەر مەدداھقا دوست تارتىپ يۈرگەن چاغلىرىڭدىمۇ بەزىدە ئۆمەر مەدداھ يېنىڭغا كېلىپ، قولدىكى تايىقى بىلەن نوقۇپ قويمىغۇچە دوست تارتىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ ئۆزۈڭنىڭ خىيالىغا چۆشۈپ كېتەتتىڭ؛ بەزىدە دوست تارتمايدىغانلا بىر يەرلەردە «دوست!» دەپ ۋارقىراپ سېلىپ كۈلكىگە قالاتتىڭ...

— نەگە كېلىپ قالدۇق؟ — دېدى قۇۋان ئەتراپىغا قاراپ.

— مانا، مانا، دېمىدىممۇ، شۇنچە يىل سال ھەيدەپمۇ تېخىچە ئۆزۈڭنىڭ نەگە كېلىپ، نەدە كېتىپ بارغىنىڭنى بىلمەيسەن، تۇمشۇقبايتوقاينىڭ ئەتراپى، ئالابايتالنىڭ سۈيى دېگەن يەر شۇ. ئىلگىرى تۇمشۇقبايتوقاي تەرەپتە «ئالابايتالنىڭ تۇگمىنى» دېگەن تۇگمەنمۇ بولغانىكەن. ئۇ تۇگمەننى مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان...

— ھېلىقى قاراكۆلنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئالابايتالنىڭ بىرنېمىسى دېگەن بىر يەر بولىدىغانغۇ؟

— ھەرنېمە بولسا ئېسىڭدە باركەن، — دېدى سەمەت، — قۇربانجاننىڭ كۆۋرۈكىنىڭ تۆۋىنىدە «ئالابايتالنىڭ توقىيى» دەپ بىر توقايلىق بار، سالچىلار بەزىدە كېلىپ ساللارنى شۇ يەردە توختىتىپ دەم ئالاتتۇق، ھېلىقى شوتىدىكى «ئالابايتالنىڭ دېڭى» دەيدىغان دەڭلەر ئېسىڭدە باردۇ؟... بۇ ئىلىخودا ئىشقىلىپ ئالابايتال دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ئايىغى تەگمىگەن

يەر ئازكەن... بولدى، سالنىڭ گۈرجىكىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋەرمەي، ئاۋۇ يانداق ياغاچنىڭ ئارقا ئارغامچىسىنى بوشات... ياق، ئاۋۋال ئوڭ تەرەپتىكىسىنى، ئارغامچىنى ئۈزۈن قويۇۋەت... بولمىدى، بولمىدى، ئىككىلا تەرەپنىڭ ئارغامچىسىنى تەڭ قويۇۋەت!

سالنىڭ يانداق ياغاچلىرى ئىككى تەرەپكە قاناتتەك كېرىلىپ، سالغا ئۇرۇلۇۋاتقان سۇنى كۆپتۈرۈپ ئۇلغايتقان بولسىمۇ، سال ئورنىدىن مىدىراپمۇ قويمىدى. دەريا سۈيى قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ كۆۋەكلىنىپ كۆۋەجەيتتى. نېرىراقتا قانداقتۇر بىر قۇرۇغان شاخ، نېمىلەرنىڭدۇ يىلتىزى دولقۇنلار ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي لەيلەپ كېلىۋاتاتتى. توقايلىقلاردىن ئۇچۇپ چىققان سۇ قۇشلىرى قەيەرلەرگىدۇر يىراقلاپ كەتمەكتە ئىدى.

— قۇۋان، بولمىدى، — دېدى سەمەت، — سۇغا چۈشۈپ سالنىڭ تۇمشۇقى تىرىلىپ قالغان يەرنى ئازراق بوشىتايلى.

ئۇلار سۇغا چۈشۈپ سالنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تاشلارنى ئىككى تەرەپكە ئېتىپ قۇملارنى تارتتى.

— ئەمدى ئارقىدىن پىشاڭ سالايلى.

ئۇلار سال ئۈستىدىن پىشاڭلارنى ئېلىپ چۈشتى. سەمەت سۇغا چۈشۈپ ئەتراپقا قاراپ تۇرۇپ قالدى. سەمەتنىڭ تىزىغا كەلگەن سۇ بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتاتتى.

— بولدى، قۇۋان، پىشاڭ سالمىساقمۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ. قارا، ماۋۇ سۇنىڭ رەڭگىنى؟ لايقىپ

ئېقىنۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ سۇ ئۇلغىيىۋاتىدۇ. سالغا چىقىۋالايلى.

سەمەت سەكرەپ سالغا چىقىپ ئارقىسىغا قارىدى ــ دە، قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. قۇۋان غايىب بولغانىدى. ئۇ پەقەت بىر قەدەمنىلا خاتا ئالغانىدى. سالغا سەمەت چىققان تەرەپتىن چىقماي، سالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقماقچى بولۇپ شۇ تەرەپكە قەدەم قويىدى ــ يۇ، قايتىپ چىقالماي چۆكۈپ كەتتى. ھايات شۇنداق، ئاچقۇچلۇق پەيتتە بىر قەدەمنى يا خاتا، يا توغرا ئالىسەن، تەقدىر ــ پېشانەڭگە پۈتكەن باشقىچە بىر قىسمەتلەر شۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ... قۇۋان قەدەم قويغان تەرەپتە سۇ كولاپ كەتكەن بىر چوڭقۇرلۇق بار ئىدى. چۆكۈپ كېتىۋاتقان قۇۋاننىڭ تىنىقىدىن سۇ يۈزىگە ئۇششاق كۆپۈكچىلەر كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا قانداقتۇر بىر زىڭىلدىغان ئاۋازدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمىدى. ئۇ يۇقىرى ئۆرلىمەكچى بولۇپ ھەرىكەتلىنەتتى. لېكىن بارغانسېرى ئۇلۇغ ئېقىن تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى... سەمەت ئېقىپ كېتىپ بارغان پىشاڭلىق ياغاچنى كۆرگەندىن كېيىنلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاندىن چۈشەندى. بۇ ھېلىلا قۇۋان تۇتۇپ تۇرغان ياغاچ ئىدى. ئۇ پوكەي ياغاچقا چىڭگىلىك يەللىك پىنجەكنى يېشىۋالدى ــ دە، ئالدىراپ كىيىپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى.

سەمەت ھەر قېتىم سۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئەتراپقا، سال ئۈستىگە قاراپ «قۇۋان، قۇۋان!» دەپ ۋارقىرايتتى. يەنە سۇغا شۇڭغۇپ قۇۋاننى ئىزدەيتتى. كەچكى قۇياش ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرىنى بۇلۇتلار، يىراقتىكى توقايلىقلار ئۈستىدە قالدۇرۇپ پېتىپ

كېتىۋاتاتتى. بۇ گۇرۇپپىدىكى قالغان سالچىلار ساللىرىنى توغراق ئەتراپىغا توختىتىپ قويۇپ ئارقىدا قالغان بۇرادەرلىرىنى كۈتمەكتە ئىدى... دەريانىڭ ئاستىمۇ بىر چاغلاردا قۇۋان چاپىنىنى دولىسىغا سېلىپ ماڭغان شېغىللىق يوللارغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. يىراق بىر يەردىن ناخشا ئاۋازى كەلگەندەك قىلاتتى.

قەشقەردىن كېتەرىمدە
بىر سىقىم توپا ئالغان.
توپىنى تۇمار قىلىپ،
بويىنۇمغا ئېسىۋالغان...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەللىكىنچى باب

# دوستنى ئىزدەپ

قۇۋان گويا يىراق بىر سەپەرگە، جاھاندارچىلىقنىڭ، سالچىلىقنىڭ مۇشەققىتىنى تارتمايدىغان تىنچ بىر ئالەمگە كەتكەندەك قىلاتتى. دەريا دولقۇنلىرى بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ ئىلگىرىلەيتتى. بېلىقئالغۇچلار ئاپپاق قاناتلىرىنى يىغىپ سۇغا تىك شۇڭغۇيتتى ـ دە، يەنە سۇ تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان قاناتلىرىنى يېيىپ نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى. قۇۋان شۇ چوكۇپ كەتكەنچە سۇ يۈزىدە قايتا كۆرۈنمىدى. سالچىلار ئەتراپىنى قانچە كۈن ئىزدەشتى، بايتوقاي ئەتراپىدىن كونا كۆرەڭگىچە دەريا ياقىلاپ بېرىشتى. ئۇچراشقان ھەر بىر ئادەمدىن بۇ ئەتراپتا بىرەر جەسەت كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشتى. دەرياغا قارماق تاشلاپ ئولتۇرغان ھەر بىر بېلىقچىغا، توقايلاردىن ئوتۇن كېسىۋاتقان ھەربىر ئوتۇنچىغا شۇنداق بىر جەسەت كۆزگە چېلىققۇدەك بولسا ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى جېكىلىدى.

قۇۋاننىڭ ئۆلۈمى سەمەتكە ناھايىتى ئېغىر كەلدى، ئۇ خۇددى بىرسى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك گاراڭ بولۇپ قالغانىدى. ئاغىنىسىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ دەريا ياقىلاپ يۈرگىنىگە زادى قانچە كۈن بولغانلىقىنى

ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. دەريا سۈيى بۆلۈنۈپ ئاققان يەرلەردىكى ئاراللارغا ئۆتەتتى. گۈپۈلدەپ زەي، بىلىق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان قىرغاقلار، ياۋا جىگدە، تال ۋە قانداقتۇر تىكەنلىك چاتقاللار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن توقايلار، قۇم - شېغىل، دەريا دولقۇنى ئۇرۇپ چىقىرىۋەتكەن ئېقىندىلار بىلەن تولغان ئوچۇقچىلىقلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇرۇپلا يەنە ھېلىقى سال قېيىداپ توختاپ قېلىپ قوۋۇان غايىب بولۇپ كەتكەن يەردە پەيدا بولۇپ قالاتتى، سالچىلار بۇ يەردىكى سالنى ئاللىبۇرۇن ئەكېتىشكەندى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، كەلكۈن سۈيى سالنى ئۆزىلا ئورنىدىن قوزغاپ تۆۋەنگە ئېقىتىپ كەتكەنىكەن، ھازىر شۇ چاغدا سال كېلىپ مىنگىشىپ قالغان قۇم - شېغىللىقمۇ كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ يەردە يەنە ئۆلۈغ ئېقىن گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتاتتى. دەريا يەنە ئىلگىرىكى قىنىغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ تەرەپتىكى ئېگىزلىك ئۈستىدە قايسىبىر يېزىلارنىڭ دەل - دەرەخلىرى كۆرۈنەتتى. سول تەرەپ يىراقتا سوزۇلۇپ كەتكەن چىرايلىق توقايلىق ئىدى. دەريا دولقۇنلىرى قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، سۇغا ئېگىشىپ تۇرغان تاللارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سۆيۈپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. سۇ قۇشلىرى توقايلاردىن كۆككە كۆتۈرۈلۈپ نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى. يېنىك كۆتۈرۈلگەن مەيىن شامال قارشى قىرغاقتا تۇرغان بىر قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى بىلەن ئوينىشاتتى. گويا بۇ يەردە ھېچبىر ئۆلۈم - يېتىم، ھېچبىر كۆتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەرمىگەندەك ئەتراپتىكى ھەممە نېمە شۇنداق ئۆز پېتىچە تۇراتتى. ئەمما، بۇ يەردە يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بەرگەن پاجىئە سەمەتنىڭ يۈرىكىدە ئېغىر جاراھەت قالدۇرغانىدى...

بەزىدە سەمەتكە قۇۋان ترىكتەك، ھېلىلا بىر يەردە لوڭقىدە پەيدا بولۇپ، «سەمەتئاخۇن، قانداق قىلىدىكىن دەپ مۆكۈۋالسام بەك ئىزدەپ كەتتىڭلار ـ ھە؟!» دەپ كۈلۈپ قاراپ تۇرىدىغاندەكلا قىلاتتى. قويۇق چاتقاللىقلار ئارىسىدا كېتىپ بارغىنىدا ئالدىدا شالدىرلىغان بىرەر ئاۋاز پەيدا بولسا سەمەت تېگىرقاپ توختاپ قالاتتى ـ دە، يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى راستتىنلا ئۇنىڭ ئالدىدا كۆتمىگەندە بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. ھەر ئىككىلىسى بىر دەقىقە تېگىرقاپ بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى، بىراق بۇ ئادەم قۇۋانغا ئوخشىمايتتى، ئۇ پاكار، دىقماق كەلگەن، ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئىدى.

ــ ئۇكاموي، كىمسەن؟ سالغىدا تاشلىغاندەك توككىدە پەيدا بولۇپ قالدىڭا؟...ــ دېدى بوۋاي.

ــ سالچىمەن،ــ دېدى سەمەت،ــ تۆت ـ بەش كۈننىڭ ئالدىدا بىر بۇرادىرىمىز دەريادا ئېقىپ كەتكەن، شۇنى ئىزدەپ دەريا ياقىلاپ تۆۋەنلەپ كېتىپ بارىمەن.

ــ قانداق ئېقىپ كەتتى؟

ــ خۇدادىن كەلگەن تەقدىر شۇنداقمىكىن، بىلمىدىم... سال بىلەن كېلىۋاتاتتۇق. شۇنچە يامان يەرلەردىن تىنىچ ـ ئامان ئۆتۈپ كەتكەن، مانا مۇشۇ بايتوقاينىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن سال تۇيۇقسىز بىر يەردە قېيىداپ توختاپ قالدى. پىشانىڭ سىلىپ قوزغىماقچى بولۇپ سۇغا چۈشتۇق، شۇ يەردە قانداق بولدى، سۇغا كىرىپلا غايىب بولدى...

ــ سۇ بەك ئۇلۇغ،ــ دېدى بوۋاي،ــ بەزىدە سۇ كولاپ ئويۇپ كەتكەن يەرنى ئۇقۇشماي دەسسەپ سالساڭ پۇرتتىدە كىرىپلا كېتىسەن، ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە بولغۇچە سەن يوق، بايقىمىساڭ قايناممۇ سۈرەپ كېتىدۇ... ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، ئۇكا، رىزقى شۇنچىلىك... يىلدا مۇشۇنداق كەلكۈن ۋاقتىدا بۇ دەريا تۆت ـ بەش ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

ــ ئۈزىمۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان يېتىمتى...

ــ ئەجەل كەلگەندە سۇ ئۈزۈشنى بىلسەڭمۇ بىكار،ــ دەپ قولىنى شىلتىدى بوۋاي،ــ دەريا دېگەندە بېلىقتەك ئويناپ ئۈزۈپ يۈرىمىز، دەپ يۈ ئاتقان نى نوچىلارنى كۆرگەن بىز، قاتتىقراق بىر دولقۇن كېلىپ ئۇرۇپ ئاغزى ـ بۇرنىغا سۇ كىردىمۇ بولدى، ھەرقاندىقى ھودۇقۇپ كېتىدۇ... مۇزدەك سۇغا كىرىپلا پۇتىنىڭ پېيى تارتىشىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بار...

ــ شۇنداقكەن،ــ دېدى سەمەت،ــ بۇ دەريانىڭ مىجەزىنى سىز ئوبدان بىلىدىكەنسىز.

ــ بىر يىللىرى مەن شەھەرنىڭ پادىسىنى باققان، پادىنى مۇشۇ دەريا بويىدىكى ئاراللارغا ئۆتكۈزۈپ باقاتتۇق، ھازىر پادا باققۇدەك يەرمۇ قالمىدى. كېيىن... ھە، نەگە بارماقچىسەن؟ ــ دەپ مېڭىشقا تەمشەلگەن سەمەتنى ۋارقىراپ توختاتتى بوۋاي.

ــ ئۇقمىدىم،ــ دېدى سەمەت،ــ تۆۋەنلەپ بېرىپ باقاي جۇمۇ... تۆۋەنلەپ مېڭىپ باقاي.

ــ كۆن ئولتۇرۇپ كەتتىغۇ، ھېلىلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ، مېنىڭ كەينىمدە قونۇپ قال.

بۇ بوۋاي بىلىقچى ئىدى. نېرىراقتا ئۆنىڭ ياغاچلارنى تىكلەپ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىپ ياسىۋالغان كەپىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوۋاي دەريانىڭ ئەگىلىپ ئاققان قولتۇق يېرىگە بىرقانچە قارماق تاشلاپ قويغانىدى. ئۇلار كەپە ئالدىغا گۈلخان يېقىشتى. بوۋاي يوغان بىر بىلىقنى تازىلاپ، پارچىلاپ كەلدى. تېۋىلغىغا ئۆتكۈزۈپ، ئوتقا قاقلاپ كاۋاپ قىلىشتى. سەمەت كاۋاپتىن تارقالغان خۇش پۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەنلىكىنى سەزدى، بوۋاي داستىخان سېلىپ يەنە بىر ـ ئىككى توقاچ قويدى. سۇ قۇيۇپ ئوتقا يېقىنلىتىپ قويغان قارا چۆگۈن پورۇقلاپ قايناپ كەتكەنىدى.

— بەك ئاۋارە بوپكەتتىڭىز، — دېدى سەمەت.

— سىنى بىر مېھمان قىلىۋالاي، — دېدى بوۋاي، — پەيغەمبىرىمىز تونۇمايدىغان ئادەمگە سالام بەرگەن، ئاش ـ نان بەرگەننىڭ ساۋابى بەك چوڭ، دېگەنىكەن، قېنى ئالە، ئۇكا.

تاماقتىن كېيىن بوۋاي دەرياغا تاشلىغان پولدۇڭلىرىنىڭ يىپلىرىنى بىر قۇر يىغىپ تەكشۈردى، ئىككى ـ ئۈچ بىلىق ئىلىنىغانىدى. تۇتۇلغان بىلىقلارنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ نېرىدىكى بىر كۆلچەككە تاشلىدى، قارماقلارنىڭ سازاڭلىرىنى يېڭىلاپ قايتا سۇغا ئاتتى. قايتىپ كېلىپ گۈلخاننىڭ يېنىغا يانپاشلىدى.

— چىقمىدۇ، — دېدى بوۋاي بىر تال ياغاچ بىلەن يەرنى سىجاپ خىيالغا چۆشۈپ كەتكەن سەمەتكە قاراپ، — دەرياغا چۆكۈپ كەتكەن ئادەم يوقاپ كەتمەيدۇ، نەگە يوقاپ كېتىدۇ؟... سۇ ئاخىرىغا ئاپىرىپ بىر يەرلەرگە

چىقىرىۋېتىدۇ، ئالمۇتىيار تەرەپلەرگە بېرىپ باقتىڭلارمۇ؟

— باردۇق، كونا كۆرە ئەتراپىغىچە باردۇق.

— بەزى جەسەتلەر شۇنداق تېپىلمايمۇ قالىدىكەن... ئىزدەپ يەتتە كۈنگىچە تېپىلمىسا نەزىرىنى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ... سالچىلىق دېگەنمىغۇ خەتەرلىك بىر ئىشكەن، نەنىڭ سالچىلىرى سىلەر؟

— قاپچىغاينىڭ.

— ۋاھ، قاپچىغاي دېگەن يەرگە بىر يىلى مەنمۇ بېرىپ قالدىم. بىكار تۇرماي شاماللا چىقىدىغان يەركەن. «تۇۋا!» دەپ ياقامنى تۇتۇپلا قاپتىمەن، جىمى سالچى يەرنى كولاپ گەمە قىلىپ شۇنىڭ ئىچىدە ياتىدىكەن. قاپچىغاينىڭ ئۇششاق بالىلىرىمۇ شۇ گەمىنىڭ ئىچىگە سوغۇردەك كىرىپ — چىقىشىپ، ۋاراڭ — چۇرۇڭ قىلىپ شۇ يەردە ئوقۇيدىكەن، توقۇزتارادا ھېيتاخۇن دەپ بىر بۇرادىرىمىز بولىدىغان، شۇ ھېيتاخۇننىڭ ئامىنە دېگەن قىزى شۇ يەردە مۇئەللىم ئىكەن، چاچ دېگەن تېقىمىدىن ئاشىدىغان ئەجەبمۇ چىرايلىق قىز ئىدى، «ئاپلا، مۇنۇ قىز ماۋۇ شامالىلىقتا زايىلا كېتىپتۇ — دە!» دەپ قاپتىمەن. يەنە ئادەم دېگەن قىزىق نېمىدە! كەچكە يېقىن ئامىنە گارمون دېگەننى غارتىلدىتىپ تارتىپ، راۋاب، داپمۇ بارمۇ ئەيتاۋۇر، بىرمۇنچە ياشلار قاپچىغاي دېگەننى قىزىتىپ چاڭ چىقىرىۋەتكەن... ئۇرايىم بارمۇ؟

— قايسى ئۇرايىم؟... قاپچىغايدا ئۇرايىم «جودا»، ئۇرايىم «تۇڭگان»، ئۇرايىم «داگازا» دەپ بىرقانچە ئۇرايىم بار.

— ھە، شۇ ئۇرايىم «داگازا»نى دەيمەن، شوپۇر.

— بار.

— خۇرۇم چاپان بىلەن ئۆتۈك كىيىپ يۇرىدىغان، ئېگىز، كېلىشكەنمۇ نىمىكەن، ئەمما، هاراق دېگەننىمۇ ئىچىپ قويىدىكەندە، هەرقانچە مەست بولۇپ كەتسىمۇ يەنە قولتۇقىدىن يۆلەپ رولغا چىقىرىپ قويسىلا ماشىنىسىنى هەيدەپ كېتىۋېرەتتىكەن، بىر كۈنى موخۇرغا بىر ئىش بىلەن مېڭىپ شۇ ئۇرايىمنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. ئۇ چاغلاردا يول بەك ئوسال، ئۇرايىم ماشىنىسىغا تەمنات كوپىراتىپىنىڭ يۈكلىرىنى باسقانىكەن، ماشىنا ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ كېتىپ باردۇ، بىر چاغدا نەلەرگە كېلىپ قالدۇق، بىلمىدىم. ئۇرايىم ماشىنىسىنى چىپىپىدە توختىتىپ، «بولدى، ساز ئاڭلايمىز، چۈشە» دېدى. نەنىڭ سازىنى ئاڭلايمىزكىن دەيمەن، ئەتراپىمغا قارىسام، نېرىدا سۇنىڭ بويىدا بىرقانچەيلەن سورۇن تۈزۈپ دۇتار — تەمبۇرلىرىنى تاراڭشىتىپ پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ئۇرايىم ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى قەغەز يەشىكلەرنىڭ بىرىنى چۈۋۈپلا ئىككى — ئۈچ بوتۇلكا هاراقنى ئالدى. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ بېرىپ هېلىقى سورۇنغا قوشۇلۇپ كەتتۇق. هېلىقىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر — ئىككىسى ناخشىنىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئېيتىپ قويىدىكەن. شۇ كۈنى بولۇپ كەتتى ساز... داستىخان شۇنداقلا غورىگىل بولۇپ قالغۇدەك بولسا ئۇرايىم ماشىنىغا چىقىپ چارتلا قىلىپ بىر مىشكاپىنى يىرتىدۇ، جىگدە — قاق، پېچىنە — پىرەنىك دېگەنلەرنى هارغۇچە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. هەممىسى نورمىلىق نېمىلەر — دە. «ئەستا، ئۇرايىم كېيىن بۇ نەرسىلەرنىڭ

جاۋابىنى قانداق قىلار؟» دەيمەن. ئۇرايىمنىڭ قاپتىلىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. «هاراق يوق»لا دېسە، قەغەز يەشىكنىڭ بىرىنى ۋاققىدە يىرتىدۇ، بىر ـ ئىككى بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ... شۇنداق قىلىپ، شۇ كۈنى هېلىقى ئولتۇرۇشتىن قايسى چاغدا تارقالغىنىمىزنى بىلمەيمەن، ئۇرايىم يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا يەنە بىزنى موخۇرغا يەتكۈزۈپ قويغانىدى...

بېلىقچى بوۋاي بۇ ئارىلاردا يۇرۇپ ئادەم سېغىنىپ قالغانمۇ، سەمەتكە مۇشۇنداق ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى.

ــ ماشىنا دېگەنلەرغۇ تېخى يېقىندا پەيدا بولغان نېمە،ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بوۋاي،ــ بۇرۇنلاردا هەرقانچە يول بولسىمۇ شۇ ئات هارۋىسى بىلەن مېڭىپ تۈگىتەتتۇق... بىر يىللىرى مۇشۇ توغراقنىڭ① ئەتراپىدا قۇچاق يەتمەيدىغان بىر ـ بىرىدىن يوغان قارىياغاچلار بولىدىغان. كۈندۈزلىرىمۇ ئەتراپىغا قاپقاراڭغۇ سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، بەزىلىرىنىڭ قېرىپ بىقىنلىرىدىن پوقاق قايناپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ شاخلىرى هەر تەرەپكە ئۇچ تارتىپ بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، بەزىلىرى قۇرۇپ سۇنۇپ غەلىتە بىرنېمىلەرنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ قالغان. ئىشقىلىپ، قارىساڭ قورققۇڭ كېلەتتى. يالغۇز ماڭغان ئادەم كۈندۈزمۇ ئۇ قارىياغاچلىقلاردىن ئۆتۈشتىن قورقاتتى. هازىر يېڭى يەر ئاچىمىز، يول ئالىمىز، دەپ هەممىسىنى كېسىپ

① توغراق ــ بۇ يەردە گەپ «توغراق» دېگەن مەهەللە ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇگەتتىغۇ، ئۇ كەملەردە ھەممىلا يەر شۇنداق قارىياغاچلىق ئىدى. بىزنىڭمۇ ياش ۋاقتىمىز، ھارۋىكەشلىك قىلىپ خەقلەرنىڭ يۈكىنى توشۇيتتۇق. سۇلايمان دېگەن بىر ئاغىنىمىز بولىدىغان، بىر قېتىم شۇ قارىياغاچلىقتا ھارۋىسىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىپ كېچىدە يوقاپ كەتكەن.

— نەگە يوقاپ كېتىدۇ؟

— كىم بىلىدۇ، شۇ ئىش بولۇپ ھازىرغىچە مانا شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، سۇلايماننى كۆردۈم دېگەن ئادەم يوق.

— ئات ھارۋىسى بىلەنلا يوقىما؟

— ئەتىسى باشقىلار ئىزدەپ بارسا ھارۋىنىڭ سۇنغان ئوقى سۇنغان پېتى، ئات يەنە شوتىدا، ھارۋىغا تۆت ـ بەش تاغار بۇغداي بېسىپتىكەن. بۇغدىيى بۇغداي پېتى تۇرۇپتۇدەك، سۇلايمان «يوق» ناھايىتىمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدى. كېيىن «ۋاي سۇلايماننى جىن ئەپقېچىپتۇ!» دېگەن گەپ پەيدا بولدى. سۇلايمان شۇنىڭ بىلەنلا غايىب بولدى. ھېلىقى قارىياغاچلىقتىن كۈندۈزى ماڭسىمۇ ئايەتەلكۇرسىنى① توختىماي ئوقۇپ، ئەتراپقا ھۈرۈپ، ئاران ئۆتىدىغان بولۇپ قالغاندۇق... كېيىن ئارىمىزدا يەنە بىر سۇلايمان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭمۇ ئىپتى سۇلايمان، لېكىن ئۆزى كۆرۈمسىز، تاز چىراي بىرنېمە ئىدى. شەھەرگە كىرسە ئىپىرنىمەي ئاشۇ تويپا دەڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ دوڭشوپاڭنىڭ ھارىقىدىن تۆت

① ئايەتەلكۇرسى — قۇرئاندىكى 255 ـ ئايەت، ئاياتۇلكۇرسىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى، بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ماڭغان ئادەمگە جىن ـ شەيتانلار يېقىن يولۇمايدۇ، دېگەن ئەقىدە بار.

سەر، يېرىم جىلىڭ قېقىمۇالماي چىقىپ كەتمەيتتى. بىر كۈنى شەھەردىن ياماتۇغا يۈك بېسىپ باشقىلارنىڭ: «ھەي سۇلايمان، كەچ بولۇپ قالدى، ئەمدى ئەتە سەھەردىلا ماڭ» دېگىنىگە ئۇنىماي، مەستچىلىكتە يولغا چىقىپ كېتىپتۇ. نەق ئاشۇ توغراقنىڭ يۇقىرىسىدىكى قارىياغاچلىقا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. سۇلايمان ئۆزى گەپ قىلىپ بېرىدۇ: «‹خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت› دەپ مېڭىۋاتىمەن، مېڭىۋاتىمەن، بىر چاغدا قۇلىقىمغا دۇتار ـ تەمبۇرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ كەتتى. ‹بۇ نېمە گەپتۇ؟› دەپ ئالدىمغا يەنە ئازراق ماڭسام بىر يوغان قارىياغاچنىڭ ئاستىدا بولۇپ كېتىپتۇ نەغمە، نەچچە يەرگە ئوت يېقىپ، گۈلخان قىلىپ ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. ئوتنىڭ يورۇقىدا يالىڭاچ دېگۈدەكلا چىرايلىق خوتۇنلار بەللىرىنى تولغاپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ‹يا رەببىم! بۇ نېمە گەپتۇ؟› دەپ پېشانەمگە ئۇردۇم. مەستچىلىكتە هارۋىدىن چۈشۈپ ئۇدۇل شۇ يەرگىلا قاراپ مېڭىپتىمەن. بارسام ‹داپنى كىم چالىدۇ؟ سۇلايمان كەلگەن بولسا سۇلايمان چالاتتى› دېگەن گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپلا: ‹ھە، مانا، سۇلايمان كەلدى› دەپ ماڭا يېپىشتى، قولۇمغا بىر داپنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۆمرۈمدە داپ دېگەننى تۇتۇپ بېقىشىممۇ شۇ. ھېلىقى داپنى قولۇمغا ئېلىپ يالىڭاچ خوتۇنلار بىلەن تەڭ پىرقىراپ بىر چېلىپ كېتىپتىمەن، گەپ قىلماڭلار»... شۇنداق قىلىپ سۇلايمان داپنى زادى قانچىلىك چالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. بىر چاغدا قارىسا تاڭ يورۇپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قامچىسى قولىدا، بىر قارىياغاچقا يۆلىنىپ ياتقۇدەك. «مەن نېمە بولدۇم؟» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىسىنى توختىتىپ قويغان يەرگە بارسا ھارۋا جايىدا، شوتىنىڭ ئۇچىدىكى بىچارە ئات چىلىق ـ چىلىق تەرنىڭ ئىچىدە دىر ـ دىر تىترەپ تۇرغۇدەك... مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى سۇلايمان ھارۋىمۇ ھەيدىمىدى. قولىغا بىر ئەسكى داپنى تۇتۇۋېلىپ نەدە پېرە بولسا شۇ يەردىلا يۈرىدىغان بولدى. كاساپەتنىڭ ئاۋازىمۇ ئالامەت ياخشى ئىدى. «پالانى يەردە پېرە باركەن، داپنى سۇلايمان چالىدىكەن» دېگەننى ئاڭلاپ قالساق ئارىلىقنى يىراق دېمەي سەھرامۇ سەھرا پالاقلاپ چىقاتتۇق. سۇلايمان تازا قىزىپ كەتكەن چاغلىرىدا پېرە ناخشىلىرى تۈگەپ قالسا «خانلەيلۇن»، «ۋادەرىخا»، «دەردىڭ يامان»لارنىمۇ[1] قوشۇپ ئېيتىپ چۈشۈپ كېتەتتى. كېيىن خەقنىڭ ئارىسىدا: «مۇشۇ داپچى سۇلايمان ھېلىقى قارىياغاچلىقتا ھارۋىسىنى توختىتىپ قويۇپ يوقاپ كەتكەن سۇلايماننىڭ ئۆزى شۇكەن» دېگەن گەپ پەيدا بولدى. مەنمۇ بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىدىم. ئۇ ئىككى سۇلايمان ئىككىسى ئىككى دۇنيا...

بوۋاي شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپلا گۈلخان يېنىدا ئۇيقۇغا كەتتى. ئازدىن كېيىن ئۇ شۇنداق قاتتىق خورەك تارتتىكى، دەريادىكى بېلىقلارمۇ ھەيران بولۇپ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ «بۇ كىمنىڭ خورىكى» دەپ قاراپ باقتىمۇ، دەيمەن...

---

① «خانلەيلۇن»، «ۋادەرىخا»، «دەردىڭ يامان» ــ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تۈرلىرى.

سەمەت: «بوۋاينى مۇزلاپ قالمىسۇن» دەپ گۈلخانغا يەنە ئازراق ئوتۇن تاشلىدى ـ دە، سوزۇلۇپ يېتىپ خىيالغا كەتتى. «مەن قۇۋاننى سال ھەيدەشكە زورلىمىسام بوپتىكەن، ــ دەپ ئويلايتتى سەمەت، ــ قۇۋاننىڭ سال ھەيدەشكە زادىلا ئىختىيارى يوق ئىدى. ‹مەن مۇشۇ ئىشنى قىلمىسام بوپتىكەن› دەپلا يۈرەتتى. ئىلىغا چىقىپ ئارىدىن قانچە يىللار ئۆتۈپ، شەھەردىكى مازارلىقتا قۇۋان بىلەن قايتا ئۇچراشقان چاغدىمۇ ئۇنىڭ سالچىلارغا قوشۇلغۇسى يوق ئىدى. مەن ئۇنى زورلاپ دېگۈدەك ئەگەشتۈرۈپ قاراكۆلگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن... ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ جەسىتىنى بولسىمۇ ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك» دەپ ئويلايتتى سەمەت. بىرقانچە يىللارنىڭ ئالدىدا ئۇ قۇۋان بىلەن تېكەس دەرياسى بويىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقىنىنى ئەسلەيتتى. شۇ چاغدا قۇۋان ئۆزىنىڭ ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ ئۆلۈمىگە پەتە قىلىپ چىققانلىقىنى ئېيتقانىدى. «سەمەتئاخۇن، ــ دېگەنىدى شۇ چاغدا قۇۋان سەمەتكە، ــ ئۇ يەردە گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئاجايىپ بەلەن بىر دۆڭ باركەن، ئەتراپى ياپىېشىل يايلاق، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا قارىغايلىق تاغلار... ھاۋاسىنىڭ بەلەنلىكىنى ئېيتمايمۇ، گۇر ـ گۇر سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ... ئاغىنىمىزنى شۇ دۆڭگە دەپنە قىپتۇ. ئۆلۈك تۇرماق، تىرىك ئادەمنىڭمۇ سوزۇلۇپ يېتىۋالغۇسى كېلىدىغان يەركەن...» سەمەت قۇۋاننىڭ جەسىتىنى تاپالىغان بولسا ئۇنى ئەنە شۇ يەرگە يەتكۈزۈپ ھۆسەننىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلماقچى ئىدى.

※ ※ ※

قانچە كۈنلەر، ئايلار، ھەتتا يىللار ئۆتۈپ كەتتى. گويا قۇۋان ھېلىقى تۇمانلىق بىر كۈندە قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان داۋاننىڭ ئۈستىدە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن ئۇستازى ئۆمەر مەدداھنى ئىزدەپ كەتكەندەكلا غايىب بولغانىدى. قۇۋاننىڭ ئۆمەر مەدداھقا ئاجايىپ ئەقىدىسى بار ئىدى. ئۇ ئۆمەر مەدداھقا ئەگىشىپ يۈرۈپ قاتتىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇستاز سۆزلىگەن جەڭنامىلەر، ئاجايىپ قىزىق ھېكايىلەردىن ئۇ باشقىچە بىر دۇنيانى كۆرەتتى. ئۇستازىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتالايدىغان ئىككىنچى بىر شۇنداق ئادەمنى ئىزدەپ تاپالمىدى...

قۇۋاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەمەتنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى قىرووۇ چۈشكەندەك تامامەن ئاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىردىنلا قېرىلىق يەتكەندەك بولۇپ قالدى. پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئۆگە ـ ئۆگىلىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. پۇت ـ قوللىرى مۇزدەك بولۇپ زادىلا ئىسسىمايتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇزدەك سۇلارنى كېچىپ يۈرگەن، قانچە قېتىم ياغاچ ئارىلىقلىرىغا قىسىلىپ قېلىپ ئىششىغان پۇت ۋە سالنىڭ مۇزدەك پالىقىنى مەھكەم تۇتۇپ پەللىگە يېتىپ بارغۇچە ياغاچتەك قېتىپ قالىدىغان بۇ قوللارنىڭ دەردى ئەمدى بىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى...

كېيىنكى يىللاردا قاپچىغايدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر

بولۇپ كەتتى. باللار ئۇچۇن مەكتەپ سېلىندى. ئىشچىلارغا دەپ قاپچىغاي مەھەللىسىنىڭ موخۇر سۈيى تەرەپكە رەت - رەت كورپۇس ئۆيلەر چۇشۇشكە باشلىدى. ئۆيلەر پىششىق خىش ۋە ياغاچلار بىلەن سۇپەتلىك ياسالدى. ئۆيلەرنىڭ ئۈستى كاھىشلار بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئۆي ئىچىگە سۇ تۇرۇبىلىرى ئورنىتىلغانىدى. بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى گەپ بولۇپ، بۇ يىللاردا توقتۇزتارانىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى دېھقانلار تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ پاكار توپا تاملىق كونا ئۆيلىرىدە ئولتۇراتتى، بەلگە يەتمەيدىغان ئېگىزلىكتىكى تاملار بىلەن قورشالغان هويلىلارنىڭ دەرۋازىلىرىمۇ يوق، دەرۋازا ئورنىدا بىرنەچچە تال چەنزە ياغاچ بىلەن توسۇپ قويۇلغان ئاددىي غورۇلار بولاتتى. يىللار مابەينىدە يامغۇر يالاپ پاكارلىتىۋەتكەن تاملار، ئۈستىدە قېلىن ئوت - چۆپلەر ئۈنۈپ كېتىدىغان غەلىتە ئۆگزىلەر، ئەگرى - بۈگرى ياغاچلاردا ئۆيلەرگە يانداپ سېلىنىۋالغان قوتانلار، مال ئېغىلىنىڭ ئۈستىدىكى قارىداپ كەتكەن مەشگەن ۋە پاخاللار، ئۈستىدىكى يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېگىلىپ كەتكەن لىم ياغاچلار، قەغەز چاپلاۋېرىپ قېلىنلاپ يورۇق چۈشمەس بولۇپ كەتكەن پەنجىرىلەر، سۇنۇق دېرىزىلەر، هەربىر ئېچىلغاندا داد - پەرياد سېلىپ ئېچىنىشلىق نالە قىلىدىغان ئىشىكلەر دېھقان ئۆيلىرىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇ ئىشىكلەرنىڭ ئاراچلىرىغا دېھقانلار كونا مازلارنى نىقتاپ تىقىپ، ئۈستىگە ئەسكى كىگىزلەرنى مىخلاپ ئاران قىشتىن چىقاتتى. شۇڭا، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ قاپچىغايدا سالچىلارغا سېلىپ بەرگەن ئۆيلىرى بىر مەزگىل پۈتۈن ئەتراپنى هەيران قالدۇردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ ئۆيلەر توغرىسىدا ئەگەر بىرەرسى سالچىلارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ قالغۇدەك بولسا ئۇلار پەخىرلىنىپ:
— مەن سىلەرگە ئېيتسام، بۇ ئۆيلەرنىڭ خەرىتىسىنى ئوبلاستتىن دەمدۇ، ئۇرۇمچىدىن دەمدۇ، ئىشقىلىپ شۇنداق بىر چوڭ يەردىن ئالاھىدە سىزىپ ئەۋەتىپتىكەن... — دەيتتى.
سالچىلارنىڭ يېڭى ئۆيلىرىنىڭ داغدۇغىسى يىراق - يىراقلارغىچە كەتتى. قاپچىغايدىن ئۆتۈپ قالغان ھەربىر يولۇچى، مالچى، ھەربىر دېھقان قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتاتتى.
— سالچىلارنىڭ نالىسى خۇدايىمغا يېتىپتىكەن، — دېدى بىر مويسىپىت دېھقان، — بۇ بىچارىلەرگە ئۆينىڭ ئەلىمى ئاز ئۆتكەنمۇ...
قاپچىغايدىكى يېڭى ئۆيلەر توغرىسىدا ئاڭلىغان ياكى ئۇ ئۆيلەرنى كۆرگەن ئاياللار بولسا ھەۋىسى كېلىپ، بۇ يېڭى خەۋەرنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ كېتىشەتتى.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەيتتى بىر ئايال قوشنىسىغا، — ھېلىقى قاپچىغاي دېگەن شاماللىقتا ھۆكۈمەت ئالامەت ئۆيلەرنى سېلىپتۇدەك.
— كىمگە؟
— كىمگە بولاتتى، ئۇ يەردە سالچىلاردىن باشقا كىم بار؟
— ۋايتوۋا، بىچارىلەر توپىنى كولاپ كىرىپ گەمىدە ئولتۇرىدىغان كۇندىن قۇتۇلۇپتۇ-دە!
— قۇتۇلۇپتۇ، يېڭى ئۆينىڭ تاملىرى پىشىشىق خىش، ئۇستىنى نېمە دېدى، ھېلىقى يامغۇر چۈشسە توختىمايلا

سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدىغان بىر نىمە دېگەنتى، تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ... ھە، شۇنداق نىمىلەر بىلەن يېپىپتۇدەك.

— قاپچىغاينىڭ خوتۇنلىرى سۇنىمۇ دەريادىن توشۇپ يۈرمىگۈدەكقۇ؟

— شۇنداقكەن، ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپلا بىر جۈمەكنى تولغاپلا قويسا سۇ دېگىنىڭ شارقىراپ چۈشۈۋېرىدىكەن.

— پاھ، راھەت ئۇ خېنىملارنىڭكەنغۇ.

— بۇرۇن قاپچىغاي دېسە ھېچكىم ئۇ يەرگە قىز بەرمەيدىغان، ئاڭلىدىڭمۇ، پالانچى قىزىنى قاپچىغايغا چىقارماقچى بولۇۋېتىپتۇدەك...

قاپچىغاينىڭ ئاياللىرى يەنە ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ئاياللىرىغا قارىغاندا كۆپ جاھان كۆرگەن ئاياللاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىقى قاراڭغۇ گەملەردە ئولتۇرغاندىمۇ گەمىنىڭ تام - تورۇسلىرىنى ھەر كۈنى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ، ئاستىنى ئاپپاق توپىلاردا سۇۋاپ تۇراتتى. يېڭى ئۆيلەرگە چىققاندىن كېيىن ئۇلار ئۆي ئىچىنى ئاپپاق ئاقارتىپ تاملارغا رامكىلارغا ئېلىنغان رەسىملەرنى ئېسىۋەتتى. يوتقان - كۆرپىلەرنى ساندۇق ئۈستىگە چىرايلىق يىغىپ، ئۈستىگە گۈل تۇتۇلغان ياپقۇچلارنى يېپىۋېتەتتى. دېرىزىلەرگە ئاستىغا رېشلىيە ئىشلىگەن سۇس رەڭگەر پەردىلەرنى تارتىپ، ئۆينىڭ ئاستىدىكى پىششىق خىشلارنى ھەر كۈنى ئېرىنمەي يۇيۇپ چىقاتتى. ئۆينىڭ ئالدى - كەينىگە ھەركىم ئۆز دىتىغا يارىشا ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى. بەزىلەر مېۋىلىك كۆچەتلەرنى قويۇپ ئەپچىلگىنە باغمۇ قىلىۋېلىشتى. سالچىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاياللىرى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئوسمىلىرىنى قويۇپ، مەھەللە چېتىگە چىقىپ شەھەرگە كىرىپ كەتكەن ئەرلىرىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ھەربىر ئايال ئۆز ئېرىنىڭ سال ھەيدەپ قايسى كۈنى يولغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، قايسى كۈنى قايتىپ كېلىدىغىنىنى ئېنىق بىلەتتى. سالچىلار ھەر قېتىم شەھەردىن قايتقاندا خوتۇن ـ بالىلىرىغا بازارلىقلىرىنى ئېلىپ چىقاتتى.

مەكتەپ يېڭى مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدا ئىدى. مەكتەپ يېنىغا نەچچە يۈز مو كەلگۈدەك كاتتا باغمۇ قىلىنىغانىدى. پىنسىيە يېشىغا يەتكەن پېشقەدەم ئىشچىلار دەم ئېلىشقا چىقىپ، سال ئۈستىدە ياش سالچىلار پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. قاپچىغاي ئەتىدىن ـ كەچ كىرگۈچە مەكتەپكە ماڭغان بالىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى، ياغاچ چۇشۇرۇۋاتقان، ياغاچ ئاقلاۋاتقان، سال باغلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى. سەمەتمۇ پىنسىيەگە چىققانىدى. ئۇنىڭغا جاھان تېز ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك، دەريانىڭ سۈيى ئازلاپ، دولقۇنلار پەسلەپ، قارلىق چوققىلارمۇ ئېلگىرىكىدىن تۆۋەنلەپ، ھەممە نېمە ئۆزىگە ئوخشاش قېرىپ كېتىۋاتقاندەكلا بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ كۆزىگە قاپچىغايدىكى ئۇششاق بالىلار ناھايىتىمۇ تېز چوڭ بولۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بەزىدە ئۇ كىم كىمنىڭ بالىسى، قايسىسىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالاتتى.

سەمەتنىڭ شەھەردىكى تار كوچىلارنىڭ بىرىدە ئۆيى بار ئىدى. قاپچىغايغا چىقسا ئۇ بويتاقلار ئۇچۇن سالغان چوڭ ئۆيدە قونۇپ قالاتتى.

— ماۋۇ قاپچىغاينىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى شاماللىرى نەگە يوقاپ كەتتى؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى سەمەت قاپچىغايغا چىقىپ بىرنەچچەيلەن بىللە ئولتۇرغاندا.

— سەمەتئاخۇن، قايسى شامالنى دەۋاتىسىلەر؟ — دېدى بىرەيلەن، — ئالدىنقى ھەپتە باشلانغان شامال تېخى تۈنۈگۈنلا توختىدىغۇ.

— ئۇنىمۇ شامال دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى سەمەت، — موگغۇلكۈرەنىڭ سالچىلىرى قاپچىغايغا دەسلەپتە كېلىپ چېدىر تىككەندە شامال ئەمەس، بوران چېدىر دېگەننى قوزۇق - پوزىقى بىلەن يۇلۇپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىپ توختاتماي، ئاخىرى ھەممىمىز گەمە كولاپ كىرىۋالغان.

— ئالدىنقى ھەپتە جاپپار چوقۇر بىلەن ھۈسيىن چوڭ چىقارغان لەگلەكنى كۆرمىدىڭلار، يا رەببىم، لەگلەك دېگەننىمۇ تازا چوڭ سېرىق تاختا قەغەزدە ئەتراپىغا لاتا تۇتۇپ تالدا ياساپتىكەن، قۇيرۇقىنى ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭدۇق، كاناپ يىپ چىدىماي، ئاخىرى لىلىۋاي يىپنى نەچچە قەۋەت قىلىپ ئېشىپ شۇنىڭدا ئۇچۇردى، دارقىراتمىسىنى نېمىدە ياسىۋېدىكىن، لەگلەك دېگەن جانىۋار كېچىچە سايراپ چىقتى، — دېدى بىر سالچى، — شۇمۇ قاپچىغايدىكى شامالنىڭ كۈچىدۇ؟

— ئۇنداق بولسا ھېلىقى ساراڭ شوينىڭ[①] لەگلەك ئۇچۇرغىنىدەكلا بىر ئىش بوپتۇ - دە، — دېدى سەمەت.

— ساراڭ شويى دېگەن كىمكەن ئۇ؟

— بۇ گەپلەرنى مەن رەھمەتلىك جۇماقكامدىن ئاڭلىغان، — دېدى سەمەت، — بىر زامانلاردا ئىلىنىڭ

① شويى — خەنزۇچە «شاۋيې»، «كىچىك غوجام» دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دوتىيىنىڭ بىر ئەركە ئوغلى بار ئىكەن، كىچىكىدىن سىپىنىڭ راست دەپ ئۆگەتكەچكە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدىكەن. شۇڭا خەق ئۇنى «ساراڭ شويى» دەيدىكەن، لەگلەك ۋاقتى كەلگەندە ئون تاختا قەغەزدە لەگلەك ياساپ نەچچە مىتىر پەرەڭنى يىرتىپ قۇيرۇق قىلاتتىكەن. لەگلەكنىڭ قۇيرۇقىنى بىرقانچە چىرىك ئاران كۆتۈرۈپ ماڭاتتىكەن. تازا قاتتىق شامال چىققاندا لەگلەكنى قارا دۆڭنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى ئىككى ئات قوشقان كالاسكىدا ئولتۇرۇپ ئۇچۇراتتىكەن...

— ھوي، ماۋۇ باغ نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى سەمەت ئەتراپىدىكىلەرگە مەكتەپنىڭ يېنىدىكى چوڭ باغنى كۆرسىتىپ ھەيران بولۇپ.

— سەمەتئاخۇن، قاپچىغايغا ئاسماندىن ھېلى چۈشكەندەكلا گەپ قىلىسىلەرغۇ؟ — دېدى بىر سالچى، — مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئاخشىمى - ئەتىسى ئۆگىنىش، بىكار بولۇپ قالساق مەكتەپنىڭ يېنىدىكى شۇ تاشلىقتا چىقىپ تاش تېرىپ، يەر تۈزلەپ، مۇشۇ باغنى قىلمىدۇقمۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭلىما؟

— نېمىشقا ئۇنتۇپ قالمىغىكەن، — دېدى سەمەت، — ھەربىر كۆچەتنىڭ تۈۋىگە چۆگۈندە سۇ قۇيۇپ، مەكتەپ باللىرىنىڭ قىلغان ئەجرىمۇ ئاز ئەمەس جۇمۇ؟... ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، كىچىككىنە كۆچەتلەر بىردەمدىلا يوغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ كېتىپتا...

سەمەت شۇ كۈنلەردە كۆپرەك دوختۇرخانىغا قاترايدىغان بولۇپ قالغانىدى. جاڭ دوختۇر ئۇنىڭغا دورا

بېرىپ ئوكۇل ئۇرۇپ قويياتتى. بۇ سالچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ياخشى بىر دوختۇر ئىدى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى جاڭ يىكۇن ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سىنىپىي تەركىبىي يۇقىرى بولغاچقا ئۆز يۇرتىدا تۇرالماي بۇ تەرەپلەرگە قاڭقىپ چىقىپ قالغانىكەن. دوختۇرلۇق كەسپىگە پۇختا ئىدى. مىللىيلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ چوشقا گۆشى يېمەيتتى. چاغاندا ساڭزىلارنى سالغۇزۇپ مىللىيلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئۇستەل راسلايتتى. ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئانچە - مۇنچە يامىدايتتى. ئۇ بەزى ئاغرىقلارنى يىڭنە بىلەنمۇ داۋالايتتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى كۇنەسكە تەۋە «قىزىلتال» قاتارلىق مەھەللىلەرنىڭ چارۋىچىلىرىمۇ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ داۋالىناتتى. سەمەت جاڭ دوختۇرنىڭ قاپچىغايغا قاچانلاردىن بېرى پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى تازا ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا قاپچىغايدا بىلىقىز دەپ ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر ئايال دوختۇر بار ئىدى. قاپچىغاينىڭ ئەڭ قىيىن يىللاردىكى جاپاسىنى تارتقان دوختۇرمۇ شۇ ئىدى. گەمىلەرگە شۇڭغۇپ كىرىپ ئېغىر كېسەللەرنى كۆرەتتى، بوران ئۇچۇپ تۇرغان قاراڭغۇ كېچىلەردە بېرىپ تۇغۇت قوبۇل قىلاتتى. قاپچىغايدىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ كىندىك ئانىسى ئاشۇ بىلىقىز ئىدى.

جاڭ دوختۇر سەمەتنىڭ سىرقىراپ ئاغرىپ ئارام بەرمەيۋاتقان پۇتلىرىنى يىڭنە سانجىپ داۋالىدى. باشتا سەمەت بۇ داۋالاش ئۇسۇلىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىدى. «بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — دوختۇر دېگەننىڭ دورا بېرىپ، ئوكۇل ئۇرۇپ داۋالىغىنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



كۆرگەن، قۇرۇق يىغىنە سانجىپ ساقايتىمەن دېگىنى نېمە گەپ بولۇپ كەتتى ــ ھە!» لېكىن، شۇ داۋالاش ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئارام بەردى. بەزىدە سەمەت يىڭنە سانجىتقىلى كىرگەن جاڭ دوختۇر بىلەن مۇڭدىشىپ قالاتتى. جاڭ دوختۇر ئۇيغۇرچىنى يامىداپ ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەيتتى.

ــ سەمەت ئاخۇنۇڭ، ــ دەيتتى دوختۇر، ــ سىز خوتۇن يوق بولسا بولمايدۇ.

ــ مۇشۇنداق بويتاقچىلىقتا ئۆگىنىپ قاپتىمەن، جاڭ دوختۇر، ــ دەيتتى سەمەت.

ــ بولمايدۇ، پەخەت بولمايدۇ، سىز ياش چوڭ بولدى، خوتۇنۇڭ يوق بولسا بولمايدۇ...

ــ راست دەيسىز، ــ دەيتتى سەمەت، ــ خوتۇن ئالمىساممۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ... بىراق، شۇ خوتۇن دېگەننى ياش ۋاقتىمدا ئالماپتىمەن، ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە...

ــ ياش چوڭ بولسا، ياش چوڭ خوتۇنۇڭ ئېلىڭ...

سەمەت ئۆيدە يالغۇز يېتىپ ئايىغى چىقماس ئۇزۇن خىياللارنى قىلاتتى. ھازىر كۆپرەك قوۋان بىلەن بىللە سال ھەيدەپ، توقايلىقلاردا بىللە قونۇپ مۇڭداشقانلىرىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنداق چاغلاردا ئۇلار بىر پاراڭغا چۈشۈپ كەتسە قەشقەر بازارلىرىدىكى ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغان رەستىلەر، تۇماقنى قىڭغىر كىيىپ سۆلەت بىلەن ماڭىدىغان سەتەڭلەر، ئاقسۇدىكى قىزىقچىلىقلار، ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن تۈگىمەس ئۇزۇن توپىلىق يوللار، ئارپىلىقتىكى سانسىز قاغىلار، مۇز داۋاندىكى خەتەرلىك پەلەكلەر، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولغان ئۆمەر

ئۇستاز... شۇنداق نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. ئاستا ـ ئاستا ئۇلار ياققان گۇلخاننىڭ ئوتلىرى ئۆچۈپ، ئىككى دوست قېلىن چاپانغا يۆگىلىپ ئۇيقۇغا كېتىشەتتى. بەزىدە سەمەتنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، يېنىدا ياتقان قۇۋاننىڭ پۇشۇلداشلىرىغا قۇلاق سالغىنىچە خىيالغا كېتەتتى. ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆككەن مۇنداق چاغلاردا توقاينىڭ مەنزىرىسى شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كېتىدۇكى، تەسۋىرلەشكە ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاجىزلىق قىلىدۇ. بېشىڭىزنىڭ ئۈستىدە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار، ئالدىڭىزدا ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىپ ئۆچۈۋاتقان گۇلخان، يېنىڭىزدىلا دەريانىڭ قىرغاقلارغا ئۇرۇلغاندىكى يېنىك شىۋىرلاشلىرى... گويا ئاشىق ـ مەشۇقلار ئاستا پىچىرلىشىۋاتقاندەك، پۈتۈن تەبىئەت چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى... ئازدىن كېيىن ئويۇقنىڭ قايسىبىر يېرىدىن ئاي كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن ۋادا، تاغ ـ دەريا، ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن يايلاق يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ سارغۇچ نۇرىغا كۆمىدۇ. ياش ۋاقتىڭىزدا شۇنداق ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ بىرىدە قايسىبىر كۆكسى تولغان گۈزەل قىزنىڭ دېرىزىسى يېنىدا تېرەككە يۆلىنىپ تۇرغانلىرىڭىز ئېسىڭىزگە كېلىپ، شوردىن ئاتلاپ چۈشكەن چاغدىكى يۈرەكلىرىڭىزنىڭ دۈپۈلدەشلىرى قايتا ئاڭلانغاندەك بولىدۇ ـ دە، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەيسىز... سەمەت ئۆيدە يالغۇز يېتىپ غېرىبسىنىدىغان، سال ھەيدەپ توقايلاردا قونۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى



## ئەللىك بىرىنچى باب

# ھەيكەل

كۈنلەر، يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. كىملەردۇر تۇغۇلاتتى، كىملەردۇر ئالەمدىن ئۆتەتتى. ئۆلمىگەن ئادەمگە ھەر كۈنى قاراڭغۇلۇق تاراپ، يەنە يېڭى بىر تاڭ باشلىناتتى... سەمەت ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ يۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇپۇققا قاراپ ئاللانىڭ ئۆزىگە يەنە يېڭى بىر كۈن ئاتا قىلغىنىغا شۈكۈر ئېيتاتتى. لېكىن، ئۇ بەزىدە بۇ يېڭى كۈننىڭ شەنبىمۇ، يەكشەنبىمۇ، قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمايتتى. ئۇ ھازىر كۆپ ۋاقتىنى قاپچىغايدا ئۆتكۈزەتتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىدىغان قەدىناسلار بار ئىدى. بىر كۈنى بىرقانچە مويسىپىت يىغىلىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ــ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەننىڭ گېپىنى قىلساڭلارلا ماخۇ كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، ــ دېدى بىرەيلەن، ــ ئۇ چاغلاردا قاپچىغاينىڭ بىرقانچە ئات ھارۋىلىرى بار ئىدى. ياغاچلار بىلەن ئۇزۇن قىلىپ ياپقان ماخۇنىڭ ئۆگزىسىگە بىدە ـ چۆپ دېگەننى ئەكىلىپ بىسۇۋېتەتتۇق. ھارۋا ھەيدەيدىغان روزى قويچى دەيدىغان

ئادەملىرىمىز بولىدىغان، ماخۇنىڭ يېنىدا ئىسكىلات، تۆمۈرچىخانا، پالاق ياسايدىغان لاپاسلار بار ئىدى. ئەرشىدىنئاخۇن دېگەن ئادەملەر شۇ لاپاسنىڭ ئاستىدا پالاق چاپاتتى. ۋاھ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قاپچىغايدا ئەڭ قىزىغان يەر شۇ ماخۇنىڭ ئالدىمىكىن دەيمەن، شۇ يەرگە ئىككى ـ ئۈچ ئۇستەلنى جۈپلەپ قويۇپ، يەڭلىرىگە قىزىل بەلگىلەرنى تاقىغان «ئىنقىلابچىلار» پەيدا بولاتتى. يىغىلغان جىمى ئادەم تۆۋەندە ئاپتاپتا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى... «پالانچىنى چىقسۇنمۇ؟» دەيتتى، تۇلۇڭ ۋىنخۇينى[1] تارتىپ چىقىراتتى. «پوكۇنچى چىق سەنمۇ!» دەپ ۋارقىرايتتى، مەمەت زەيدىنىنى[2] سۆرەپ چىقاتتى. يا ئاللا، بۇرۇنلاردا بىز سالچىلار ئىلى ئالەمدە مۇشۇ تۇلۇڭ ۋىنخۇي بىلەن مەمەت زەيدىندىن چوڭراق باشلىقمۇ يوقمۇ؟... دەپ ئويلايتتۇق. ئۇرۇپ ـ چەيلەپ ھېلىقىلارنىڭ ھېچ مەسلىھەتىنى قويمىدى. ئاخىرىغا بېرىپ ئوت ئادەتتىكى سالچىلارغىمۇ تۇتاشتى. سالچىدا قانچىلىك چوڭ گەپ بار دەيسىلەر، «نەشە چەكتىڭ، قىمار ئوينىدىڭ، ئاشنا تۇتتۇڭ، سېرىق ناخشا ئېيتتىڭ» دېگەندەك تولا يوق گەپلەر.

— ھېلىقى ئۇرايىم «جودا»نى لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان يوغان مەشنىڭ ئالدىدا بىر كۈن ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويغىنىچۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— قادىر «داڭ»نى دېمەمسىلەر، — دەپ ئەسكەرتتى بىرسى، — مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماشىنىنىڭ قازان تۆمۈرىنى ئېسىپ ياسىغان داڭ بارتى، قاپچىغاينىڭ ئۆز

① ② تۇلۇڭ ۋىنخۇي (شىبە)، مەمەت زەيدىن دېگەن كىشىلەر ئەينى يىللاردىكى قاپچىغاي سۇ ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زامانىسىدىكى سائىتى شۇ ئىدى. ئەتىگىنى بىر داڭ، چۈشتە بىر داڭ، كەچقۇرۇن بىر داڭ... قادىرئاخۇن زېرىكمەي داڭ چالاتتى. بىچارە ناھايىتى نومۇسچان ئادەمكەن، «ۋاي قادىر، سېنىمۇ كۈرەشكە تارتىدىكەن» دېسە، ئۆزىنى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىنلا دەرياغا تاشلىۋالغان.

— ئۇ چاغلاردىكى قىزىقچىلىقلارنى بىر دېمەڭلار، — دەپ كۈلدى بىرەيلەن، — ئەسلىي تېكەس كۆكتېرەكلىك ئىبراھىم دەيدىغان بىر سالچى بولىدىغان، مىللىتى قىرغىز، بويى ئېگىز، كۆزى كۆك، قاڭشارلىق، رەڭگى ئاق سېرىق كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇنى «سەن چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ تۇتۇپ قاماپ ئاۋارە قىپتۇ. «ۋاي، مېنىڭ چەت ئەل بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتىم يوق، چەت ئەلدە ئۇرۇق ـ تۇغقىنىممۇ يوق» دېسە، «ئەمىسە نېمىشقا بويۇڭ مۇنچە ئېگىز، كۆزۈڭ كۆك، رەڭگىڭ سېرىق» دەپ ئۇنىماپتىكەن...

— ئۇ چاغلاردا بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ «تو ۋا!» دەپ ياقىمىزنى تۇتۇپ، ئىچىمىزنىڭ سىقىلىدىغىنىنى دېمەمسىلەر، — دېدى ھېلىقى باشتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ گېپىنى تەشكەن سالچى، — خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتقانلارنى «سېرىق ناخشا ئېيتتىڭ» دەپ داتاڭ سوراقتا تارتاتتى. يەنە سالىلىرىمىزنى ھەيدەپ ئادەم كۆرمەيدىغان توقايلىقلارغا بارغاندا ئۆزىمىز بىلگەننى قىلاتتۇق. يۇسۇپ قاسىم، مۇساق دېگەن ئادەملىرىمىز دۇتارنى ئالاتتى. جۇماق «باخشى» دېگەن سالچىمىزنىڭ قولىدا داپ، تۇرسۇن، ھۇسىيىن چوڭ، روزى جامال دېگەن ئادەملىرىمىز ناخشىغا تېگەتتى. ساز بولمىسا

قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ ئېيتىۋېرەتتى، قالغانلىرىمىز ئەگىشىپ تازا بىر پۇخادىن چىقاتتۇق...

— شۇ يىللىرى، — دەپ گەپ باشلىدى يەنە بىرەيلەن، — ئايدىڭ كېچىسىنىڭ يېنىدا...

— ھەي، توختىغىنە، — دەپ گەپنى بۆلۈۋەتتى بىر سالچى، — ئايدىڭ كېچىسى دېسەڭلار ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئاشۇ ئايدىڭ كېچىسىنىڭ يېنىغا سېلىۋاتقان كۆۋرۈك پۇتۇپتۇدەكقۇ؟

— پۇتۇپتىما... كىم دەيدۇ؟

— مانا، ماۋۇ يېڭى سالچى بالىلىرىمىز: «كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ مېڭىۋاتىمىز. دىققەت قىلمىسا ئۇ يەرمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى. سالنى كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكىدىن قاچۇرۇپ ئاران ئۆتىمىز» دېيىشىۋاتامدۇ.

— توۋا، شەھەرگە كىرمىگىنىمىزگىمۇ ئۇزاق بوپتۇ ـ ھە! بىر بېرىپ كۆرۈپ باقىدىغان گەپكەن... سەمەتئاخۇن، سىلى پات ـ پات شەھەرگە كىرىپ تۇرىسىلەر، سىلەرمۇ كۆرمىدىڭلارما؟

— كۆرمەپتىمەن، — دېدى سەمەت.

— مەن كۆردۇم، — دېدى چەتتە يەرگە تاشلىغان موخوركىسىدىن چىقىۋاتقان ئىسقا قاراپ ئولتۇرغان بىر سالچى، — كۆۋرۈكنىڭ بىر بېشىغا تېخى بىر سالچىنىڭ ھەيكىلىنىمۇ ياساپ قويۇپتۇ.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ، راستىما؟ — دېيىشىپ كەتتى بىرنەچچەيلەن تەڭلا، — كىمنىڭ ھەيكىلىكەن ئۇ؟

— سالچىنىڭ دەۋاتىمەنغۇ.

— سالچىنىڭ دېگىنىڭنى ئۇقتۇق، «كىمگە ئوخشىتىپ ياساپتۇ؟» دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— كىمگە ئوخشىتىپ ياساتتى، سالچىغا ئوخشىتىپ ياسىمامدۇ. قولىدا پالاقنىڭ سىپپى بار... بۇرۇتىغا قارىغاندا ماۋۇ سەمەتئاخۇنغا سەل ئوخشاپ قالىدۇ.

— نېمە دەيدىغانسىلەر؟ — دەپ كۈلدى سەمەت، — ھەيكەلنى ياسايدىغان ئۇستام مېنى كۆرۈپ باقمىسا ماڭا قانداق ئوخشايتتى...

سەمەت ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئەتىسى شۇ ھەيكەلنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ يولغا چىقتى، ماڭغىلى ئۇنىماي ئۈرايىم «داگازا»نىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈپ:

— ئۇكا، شەھەرگە كىرسەڭ مېنىمۇ ئېلىۋالامسەن؟ — دېدى.

— ئېلىۋالاي... تەييارمۇ سەن؟ ھازىرلا ماڭىمىز، — دېدى ئۈرايىم.

— ئىتتىك ماڭىمەن دەپ قولاقنى ئۈششۈتۈپ قويمايدىغانسەن؟ — دېدى سەمەت.

بىر يىللىق كەچ كۈزدە بۇ ئۈرايىم قاپچىغايدىكى سالچىلارنى ئەتىگەنكى ھېيت نامىزىغا ئۈلگۈرتۈپ شەھەرگە ئەكىرىمەن، دەپ ماشىنىنى بولۇشىغا ھەيدەپ يولدا نەچچە سالچىنىڭ باش كىيىمى ئۇچۇپ كېتىپ، قۇلىقى ئۈششۈپ قالغىلى تاسلا قالغانىدى.

— ۋاھ، سەمەتكا، — دېدى ئۈرايىم «داگازا»، — سېنى يېقىندىن بېرى سەل ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدى دەۋاتاتتى. ئۇ ئىشلارنى ئەجەب ئۇنتۇماپسەن ـ ھە؟ كابىنكىغا چىقە!

ئۈرايىم سەمەتنى ئىلى دەريا كۆۋرۈكىنىڭ بېشىدىكى ھەيكەلنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ قويدى. يېڭى كۆۋرۈك ئىلى دەرياسىنىڭ ئۈستىدە ھەيۋەت بىلەن

تۇپتۇز سوزۇلۇپ ياتاتتى. يولنىڭ ئوڭ تەرىپى — كۆۋرۈككە يېقىن يەرگە سالىنىڭ گۇرجىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، دەرياغا كۆز تىكىپ تۇرغان بىر سالچىنىڭ ھەيكىلى ئېگىز قىلىپ قاتۇرۇلغانىدى.

«يا ھەزرەت!— دەپ پىشانىسىگە ئۇردى سەمەت،— راستىكەن... راستىكەن ئەمەسمۇ... مەن تېخى چاقچاق گەپ، ئادەم تېپىلماي كۆۋرۈك بېشىغا بىزنىڭ ھەيكىلىمىزنى ياسامتى، يا ئۇ كۆۋرۈكنى بىز ياسىمساق، دەپتىمەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە بىزمۇ خېلى كاتتا ئادەملەر ئوخشايمىز!...»

ھەيكەلنى كۆرۈپ سەمەتنىڭ روھى كۆتۈرۈلدى. ئۇ ھەيكەلنى ئايلىنىپ ئۇزاق قارىدى ـ دە، ئاندىن ئالدىغا مېڭىپ كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقتى. دەريا سۈيى كۆۋرۈك تۈۋرۈكلىرىگە ئۇرۇلۇپ تولغىنىپ قايناملارنى ھاسىل قىلاتتى. كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرى سول تەرىپىدە ئاق يار تىككىدە بولۇپ دەرياغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. سەمەت قانچە قېتىم بۇ يەرلەردىن سال ھەيدەپ ئۆتكەنىدى. دەريانىڭ قارشى قىرغاق تەرەپلىرى چاپچال ناھىيەسىگە قاراشلىق يەرلەر ئىدى. تېخى يېقىنقى يىللارغىچە بۇ قىرغاق ياپيېشىل توقايلىقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى قالايمىقانچىلىقتا بۇ توقايلىقلارنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى كىملەردۇر كېسىپ قالاپ ئوتۇن قىلىپ تۈگەتكەنىدى... سەمەت كۆۋرۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كۆز يۈگۈرتتى. بىر زامانلاردا دەريانىڭ بىر بۆلىكى ئۇ يەردىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئاقاتتى. ئۇ يەردە شەھەرنىڭ مال سويىدىغان قۇشخانىلىرى بولىدىغان،

سۇغا ئېقىپ چىققان ئۆپكە ـ قېرىنلارنى يەپ يوغىناپ كەتكەن سارلار دەريا بويىدىكى يارلاردا قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتى… كېيىنكى بىر يىللاردا بۇ يەرگە پاراخوت ئىستانسىسى قۇرماقچىمۇ بولغان… سالچىلار بۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ تۆۋەنلەپ بېرىپ، ساللىرىنى زايىمكادا توختىتاتتى…

سەمەت ھەيكەلنى كۆرۈپ روھلىنىپ قالغاچقىمۇ، بۈگۈن پۇتىمۇ ئاغرىغاندەك بولمىدى. سالچىنىڭ ھەيكىلىگە يەنە بىر رەت زوقلىنىپ قارىۋېتىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ پىيادىلا ماڭدى. يېڭى ئاسفالت يوللار ئېلىنىپ شەھەر دەريا بىلەن تۇتىشىپ كەتكىلى تۇرغانىدى. سەمەتنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى بۇ تۈپتۈز يول ئايدۆڭ، ناغرىچىلارنىڭ ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتكەن كونا كوچىلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ توپتوغرا ئىلگىرىكى دۆڭمەھەللىگە كېتىدىغان كوچىغىلا باراتتى. ئىلگىرىكى خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرى كۆچۈرۈپ كېتىلگەن بولۇپ، يېڭى يول مازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىنلا ئېلىنغانىدى. يولنىڭ ئەتراپىغا يېڭى قۇرۇلۇشلار چۈشكىلى تۇرغانىدى.
«ھېلىقى تارانچى مازىرى، قەشقەر مازىرى قېنى؟ — دەپ ئويلىدى سەمەت، — قۇۋان بىلەن تۈيۈقسىز ئۇچرىشىپ قالغان بەڭگى مازىرىمۇ يوق بوپتۇ. نامى غەلىتە بولغان بىلەن، ئالامەت ھاۋالىق يەردە ئۇ!…»

نىمىشقىدۇر سەمەتنىڭ كۆزىگە مۇشۇ تۈپتۈز يوللار ئانچە سىغمايتتى. ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتكەن ئەگرى ـ بۈگرى يوللار، تۈيۈقسىز ئالدىڭدا پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر، كوچىنى بويلاپ كەتكەن پاكار توپا تاملار، شاخلىرىنى شۇ تاملاردىن ئارتىلدۇرۇپ كوچا

تەرەپكە سوُنغان مىۋىلىك دەرەخلەر... قايسىبىر
هويلىلارنىڭ ئوچۇق تۇرغان قىيسىق دەرۋازىلىرىدىن
يۇگۇرۇپ چىقىپ يولۇچىغا قاۋاپ كېتىدىغان ئىتلار...
مانا، ياش ۋاقىتلاردىن باشلاپ سەمەتنىڭ كۆڭۈل
ئېكرانىغا ئورناپ كەتكەن يوللارنىڭ گۈزەل كارتىنىسى
ئەنە شۇنداق ئىدى. هازىرقى ئاسفالتلىق شەهەر
كوچىلىرى بىلەن شەهەر كۆرۈنۈشىمۇ ئۇنىڭغا ئانچە
چوڭقۇر تەسىر بەرمەيتتى. شەهەرنىڭ ئۇ ئەينى يىللاردا
جۇماق ئاكا بىلەن سال هەيدەپ كىرىپ كۆرگەن
كۆرۈنۈشلىرى ئېسىدىن زادى چىقمايتتى. شۇ يىللاردا
خەقنىڭ بېشىدىكى غەم - ئەندىشىنىڭ كۆپلۈكىگە
قارىماي بازار يەنە قايناپ تۇراتتى. لەڭزە بېشىدىكى
قاتارلىشىپ يېتىپ سالقىنلاۋاتقان مۇساپىرلار، كونا
گىردىكى ئاشلىق بازارلىرى، بۇ يەرگە هەر كۈنى هارۋا -
هارۋىدا، تاغار - تاغار قانچە كۆپ بۇغداي، قوناق
كىرسىمۇ كەچ كىرگۈچە يەنە پارچە سېتىلىپ
تۈگەيتتى، توخۇ بازىرىدىكى ۋاڭ - چۇڭ، ئاغزىنى بۇزۇپ
تىللاشلار، هارۋىكەشلەرنىڭ كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈچە
چىڭقىلىپ «پوش - پوش!» دەپ ۋارقىراشلىرى،
تاشلەپكىنىڭ ئالدىدىكى قىستا - قىستاڭچىلىق، بۇ
يەردە ماتا - چەكمەن، كىگىز - كېچەك، داس - چېلەك،
تۇماق - دوپپىلاردىن تارتىپ ئالتۇن زىرە، ياقۇت
كۆزلۈك ئۈزۈكلەرگىچە هەممە نېمە سېتىلىدۇ، هۇسەنباي
هاجىمنىڭ دۇكانلىرى ئالدىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ،
ئۆتۈك، باشماق، مەسە - كالاچ، خۇرۇم، شاۋرۇنلار
سېتىلىدىغان ۋاپۇرۇش بازارلىرى، گەلەنتىرچىلەر بىلەن
زەرگەرلەرنىڭ ئۇستى يېپىق سالقىن قاتارلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۆمۈرچىلەر قاتارىدىن كېلىۋاتقان قولاقنى يارغۇدەك تاق ـ تۇق، تاراق ـ تۇرۇقلار، چوڭ كۆۋرۈك ئۈستىدىكى ئاشخانىلار بىلەن دەڭ مەسچىت، دەڭ دەرۋازا ئالدىدىكى داڭلىق مانتىخانىلاردىن تارقىلىۋاتقان مەززىلىك پۇراق پۈتۈن شەھەر ئاسمىنىغا تارايتتى. يولنىڭ تارلىقىدىن ئىككى ئات قوشۇپ، قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ ماڭغان خادىك هارۋىلار ئادەملەرگە سۈركىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتىشەتتى..

ئەتىسى قاپچىغايدىكى ئاغىنىلەر سەمەتتىن سورىدى:

ــ سەمەتئاخۇن، تۈنۈگۈن كۆرۈنمىدىڭغۇ؟ شەهەرگە كىردىڭما؟

ــ كىردىم.

ــ يېڭى كۆۋرۈكنى كۆردۈڭما؟

ــ كۆردۈم، ئالامەت ياسىۋېتىپتۇ.

ــ هەيكەلنىمۇ كۆرگەنسەن؟

ــ كۆردۈم.

ــ راست، ساڭا ئۇخشامدىكەن؟

ــ قانداق قىلىپ ماڭا ئوخشايتتى، ئىشقىلىپ سالىنىڭ پالىقىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ هەيكىلىكەن.

ــ ئاۋۇ بۇرۇتىغا قارىمىدىڭما، ــ دېدى ئالدىنقى كۈنى هەيكەل توغرىسىدا پاراڭ بولغاندا «بۇرۇتىغا قارىغاندا مۇشۇ سەمەتئاخۇنغىلا ئوخشايدىكەن» دېگەن سالچى.

ــ بۇرۇتى بولسىلا ماڭا ئوخشامتى، كونا سالچىلاردىن قايسىمىزنىڭ بۇرۇتىمىز يوق؟

ــ ئۇنىمۇ دەيسىلەر، بۇنىمۇ دەيسىلەر، ــ دېدى بىر سالچى، ــ سالچىنىڭ هەيكىلىنى ياسىماقچى بولسا مانا

ماۋۇ بىزنىڭ ياماتۇدىكى سالچىمىز ئابلىمىت ئىلياسنى ئوخشىتىپ ياسىسا بولىدۇ، قانداق دېدىم؟ بەستىمۇ بار، بۇرۇتىمۇ ئالامەت قاملاشقان... سەمەتئاخۇن، ساڭا ئوخشىمىغان بولسا ئابلىمىت «خوراز»غا ئوخشاپتۇما؟

— ئۆزۈڭلار كىرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار،— دېدى سەمەت،— ئىشقىلىپ، ئارىمىزدىكى بىر سالچىغا ئوخشاپتۇ.

※ ※ ※

شۇنىڭدىن باشلاپ سەمەت شەھەرگە كىرىپ قالغۇدەك بولسىلا ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى تەرەپكە بېرىپ، ھېلىقى ھەيكەلنىڭ ئەتراپىنى بىر قۇر ئايلىنىپ كېتىدىغان بولدى. مەيلى ئۇ ھەيكەل كىمگە ئوخشىسۇن ياكى ھېچكىمگە ئوخشىمىسۇن، بۇ يەردە بىر سالچىنىڭ ھەيكىلىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ھەربىر سالچى ئۈچۈن ئىپتىخارلىنارلىق ئىش ـ تە!

شەھەر ئىچىدە ماڭىدىغان بىر ئاپتوبۇسنىڭ ئاخىرقى بېكىتى شۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە ئىدى. بىر كۈنى سەمەت ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ دەريا بويىغا چۈشتى. ھېلىقى ھەيكەلنىڭ يېنىغا كېلىپ خىيالغا كېتىپ قالدى. شۇ چاغدا ئارقىدىن كەلگەن يەنە بىر ئاپتوبۇستىن سىمىزغىنە كەلگەن چىرايلىق بىر ئايال چۈشتى ـ دە، ئۇدۇل مېڭىپ ھەيكەلنىڭ قېشىغا كەلدى. سەمەتكىمۇ نەزەر سېلىپ قويماي، ھەيكەلگە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كۆزىگە ياش ئالدى، قول ياغلىقىنى ئېلىپ كۆزىگە باستى، سەمەت ھەيران بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— نېمە بولدى؟ كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ قالدىغۇ؟ — دەپ سورىدى سەمەت.

ئايال لاپ قىلىپ قارىدى ـ دە، يېنىدا تۇرغان ئادەمنى شۇ چاغدا بايقىدى.

— بۇ ھەيكەلگە قارىسىلا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، — دېدى ئايال يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ، — مېنىڭ يولدىشىممۇ سالچىتى، مۇشۇ دەرىيادا ئېقىپ ئۆلۈپ كەتكەن.

— يولداشلىرىنىڭ ئېتى كىم؟

— قۇۋانئاخۇن.

«قۇۋانئاخۇن» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ سەمەت ئىتتىك ئۆزىنى رۇسلىدى. ئالدىدىكى ئايالغا قايتا سىنچىلاپ قارىدى، سالچىلارنىڭ ئىچىدە شۇ قۇۋاندىن باشقا قۇۋانئاخۇن ئىسىملىك ئىككىنچى بىر ئادەم يوق ئىدى.

— قۇۋانئاخۇن دېدىلىما؟ — دەپ قايتا سورىدى سەمەت.

— شۇنداق، قۇۋانئاخۇن.

— ئۇ دېگەن مېنىڭ تۇغقاندىن چارە يېقىن بۇرادىرىم ئەمەسمۇ، مانا، مەنمۇ سالچى.

— ئاتلىرى كىم بولىدۇ؟

— سەمەت.

— ۋاي، سەمەتئاخۇن دېگەن سىلى بولامدىلا؟ — دەپ سەمەتنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى ئايال، — رەھمەتلىك سىلىنىڭ گەپلىرىنى جىق قىلىدىغان، شۇ بۇرادىرىمنىڭ كۆڭلىنى دېمىسەم بىر كۈنمۇ سال ھەيدىگۈم يوق، دەيدىغان...

«ئىگەمبەردى ‹يوق› دېگەن بايدىن تۇل قالغان، كېيىن قۇۋان بىلەن تېپىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا تەگكەن ئايال

مۇشۇكەن ـ دە، ــ دەپ ئىسىگە ئالدى سەمەت، ــ مەن ئەجەب بۇ ئايالنى ئۇنتۇپ قاپتىمىنا، ئىتتىنى نىمە دېۋىدى...»

ــ راست دەيلا، ــ دېدى سەمەت، ــ رەھمەتلىكنىڭ پەقەتلا سال ھەيدىگۈسى يوق ئىدى. نىمىشقىكىن، شۇ ئاغىنەمدىن زادى ئايرىلغۇم كەلمەيتتىغۇتاڭ، يۇرتتىن بىللە چىققان، كۆپ جاپالارنى بىللە تارتقان، ئىيتىپ كەلسەم گەپ تولا... شۇ قۇۋاندىن ئايرىلغۇم كەلمەي مەن زورلاپ... ئاخىرىدا مۇنداق بولارىنى كىم بىلدى، دەريانىڭ تۈپتۈزلا بىر يېرىدە سۇغا بىرلا چۆككەن بولدى، قايتىپ چىقمىدى... ئويلىسام، شۇ بۇرادىرىمىزنىڭ ئۆلۈمىگە ئۆزۈم سەۋەبچى بولۇپ قالغاندەك كۆڭلۈم بىرقىسما بولىدۇ... سىلىنىڭ ئاتلىرى كىمتى؟

ــ گۈلئايىم.

ــ توغرا، ئەمدى ئىسىمگە كەلدى، گۈلئايىم، رەھمەتلىك سىلىنى گۈلئايىم دېسە گۈلئايىم دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

ــ مىنىڭ گىپىمنىمۇ قىلاتتىمۇ زادى؟

ــ قىلاتتى... ياخشى گەپلىرىنى قىلىپ ھارمايتتى.

ئايالنىڭ چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىللىق يۈگۈردى.

ــ شۇنداق قىلىپ رەھمەتلىكنىڭ جەسىتى ھىچ يەردىن تىپىلمىدىما؟

ــ تىپىلمىدى.

ــ ھىچبولمىغاندا، رەھمەتلىكنىڭ قەبرىسى بولغان بولسىمۇ، ھەر ئازنا ئاخشىمى پوشكال سىلىپ، رەھمەتلىكنىڭ بېشىغا چىقىپ يوقلىماسمىدىم... بەزىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۇ ئادەمنى ئويلاپ ئىچىم سىقىلىدۇ. «ئوھوۇش، مېنى بۇ تۆت تام يەپ كەتمىسۇن» دەپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپلا چىقىپ، مانا مۇشۇ دەريا بويىغا كېلىپ ماۋۇ ھەيكەلگە قاراپ يىغلاپ كېتىمەن. ياۋاش، ئوبدان ئادەمتى، خېلى يىللارنى چىقىشىپ چىرايلىق ئۆتكەنىدۇق. ئېغىر كۈنلەرگە قالغان چاغلىرىمدىمۇ مېنى تاشلىماي ئىزدەپ تۇرغانىدى... ۋاي مۇرەببەم، ئەجەب تاشلاپ كەتتىڭغۇ مۇرەببەم! ــ دەپ يىغىنى سالدى ئايال.

ــ سەۋر قىلسىلا، سەۋر قىلسىلا، ــ دېدى سەمەت ئايالنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ. ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكەنلەر ئۇلارغا قارىشىپ قوياتتى، ــ ئەجەب بىر يول ئۇستىدىلا تۇرۇپ قالدۇقا... يۈرسىلە، ئاۋۇ چەتتەرەك تۇرايلى.

ــ بىزنىڭ ئۆيگىلا بارايلى، ــ دېدى ئايال، ــ ئەلۋەتتە سىلىنىڭمۇ بىزنىڭ ئۆيگە بىر پەتە قىلىدىغان يوللىرى بار... ئەنە، ئاشۇ ئاپتوبۇسقىلا ئولتۇرساق ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىدۇ.

غۇلجا شەھىرىدە شۇنداق بىر قورۇلار كۆپ ئۇچرايدۇ، دەرۋازىدىن كىرىشىڭىزگىلا كۆنگەيگە قارىتىپ سېلىنغان ئۆيلەر، ئۆينىڭ ئالدى باغ، بۇ يەردە ئالما، ئۆرۈك، دۆشەش، لاك، تام تەرەپلەردە گىلاس، باراڭغا ئارتىلغان ئۈزۈم، ئېرىق بويلىرىدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر... ئىشقىلىپ ھەممە نېمە تېپىلىدۇ. ئەگەر ئۆيلەرنىڭ ئالدى باغ بولمىسا، ئارقا تەرەپكە ئېچىلغان كىچىك بىر ئىشىكتىن ئۆتسىڭىز، باغچە ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشقان بولىدۇ. ئايال سەمەتنى شۇنداق قورۇلارنىڭ بىرىگە باشلاپ كىردى. دەرۋازىدىن كىرگەندىلا كۆتۈرۈپ سېلىنغان

پېشايۋانلىق ئۈچ ئېغىز ئۆي، ئۆيلەرنىڭ ئالدى چاققانغىنە باغ ئىدى. ئەينى زامانلاردا دۆڭمەھەللىنىڭ مەڭگەن قالاپ خىش پىشۇرىدىغان خۇمدانلىرىدا پىشىپ چىققان كۆك خىشلار بىلەن سېلىنغان بۇ ئۆيلەر كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ يەنە مەزمۇت تۇراتتى. ئۆي ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق قىلىپ سېلىنغانىدى. تالاغا قارىغان دېرىزىلىرى قاپقاقلىق ئىدى. ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىكى خىرەلەشكەن نەقىشلەر، كەڭ پېشايۋان، مۇستەھكەم قاپقاقلارغا قاراپلا بۇ ئۆينى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ھال بىر سودىگەرنىڭ سالدۇرغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولاتتى. ئۆي ئىچى يەنە ئاپپاق ئاقارتىلىپ، پاكىز تۇتۇلغانىدى.

گۈلئايىم سەمەتنى تۆرگە باشلاپ ئاستىغا كۆرپە سالدى، سەمەت ئۆزى بىلىدىغان قىسقىراق بىر ئايەتنى ئوقۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى.

ــ ھە، ماۋۇ ئىشلىرى دۇرۇس بولدى، ــ دېدى گۈلئايىم دۇئادىن كېيىن، ــ سىلى قۇۋانئاخۇننىڭ يېقىن ئادىمى تۇرۇپ، ئەجەب قۇۋانئاخۇننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، «قۇۋانئاخۇننىڭ نىكاھلاپ ئالدىم دەۋاتقان بىر ئايالى بولىدىغان، شۇ خوتۇنغا ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ قويا‌ي» دەپ بىر كېلىپمۇ قويمىدىلا؟

ــ سىلىنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىرىنى مەن بىلمىسەم، بولمىسا ئېسىمدە بار. ئىزدىدىم، قۇۋانئاخۇن سىلىنى بىر يېزىدا، مەنمۇ ئوغرىلىقچە بېرىپ كېلىپ يۈرىمەن، دەيدىغان. مەنمۇ ئوبدانراق سورىۋالماپتىكەنمەن... كېيىن قانداق خەۋەر تاپتىلا؟

ــ خەۋەر تاپتىم، قارىسام ئارىدىن بىرەر يىلچە ئۆتۈپ

كەتتى، قۇۋانئاخۇن يوق، «هوي، بۇ ئادەم مۇنداق ئۇزۇن يىتىپ كەتمەيدىغان، ئاغرىپ ـ تارتىپ قالغانمىدۇ» دەپ ئويلىدىم، بىر كۈنى ئاشۇ دەريا بويىغا چۈشسەم بىرقانچە سال توختاپ، سالچىلار سالنىڭ ئەتراپىدا بىرنېمىلەرنى قىلىۋاتقانىكەن، «قۇۋانئاخۇن دېگەن سالچىنى ئىزدەيتتىم» دېسەم، ھەممىسى بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى، ئاندىن بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئارىدىن بىرى: «سەمەتئاخۇن بىلەن بىللە سال ھەيدەيدىغان قۇۋانئاخۇنمۇ؟» دەپ سورىدى. «ھە» دېدىم. «ھوي، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى. دەريانىڭ يۇقىرىسىدا سۇغا چۆكۈپ كېتىپ ھازىرغىچە جەسەتمۇ تېپىلمىدى» دېمەسما، شۇ يەردىن يىغلاپ قانداق قايتىپ چىققىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن...

گۈلئايىم داستىخان ھازىرلاپ چاي قۇيدى. ئۇ تالاغا چىققاندا كىيگەن ئۈستىدىكى چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپ، بېشىغا نېپىز ياغلىق ئارتىۋالغانىدى. گۈلئايىمنىڭ يېشىنى ئەللىك ـ ئاتمىش ئەتراپىدا مۆلچەرلىگىلى بولسىمۇ، چىرايى ناھايىتى پاكىز تۇرغانىدى.

ــ ئىزدىگەن بولسىلا تاپالمىغانلىرىمۇ راستۇ، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى گۈلئايىم سەمەتنىڭ قارشىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ــ ئەجەب بىر زامانلار بولۇپ كەتتىغۇتاڭ. مېنى پومېشچىكنىڭ خوتۇنى دەپ چەت بىر يېزىغا ئاپىرىپ قويغان، كۆرمىگەننى كۆردۈم. ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلىگە خۇدايىم ئىنساب بەردىمۇ، يەنە قايتىپ كەلدىم. بازارغا يېقىنلا يەردە قەۋەتلىك، تازىمۇ چىرايلىق ئۆيلىرىمىز بولىدىغان، رەھمەتلىك قۇۋانئاخۇن بىلەن خېلى يىللار شۇ قورۇدا كۆڭۈللۈك ئۆتكەنىدۇق،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆي باشقۇرۇش ئۆزگەرتىۋاپتىكەن، ئالدىدا چوڭ بىر بىغىمۇ بار ئىدى. باغنىڭ ئورنىغا قۇرۇلۇشلارنى سېلىپ، قىستا ـ قىستاڭچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مانا مۇشۇ قورۇنى بەردى. بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، تۆۋەندە يەنە بىرقانچە ئۆيلىرىم بار. ئىجارىگە بېرىپ پۇلىنى خەجلەۋاتىمەن، تالادىن بىر ئەر كىشى «گۇلئايىم!» دەپ ۋارقىراپ كىرگۈدەك بولسا، ھېلىمۇ قۇۋانئاخۇن كېلىپ قالدىمىكىن، دەپ ئورنۇمدىن چاچراپ قوپۇپ كېتىمەن... قېنى چايغا باقسىلا، ھېلىلا تاماق قىلىمەن.

— رەھمەت، تاماققا ئولتۇرالمايمەن، — دېدى سەمەت، — سىلىنىڭ ئەسلى تېگىلىرى نەلىك؟

— قەشقەردىن، قەشقەرنىڭ تازىمۇ چەت بىر يېزىسىدىن. كىچىك چېغىمدا بەك چىرايلىقمىتىمكىن، يۇرتىمىزغا سودا ئىشى بىلەن بېرىپ قالغان شۇ ئىگەمبەردىئاخۇن دېگەن باينىڭ كۆزى چۈشۈپ ئادەم قويۇپتۇ. ئاتا ـ ئانامىمۇ «يېشى چوڭ بولغان بىلەن قول ـ ئىلكىدە بار ئادەمكەن، قىزىمىز كېيىن جاپا تارتمايدۇ» دەپ شۇ ئىگەمبەردىئاخۇنغا بەرگەنىكەن. باي مېنى ئىلىغا ئېلىپ چىقتى. باينىڭ بۇ يەردە ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن. بىرى شەھەردە، بىرى باينىڭ سەھرادىكى قورۇقىدا تۇراتتىكەن. ماڭا شەھەردە ئۆي تۇتۇپ بەردى. ئىگەمبەردىئاخۇننىڭ شەھەردىكى چوڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ بىخىللىقىغا چىدىمايلا ئاغرىقچان بولۇپ كەتكەنىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئايالمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئىگەمبەردىئاخۇن ناھايىتى قاتتىق ئادەمتى، شۇڭا خەق ئۇنى ئىگەمبەردى «يوق» دەپتىكەن. شۇنچىۋالا دۇنياسى تۇرۇپ بىرەرسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھاجەت بولۇپ ئالدىغا كەلسە «يوق»لا دەپ تۇراتتى، لېكىنزە رەھمەتلىك مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئازار بەرمىگەن، يۇرتتا ئىسمىم «لەيلىگۈل»، باي ئەركىلىتىپ «گۈلۈم»لا دەيتتى. بۇ يۇرتتا بايلارنىڭ خوتۇنلىرىنى ھۆرمەتلەپ «ئايىم» دەيدىغان گەپ باركەن، كېيىن «گۈلۈم»نىڭ ئاخىرىسىغا «ئايىم» قوشۇلۇپ «گۈلئايىم» بولۇپ قالدىم...

سەمەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدى. «شۇ... شۇ... شۇكەن،― دەيتتى ئۇ ئىچىدە،― كىچىكىدىنلا يۇرتىدىن بايغا تېگىپ چىقىپ كەتكەن، ئەسلىي ئىسمى لەيلىگۈل... نەق ئۆزى شۇ... توۋا! مەن مۇشۇ ئايالنى دەپمۇ شۇ كۇنگىچە ئۆيلەنمەي ئۆتۈپ كەتكەندىمەنمۇ؟!...»

― سىلىنىڭ ئۇ يۇرتتىكى مەھەللىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

― ئاۋات...

شۇنداق دەپلا ئايال يەنە ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى. «ئاۋات، قايسى ئاۋات؟― دەپ ئويلايتتى سەمەت ئىچىدە،― قاغىلىقتىن تارتىپ مارالبېشىغىچە ئاۋات، بايئاۋات، باغئاۋات، خۇشئاۋات دەپ ئاۋاتتىن تولا نېمە يوق».

― مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر كۆل بارمىدى؟― دەپ سورىدى سەمەت.

― ۋاي بولمامدىغان، كۆرگەندەكلا گەپ قىلىدىلا، مەھەللىمىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئەجەبمۇ چىرايلىق بىر كۆل بار ئىدى. ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى شۇ كۆلدىن ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇيتتۇق...

ــ مەن قايتاي، ــ دەپ ئورنىدىن تۇردى سەمەت.

ــ نېمىگە شۇنچە ئالدىراپ؟... ھازىرلا تاماق قىلىمەن.

ــ تاماققا ئايرىم بىر كېلەرمەن.

ــ سىلىگە بىر ئۆتۈنۈشۈم، ــ دېدى گۈلئايىم سەمەتنى ئۇزىتىپ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، ــ ماۋۇ ئۆينى ئوبدانراق بىر كۆرۈۋېلىپ، ۋاقىتلىرى يەتكەندە بىر كىرىپ مېنى ئاشۇ قۇۋانئاخۇن چۆكۈپ كەتكەن يەرگە ئاپىرىپ قويسىلا، رەھمەتلىكنىڭ روھىغا ئاتاپ شۇ يەردە بىر قازان ئېسىپ ياغ پۇرىتىۋېتەي دەيمەن.

ــ ماقۇل، مەن بىر كىرەي، ــ دېدى سەمەت.

سەمەت شۇ يەردىن خوشلىشىپ ماڭغانچە مېڭىپ، خىيال بىلەن قاپچىغايغا قانداق چىقىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى...

## ئەللىك ئىككىنچى باب

# تويمۇ نەزىر

بىر زامانلاردا قەشقەر تەۋەسىدىكى يۇرتلاردا ئاياللارنىڭ چېچىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، سول مەڭزىدە بىر تال خالى بولۇشى، بادام قاپاق كېلىشى شۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان بەلگىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قەشقەرنىڭ چاچ بازىرىدا چېچى شالاڭ، چېچى قىسقا خوتۇنلار ئۇچۇن جالا چاچلار سېتىلاتتىكەن. سول مەڭزىدە خالى يوق خېنىملار نىمىلەرنىدۇر كۆيدۈرۈپ سانجىپ مەڭزىدە سۈنئىي خال پەيدا قىلاتتىكەن، قىزلىرىنى ياتلىق قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئانىلار ئەلچىلەرگە قىزىنى بادام قاپاق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كەچتە قىزىغا قارىئۆرۈك سېلىپ ئېتىلگەن شوۋىگۈرۈچنى ئىچۈرۈپ، يوتقانغا يۆگەپ دۈم ياتقۇزۇپ قوياتتىكەن، ئەتىسى قىزنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، بادام قاپاق بولۇپ ئورنىدىن تۇراتتىكەن... سەمەتنىڭ خاتىرىسىدىكى لەيلىگۈلدە بۇ گۈزەللىك بەلگىلىرىنىڭ ھەممىسى تەبىئىيلا مەۋجۇت ئىدى. ئاق يۈزلۈك لەيلىگۈلنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان سول كۆزىنىڭ ئاستىدىراق قاپقارا بىر تال مېڭى بار ئىدى. ئۇ قارىئۆرۈك سالغان شوۋىگۈرۈچنى ئىچىپ

كىچىچە دوم ياتمىسىمۇ تەبىئىي بادام قاپاق ئىدى. ئۇششاق ئۆرۈلگەن سارغۇچ قارا چاچلىرى سۇ ئىچىش ئۈچۈن كۆلگە ئېڭىشكەندە سۇغا چىلىشىپ قالاتتى، ماڭغاندا بولسا قىزنىڭ تېقىملىرىدىن ئېشىپ چۇشۇپ ئىككى تەرەپكە دولقۇنلىناتتى. هازىرقى گۈلئايىمنىڭ يېشى چوڭىيىپ قاپاقلىرى سەل ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدە بادام قاپاق كەلگەن ئاياللاردىن ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى؛ گەرچە چاچلىرى تېقىمىدىن ئېشىپ سىلىنىپ تۇرمىسىمۇ، گۈلئايىمنىڭ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالغان چېچى يەنە بەلدىن ئېشىپ ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى؛ سول مەڭزىدىكى خال يېپىلىپ سۇسلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، دىققەت قىلغان ئادەمگە ئۇ يەردىكى خالنىڭ ئورنى بىلىنەتتى.

سەمەتنىڭ بۈگۈن گۈلئايىمنىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. گۈلئايىم ئۇنى ئوخشاشلا قىزغىن كۈتۈۋالدى، كۆرپىنى قاتلاپ سېلىپ تۆرگە باشلىدى، چاي قىلدى. «بۈگۈن تاماق يېمەي ماڭمىسىلا زادى بولمايدۇ» دەپ تاماققا تۇتۇش قىلدى، سەمەت گۈلئايىمنىڭ: «ۋاقىتلىرى يەتكەندە بىر كىرىپ مېنى شۇ قۇۋانئاخۇن چۆكۈپ كەتكەن يەرگە باشلاپ چىقارلا، شۇ يەرگە قازان ئېسىپ ياغ پۇرىتىۋېتەي» دېگەن سۆزىنى باهانە قىلىپ كىرگەنىدى. ئەسلىي مەقسىتى گۈلئايىمنى يەنە بىر ئوبداندارق كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلىدىكى گۇمانىنى يەشمەك ئىدى. گۈلئايىم تاماق ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ ئۆيگە كىرىپ، تالاغا چىقىپ نېمىلەر بىلەندۇ مەشغۇل ئىدى. سەمەت ئۇنىڭغا سەپسالغانسېرى تالاي

www.uyghurkitap.com

يىللارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ خاتىرىسىدە قېلىپ قالغان لەيلىگۈل بىلەن ھازىرقى گۈلئايىمنىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەتتى.

«شۇ... شۇ... نەق ئۆزى شۇ... توۋا!— دەيتتى سەمەت ئۆز ـ ئۆزىگە،— مەن مۇشۇ ئايالنى ئۇچرىتىپ قالارمەن، دەپ ئۇمىدلىنىپ، قەشقەردىن داۋان ئاتلاپ چىقىپ ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ ھازىرغىچە ئۆيلەنمەي يۈرگەن بولسام ـ ھە؟!... ئەجەب مەن ئۇنى قىرىمايدىغاندەك، ھازىرغىچە شۇ سۇمبۇل چاچ، كىچىككىنە قىز ھالىتىدىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يۈرۈپتىمەنا...»

پولۇ ئوخشىغانىدى. سەمەت تاماقتىن ئۆزىنى تارتىپ، قوللىرىنى سۈرتۈپ، ئۆزىنىڭ يۇرتى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسى توغرىسىدىكى پاراڭغا بىر چۈشۈپ كېتىۋىدى، گۈلئايىم ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئاچقىنىچە سەمەتكە قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

— سەمەتئاخۇن،— دېدى گۈلئايىم ئاخىرىدا،— توۋا، سىلى گېپىنى قىلىۋاتقان شۇ مەھەللە مېنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مەھەللەم ئەمەسمۇ؟!

— شۇنداق،— دېدى سەمەت،— ئىككىمىز بىر يۇرتتىن، بىر مەھەللىدىن ئىكەنمىز.

— نېمە دەيدىغانلا، سەمەتئاخۇن، پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— مەھەللىنىڭ قىزلىرى كۆل بويىغا سۇ ئالغىلى كەلگەندە قىزلارغا چالما ئېتىپ ئارام بەرمەيدىغان ئوغۇل بالىلار ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟... مانا شۇلارنىڭ ئارىسىدا سەمەت دېگەن بىر بەڭباشمۇ بارتى ئەمەسمۇ...

— كۆل بويىدا، ھە، ئەجەبمۇ چىرايلىق كۆل ئىدى، سۈيى سۈپسۈزۈك، بىز سۇغا كەلسەكلا نەدىن پەيدا بولىدىكىن، بىرنەچچە بالىلار پەيدا بولاتتى. سۇغا ئەتەي چالما ئېتىپ سۈنى لېيىتىۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئېسىمدە بولسۇن دەيلا، ئوغۇللارنى كۆرسەك قىپقىزىل قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيتتۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەھەللىدىن بەك كىچىك چىقىپ كېتىپتىكەنمەن...

گۈلئايىمنىڭ سەمەتنى پەقەتلا ئېسىگە ئالالماسلىقى سەمەتنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. ئۇ يەنە مەھەللىدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەر، مەھەللىدىكى ئادەملەر، ئۆزىنىڭمۇ كېيىن مەھەللىدىن كىچىكلا چىقىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ مەھەللىدىن قېچىپ كېتىشكە سەۋەب بولغان كېلىشمەسلىكلەر، لەيلىگۈلنىڭ مەھەللە بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىز ئىكەنلىكى، سەمەتنىڭ ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ئاشىق ئىكەنلىكى... يەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىمەكچى ئىدى. ھەممە گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. «دۇنيادا مەندىنمۇ ئەخمەق ئادەم بولمىسا كېرەك،— دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە،— ئۆمرىدە مېنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بىر قىزغا شۇ كۈنگىچە غايىبانە ئاشىق بولۇپ يۈرۈپتىمەن...» سەمەت ئاشىقلىق توغرىسىدىكى ئۇ ھېكايىلەرنى ئەمدى سۆزلەپ يۈرسە كۈلكىلىك ئىش بولىدىغانلىقىنى پەملەپ قالدى. ھازىر لەيلىگۈلنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ يېشى ئەمدى بۇ گەپلەرنى قىلىشىدىغان دەملەردىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. سەمەت ئۆتكەنكى ھەممە شېرىن خىيال، گۈزەل

ئارزۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچىدىلا مەخپىي ساقلاش خىيالىغا كەلدى.

— خوش، — دېدى سەمەت ئورنىدىن تۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىپ، — قېشلىرىغا كىرىشىمدىكى سەۋەب، ئۆتكەندە «مېنى قوۋۇئاخۇن چوكۇپ كەتكەن يەرگە ئېلىپ چىقسىلا، شۇ يەردە بىر قازان ئېسىپ ياغ پۇرىتىمۇۋېتەي» دېۋىدىلا، مەن ئويلاپ باقسام، قازاننى دەريا بويىغا ئاچىقىپ ئاسمىساقمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— قانداق دەيلا؟ — دېدى گۈلئايىم.

— كۆز كېلىپ قالدى، شۇ كۈنلەردە دەريا بويى دېگەن بەك شامالىلىق، شەھەر بىلەن قوۋۇئاخۇن سۇغا كىرىپ كەتكەن يەرنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلى بار.

— مەيلى ئەمەسمۇ، جاپادىن قېچىۋاتاملا؟

— جاپادىن قېچىۋاتقىنىم ئەمەس، نەزىر دېگەننى قەيەردە قىلسا ئوخشاش، ياراتقان ئىگەمگە قوبۇل بولسا مەرھۇمنىڭ روھىغا تېگىۋېرىدۇ.. مەن دەيمەن، بۇ نەزىرنى ھامىنى قىلغاندىن كېيىن چوڭراق قىلساق.

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىلا، مەيلى چوڭ قىلساقمۇ قىلايلى... مەرھۇمنىڭ روھىغىمۇ ھەر قېتىم قازانغا ماي قۇيغاندا ئۇنتۇماي دۇئا قىلىپ تۇرىمەن، شۇنىڭدىمۇ جامائەتنىڭ يىغىلىپ بىر خەتمىقۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلغىنىنى باشقا گەپ.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى سەمەت، — گۆش - ياغ، سەۋزە، پىياز... ھەممە خىراجەتنى مەن چايلاي.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، — دېدى گۈلئايىم، — خىراجەت ئۆزۈمدىن بولىدۇ، نەزىرنى مۇشۇ

هويلىدىلا قىلاي، هويلىمۇ كەڭرى، مۇشۇ هويلىغا كۆچۈپ كېلىپمۇ مەھەللىگە بىر چاي بەرگۈدەك بولمىغانىدىم، شۇ نەزىر ھەممىگە ھېساب بولار.
— ماقۇل دېسىلە، خىراجەتنى مەن قىلىمەن، — دېدى سەمەت.
— سىلىمۇ ماقۇل دېسىلە، خىراجەتنى ئۆزۈم قىلاي، — دەپ ئۇنىمىدى گۈلئايىم، — سىلى مەرھۇمنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىنى ئاياللىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرسىلە بولدى... سىلىچە نەزىرنى قايسى ۋاقىتقا بېكىتسەك بولار؟
— تەييارلىقنىڭ پۈتۈشىگە قارايلى.
— ئۇنىڭغا نېمە تەييارلىق كېتەتتى؟ پۇللا بولسا ھازىر ھەممە نېمە بازاردا بار. ماۋۇ ئوك تەرەپتىكى قوشنام مۇشۇ ئەتراپتىكى پۈتۈن توي - تۆكۈن، نەزىرنىڭ ئېشىنى ئېتىدۇ، بىر - ئىككى كۈن بۇرۇنىراق سەمىگە سېلىپ قويارمەن، ھەرقايسىلىرىمۇ بىرەر كۈن بۇرۇن كىرىپ ئىشلارغا قارىشىپ بېرىشەلا، نەزىر كۈنى چۈشكىچە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا سالچىلار ئۆزۈڭلار قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ئەرلەرنى ئۇزىتىپ بەرسەڭلا، ئاياللارنىڭ ئىشىنى قوشنا - قولۇملار بىلەن ئۆزۈم بىرنېمە قىلىمەن... بۈگۈن كۈنگە نېمە بولۇپ كەتتى؟
— پەيشەنبە.
— ئەمىسە كېلەر ھەپتە پەيشەنبە كۈنى بولسا قانداق؟
— بولىدۇ، — دېدى سەمەت، — ئىش سەل چوڭىيىدىغاندەك تۇرىدۇ. نەزىر بولغاندىن كېيىن بىرەر تىرىك مالنىڭ بېشىنى ئېلىپ قان قىلمىساقمۇ بولماس، تىرىك مالنى بىز ئېلىپ كىرىلى، قالغان تەييارلىقنى سىلى قىلسىلا... ماقۇل دېسىلە.

— كۆڭۈللىرى پەقەتلا ئۇنىمىدى، بوپتۇ.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر!— دەپ ئورنىدىن تۇردى سەمەت.

— سەمەتئاخۇن،— دېدى گۇلئايىم سەمەتنى دەرۋازا ئالدىغا ئۇزىتىپ چىققاندا،— ئۆزلىرىمۇ ئاياللىرىنى بىللە ئېلىپ كىرىشنى ئۇنتۇمىسىلا - ھە، مۇشۇ باھانىدە خانىم بىلەن تونۇشۇپ قالاي.

— ئا... ئايال؟!...— دەپ دۇدۇقلاپ قالدى سەمەت،— ئايال بولسا بۇ چاغقىچە باشلاپ كىرىپ سىلى بىلەن تونۇشتۇرماي... ئايالىم يوق.

— ۋاي نېمە بولغان... ئاجرىشىپ كەتكەنما؟

— ياق.

— ئاياللىرى قازا قىلىپ كەتكەنما؟

— ياق.

— ئەمىسە ياماناپ كەتكەن ئوخشىمامدا؟... بۇ ئىلىخودا ئەر - ئايال بىر - بىرگە قېيىداپ ئىككى يەردە ئايرىم تۇرىدىغان ئىشمۇ چىق، باللار باردۇ؟

— ياق.

— ۋاي سەمەتئاخۇن، نېمانداق نېمە دېسەم «ياق، ياق»لا دەيلا؟

— گۇلئايىم، مەن تېخى سىلىنى قوۋانئاخۇن مېنىڭ توغرامدا گەپ قىلىپ بەرگەن بولسا بىلىدۇ دەپتىمەن، مەن تېخى ئۆيلەنگۈدەك بولمىدىم...

— ۋاي، نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم!— دەپ ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى گۇلئايىم. سەمەت يىراقلىشىپ قارىسى يىتكەندىمۇ گۇلئايىم ھەيرانلىقتا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇراتتى.

※ ※ ※

نەزىر بولىدىغان كۈندىن بىر كۈن ئىلگىرى سەمەت بىر ماشىنىغا ئوتۇن ـ ياغاچ، يارامىلىق بىر قوينى بېسىپ چۈشكە قالمايلا يېتىپ كەلدى. قاپچىغاينىڭ بىرقانچە سالچىسى ئائىللىرىنى ئېلىپ ئارقىدىن كەلدى. نەزىرگە يەنە ياماتۇدىن ئىسمايىل پالتا، ئابلىمىت ئىلياس، زايىمكادىن ياقۇپ رىشىت قاتارلىق كىشىلەرمۇ چاقىرىلدى. ئىسمايىل پالتا دىنىي ئىلىمدىن خېلى ساۋاتى بار ئادەم بار ئىدى. ئابلىمىت ئىلياس گەپ ـ سۆزى جايىدا، ئادەم ئىشلىتىشكە، سورۇنلارنى باشقۇرۇشقا ئېپى بار كىشى ئىدى. ئۇ ناھايىتىمۇ كېلىشكەن ئادەم بولۇپ، سالچىلارنىڭ: «ھۆكۈمەت ئىلى دەريا كۆۋرۈكىنىڭ يېنىغا سالچىلارنىڭ ھەيكىلىنى ياسىماقچى بولسا مۇشۇ ئابلىمىتقا ئوخشىتىپ ياسىسا بولىدۇ» دېگەن ئادىمى شۇ ئىدى. ياقۇپ رىشىت بولسا سالچىلارنىڭ كونا رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ زايىمكادىكى ياغاچ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئىشلارنى ئەڭ ياخشى بېجىرگەنىدى.

ئاشپەز ئۇستام تۆمۈر ئوچاقنى ئۇزۇم بارىڭىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە قازاننى ئاستى. سالچىلار ئوتۇنلارنى يېرىپ ئوچاقنىڭ يېنىغا تىزىپ تەخ قىلىپ قويۇشتى. ھويلا ئىچى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، ئەتراپقا چېچىلىپ تۇرغان ھەممە نەرسە جاي ـ جايىغا رەتلەپ قويۇلدى. ئېرىق بويىغا تىكىلگەن كەچ كۈز گۈللىرى كۆكۈچ رەڭدە ئۇششاق ئېچىلىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ، گۈل ھەربىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆكۈللۈك غوكۇلدىشاتتى. ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن قۇياش نۇرى تالادەك ئۈچ تارتىپ باراڭ ئاستىدىكى نەرسىلەر ئۈستىدە تىنىمسىز جىمىرلايتتى... مال سويۇلۇپ قازانغا سۇ تولدۇرۇلدى، گۆش پارچىلىنىپ قازانغا چۈشۈشى بىلەن ئوچاققا ئوت يېقىلدى. كىملەردۇر قوشنىلاردىن ئۈزۈن ئورۇندۇقلارنى سوراپ ئاچىقىپ باراڭ ئاستىغا قويدى. يىراقتىن كەلگەن سالچىلار باراڭ ئاستىدىكى ئۈزۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئازراقتىن چاي ئىچىپ پاراڭغا چۈشۈشتى. ئاياللار بوم - زىل ئاۋازلىرى بىلەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، پېشايۋاننىڭ بىر تەرىپىدە سەۋزىلەرنى توغراپ قەلەمچە قىلىشىۋاتاتتى. گۈلئايىم ئۈستىگە پىنجەك بىلەن ئۇششاق گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، بېشىغا ئاق ياغلىق سالغانىدى. ئۇ ھەربىر مېھمان بىلەن ئىللىق سالاملىشىپ، پېشايۋاندا تۇرۇپ: «يېڭەندازلارنى مانا بۇياققا ئېلىپ كېلىڭلار! ئايزىمخان، سىلى خاپا بولماي ئاۋۇ تاۋاقلارنى بىر ساناپ قويسىلا، يەتمىگۈدەك بولسا قوشنىلاردىن يەنە ئېلىپ چىقايلى... قەلەمچە قىلغان سەۋزىنى مانا ماۋۇ يەرگە قويايلى» دەپ كىملەرنىدۇر ئىشقا بۇيرۇپ تۇراتتى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتمۇ كۈن مانا مۇشۇنداق ئوبدان بولۇپ بەرسە، — دېدى باراڭنىڭ ئاستىدىكى ئۈزۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان سالچىلارنىڭ بىرى.

— ئوبدان بولار، — دېدى يەنە بىر سالچى، — قۇۋانئاخۇننىڭ ئايالى ئاشۇ پېشايۋاندا تۇرغان ئايال شۇمىكەن؟

— شۈكەن.
— ئەجەب كىيلىشمىلىك ئايالكىنە.
— مەنمۇ شۇنىڭغا زەن سېلىۋاتىمەن، — دېدى ئىسمايىل پالتا، — سەمەتئاخۇن، مەيەرگە كىيلىگلار، — دەپ نېرىدا ئوچاقنىڭ يېنىدا تۇرغان سەمەتنى يېنىغا چاقىردى ئۇ، — قۇۋانئاخۇننىڭ ئاۋۇ خوتۇنى قۇۋانئاخۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن باشقا بىرسىگە ياتلىق بولمىغاندۇ؟
— ياتلىق بولماپتۇ.
— ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، قۇۋانئاخۇن قازا قىلغىنىغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى... قارىغاندا بۇ خوتۇن ئوبدان تەربىيە كۆرگەن ئايالدەك قىلىدۇ، قاراشلار، يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزى، سالام - سائەتنىڭ جايىدىلىقىنى، تېگى نەلىككەن؟
— قەشقەردىن ئوخشايدۇ.
— ھەممىگلار بىر يۇرتتىن ئىكەنسىلەر... سەل بۇرۇنراق مەسلىھەت سالغان بولساڭلار، ئەسلىي بۇ نەزىرنى تويغىلا ئۆزگەرتىۋېتىدىغان گەپكەن.
— ئىسمايىلئاخۇن، بۇ نېمە دېگىنىڭلار؟ — دەپ ھەيران بولدى سەمەت.
— ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، — دېدى ئىسمايىل پالتا، — سىلىمۇ قاچانغىچە «بويتاق» دېگەن بۇ نامنى شىلىلىگلىگە ئارتىپ يۈرۈۋېرىسىلەر؟ مۇسۇلمانچىلىقتا تېنى ساق، ئۆيلىنىشكە قۇربى يېتىدىغان تۇرۇپ، مۇنداق بويتاق ئولتۇرۇۋېرىشمۇ دۇرۇس ئىش ئەمەس، بۇرۇنراق مەسلىھەت سالغان بولساڭلار، قۇۋانئاخۇننىڭ ئاۋۇ تۇل قالغان خوتۇنى بىلەن سىلىنىڭ بېشىڭلىنى بىر قىلىپ،

ماۋۇ نەزىرنىڭ ئورنىغا توي چېيىلا تارتىدىغان گەپكەن، كۆپكە ئاش تارتىدىغان گەپ بولغاندىكىن توي دېگەنمۇ بىر نەزىر.

— پاھ ـ پاھ! — دېدى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئابلىمىت ئىلياس، — مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىلا گەپ بولدى ـ دە، ئۆزۈڭلىرىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىنىڭ ئايالى، تۇل قاپتۇ، سىلى ئالساڭلا ساۋاب بولىدۇ، «قىز ئالىمەن» دەپ تەمەدە يۈرەمسىلەر ـ يە؟

— يوق گەپنى قىلماڭلار، — دېدى سەمەت، — بۇ يېشىمدا ماڭا قىز دۇرۇس بولامدۇ!

— سەمەتئاخۇن توغرا گەپ قىلدى، — دېدى ئىسمايىل پالتا، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابەدىن «ئۆيلەندىڭمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، ھېلىقى ساھابە «ئۆيلەندىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پەيغەمبىرىم: «قىز ئالدىڭمۇ؟ چوكانمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، «چوكان ئالدىم» دەپتۇ. رەسۇللا: «قىز ئالساڭ بولماسمىدى؟» دەپ سورىغانىكەن، ھېلىقى ساھابە: «ئۆيدە يېتىم بىر قانچە كىچىك سىڭىللىرىم بار، ئۇلارغا يەنە بىر نادانىنى قوشۇشنى خالىمىدىم، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تاراپ، خىزمىتىنى قىلىدىغانغا چوكان ئالدىم» دېگەندە رەسۇللا: «توغرا قىلىپسەن» دېگەنىكەن. سىلىمۇ ئەمدى بۇ يېشىڭلىدا ئۆزۈڭلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭلارنى قىلىدىغان ئايالنى تېپىپ ئالساڭلار بولىدۇ... قارىسام، قۇۋانئاخۇننىڭ ماۋۇ ئايالى سىلىگە تازا باب كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— چىرايىدىنمۇ كەتمىگەنلا ئايالكەن، نەچچە ياشلاردا باردۇ؟ — دەپ سەمەتكە قارىدى ئابلىمىت.

ــ بىلمىدىم، ــ دېدى سەمەت.

ــ «ماقۇل»لا دەڭلا، ماۋۇ ئىسمايىلئاخۇننىڭ باردا ئەتە نەزىرىنى تۈگىتىپ، ئىككاھىڭلىنىمۇ ئوقۇتۇپلىۋېتەيلى.

ــ نېمە دەيدىغانسىلەر ئاغىنىلەر ھوي، ــ دېدى سەمەت، ــ نەزىرگە كىرىپ توي قىپتۇ، دېگەن قانداق گەپ؟ يوق گەپنى تاپماڭلار، ئەتە ماۋۇ نەزىرنى بىر چىرايلىق تۈگىتەيلى.

ئەرلەر ئەتىگەنگە چاقىرىلغانىدى. سالچىلار نەزىر كۈنى چۈشكىچە ئەر مېھمانلارنى ئۇزىتىشىپ بېرىپ قايتىپ كەتتى. سالچىلارنىڭ ئاياللىرى كەچ كىرگۈچە ئايال مېھمانلارنى ئۇزىتىشىپ ئەتىسى قايتتى. بۇ ئاياللار گۈلئايىمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن قونغاچقا، قاپچىغايغا يېتەرلىك گەپ ـ سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. خېلى كۈنلەرگىچە ئۇلار ئارىسىدىكى گەپ سەمەت بىلەن گۈلئايىم ئۈستىدە بولدى.

ــ شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز سۇۋادان تېرەكلىك تازىمۇ چىرايلىق بىر كوچىسىغا كىردۇق، ــ دەپ پاراڭ قىلاتتى نەزىرگە كىرگەن خوتۇنلار نەزىرگە كىرمىگەن خوتۇنلارغا، ــ ئۆيلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئېيتايمۇ، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، پېشايۋانلىرى كەڭتاشا، ئالدى باغ، سۈرەتتەك چىرايلىق بىر ئۆيلەركەن، قۇۋائىئاخۇننىڭ خوتۇنى... ئېتى نېمىتى؟... ھە، گۈلئايىم، ئۆزىمۇ كېلىشىملىك خوتۇنكەن، قۇۋائىئاخۇن دېگەن قايسى سالچى بولغىيتتى، زادى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. ھېلىقى خوتۇنغا قاراپلا قاپتىمەن، يېشىمۇ خېلى باردۇ دەيمەن، «قانچە ياشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كىردىلا؟» دەپ سورىغىلى بولمىدى، ئەممازە، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، ياپپاشلا تۈرۈپتۇ.

— ئەسلى بىر كاتتا باينىڭ خوتۇنىكەن ئەمەسمۇ،— دەپ گەپنى داۋاملاشتۇردى يەنە بىر ئايال،— چىنە - قاچا، ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ قەدىمكى زاماننىڭ قىممەتلىك ماللىرىدىن ئىكەن. قونۇپ قالغان خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىگە يېڭى يوتقان ياپتى.

— كېيىن قانداق بولۇپ بىر سالچىغا تېگىپ قاپتىكەن ھوي؟

— ئۇ تەرەپلىرىنى سورىغىلى بولمىدى، گۈلئايىم ئۇ باي ئېرىدىن ياشلا تۇل قاپتىكەن، كېيىن شۇ قوۋائىئاخۇن بىلەن تېپىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، تەقدىر قىلسا بىر ئىشلار شۇنداق بولۇپ قالىدىكەنغۇ...

— بالىلىرى يوقمىكەن؟

— تۇغماپتىكەن.

— ھە، شۇ، تۇغماي، بالىنىڭ جاپاسىنى كۆرمەي، دۆلەت ئىچىدە ئۆتكەن خوتۇنلار شۇنداق چىرايىدىن كەتمەيدۇ... ئاڭلىساق، شۇ خوتۇننى بىزنىڭ ماۋۇ سەمەتئاخۇن بويتاق ئالغۇدەك، دېگەن گەپ بارغۇ؟

— ئۇ گەپ ئاشۇ نەزىردىمۇ بولدى،— دېدى نەزىرگە كىرىپ چىققان يەنە بىر ئايال گەپ ئارىلاپ،— سەمەتئاخۇن: «ئۆزۈمنىڭ يېقىن ئاغىنەمنىڭ ئايالى ئىكەن، تۇل قاپتۇ، ئېلىپ قويسام بولامدىكىن» دەپتۇدەك.

— ۋايىيەي، كىر ياستۇقنى قۇچاقلاپ دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ يۈرگەن بويتاق تېخى «ئېلىپ قويسام بولامدىكىن» دەپ كېتىپتىما؟ ئاغزىدا شۇنداق دېگەن

بىلەن، ئۇنداق چىرايلىق خوتۇننى چىرايلىق ئۆيلىرى بىلەن كۆرگەندە كۆڭلىگە موك ياققاندۇ؟

— بىزنىڭ ئەر خەقلەر بۇ سەمەتئاخۇن يېقىنىنىڭياقى دەريا بويىدىكى ھەيكەلنى كۆرمەن، دەپ شەھەرگە تولا قاترايدىغان بولۇپ قالدى. پۇتىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ، جاڭ دوختۇرغا يىڭنە سانجىتىدىغان ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، دەۋاتاتتى...

— نېمە ھەيكەلكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى بىر ئايال چۈشەنمەي.

— شەھەردىكى ئىلى دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى يېنىغا بىر سالچىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپتۇدەك... بۇ سەمەتئاخۇن ئۇ ھەيكەلنى ئەمەس، باشقا ھەيكەلنى كۆرگىلى كىرەتتىكەن - دە!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوتۇنلار «ۋاي!» دەپ چۇقان سېلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھەي ساراڭ خوتۇنلار، — دېدى يەنە بىر ئايال، — سەمەتئاخۇن «ئېلىپ قويسام بولامدىكىن، بولمامدىكىن» دەپ تارتىنىشقان بولسا تارتىنىشقاندۇ، ئۇ دېگەن تېخى ئۆيلەنمىگەن «يىگىت» تۇرسا.

— ئۆيلەنمىگەن «يىگىت» بولغان بىلەنچۇ، ئەر خەقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سەمەتئاخۇن دېگەن بۇ ئادەم ياش ۋاقتىدا ناھايىتى شوخ ئادەمتىكەن. سەتەڭلەرنىڭ شورىدىن خېلى ئاتلاپ باققان، دېيىشىدۇ.

— بوپتۇ، ئوغۇل بالىكەن، ياش ۋاقتىدا شوخلۇق قىلغان بولسا قىلغاندۇ... — ياشتا چوڭراق بىر ئايال، — ھېلىقى قوۋۋانئاخۇننىڭ تۇل قالغان خوتۇنى... ئېيتىنى نېمە دېدىڭلار؟

— گۈلئايىم.

— بۇرۇن بايغا تەگكەن بولسا تېگى چىقىدەك قىلىدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا شۇنداق كاتتا بايلارنىڭ خېنىملىرىنى «ئايىم» دەپ چاقىراتتىكەن... گۈلئايىم خېنىم: «سەمەتئاخۇن تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىت، بولدى، تويىنى ئۆزۈم كاتتا قىلىپ، يىگىتنى قاپچىغايدىن شەھەردىكى مۇشۇ قورۇغا يۆتكەپلا كىرىمەن» دەپتۇدەكقۇ؟...

ئايالللارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنداق ئەپقاچتى گەپلەر سەمەتئاخۇننىڭ قۇلىقىغا يېتەمدۇ، يەتمەمدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما، شۇ نەزىر كۈنىدىن كېيىن سەمەتمۇ: «گۈلئايىمغا ئۆيلەنسەم قانداق بولار؟» دەپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. «ئۆيلەنسەم نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى يەنە ئۇ، — ياش ۋاقتىمدا تونجى بولۇپ شۇ قىزغا كۆزۈم چۈشكەن. كېيىن، ئاتا - ئانىسى ئۇنى باشقا بىرسىگە ياتلىق قىلىۋەتتى. بۇ لەيلىگۈلنىڭ گۇناھىمىتى؟ يا ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەنلىكىمنى بىلەمسە... شۇنچە يىللار خىيالىمدىن يەنە شۇ قىز كەتمەپتۇ. تەقدىر ئۇنى يەنە ماڭا ئۇچراشتۇرماي قوۋۋانغا ئۇچراشتۇرۇپتۇ. پەلەكنىڭ مۇنداق پىرقىراشلىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟... ئۆمرۈم بويى ئۆزۈم ئىزدىگەن ئايال شۇكەن، ماقۇل بولسا ئالاي...»

لېكىن ئۇ تۇرۇپلا يەنە بۇ خىياللىرىدىن يالتىيىپ قالاتتى. «ياق...! — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — گۈلئايىم دېگەن كىم ئۇ؟... گۈلئايىم بىر پىخسىق باينىڭ خوتۇنى، كېيىن ئۇ مېنىڭ يېقىن بۇرادىرىم قوۋۋانغا تەگكەن... بۇ خوتۇننى ئەمدى مەن ئالسام قانداق بولىدۇ؟... مېنىڭ ئىزدىگىنىم ‹گۈلئايىم› دېگەن خوتۇن ئەمەس،

‹لەيلىگۈل›، دېگەن قىز. ئەمدى ئۇ ماڭا مەڭگۈ ئۇچرىمايدۇ...»

سەمەتئاخۇننىڭ شەھەرگە قاراپ ماڭغىنىنى كۆرسىلا قاپچىغايدىكى ئاياللار «ماڭدى» دەپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قوياتتى. بۇ ئارىلىقتا سەمەت زادى شەھەرگە قانچە قېتىم كىرگەندۇ؟... ئۇنى شەھەرگە كىرسىلا گۈلئايىمنىڭ قېشىغا ماڭدى دېگىلى بولمايتتى. سەمەت شەھەردىكى تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بازار ئارىلاپ، كىملەر بىلەندۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىشىپ، شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى ھېلىقى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ياتاتتى. ئەمما، كۆڭلىدە «گۈلئايىم تەرەپكە بارايمۇ، بارمايمۇ؟» دېگەن سوئال نېرى بولمايتتى. تورۇسقا، ئۆينىڭ قارىداپ كەتكەن بورىلىرىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ يېتىپ، تورۇستىكى ئۆيگە سالغان ياغاچلارنى چەنزىلىرى بىلەن قوشۇپ قانچە رەت ساناپ چىقتى. يىراقتا قېلىپ تۇگەپ كەتكەن ئانىسىنى، ھېلىقى ئوتتۇرىسىدا يوغان كۆل بار مەھەللىسىنى خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ يۇرتىدىن چىقىپ كەتكىنىگە يىرىم ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، بەزى ئىشلار كۆز ئالدىغا تېخى تۇنۇگۇنكىدەكلا روشەن كېلەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇقلا بولۇپ قالاتتى.

«ھەممىنى گۈلئايىمغا ئوچۇق ئېيتسام بولامدىكىن،— دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە سەمەت بەزىدە،— ئاشۇ ئۇزۇن چاچ لەيلىگۈلنى ئۇچرىتىپ قالارمەن، دەپ ئۈمىدلىنىپ ھازىرغىچە ئۆيلەنمەي كەلگەنلىكىمنى، ھەممىنى ئوچۇق ئېيتىش كېرەك!»... «ياق!— دەپ

ئۆزىنى ئۆزى رەت قىلالىتتى يەنە ئۇ، — بۇ ئەخمىقانە ئىشلىرىمنى باشقىلارغا دەپ نېمە قىلاي، ھەممىسى سىر بولۇپ ئۆزۈم بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغىلا كەتسۇن!»...

سەمەت ئۆز ۋاقتىدىكى لەيلىگۈلنى ئويلىسا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان تونۇش بىر ناخشىنى تىڭشاۋاتقاندەك، تولىمۇ تاتلىق بىر چۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆرۈۋاتقاندەك، كۆز ئالدىدىن توقايلارنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسى غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

ئارىدىن قىش ئۆتۈپ يەنە باھار كەلدى، باغلاردا مېۋىلەر چېچەكلەپ، دالالار گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ، بۇلبۇللار تاڭ ئاتقۇچە بەس - بەستە سايرىشاتتى. بۇ مۆھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالغان ئادەملەرنى تولىمۇ بىئارام قىلىدىغان پەسىل ئىدى. بىر كۈنى سەمەت شەھەردىكى ئۆيىدە يەنە شۇنداق خىياللار بىلەن تورۇسقا قاراپ ياتاتتى، كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى.

— كىم؟ — دەپ بېشىنى كۆتۈردى سەمەت.

ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن بوسۇغىغا باھارنىڭ ئاپتىپى چۈشتى. ئارقىدىنلا ئۇ يەردە گۈلئايىم پەيدا بولدى.

— ئەسسالام، سەمەتئاخۇن، باركەنلا؟

— ھوي، گۈلئايىمما؟!... — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى سەمەت، — بۇياققا قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇغۇ؟... يۇقىرى ئۆتسىلە، ئۆي ئىچى قالايمىقان، بويتاقنىڭ ئۆيى نېمە بولماقچىدى، مانا ماۋۇ سۇپىغا كەلسىلە.

گۈلئايىم سەمەت ئورۇن سېلىپ ياتقان سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— بۇ ئۆينى قانداق تاپقانلا؟

— ئىزدەپ - سوراپ تاپتىم، — دېدى گۈلئايىم، —

قارىسام شۇ نەزىردىن كېيىن پەقەتلا كۆرۈنمىدىلا، «بۇ سەمەتئاخۇننى رەنجىتىپ قويغاندىمەنمۇ؟» دەپ تولا ئويلاپ كەتتىم، ئالدىنقى كۈنى سىلىنى ئىزدەپ قاپچىغايغا چىقتىم...

— نېمە دەيدىغانلا؟ — دەپ ھەيران بولدى سەمەت.

— چىقتىم، باشقا گەپمۇ يوق. بۇ سەمەتئاخۇن ئاغرىپ قالغانمىدۇ؟ يا مېنىڭدىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتۈپ رەنجىپ قالغاندىمۇ؟ ئۆزىدىن بىر ئۇقاي، دەپ ئىزدەپ چىققانىدىم، قاپچىغايدا يوقكەنلا، بىزنىڭ ئۆيگە نەزىرگە كىرگەن ئاياللارنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قوندۇم. بۇ ئۆينى سالچىلار دەپ بەردى. سىلى ئەجەب شەھەردىمۇ ئۆيۈم بار دېگەن گەپنى قىلمىغۇدىلا... بويتاق دېگەننىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپلا بارغىلى بولمايدۇ، قانداق قىلسام بولار، دەپ دېلىغۇل بولۇپ مىڭبىر خىيالدا كېلىشىم، ھە، تەنلىرى ساقتۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، مۇشۇنچىلىك تۇردۇم.

— نېمە بولدى، بىز تەرەپكە دەسسەپمۇ قويمىدىلىغۇ؟

— ئەمدى...— دەپ سەل دۇدۇقلاپ قالدى سەمەت،— ھەقىچان سىلىنىڭ خەۋەرلىرىدە يوق، شۇ نەزىردىن كېيىن قاپچىغايدا ئىككىمىزنىڭ گېپى جىق بولۇپ كەتتى.

— نېمە گەپكەن ئۇ؟

— نېمە بولاتتى، سەمەتئاخۇن بىلەن قۇۋۋانئاخۇننىڭ تۇل قالغان خوتۇنى توي قىلىشقۇدەك، دېگەن گەپلەر.

گۈلئايىم قىپقىزىل قىزىرىپ يەرگە قاراپ كۈلدى.

— مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم،— دېدى ئۇ،— شۇ خوتۇن خەقنىڭ تاپقان گېپى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ــ ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىمۇ شۇ گەپ،ــ دېدى سەمەت،ــ تېخى ھېلىقى نەزىردە خەتمىقۇرئان قىلغان ئىسمايىل پالتا نەزىردىن كېيىنلا ئىككىمىزنىڭ نىكاھىنى ئوقۇۋەتمەكچىدى، مەن «ھاي ــ ھاي» دەپ توختىتىپ قويدۇم. شۇڭا، سىلىگە ئۆششاق گەپ تېپىپ بەرمەي دەپ ئۆزۈمنى تارتقانىدىم.

ــ ۋاي، سەمەتئاخۇن، قىزىقكەنلا،ــ دېدى گۈلئايىم،ــ خەق دېگەننىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولامتى، دەۋېرىدۇ... ئاڭلىسام سىلىنى ياش ۋاقتىدا ناھايىتى نوچى ئۆتكەن ئادەمتى دەيدۇ، قېنى ئۇ نوچىلىقلىرى؟ بىزنىڭ قازىنىمىز خەقنىڭ ئۆيىدە قايىنامتى، ئۇششاق گەپتىن نىمانچە قورقاتتىلا؟... قويسىلا، مەن سىلىنى ئىلىپ كەتكىلى كەلدىم.

ــ نەگە؟ ــ دەپ چۆچۈپ كەتتى سەمەت.

ــ سىلى بىلەن بىز بىر يۇرت، بىر مەھەللىدىنغۇ، شۇنداقتۇ؟

ــ شۇنداق؟

ــ بىرەردىن باللىرىمىز بولغان بولسىمۇ كاشكى، ئىككىلىمىز تىكەندەكلا يالغۇزكەنمىز، ماۋۇ كۈنگە كېلىپ، سىلى شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىدە يالغۇز ياتسىلا، مەن بىر يەردە يوغان بىر ھويلىنى بېشىمغا كىيىپ يالغۇز ئولتۇرسام قانداق بولىدۇ؟... بىزنىڭ ھويلىدا بىر ئېغىز بوش ئۆي بار. سىلىنىڭ ماۋۇ كاتەكتەك كەپىلىرىگە قارىغاندا ئۆلۈكى ئارتۇق،ــ دەپ تام ــ تورۇسلىرىنى تور باغلاپ كەتكەن ئۆيگە قاراپ قويدى گۈلئايىم،ــ يۆرسىلە، شۇ يەرگىلا كۆچۈپ بارسىلا.

— ئۇششاق گەپ تېخىمۇ ئەدەپ كېتەمدىكىن، — دېدى سەمەت.

— ھېلىمۇ قاپچىغايدىكى گەپچى خوتۇنلار سىلىنى شەھەردە ئۆزىنىڭ بويتاق پاخىزىسىدا ياتىدۇ، دەپ ئويلىمايدىكەن، «سەمەتئاخۇننىڭ قاپچىغايغا چىقمىغىنىغا ئۇزۇن بولدى، ھەقىچان ھېلىقى تۇل خوتۇن بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتامدىكىن» دەپ ئويلايدىكەن... ئۇششاق گەپتىن قورقسىلا مەن سىلىنى لايىق تېپىپ ئۆزۈم ئۆيلەپ قوياي. سىلى دېگەن ئۆز يۇرت ئەمەسما؟ ماڭا ياخشى كۆڭلىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، «ۋاي پالانچى!» دەپ ۋارقىرىسام يۈگۈرۈپ كىرگۈدەك ھەمراھ بولسىلا بولدى.

گۈلئايىمنىڭ بۇ كەسكىن قارارى سەمەتئاخۇننى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى.

— بۇ كەمگىچە ئۆيلەنسەممۇ نەچچە ئۆيلىنەر ئىدىم، — دېدى سەمەت، — بالىچاقىلىقمۇ بولارىدىم، بىزنىڭ بۇ سالچىلىق دېگەن جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپلا يۈرىدىغان ئىش. ئەنە قوۋۇئاخۇن دەريانىڭ تۈپتۈزلا بىر يېرىدە بىرلا چۆكتى چىقمىدى، ئالمادىس، شۇنداق ئىشلار بولۇپ قالسا خوتۇن، بالىچاقا دېگەنلەر نەدە تېنەپ يۈرەر، دەپ شۇ يەرلىرىنى ئىنچىكە ئويلاپ كەتتىممۇ، بىلمىدىم. ئۆيلەنمەيلا ئۆتۈپ كېتىپتىمەنغۇ تاڭ!... ئەمدى ئويلىسام، راست سىلى دېگەندەك ياش چوڭ بولغاندا ئادەمگە بىرەر ھەمراھ بولمىسىمۇ بولمايدىكەن... سىلىنىڭ ھويلىغا بارساممۇ باراي، ئاۋۋال ئىككىمىز خەت ئېلىپ تۆت ئادەمنى چاقىرىپ چىرايلىق نىكاھ ئوقۇتايلى، ئاندىن باراي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەللىك ئۈچىنچى باب

# يۈرتقا سەپەر

توي قاپچىغاينىڭ ئاياللىرى ئولتۇرغان ئۆيدە ئۇنچىلىك داغدۇغىلىق بولۇپ كەتمىدى. گۈلئايىم سارايى ئۆيىنىڭ تاملىرىنى بويلىتىپ يېكەندازلارنى سېلىپ، قەنت ـ گېزەك، مېۋە ـ چېۋىلەرنى تىزىپ داستىخان ھازىرلىدى. بىر قازان پولۇ دەملەندى. سەمەتئاخۇن كۆڭلى يېقىنلاردىن بىرقانچەيلەننى باشلاپ كەلدى. گۈلئايىممۇ قوشنىلاردىن ئىككى ـ ئۈچ كىشىنى چاقىرىپ قويدى. نىكاھنى ئىسمايىل پالتا ئوقۇدى. نىكاھنىڭ ئاخىرىنى ئۇ: «نىكاھ دېگەن ئاللانىڭ بۇيرۇقى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئۆزۈڭلارنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققان قارارى، بىر ـ بىرىڭلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۆمرۈڭلارنىڭ ئاخىرىغىچە ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتكەيسىلەر، ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ ئاخىرلاشتۇرۇۋىدى، نېمىشقىدۇر گۈلئايىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۇنسىز كۆز يېشى قىلدى.

تاماقتىن كېيىن مېھمانلار قوزغالدى، سەمەتئاخۇن ئەرلەرنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، يەنە ئىسىدە يوق ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ مېڭىۋەرگىلى تۇردى.

— سەمەتئاخۇن، سىلى نەگە؟ — دېدى بىر سالچى ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولۇپ.

— ھەي، ئېسىمدە يوق، مەنمۇ سىلەرگە قوشۇلۇپ مېڭىۋېرىپتىمەنغۇ، — دېدى سەمەتئاخۇن توختاپ.

— ھوي ئىسمايىلئاخۇن، — دېدى ھېلىقى سالچى ئىسمايىل پالتىغا قاراپ، — سىلىنىڭ ئوقۇغان نىكاھىڭلا ماۋۇ سەمەتئاخۇنغا زادىلا يۇقمىدىمۇ نېمە؟... سەمەتئاخۇن، سىلى ئەمدى گۈلئايىم خېنىم بىلەن بىرەر ھەپتە ئۆيدىن مۆكۈدىشىپ، قاپچىغايغا ئاندىن چىقارسىلەر.

— ئۇزۇن يىل بويتاق يۈرۈپ كەتكەن نېمە، — دېدى ئىسمايىل پالتا، — نىكاھ يۇقمىسىمۇ يۇقمىغاندۇ...

سالچىلار دەرۋازا ئالدىدا تويى بولغان «يىگىت»كە بىر ھازا چاقچاق قىلىپ پۇخادىن چىققاندىن كېيىن خوشلىشىپ مېڭىپ كەتتى.

سەمەت بىلەن گۈلئايىم باش قوشۇشقان شۇ كېچىنى مەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويۇشتىمۇ ياكى بىر - بىرىدىن قورۇنۇپ ئايرىم يېتىشتىمۇ؟ ئۇ تەرەپلىرىنىمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، ئۇ تولۇن ئاي پۈتۈن ئەتراپنى ئۆزىنىڭ سىرلىق نۇرىغا چۆمدۈرگەن، ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، باغدىكى مېۋىلەرنىڭ ئاپپاق چېچەكلىرى قار ئۇچقۇندەك تۆكۈلۈپ تۇرغان، بۇلبۇللار مەست بولۇپ سايرىشىپ تۇرغان ئاجايىپ بىر باھار كېچىسى ئىدى. يىراق بىر يەردىن يولۇچىنىڭ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىناتتى:

ياخشى ئاتقا نىمىتى،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.
بىر كەلسەڭ ساقايامتى،
كۆيگەن يۈرەكنىڭ يارىسى.

كىچىمۇ كىچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كىچە بولسا.
يار بىلەن تېپىشقاندا
تاڭ ئاتماس كىچە بولسا...

گۈلئايىم بىلەن سەمەت ياتقان ئۆيدىكى گۈدۈك ــ گۈدۈك پاراڭ تۈن يېرىمىغىچە بېسىلمىدى. ئۇلار يىراق بىر ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە، قەدىمىي ئائىلە شەھەردىن ئىلىخوغىچە، قىرىلىقتىن ياشلىققىچە نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشتى. ئاخىرىغا بېرىپ، ئۇلار ئۇچۇن ئارىدا ھېچقانچە يىللار ئۆتمىگەندەك، باھار چېچەكلىرى بىلەن قاپلانغان شۇ ئايدىڭ كېچىدە ئۆمۈرمۇ، كىشىنىڭ يېشىمۇ، ھەممە نىمە ئارقىغا قايتىپ كەتكەندەك، باھار كېتىپ يەنە يېڭى بىر باھار يېتىپ كەلگەندەك، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەن شاخلاردىن يېڭى بىخلار بەرق ئۇرۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدى...

ئەتىسى سەمەت ئويغانغاندا تاڭ ئاللىبۇرۇن يورۇپ كەتكەنىدى. دېرىزىلەرنىڭ قاپقاقلىرى ھېم ئېتىلىپ قاراڭغۇلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئۆينى قاپقاقنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرگەن شولا كۆككا يورۇتۇپ تۇراتتى. گۈلئايىم سەھەردىلا تۇرۇپ ھويلا ــ ئارانلارنى سۈپۈرۈپ، ئەمدى دالان ئۆيدە ئەتىگەنلىك ناشتىغا تەييارلىق

قىلىۋاتاتتى. سەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ جوزىغا كەلدى.

— ئەسسالام! — دېدى گۈلئايىم سەمەتكە قاراپ ئېگىلىپ، — ئوبدان قوپۇپسىزمۇ؟... يۇقىرىغا، كۆرپىگە ئۆتسىلە.

ئەتىگەنلىك ناشتىغا يۇمشاق نېپىز نان بىلەن قايماقلىق ئەتكەنچاي، بىر تەخسىدىن ھالۋا تەييارلانغانىدى. سەمەت «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم!» دەپ چايدىن بىر ئوتلاپ، داستىخاندىكى ناننى ئوشتۇدى، گۈلئايىم نېمىشقىدۇر ئالدىدا ئولتۇرغان سەمەتكە دىققەت قىلىپ قاراپ كەتتى.

— قېنى، لەيلىگۈل، ئۆزلىرىمۇ كەلسىلە، — دېدى سەمەت.

— نېمە دېدىلا؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى گۈلئايىم.

— نېمە دېدىم؟ — دەپ ئۆزىمۇ ھەيران بولدى سەمەت.

— «لەيلىگۈل» دېدىلا.

— «لەيلىگۈل» دېدىمما؟... سىلىنىڭ قىز ۋاقتىلىرىدىكى ئىسمىلىرى ئېسىمگە كېلىپ قاپتۇ — ھە! ئەمدى سىلىنى «لەيلىگۈل» دېسەم بولارمۇ، «گۈلئايىم» دەۋېرەيمۇ؟

— «لەيلىگۈل» دېگەننى ئۆزۈممۇ ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، ھېلى سىلى «لەيلىگۈل» دەپ چاقىرىپتىلا يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى... ئەمدى ماۋۇ يۇرتتا مېنى ھەممە ئادەم «گۈلئايىم» دەپ ئۆگىنىپ قالدى، سىلىمۇ «گۈلئايىم» دەۋەرسىلە.

— توۋا خۇدايىم، — دېدى سەمەت يۇمشاق ناننى ھالۋىدىن ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ، — بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«لەيلىگۈل» دېگەن ئىسمىم ئاغزىمغا قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟!... قېنى، ئۆزلىرىمۇ تاماقتا كەلسىلە.
— سەمەتئاخۇن، — دېدى گۈلئايىم، — سەھەرگە يېقىن مەن قىزىق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.
— نېمە چۈش كۆرۈپتىلا؟
— ئاخشام ئىككىمىز يۇرتنىڭ گېپىنى تولا قىلىپ كەتكەچكىمۇ، تۇغۇلغان مەھەللىمىزنى چۈشەپتىمەن، ھېلىقى مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلدىن بىزنىڭ ئۆيگە بارىدىغان توپىلىق يول ئات - ھارۋىلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇدەك. ئاتلارنىڭ يالىلىرىغا، ھارۋىلارنىڭ دوغىلىرىغا قىپقىزىل پەرەڭلەرنى ئېسىۋېتىپتىمىش. ئالىيېشىل كىيىنگەن خوتۇنلار تاۋاقلىرىنى كۆتۈرۈپ بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ كېتىۋېرىپتۇدەك، ھويلىمىزنىڭ بىر تەرىپىدە نەغمە - ناۋا قايناپ كېتىپتىمىش، تاۋاقلاردىكى گۆشلۈك پولۇلارنى كۆتۈرۈشۈۋالغان ئادەملەر ئالدىراش ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغۇدەك. ئۇششاق باللار ئۆگزىلەرگە، دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىغا چىقىۋېلىپ تاماشا كۆرۈشۇۋاتقۇدەك... مېنىڭ چاچلىرىم ئۇششاق ئۆرۈلگەن، ئۇستۇمدە شاتىۋار كۆڭلەك، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاڭۋېقىپ تۇرغۇدەكمەن، بىرسى مېنى «لەيلىگۈل... لەيلىگۈل» دەپ چاقىرىۋاتقۇدەك. مەن: «بۇ لەيلىگۈل دېگەن كىمدۇ؟» دەپ زادى ئېسىمگە ئالالمىغۇدەكمەن... بىر چاغدا ئانام مېنى نوقۇشتۇرۇپ: «ھوي ھاڭۋاقتى، نېمىشقا ‹لەيلىگۈل› دەپ چاقىرسام، ‹ھە› دېمەيسەن؟ تويى بولۇۋاتقان قىزمۇ مۇشۇنداق ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ تۇرامدا؟» دەپ ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىپتۇدەك... شۇڭا، ھېلىمۇ سىلى

«لەيلىگۈل» دېيىدىلا، چۆچۈپ كەتتىم.

— پاھ، راستىلا قىزىق چۈش كۆرۈپلا، — دېدى سەمەت قولىدىكى چاي چىنىسىنى يەرگە قويۇپ تۇرۇپ، — بۇ گەپچە، بولۇۋاتقان توي سىلىنىڭ تويلىرىكەندە؟... ئۇ تويىنى كىم بىلەن قىپلا؟

— كىم بىلەن قىلاتتىم، سىلى بىلەن توي قىلىۋاتقۇدەكمەن، — دېدى گۈلئايىم، — سىلىمۇ بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ياشلا يىگىتكەنلا، بىر كۆرۈپلا «سەمەتئاخۇنخۇ بۇ» دەپ تونۇۋاپتۇدەكمەن. جامائەت ئىككىمىزنى بىر گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، تۆت بۇرجىكىنى تۇتۇپ شۇنداق كۆتۈرۈپتىكەن، گىلەم ئۇلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇدەك. شامال مېنى گىلەمنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇرۇپ كېتەي، ئۇچۇرۇپ كېتەي دەپ قاپتۇدەك. مەن قورقۇپ سىلىگە مەھكەم ئېسىلىۋاپتۇدەكمەن... ئويغانسام چۈشۈم، سىلى تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتىلا، ئولتۇرۇپ: «توۋا، مەن نېمە چۈشلەرنى كۆرۈپ كەتتىم؟» دەپ ئويلىنىپ قالدىم. قارىغاندا ئىككىمىزگە بىر ئۇزۇن سەپەر بار ئوخشايدۇ.

— نېمە سەپەردۇ ئۇ؟ — دېدى سەمەت.

— يۇرتتىكى ئىشلار سىلىنىڭ ئەسلىرىدە بەك باركەن، — دېدى گۈلئايىم كېچىچە سەمەت بىلەن پاراڭلاشقان ئىشلارنى ئەسلەپ، — مەن يۇرتتىن بەك كىچىك چىقىپ كەتكەچكىمۇ ھەممە نەرسە كۆز ئالدىمغا چۈشۈمدىكىدەكلا كېلىدۇ، سىلىگە ئېغىر كەلمىسە، مېنى يۇرتقا بىر ئاپىرىپ كەلسىلە، سىلى بىلەن مېنى تونۇيدىغان ئادەملەرمۇ قالمىغاندۇ دەيمەن. شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولسىمۇ ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىنى ئىزدەپ ـ سوراپ تېپىپ، دۇئا قىلىپ قايتساقمۇ ھېساب.

ــ كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېدىڭلا، ــ دېدى سەمەت، ــ شۇنداق قىلايلى، بىراقىزە ھازىر ئەمەس، سەل تەخىر قىلىسىلا.

ــ نېمىشقا؟... ماۋۇ باھار ئايلىرىمۇ قەشقەر تەرەپتە مولچىلىق، ياخشى جۇمۇ، ئۈجمىمۇ پىشتى ھەقچان.

ــ ئۇغۇ شۇنداق، ئەمدى مەن پېنسىيەدىكى ئادەم، ھېلىمۇ ھۆكۈمەت ئىش قىلمىدىڭ دېمەي، ياش چوڭ بولغاندا بۇ پۇلنى ئايمۇئاي بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ دېسىلە، شۇغىنىسى، بۇ پۇل بەك جىقمۇ ئەمەس، مەن ئازراق پۇل يىغاي.

ــ پۇلدىن غەم قىلمىسىلا، سەمەتئاخۇن، پۇلنى مەن چىقىراي، سىلى ماڭا ھەمراھ بولۇپ يۇرتنى كۆرسىتىپ كەلسىلە بولدى.

ــ مەن سىلىنى چىقىمدار قىلسام قانداق بولىدۇ؟

ــ ھېچقانداق بولمايدۇ، ئىككىمىز ئەر ـ خوتۇن بولۇشتۇق، مېنىڭ پۇلۇم سىلىنىڭ پۇللىرى.

ــ شۇنچىلىك دېگەنلىرىگە رەھمەت، ــ دېدى سەمەت ئورنىدىن مىدىرلاپ ئاستىدىكى كۆرپىنى تۈزەپ تۇرۇپ، ــ سىلىگىمۇ بۇ ھويلىدىكى ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ئىجارىسىدىن قانچىلىك كىرىم بولماقچىدى، بولدى قويسىلا، پۇلنى ئۆزۈم جايلايمەن.

ــ ۋاي سەمەتئاخۇن، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاشۇ ئەسكى ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسىگە قاراشلىق دەمدىلا، ھەمراھ بولار دەپ قوشنىغا بەرگەن ئۆيلەر، ئىجارە ھەققىنى بەرسە

بېرىدۇ، بولمىسا يوق. رەھمەتلىك ئىگەمبەردىئاخۇن ئۆلۈپ كېتىدىغان چېغىدا: «مەندىن ياشلا تۇل قالىدىغان بولدۇڭ، ئارىمىزدا بالىمۇ بولمىدى، يامان كۈنلەرگە قالغان چېغىڭدا ئەسقىتىپ قالار» دەپ ئازراق دۇنيانى قالدۇرۇپ كەتكەن، ماۋۇ يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەندە كادىرلار باي ـ بايلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ: «ئالتۇن ـ كۈمۈش بولسا ياردەم قىلىڭلار، كېيىن زامان تەرەققىي قىلغاندا خەقلەر ئالتۇن دېگەننى ئىشكىنىڭ تۇتقۇسىغا، دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىغا ئىشلىتىدىغان بولۇپ كېتىدۇ» دېسە راست ئوخشايدۇ، دەپ بىر پەتنۇس تىللانى ئاچىقىپ بېرىپېتىكەنمەن، ئۇنداق كۈنلەر قاچان كېلىدىكىنتاڭ؟ ئالتۇن دېگەن كۈندىن ـ كۈنگە پۇل بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، شۇ رەھمەتلىكتىن قالغان تىللالاردىن يەنە ئاز ـ تولا بار، يامان كۈنلەردىمۇ تىقىشتۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن. ئوھۇش، ئەمدى يېشىمىز بىر يەرگە يەتتى، گۆرگە كۆتۈرۈپ كېتەتتۇقمۇ؟! بەك كۆڭۈللىرى ئۇنىماي كەتسە ئۆزلىرى پارچە ـ پۇرات خىراجەت قىلىدىغانغا يانچۇقلىرىغا ئازراق پۇل سېلىۋالالا.

※ ※ ※

سەمەت گۈلئايىمنى ئېلىپ يۇرتقا چۇشۇپ بىرقانچە يىل تۇرۇپ قالدى. قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ قاپچىغايدىكى قەدىناسلىرىنى ئۆيگە مېھمانغا چاقىردى. گۈلئايىم داستىخاننى يۇرتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن تولدۇرغانىدى. تەخسىلەرگە گۆشلۈك يېڭى گۈلە ـ قاق، بادام، مېغىز، ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ پوستى نېپىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياڭاقلىرى تىزىلغانىدى. ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا ئىككى ـ ئۈچتىن بەشكېرەمنىڭ قىپقىزىل ئانارلىرى قويۇلغانىدى. چىنىلەردىكى ئەنجۈر مۇراببالىرىدىن گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى.

ــ خوش، سەمەتئاخۇن، شۇنداق قىلىپ يۇرتنى بىر چۆرگۈلەپ كەلدىڭلار؟ــ دەپ باياتىن بولۇۋاتقان گەپنى داۋاملاشتۇردى مېھمانلار،ــ چىرايىڭلىمۇ ئوبدان بولۇپ قاپتۇ.

ــ مېنىڭ ماۋۇ پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىغا ئاشۇ تەرەپنىڭ ھاۋاسى ياقىدىكەن،ــ دېدى سەمەت.

ــ ئەجەب ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بەك مېھمان قىلىپ كەتكەن ئوخشىمامدا؟

ــ يۇرتتىمغۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان تۇرماق مېنى تۇزۇكرەك تونۇيدىغان ئادەممۇ قالماپتۇ... مۇنداق قارىسام يۇرتنىڭ ئاسمىنى يەنە شۇ ئاسمان، بالا ۋاقتىمدا ئاسماندا قۇشنىلارنىڭ ئويۇنچى كەپتەرلىرى موللاق ئېتىپ ئۇچۇپلا يۈرىدىغان، ھېلىمۇ شۇنداق كەپتەرلەر ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. بىراقزە، مېنى تونۇيدىغان ئادەم قالماپتۇ. بالا ۋاقتىمدا ئۆگەي دادام بىلەن چىقىشىپ، ئۆگەي دادامنى بىر يىقىتىۋالغان ئىشىم بولىدىغان (سەمەت ئۆگەي دادىسىنىڭ شۇ ئىش سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئاغزىدىن چىقارغۇسى كەلمىدى). شۇ ۋەقەنى ئاڭلىغانلار باركەن... مۇنداق ھېسابلاپ باقسام يۇرتتىن چىقىپ كەتكىنىمگىمۇ ئۇزۇن يىل بولۇپ كېتىپتۇ ئەمەسما!

ــ ئەمىسە ئۇ يەردە نېمانچە ئۇزاق تۇرۇپ قالدىڭلا؟

— ماۋۇ گۈلئايىمنىڭ ئىنىسىنىڭ بىر ئوغلى شۇ يەردە خېلى كاتتا بىر ئەمەلداركەن، شۇ قېرىندىشىمىزنىڭ سايىسىدا ئۆزاقراق تۇرۇپ قالدۇق... ماۋۇ ئەنجۇر دېگەننى قەشقەردىن ئىلىغا كۆتۈرۈپ كەلگىلى بولمايدىكەن، ئەمۋۇ مۇراببىاسىدىن بولسىمۇ ئېغىز تېگىڭلار.

— ئوبدان ئېلىۋاتىمىز... تۇغۇلغان مەھەللىلىرىڭلار جايىدا بارمىكەن؟

— ۋاي، بىز كۆرگەن مەھەللىلەر قالماپتۇ... بۇرۇن مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان كۆل، كۆل ئەتراپىدا قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان ئۇجمە، قارىياغاچلار بولىدىغان، مەھەللىنىڭ چېتىدە ئىچىگە ئۇششاق بالىلار چۈشۈپ كەتسە چىقالمايدىغان ھەر يوغان ئېرىقلار بولىدىغان، ھازىر ھېچنېمە يوق. رەھمەتلىك ئانامنىڭ قەبرىسىنىمۇ ئىزدەپ تاپالمىدىم.

— مانا قىزىق، نەگە كېتىپتۇ؟

— كونا مەھەللىنىڭ ئورنىنى تۈپتۈز قىلىپ تۈزلەپ ئېتىز قىلىۋېتىپتۇ. جاڭگالنىڭ نېرىسىغا بىر تاشيول چۈشۈپتىكەن. مەھەللە شۇ يول ئۈستىگە كۆچۈپ چىقىپتۇ. يوللىرى تۈپتۈز، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كۆچەتلىرى بار، ئۆيلىرى رەت ـ رەت، چىرايلىقمۇ مەھەللە بوپتۇ. ئەممازە، مېنىڭ كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمىدى.

— نېمىشقا؟

— ئاشۇ كىچىك چاغلىرىمدا ئۆزۈم كوچىلاردا يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ يۈرگەن كونا مەھەللە ئېسىمدە قاپتىكەن. ئۆيلىرىغۇ قىڭغىر ـ قىيسىق، ۋادەك تاملىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇۋۇنقى چۇشۇپ كېسىكى ئېچىلىپ قالغان ئۆيلەرتى، ئەممازە، مېھرى ئىسسىق مەھەللىتى...

— ۋادەك تام دېگەن قانداق تام ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆمرىدە مۇشۇ ئىلى ئەتراپىدىن نېرىغا بېرىپ باقمىغان بىر سالچى.

— ئۇ تەرەپلەردە مۇنداق ئىلىنىڭكىدەك تۇپىدا سوقما تام قىلىپ ئۆي سالىدىغان ئىش يوق، — دەپ چۈشەندۈردى سەمەت، — بىزنىڭ يۇرتلارنىڭ تۇپىسى قۇمساڭغۇ، تۇپىدا تام قىلسا شۇرقىراپ چۈشۈپ توختىمايدۇ. ئاۋۋال ياغاچتىن رام قىلىپ، شاخ - شۇمبا بىلەن خۇددى زەمبىل توقۇغاندەك توقۇپ، ئاندىن لاي بىلەن سۇۋايمىز، «ۋادەك تام» دېگەن شۇ. ھەرقانچە قىڭغايسىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ، ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ ئادەم بېسىۋالمايدۇ. ھويلا - ئارانلارنىڭ تاملىرىنىمۇ شاخ - شۇمبىلار بىلەن توراپلا ياساپ قويغان چىتەن بولىدىغان، چىتەندىن بېشىڭنى چىقىرىپ مۇنداقلا قارىساڭ قولۇم - قوشنىلارنىڭ قىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ... بالا ۋاقتىدا ئېسىدە قالغان نەرسىلەر ئادەمگە شۇنداق قەدىرلىك بىلىنەمدىكىن، بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، شۇ يېڭى مەھەللە كۆزۈمگە سىغمىدى... قېنى چاي ئىچىڭلار.

— يول ياخشىدۇ؟ — دېدى بىر سالچى، — ھۆكۈمەت دېگەن يوللارنىمۇ ئالامەت ياسىۋەتتى.

— ئۇنى بىر دېمەڭلار، — دېدى سەمەت، — بىز ياش ۋاقتىلىرىمىزدا يۇرتتىن پىيادە مېڭىپ چىققان توپىلىق يوللار يوق، يول دېگەننى قارىماينى ياتقۇزۇپ تۇپتۇز ياسىۋېتىپتۇ، ماشىنا دېگەن گۇركىرەپ مېڭىپ

بىر دەمدىلا بىر يەرلەرگە كېتىدىكەن. «نەگە كەلدۇق؟» دەپ سورىساڭ، «پالانى يەرگە» دەۋاتقان؛ «ھوي پوكۇنى يەر قەيەردە قالدىً؟» دېسەڭ، «ئۇخلاپ قالدىڭلىما؟ ئۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ كەتكىلى نەۋاق» دېگەن... بىز ئۆز زامانىسىدا كۆرگەن ئۇ ئەگرى ـ بۈگرى يوللار، ئالدىڭدىن تۇيۇقسىز جەرەنلەر سەكرەپ چىقىپ قالىدىغان جاڭگاللار، يول ئۈستىدىكى ئۇلاغلارنى توختىتىپ قويۇپ سايىدايدىغان يوغان قارىياغاچلار، ھېلىقى ئۆيلىرىنىڭ ئۈستىدىن شۇرقىراپ توپا چۇشۇپ تۇرىدىغان دەڭلەر يوق... ئاغىنىلەر، مەن سىلەرگە دېسەم، يول دېگەننىزە شۇ زامانلاردا بىزلا مېڭىپتىكەنمىز ـ دە. بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا يەتكۈچە ئارىدا نەچچە قوناتتۇق ئەمەسمۇ، شۇ جاپالارمۇ ياشلىقتا بىلىنمەپتىكەن...

سەمەت مېھمانلارغا تاماق ئەكىرىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ قايتىپ كىرگەندە سالچىلار ئەمدى قاپچىغاينىڭ يىلانلىرى توغرىسىدىكى پاراڭغا چۇشۇپ كەتكەنىدى.

ـ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر يىللىرى بىزنىڭ شۇ قاپچىغايدا يىلان تولا بولىدىغان، قاپچىغايدىكىلەر سۇغا ماڭىدىغان يول ئۈستىدە بىر تۈپ دولانا دەرىخى بولىدىغان، شۇ دولانا دەرىخىنىڭ ئەتراپىدا يىلان دېگەن كۇشۇلداپ مېڭىپلا يۇرىدىغان، ـ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تۆردە ئولتۇرغان بىر مېھمان پولۇنىڭ ئۈستىدىكى گۆشنى پارچىلاپ تۇرۇپ، ـ قاپچىغايدىكى ھېلىقى يېڭى ئۆيلەرنى سالىدىغان چاغدا ئېسىڭلاردىمكىن، ئۆينىڭ پۇنتامىتىغا تاش لازىم، دەپ موخۇر سۈيى تەرەپتىكى بىر يوغان تاشنى پارتلاتقانىكەن، ھېلىقى تاشنىڭ ئاستىدىن يىلان دېگەن مىغىلداپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



چىقىپ كەتسە بولىدۇ. تاش تېرىيدىغانغا ئوقۇغۇچى بالىلارنىمۇ ئاچىقىدىكەن، ئاياق كىشىنىڭ يىلانىنى كۆرسە ئاللا ـ توۋا سېلىپ قاچقىنىنى كۆرگەن، ھېلىقى ئۇزۇن چاچ مۇئەللىم قىزىمىزنىڭ ئېتى نېمىتى؟

ــ ئامىنە.

ــ ھە، شۇ قىزنىڭ قانىتىنى يېيىپ چۈجىلىرىنى ساردىن قوغداۋاتقان مېكىياندەك ئوقۇغۇچى بالىلىرىنى توراپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى لەپەڭشىتىپ يىلانلارنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىم... ھېلىقى يوغان تاشنىڭ ئاستىدا ئەسلىدە يىلانلارنىڭ ئۇۋىسى باركەن. تاش پارتلاپ كەتكەچكە يىلانلار كۆچۈپتىكەن. ئارقىدىنلا جاھان قاراڭغۇلىشىپ بىر بوران چىقىپ كەتتى. ئەتىسى قارىساق ھېلىقى يىلانلارنىڭ بىرسىمۇ يوق... ئەمما، يىلان دېگەننىڭ ئەدىپىنى بىزنىڭ مۇشۇ سالچىلار بېرەتتى. ئۇ كەملەردە كونا سالچىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ناسۋال چېكىدىغانلار كۆپ. يىلاننى «كوپ»لا قىلىپ كېكىردىكىدىنلا تۇتۇپ، ئاغزىغا بىر چىمدىن ناسۋال سېلىپ قويۇپ بېرەتتى، ھوشۇر دېگەن سالچىمىز تازىمۇ يوغان بىر يىلاننى تۇتۇۋېلىپ ئاغزىغا شۇنداق ناسۋال سېلىپ قويۇپ بېرىۋىدى، ھېلىقى يىلان تىككىدە بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى يەرگە ۋاقتىدە ئۇرۇپ ئۆلگەنىدى. كۆردۈڭلارمۇ، بۇ كەيپ دېگەننىڭ زەھىرىگە ئادەم چىدىمىسا باشقا نېمە چىدىمايدۇ...

ــ يىلان دېگەن سۇغا ئامراقمىكىن، ــ دېدى بىرەيلەن، ــ مۇشۇ قاپچىغاي قىساڭنىڭ ئىچىدىمۇ يىلان جىقتى...

ــ قاپچىغاي قىساڭنىڭ ئىچىدە يىلانغا قارايدىغانغا

كىمنىڭ چولىسى، — دېدى سەمەت، — جاننىڭ قايغۇسىدا پۈتۈن دىققىتىڭ سالدىلا بولىدىغان گەپ... قىساڭنىڭ ئىچىدە گەپمۇ ئوشۇقچە، ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسىنى سىنايدىغان يەر شۇ.

دەريا بويىدا توقاي،
توقايدىن نېمە قورقاي.
ئوغۇل بالىنى سىنايدۇ،
يامان قىساڭ قاپچىغاي...

دېگەن قوشاقلار بىكار چىقمىغان ـ دە!

— شۇڭا، ھۆكۈمەت سالچىلارنى شۇ قاپچىغاينىڭ ئىچىدىكى جاپالارنى كۆرمىسۇن، دەپ سالچىلار مەھەللىسىنىمۇ جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە سېلىپ، ياغاچنىمۇ شۇ يەردىن باشلاپ تارتىدىغان قىلغان ئەمەسمۇ.

لېكىن، كونا سالچىلار ھازىرقى قاپچىغاي مەھەللىسىدىن باشلاپ سال تارتىدىغان يېڭى سالچىلارغا زادى قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قاپچىغاي قىساڭنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ باقمىغان سالچى سالچىمۇ ھېسابلانمايتتى.

— قاپچىغاي جىلغىسىنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن سالچى ئازمۇ؟ — دېدى بىرەيلەن، — ھازىرقى بۇ قاپچىغاي مەھەللىسىدىن شەھەرگە ياغاچ تارتماق دېگەن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىشتە... مۇشۇ يېڭى سالچىلىرىڭنىڭ شەھەرگە كىرىپ مۇشتلىشىۋالغۇدەك نوچىلىرىمۇ بارمۇ زادى؟

— ئۈنچىلىكمۇ دەپ كەتمەڭلار، — دېدى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سالچى، ــ يېڭى سالچىلىرىڭمۇ سەللا بىخەستەلىك قىلدىمۇ، خېيىم ـ خەتەر دېگەن يەنە بار. ھېلىقى كىمتى، بىر ياش بالىمىز بولىدىغان، شۇنىڭ بىر قولىنى گاڭ سىم قىسىۋېلىپ نېمە بولدى؟... ھېلىقى تۇرغۇن ھاجىمۇ، نېمە ھاجىتى؟ شۇ يېتىمنىڭمۇ سالنى توختىتىدىغان چاغدا پۇتى گاڭ سىمغا ئورىلىپ قېلىپ، سال سۆرەپ كېتىپ، گاڭ سىم پۇتىنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈۋېلىۋەتمىدىمۇ، ھازىر كېيىدىغان ئايىغىنى ئالاھىدە زاكاز قىلىپ تىكتۈرۈپ كىيىپ يۈرىدۇ... نوچىلارنىڭ گېپىنى قىلساڭلار ئۆلارنىڭ ئىچىدىمۇ ھوشۇر نامەت، مۇساق، ئوبۇل «توڭ» دېگەن جېدەلچىلەر بار جۇمۇ.

ــ ھوي ئاغىنىلەر، ــ دېدى سەمەت، ــ گەپ بىلەنلا بولۇپ كەتتىڭلارغۇ؟ ماۋۇ ئاش سوۋۇپ كەتتى، قېنى، تاماق ئېلىڭلار.

ــ ۋاھ، سەمەت، ئايالىڭ تاماققا ئۇستىكەن جۇمۇ، ــ دېدى تۆردە ئولتۇرغان سالچى، ــ پولۇ ئوخشاپتۇ.

ــ ھە، ئوخشىغان بولسا چوڭ ـ چوڭ ئېلىڭلار! ــ دېدى سەمەت.

ــ بىزنىڭ بۇ كونا سالچىلىرىمىزنىڭ خوتۇن ئالمىقى ئوڭاي بولىدىغان، ــ دېدى ھېلىقى تاماقنى ماختىغان سالچى سۆزىنى داۋام قىلىپ، ــ ئالدىغا ئۇچراپلا قالغان بىر چوكان كۆزىگە سەللا ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالسا باشلاپ چىقىپ خوتۇن قىلىۋېرىدىغان، خوتۇن ئالمىقىمۇ شۇنداق ئوڭاي ئىدى، قويۇۋەتمىكىمۇ بىردەملىكلا ئىش ئىدى. ھېلىقى خوتۇنىنىڭ بىر يېرى سەللا دېتىغا ياقماي قالدىما بولدى، يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن خوتۇننى قويۇۋېتىپ يەنە بويتاق يۈرۈۋېرەتتى. بۇ

بويتاق ئاغىنىلەرنىڭ بەزىسى باشتا تۇغماس خوتۇنلارنى ئالدى، كېيىن «بالا بولمىسا بولمايدىكەن» دەپ، تۇغماس خوتۇنلارنى قويۇۋېتىپ ياش خوتۇنلارنى ئالغىلى تۇردى. ئاخىرىدا ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ ياش خوتۇنلارنىڭ تولىسى باللىرى بىلەن تۇل قالدى... ئەمدى بۇ گەپنى قىلمىشىم، سەمەتئاخۇن، ماۋۇ گۈلئايىم خېنىممۇ تۇغمىغانىكەن، دەپ ئاڭلايمەن. يەنە تۆت كۈندىن كېيىنلا قويۇۋېتىپ ياش خوتۇن ئالمەن، دەپ يۈرمە دەيمىنا.

— تۈزۈك بىر گەپ قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، — دېدى سەمەت، — ياش بۇ يەرگە كېلىپ، ئۈچ پاينەك پېقىش بولۇپ قالغاندا ئەمدى بىزگە ياش خوتۇن يارىشامدا؟ بولدى، مۇشۇ ئايىم ماڭا ياش چوكانلاردىن كەم ئەمەس!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# ئەللىك تۆتىنچى باب

## ۋەسىيەت

كېيىنكى يىللاردا تاغ ـ داۋانلارغا بارىدىغان يوللار شۇنچىلىك راۋانلىشىپ كەتتىكى، مالچىلار: «ھازىر ھەربىر تۈپ قارىغاينىڭ ئاستىغا بارغۇچە يول بار» دەپ قويۇشاتتى. يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردىن كېلىدىغان دېھقانلار قانداقتۇر بىر چىغلىق دالا، ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەرنى بېسىپ ئۆتىدىغان كاتاڭلىشىپ كەتكەن يوللاردا تولا مېڭىپ زېرىكىپ كەتكەنىدى. بۇ دېھقان ئازراقلا تۈز يولغا چىقسا يەنە ھارۋىسىنىڭ ئۈستىدە پۈتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، يېنەك يۆگىگەن موخوركىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ «ۋادەرىخا»مۇ، «دەردىڭ يامان»مۇ ئەيتاۋۇر، قايسىبىر ناخشىغا خىيالىغا كەلگەن بېيىتنى سىلىپ غىڭشىغىلى تۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا ياغاچلىرى بوشاپ كەتكەن، غىچىرلاپ لىڭشىپلا تۇرىدىغان بىر كۆۋرۈك توغرا چىقىپ قالاتتى. «دىر... ر... ر!» دەپ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتاتتى بايىقى دېھقان. ئۇ كۆن نۇرىدىن دالدا قىلىپ كۆزىگە باسۇرۇپ كىيىۋالغان مالىخىيىنى ئارقىغا سۈرۈپ قويۇپ ھارۋىدىن ئالدىرىماي چۈشۈپ، ھېلىقى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ كۆرەتتى. ھارۋىنىڭ چاقىنى نەگە

توغرىلاپ سالسا بولىدىغىنىنى ئوبدان پەملەپ، ئاندىن ئۆركۈپ تۇرغان ئاتنىڭ بېشىنى ئۆزى تۇتۇپ كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى. كۆۋرۈكتىن سالامەت ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن شۇ كۆۋرۈكنى مۇشۇ يەرگە سېلىپ قويغان خالىس نىيەتلىك ئادەمگە كۆڭلىدە مىڭ رەھمەت ئېيتاتتى. بولمىسا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان سۇنى ياقىلاپ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ كېچىك ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. ئەگەر بۇ ھارۋىكەشنىڭ ھارۋىسى بىرەر يەردە چاقى كاتاڭغا چۈشۈپ ئوقى سۇنۇپ ياكى شۇنداق بىر پالاكەتلەرگە يولۇقۇپ توختاپ قالىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق يامان گەپلەر چىقىدۇكى، قويۇۋېرىڭ... ئەنە شۇ جاپالارنى كۆرگەن كونا دېھقانلار بۇگۈنكى ھەرىبىر يېزا ـ كەنتلەرگىچە تۇتىشىپ كەتكەن تۇپتۈز يوللارغا قاراپ: «پاھ، مۇنۇ ھۆكۈمەت يول بىلەن كۆۋرۈككە ئىشلەپ ساۋابنىڭ چوڭىنى ئېلىۋاتىدۇ جۇمۇ!» دەپ ماختىماي تۇرالمايتتى.

ئەمدى سەمەتئاخۇن قاپچىغايغا چىققۇسى كەلسە يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ چىقىدىغان بولغاندى. قاپچىغايدا كونىلارمۇ كۇندىن ـ كۇنگە ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. سەمەت چىقسا بىرنەچچە كونا سالچىلار مەھەللىنىڭ چېتىگە چىقىپ ئۆتمۇشتىكى گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىشەتتى. مەھەللىنىڭ بېشى بىلەن ئايىغىدا تېكەس دەرياسى بىلەن موخۇر سۈيى ئۇستىگە سېلىنغان ئىككى كۆۋرۈك بار ئىدى. كۆۋرۈكلەرگە قاراپ سوزۇلغان يولدىن ئارىلاپ ياغاچ باسقان يۈك ماشىنىلار غارقىراپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

ــ مانا مۇشۇنداق ماشىنىلاردىن بەش ـ ئالتە

www.uyghurkitap.com



ماشىنىغا باسىدىغان ھەر يوغان ياغاچلارنى ئىلگىرى ئىككى سالچىلا ھەيدەپ كېلەتتۇقا، ــ دەيتتى سالچىلار گويا دۇنيادا قاپچىغاي دېگەن بىر مەھەللىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك پەرۋاسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا مەنسىتمەي قاراپ.

ــ شۇنچىۋالا ياغاچنى شەھەرگە ئامان ـ ئېسەن ئاپىرىپ، يەنە موشغۇلكۇرە قاراكۆلگە پىيادىلا چىقىپ كېتەتتۇقا... ھازىرقى ئادەملەر تاس قالدۇغۇ خالاغىمۇ ماشىنىدا بارغىلى.

ــ ئالتە شەھەردىن پىيادە چىققان ئادەمگە قاراكۆل دېگىنىڭ نېمىتى؟ مانا شۇ قاراكۆل، ئاغىياز، مويىنتايلاردىن سال تارتالىغان ئوغۇل بالىنى ھەقىقىي سالچى دېسە بولىدۇ،ــ دېدى يەنە بىر سالچى،ــ قارا قومۇش پۆپۈك چىقارغان مەزگىللەردە بۇ دەريانىڭ سۈيى شۇنچىلىك كۆچىگە كېلىپ كېتىدۇ، خۇداغا ئامانەت، سەللا بىخەستەلىك قىلدىڭمۇ ئۆزۈڭنى ياغاچنىڭ ئاستىدا كۆرىسەن...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە ئاغىيازنىڭ قويغىنى، مەدىيان، قاپچىغاي قىساڭلىرىنىڭ ئىچىدىكى خەتەرلەر، توقايلاردا بولغان ئەستىن چىقماس ئىشلار توغرىسىدا قىزىشىپ گەپكە چۈشۈپ كېتىشەتتى. بۇ گەپلەر قانچە قېتىم تەكرار ئېيتىلغان بولسىمۇ ئۇلارغا زېرىككىشلىك بىلىنمەيتتى. چۈنكى، شۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلارنىڭ قىران ياشلىقىدىكى ئۇنتۇلماس دەملەر، ئاچچىق ـ چۈچۈك كەچۈرمىشلەر، سالچىلىقتا بولغان ئۈتتەك مۇھەببىتى يوشۇرۇنغانىدى.

ــ شۇ تارتقان جاپالىرىمىزغا بەزىدە «خەپ، مۇشۇ سال

دېگەننى ئىككىنچى ھەيدىمەسمەن» دەيتتۇق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى بىر سالچى، — ياغاچنى ئۆتكۈزۈپ پۇلنى ئالغاندا ھەممە جاپانى ئۇنتۇپ، يەنە شەھەرنىڭ پۇل خەجلەيدىغان سورۇنلىرىغا قاراپ يۈگۈرەيتتۇق.

— ئۇ گەپلەرنى قىلساڭلار ئەجەب بىر ساراڭ چاغلىرىمىزكەن، — دېدى يەنە بىر سالچى، — يول بويى ئۇچرىغان مالنى سويۇپ تاغارغا تىقىپ كېتىۋېرەتتۇق. سالنى توختاتقان يەردە گۈلخان يېقىپ ھېلىقى گۆشنى پىشۇرۇپ يەيتتۇق. گۆشنى ئوتقا قاقلاپ كاۋاپ قىلىشقا ھېلىم «ساختا» بەك ئۇستىدە!... ئاندىن يولغا ئېلىۋالغان هاراقلىرىمىز بولسا ئىچىپ مەست بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتۇق. بىزنىڭ بۇ ئالتە شەھەردىن چىققان ئاغىنىلەر ئۇسسۇلنى يەنە باشقىچە ئوينايتتى. تۇرسۇن، ماۋۇ ئەبەيدۇللام ناسىر دېگەن سالچىلىرىمىز سالغىمۇ شۇنداق كامىل ئىدى، ئۇسسۇل دېگەننىمۇ ئالامەت قاملاشتۇراتتى. «ئىلىخونىڭ ئادەملىرىنىڭ قولى قىسقىمۇ قانداق؟ ئۇسسۇل دېگەننى مانا مۇنداق ئوينىمامدۇ» دەپ تازا غۇلاچ تاشلاپ ئويناتتى... بۈگۈن مەست بولۇپ قىلىپ بىرەرسىنى رەنجىتىپ قويسا، ئەتىسىلا بىر شېشە هاراقنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا كىرىپ كۆڭلىنى ئېلىۋالاتتى.

— ھېلىقى كىمتا ئىتى؟... — دەپ گەپ باشلىدى بىرەيلەن، — ئادەم قېرىغاندا ئۆزىنىڭ بالىچاقىلىرىنىڭمۇ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن... ھېلىقى بىرنېمە يالىڭاچ دەپ لەقىمى بار؟ بىر يىللىرى شەھەردىن چىقىپ سال ھەيدەپ كېتىپ قالغان ئاداش،

ئىسمىنى دېسەم ھېلىلا ئېسىڭلارغا كېلىدۇ... ھە، شۇ ئاداش سالنى توختىتىپ قونغان ھەرقانداق يەردە ئىشتان ـ كۆڭلەكنى سېلىۋېتىپ قىپيالىڭاچلا ياتىدىغان، بىر قېتىم شەھەرگە يېقىن قالغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ سالنى بىر توقايلىقتا تارتىپ قونۇپ قاپتۇ. سالنى تازا ئوبدان باغلىماپتىكەن، سەھەرلىكتە سۇ ئۇلغىيىپ كېتىپ سالنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئاداش ئۆڭدەرەپ كېتىپ، قىپيالىڭاچلا قوپۇپ «سال كەتتى!» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپتۇ. شەھەردىن سەيلىگە چىققان ئەر ـ ئاياللار شۇ توقاينىڭ ئىچىگە چېدىر تىكىپ قونۇپ قالغانىكەن. ئەتىگەندە ئاياللار يۈز ـ كۆزنى يۇيغىلى دەرياغا قاراپ كېلىۋاتسا يىراقتىن بىرنېمە خوتۇنلار تەرەپكە قاراپ قىپيالىڭاچلا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك. خوتۇنلار «ۋاي ئالۋاستى!» دەپ چۇرقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ چېدىرغا كىرىپلا كېتىپتۇ. شۇ كۈنى قورققىنىدىن جىمى خوتۇننىڭ ئاغزى ـ بۇرنىغا قوقاق چىقىپ كېتىپتىكەن...

قاپچىغايدىن ماڭىدىغان سالمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ياغاچلارنى تاغ يوللىرى بىلەن دەريا بويىغا سۆرىتىپ ئەكېلىپ سال باغلاپ، دەريا دولقۇنلىرىدا لەپەڭشىتىپ ئېقىتىپ دەريانىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىگە ئاپىرىپ توختىتىپ، سالنى باشقىدىن چۇۋۇپ، ياغاچلارنى تىراكتورلارغا سۆرىتىپ ياكى پىشاڭلار بىلەن مۆرىدەپ قىرغاققا ئاچىقىپ ئاندىن ماشىنىلارغا بېسىپ ئېلىپ مېڭىش ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە بولماي قالغاندى. يول

ياخشى بولغاچقا ماشىنىلار كىرەكلىك ياغاچلارنى تاغ باغرىدىن بىسىپلا كىتىۋىرەتتى.

— هوي ئاغىنىلەر، ماۋۇ قاپچىغاي كۆزۈمگە بىر قىسىملا كۆرۈنىدا، — دىدى بىر كۈنى سەمەت. ئارىلىقتا ئۇنىڭ قاپچىغايغا چىقمىغىنىغىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتلار بولۇپ قالغانىدى.

— خوش، سەمەتئاخۇن، قاپچىغاي كۆزۈڭلىگە قانداق كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى بىر سالچى.

— مىڭىپ تۇرغان ساللار قىنى؟ — دىدى سەمەت، — مەھەللە ئىچىدە گۈرسۈلدەپ ئۇياق - بۇياققا ماڭىدىغان سالچىلار قىنى؟... قىرغاقتىكى ياغاچ ئاقلايدىغان ئاياللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭچۇ؟... قاپچىغاي كۆزۈمگە غىرىبسىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— ماۋۇ يوللارنىڭ ئوبدان بولۇپ كەتكىنىنى قارىماسىلەر، — دىدى بىر سالچى، — هازىر ياغاچ دىگەننى تاغنىڭ ئۆزىدىنلا ماشىنىغا بىسىپ كىتىۋىرىدىغان بولدى.

— ۋاھ، ياغاچ توشۇيدىغانغا ئەمدى سال كىرەك بولماي قاپتۇ - دە؟

— كادىرلار هىسابلاپ چىقىپتۇدەك، ياغاچنى سال بىلەن توشۇغانغا قارىغاندا ماشىنا بىلەن توشۇغاننىڭ ئارتۇقچىلىقى جىقمىش...

— قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى باركەن؟

— گەپ جىق، — دىدى هىلىقى سالچى، — ياغاچنى هازىر ماشىنا بىلەن ئاپارسا ئەرزان چۈشەرمىش، خىيىم - خەتىرىمۇ ئاز بولىدىكەن، ماشىنا بىلەن توشۇغان ياغاچنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى بولارمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— مانا، — دېدى سەمەت ھەيران بولۇپ، — شۇنچە يىللاردىن بېرى سال بىلەن ئاپىرىۋاتقان ياغاچلار ئەمدى يارىماي قاپتۇما؟

— ئىنچىكە يەرلىرىنى مەنمۇ بىلمىدىم، كادىرلارنىڭ ئېيتىشىچە، سال سۇدا كېتىۋېتىپ تاشلارغا قاتتىق ئۇرۇلغاندا بەزى تاش پارچىلىرى ياغاچنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن. سال دېگەندە ياغاچنىڭ ئىككى بېشىغا تۆمۈر تۆگە قاقىمىز. تۆگىنى سۇغۇرۇۋالغۇچە بەزىلىرى سۇنۇپ، ياغاچنىڭ ئىچىدە تۆمۈر سۇنۇقلىرى قالغۇدەك... مۇنداق ياغاچنى ئاپىرىپلا ئاۋۇ پەن تىلىدىغان ماشىنىغا سالسا... نەچچە مىڭ سوملۇق توك ھەرىسىنى بىر دەمدىلا كاردىن چىقارغۇدەك.

— ھوي، ئاۋۇ زايىمكادا ياغاچنىڭ بېشىدىكى تۆگىلەرنى سۇغۇرۇپ، تۆمۈر سۇنۇقى قالغان يەرلەرگە بەلگە سېلىپ تۇرىدىغان توختاخۇنغا ئوخشاش تەجرىبىلىك ئادەملىرىمىز بولىدىغانغۇ؟... شۇ توختاخۇن ئاغىنە بىر ەر تال تۆگە سۇغا چۈشۈپ كەتكۇدەك بولسىمۇ، ئىرىنمەي دەرياغا چۈشۈپ تېپىپ چىقاتتىا...

— ئۇنداق توختاخۇنلار زايىمكادا بولغان بىلەن باشقا يەردە يوق ـ دە! — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ھېلىقى سالچى، — يەنە... يەنە نېمە دېدى؟... يەنە، سۇ بىلەن ئاققۇزۇپ بارغان ياغاچ ئاپتاپقا تاشلىنىپ قالسا ئوڭايلا يېرىلىپ كاردىن چىققۇدەك...

— نېمە دېسەڭلار دەڭلا، — دېدى سەمەت، — ماۋۇ قاپچىغايدىن سال مېڭىپ تۇرمىسا قاپچىغايمۇ قاپچىغايغا ئوخشىماي قالىدىكەن.

— سەمەتئاخۇن، — دېدى بىر ەيلەن. ئۇ مۇشۇ

سالچىلار ئارىسىدا ئىلگىرى كادىر بولۇپ ئىشلىگەن ئادەم ئىدى،ــ سەن بىلەن بىز كۆرگەن كونا زامانلار تۈگىدى. ئەمدى قاپچىغايدىن سالمۇ ماڭمايدۇ.

ــ نېمىشقا؟

ــ نېمىشقا بولاتتى، ھېلىمۇ بۇ تاغلاردىن ئاز ياغاچ كەستۇقما، چىقىپ قاراپ باقە، ئادەمنىڭ ئايىغى يەتكەن چوققىلارنىڭ ھەممىسى تاقىرلىشىپ تازنىڭ بېشىدەك بولۇپ قاپتۇ، دۆلەتتىن «ئەمدى ياغاچ كەسمەڭلار، ئورمانلارنى قوغدىمىساق بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈپتۇ. ياغاچ بولمىسا سالنى نېمىدە باغلايسەن؟

ــ دۆلەت شۇنداق بۇيرۇق قىپتىما؟

ــ شۇنداق بۇيرۇق قىپتۇ.

بۇ گەپ سەمەتنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. «قۇۋانئاخۇننىڭ گېپى توغرىكەن ـ دە!ــ دېدى ئۇ ئىچىدە،ــ قۇۋانئاخۇن: ‹رەھمەتلىك دادام ياغاچ كەسمە، ياغاچ كەسكەنلەر ئىلگىرى باسمايدۇ دېگەن› دەپ ياغاچ كېسىدىغان ئىشقا زادى يېقىن يولىمايدىغان، ياغاچ كەسمەڭلار دەپ بۇيرۇق قىلغان بولسا، دۆلەت ئەمدى ئىلگىرى باسقۇدەك...»

سەمەت بەزىدە ياماتۇدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىگە قاراكۆلدىن باشلاپ سالچىلىقنى ئۆگەتكەن ئۇستازى جۇماق ئاكىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلىپ ئۆتەتتى. ئەتراپىنى يامغۇر يالاپ، شامallar ئۇپرىتىپ پاكارلاپ كەتكەن سوقما تاملار بىلەن قورشالغان بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقتىكى چوقچىيىپ تۇرغان چوك ـ كىچىك قەبرىلەر، قايسىبىر زامانلاردا ئۆتكەن يۈزلىگەن ئادەملەر كاتتا ھەشەملەر بىلەن سالدۇرغان، ھازىر ئۇستى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



گۈمۈرۈلۈپ، سۇۋاقلىرى چۈشۈپ ئىسكەتىنى يوقاتقان يوغان گۈمبەزلەر، قايسىبىر قەبرىلەر ئۈستىدىكى خەتلىرى ئۆچۈپ، ئۈستىخاندەك ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن بەلگە تاختايلار، تام تۈۋلىرىدە ئۆسۈپ كەتكەن ئېگىز خوخا تىكەن، ياۋا كەندىر، چىغىر تاماقگۈللەر، ئوت بېسىپ كەتكەن قەبرىلەرنى ئارىلاپ كەتكەن يوللار كىشىگە بىر قەدىمىي پۇراق، خىلۋەت ماكاننىڭ تەسىرىنى بېرەتتى...

جۇماق ئاكىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئەينى چاغدا بەلگە ئۈچۈن تاشلاپ قويۇلغان بىرنەچچە خام كېسەك ئاللىبۇرۇن توپىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. قەبرىنى بېسىپ كەتكەن قويۇق شىۋاق ئوتىدىن گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق كېلەتتى. بۇ قەبرە سەمەتنىڭ خاتىرىسىگە نۇرغۇن ئىشلارنى سالاتتى.

بىر زامانلاردا جۇماق ئاكا بىلەن سەمەت سالنى ھەيدەپ كېلىپ جىرغىلاڭنىڭ ياكى تاش كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى مەيدانغا ئەكېلىپ توختىتاتتى. ياغاچلارنى ئىگىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ پۇلنى ساناپ يانچۇقىغا سېلىپ، چاپاننى دولىغا تاشلاپ بازارغا قاراپ مېڭىشاتتى. شۇنچىلىك ھاردۇق يەتكەن بولسىمۇ، بازارنىڭ ۋاڭ ــ چۇڭى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ئۇلار تېتىكلىشىپ، قەدەملىرى ئىتتىكلەپ كېتەتتى. ئاۋۋال توپتوغرا بىرەر قاۋاققا كىرىپ ئاززاقتىن ئېچىپ، ئاندىن ئاستىدا گۈلدۈرلەپ سۇ ئېقىپ تۇرغان چوڭ كۆۋرۈككە كېلىپ تاماق يەيتتى. بەزىدە ئاۋۋال تاماق يەپ ئاندىن ئىچىشەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۇنداق رېتى بىلەن دەپ بېرىپ بولغىلى بولمايتتى.

مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلانمىقى مىڭ يىل يىراق،
ئادەمنىڭ مايمۇنغا ئايلانمىقى بىر شىشە هاراق.

دىگەن گەپلەر بىكار ئىبىتىلمىغان بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ، بىر ـ ئىككى كۈن ئۇلار پۇل دىگەننى ئايىماي خەجلەپ، جىمى تەنتەكلىكنى قىلىشىپ باقاتتى.

نىمە ئىشكىن، جۇماق ئاكا شۇنچە ئىچىپ ئاخىرىدا يەنە گۇچۇك هارىقى ساتىدىغان دۇكانغا بىرىپ ئازراق ئىغىزلانمىسا پەقەتلا خۇماردىن چىقمايتتى. ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولۇپ كەتكىنىدىن پەرۋايى پەلەك، كەلگەنچە كىلىپ قاۋاقنىڭ ئىشىكىنى گۇمباگشىتىپ ئۇراتتى.

ــ هاي جاڭگۇيدى، ئىشىكنى ئاچ!ــ دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ،ــ پۈتۈن ئىلى ئالەمدە سىنىڭ هارىقىڭغا يىتىدىغان هاراق يوق جۇمۇ... قالغىنى هەممىسى بىكار... گۇچۇك هارىقىدىن بىر يۇتۇم يۇتمىغۇچە خۇمارىم چىقمايدۇ، ئاچە!

ئۇنىڭ بۇ گېپىگە هەم خۇشامەت، هەم يالۋۇرۇش ۋە تەهدىت ئارىلاشقان بولاتتى. مۇنداق كېچىدە ئىشىكنى ئاچسا مەستلەرنىڭ كىرىپ دۇكاننى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋىتىدىغىنىنى دۇكاندار ئوبدان بىلەتتى. لىكىن، ئۇلاردىن هاراق بەرمەيمۇ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. خوجايىنىنىڭ مۇشۇنداق يېرىم كېچىدە كىلىدىغان بىغەرەز چۈپقەتلىرى ئۈچۈن ئىشىكنىڭ بىر تەرىپىگە ئېچىپ قويغان بارماق پاتقۇچىلىكلا بىر تۆشۈكى بار ئىدى.

ــ هاي جاڭگۇيدى، ئاچە!ــ دەپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرايتتى جۇماق،ــ هىلى بىكار ماۋۇ ئىشىكىڭنى

www.uyghurkitap.com



قومۇرۇپلا ئۆگزىگە ئاتماي!...

دۇكان ئىچىدىن خوجايىنىنىڭ «مانا ـ مانا» دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ چىراغ يورۇقى كۆرۈنەتتى. سەمەت ھېلىقى تۆشۈكتىن ھاراقنىڭ پۇلىنى قاتلاپ كىرگۈزۈپ بېرەتتى. خوجايىن پۇلنى ئېلىپ تۆشۈكتىن بىر قومۇش نەيچىنى سۇناتتى. نەيچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى دۇكان ئىچىدىكى خوجايىن تۇتۇپ تۇرغان ھاراق قاچىسىغا چىلاقلىق بولاتتى.

ــ قېنى ئىچە! ــ دەيتتى جوماق سەمەتكە قاراپ.

سەمەت نەيچىگە ئاغزىنى ئاپىرىپ ئازراق سۈمۈرەتتى ـ دە، بولدى قىلاتتى، قالغىنىنى جوماق كۆچەپ بىرلا سۈمۈرۈپ تۈگىتەتتى. ئاندىن:

ــ ئۇھ، ئەمدى ھاردۇق چىقتى، يۈرە! ــ دەپ سەمەتنى باشلاپ كېتەتتى. ئاخىرىغا بېرىپ پۇل تۈگەپ، يانچۇقىنىڭ ئەستىرى ئۆرۈلگەندە ئۇلار يەنە چاپىنىنى دولىسىغا سېلىپ موڭغۇلكۈرەگە قاراپ ماڭاتتى.

«ھەي ياشلىق، ــ دەيتتى سەمەتئاخۇن ئىچىدە، ــ تەنتەكلىك، گۆدەكلىك، بۆۋەكلىك دېگەنلەر شۇ ياشلىق بىلەن قېرىنداشمىكىن، ئادەمنىڭ شۇنداق بىر چاغلىرى بولىدىكەن... ئاز قالدى، مەنمۇ بىر كۈنى شۇ قارا تۇپراقتا كۆمۈلىمەن. مېنىڭ قەبرەم ئۈستىدىمۇ شۇنداق شىۋاقلار ئۈنىدۇ... خۇدا، گۇناھلىرىمنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن...»

※ ※ ※

ئارىدىن يەنە خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. زادى قانچە

دەملەر ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەمەتمۇ ئەسلىيەلمەيتتى.
ئېتىزلار قانچە قېتىم ئاپپاق قارغا كۆمۈلۈپ يەنە
يېشىللىققا پۈركەندى، توقايلاردىكى دەل ـ دەرەخلەر
قانچە قېتىم يوپيۇرماق تاشلاپ يەنە قايتا بىخلاندى، باھار
قۇشلىرى قانچە قېتىم قانات قېقىپ يىراقلارغا سەپەر
قىلىپ يەنە قايتىپ كەلدى. سەمەت بىلەن زاماندىش
بۇرادەرلىرىنىڭمۇ قانچىسى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.
ئەمدى مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىغان تەڭتۇشلەرنى تاپماقمۇ
تەس بولۇپ قالغاندى... سەمەتنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى
قاردەك ئاقىرىپ، بەللىرى ئېگىلدى، پۇتى ئاغرىيدىغان
كونا كېسىلى ئەدەپ ھاسا تاياقچا چۈشۈپ قالغاندى.
قېرىلىق دېگەن يەتكۈسى كەلسە بىردەملىكلا ئىش بولسا
كېرەك. گۈلئايىمنىڭمۇ چاچلىرى ئاقىرىپ، چىرايلىق
يۈزلىرىنى توردەك ئۇششاق قورۇقلار قاپلىغانىدى.

سەمەتنىڭ كۆز ئالدىدا يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىشلار
شۇنچىلىك روشەن جىلۋىلىنەتتى ـ يۇ، يېقىنقى ئىشلار
ئېسىدە قالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تورۇپلا بەزىدە
گۈلئايىمنى «لەيلىگۈل» دەپ چاقىرىپ سالاتتى.
گۈلئايىم تالىشىپ ئولتۇرمايتتى، سەمەت «گۈلئايىم»
دېسىمۇ، «لەيلىگۈل» دېسىمۇ «ھە»لا دەيتتى. سەمەتكە
«گۈلئايىم» دېگەندىن «لەيلىگۈل» دەپ چاقىرغان
يېقىملىق تۇيۇلاتتى. «لەيلىگۈل» دېگەندە سەمەتنىڭ
كۆزىگە گۈلئايىمنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلار يوقاپ،
ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ياغلىقىنىڭ ئاستىغا
باسۇرۇۋالغان ئاپپاق چاچلىرىنىڭ ئورنىدا ئۇششاق
ئۆرۈلگەن قاپقارا چاچلار پەيدا بولغاندەك كۆرۈنەتتى.
لەيلىگۈل چېلىكىنى كۆتۈرۈپ يىراق بىر يېزىدىكى

كۆلنىڭ بويىدا يەنە قايتا پەيدا بولغاندەك بولاتتى...

بىر كۈنى سەمەت «قاپچىغاي مەھەللىسىنى كۆچۈرگۈدەك» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ قاپچىغايغا چىقىپ باقمىغىنىغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى.

— نېمىشقا كۆچۈرىدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن ئادەمگە ھەيران بولۇپ قاراپ.

— كۆچۈرمىسە بولمىغۇدەك.

— نېمىشقا؟

— سەمەت ئاكا، سىلىنىڭ قاپچىغايغا چىقىپ باقمىغانلىرىغا ئۇزاق بولدىغۇ دەيمەن؟ قاپچىغاي بەك غېرىبسىنىپ قالغان...

— نېمە دەپ؟

— نېمە دەپ بولاتتى، قاپچىغاي دېگەن سالچى بىلەن قاپچىغايدە! سال توختىدى، كونا سالچىلارنىڭ تولىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، قالغانلىرىمۇ ھەر تەرەپكە تاراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاپچىغاي بۇرۇنقى قاپچىغايغا ئوخشىماي قالدى. يېڭى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش باللارغا قىلاي دېسە ئىش يوق، يا ئۇ قاپچىغاينىڭ ئەتراپىدا دېھقانچىلىق قىلغۇدەك ئېتىز ـ ئېرىق، باللار يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىش ـ ئوقەت قىلغۇدەك بازار بولمىسا، غېرىبسىنماي قانداق قىلىدۇ؟... زامان بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى، سەمەت ئاكا، بۈگۈن كۆرگەن يەرنى ئەتە تونۇيالماي قالىدىلا، ناھىيە بازىرىغا چىقىپ باقتىلىمۇ؟ توققۇزتارا ناھىيە ئىچىدىمۇ ھەممە يەر ئېگىز بىنا، ناھىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭ بىر گۈللۈك مەيدان، ئالامەت بولۇپ كەتتى... ھېلىقى قاپچىغايدىكى ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن

توققۇزتارانى ھەيران قالدۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدىن يامغۇر ئۆتۈپ، ئۆرۈلگىنى ئۆرۈلۈپ، چىنپىلا قالدى.

— مەھەللىنى كۆچۈرسە نەگە كۆچۈرگۈدەك؟

— سالچىلار بولمىغاندىن كېيىن سالچىلار مەھەللىسى دېگەن گەپمۇ بولمايدۇ ـ دە؟... قاپچىغايدا ئۆيى بار ھەربىر ئادەمگە ھۆكۈمەت يېڭىدىن ئۆي سېتىۋېلىشقا يەتكۈدەك پۇل بېرىدىكەن. شەھەردىن بولامدۇ، ناھىيە ئىچىدىن بولامدۇ، خالىغان يەردىن ئۆي سېتىۋېلىپ ئورۇنلاشسا بولغۇدەك... بۇ ئىشتىمۇ مەركەزنىڭ دەمدۇ ئەيتاۋۇر، نۇرغۇن يەرنىڭ باشلىقلىرى ئارىلىشىپ ناھايىتى تەستە ھەل قىپتۇ... پېنسىيەگە چىققان كونا سالچىلارغىمۇ: «كۆڭلۈڭلار تارتقان يەردىن ئۆي ئېلىپ ئولتۇرۇڭلار» دەپتۇ. ھەربىر سالچىنىڭ ئائىلىسىدىن بىر پەرزەنتىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغۇدەك.

— ھەيدەيدىغانغا سال بولمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولىدىكەن.

— ھە؟...— دەپ چوڭقۇر خىيالغا چۆشۈپ قالدى سەمەت.

بىر كۈنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ھاسا تايىقىغا تايىنىپ قاپچىغايغا يېتىپ چىقتى. بۇ كەچ كۈز ۋاقتى ئىدى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆچۈپ بولغانىدى. ئاخىرقى بىر ـ ئىككى ئائىلە ماشىنىغا يۈك ـ تاق، ياغاچ ـ تاشلىرىنى بېسىۋاتاتتى. ئۈستى ئېچىۋېتىلگەن ئۆيلەر، چوقچىيىپ تۇرغان ئاپپاق تاملار، ھەر تەرەپكە چېچىلغان كېسەك، كاھىش پارچىلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. قايسىبىر ئۆينىڭ مورىسى يېنىدا بىر ئالا مۈشۈك تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تېنەپ قالغان بىر كۆچۈك ئەسكىلىكلەرنى پۇراپ يېمەكلىك ئىزدەپ يۈرەتتى. مەھەللىنىڭ بىر تەرىپىدىكى مەسچىت تېخى ئۆز پېتى تۇراتتى. «ئىلگىرى قاپچىغايدا مەسچىتمۇ يوق ئىدى،ــ دەپ ئويلىدى سەمەت،ــ ئابدۇرېھىم چولاق دېگەن بىر ئادەم ھەر كۈنى سەھەردە ئەزان ئېيتاتتى. كېيىن مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىغا ۋاقىتلىق مەسچىت ياسالدى. مەسچىت دۆڭنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا جامائەت قار ــ شىۋىرغانلاردا ئۇ يەرگە بېرىشتا كۆپ قىينىلاتتى. سالچىلارنىڭ ئىچىدىن كادىر بولۇپ يېتىشىپ چىققان مەمەتئىمىن بەكرى دېگەن ئادەم كۆپ كۈچ چىقىرىپ مەھەللە ئىچىگە بۇ يېڭى مەسچىتنى سالدۇرغانىدى...»

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دەرەخلىكتە بىرقانچە ياش يىگىتلەر توپلىشىپ تۇراتتى، ئۇ مۇشۇ سالچىلار مەھەللىسىنىڭ كوچىلىرىدا ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ بولغان باللار ئىدى. سال توختاپ، ئارىدىن يىگىرمە يىلغىچە ۋاقىت ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەلكىم سال دېگەننىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپمۇ باقمىغاندۇ. سال ۋە سالچىلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئۇلارغا يىراق بىر ئۆتمۈشتىكى چۆچەكلەردەك ئاڭلىنىدىغاندۇ... شۇنداقتىمۇ، ئۇلار مۇشۇ سالچىلار مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، بۇ يەردىكى ھەربىر تاش، ھەربىر تۈپ دەرەخ ئۇلار ئۈچۈن شۇنچە قەدىرلىك ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار تاشلىنىپ قىلىۋاتقان كونا مەھەللىگە قىيالماسلىق نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى...

دۆلەت زور مەبلەغ ئاجرىتىپ قاپچىغاي قىساڭنىڭ ئىچىگە چوڭ توسما ياسىغانىدى. بىر زامانلاردا سالچىلارغا دەھشەت سالغان خەتەرلىك جايلار چوڭقۇر سۇ ئاستىدا قالغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاپچىغايدا ئەمدى باشقا بىر دەۋرنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

سەمەت قاپچىغايدىن قايتىپ كېلىپ گۈلئايىم بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى.

— خوتۇن، قېرىدۇق، — دېدى ئۇ، — ئەجەل بۈگۈن يا ئەتە، كەچ يا سەھەر، ئىشقىلىپ ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ بىرىدە كېلىدۇ. مەن ئۆلسەم ئاشۇ قاپچىغايدا ياتارمەن دېگەن، قاپچىغايدىكى مەھەللىمۇ كۆچۈپتۇ. سىلىگە بىز بىلەن ئالتە شەھەردىن بىللە چىققان «ھۆسەن» دەپ بىر ئاغىنىمىزنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن، ئېسىڭلىدە بارمۇ؟

— ئېسىمدە، نېمىشقا ئېسىمدە بولمىغۇدەك، — دېدى گۈلئايىم بېشىدىكى ياغلىقنى تۈزەپ تۇرۇپ، — ھېلىقى ئاكىسىنى ئىزدەپ چىقىپ سالچى بولۇپ كەتكەن، كېيىن قارىغاي بېسىۋېلىپ قازا قىلغان ئادەمدۇ؟

— ھەببەللى، ماڭا قارىغاندا يەنە سىلىنىڭ ئېسىڭلار ياخشى، — دېدى سەمەت، — موڭغۇلكۈرەنىڭ يۇقىرىسىدا «قاراكۆل» دېگەن بىر يەر بار. ئەتراپى توقاي، يىراقتىكى قارىغايلىق تاغلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بەك چىرايلىق يەر. تېكەس دەرياسى شۇ يەرگە كەلگەندە بىرقانچە سۇ قوشۇلۇپ غولداپ ئاقىدۇ. ئىلىنىڭ سالچىلىرى ئىلگىرى مانا شۇ يەردىن باشلاپ سال باغلاپ ماڭغان. ئاشۇ ھۆسەن دېگەن ئاغىنىمىزنىڭ قەبرىسى شۇ قاراكۆلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەتراپىدىكى بىر دۆڭدە، رەھمەتلىك ئاغىنىمىز ھۆسەن قازا قىلىپ كەتكەندە مەن تېكەستە ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ بارالمىغان. قۇۋان ھۆسەننىڭ ئۆلۈمگە چىقىپ قەبرىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندى. ئۇ ماڭا: «سەمەتئاخۇن، ھۆسەن ئاغىنىمىزنىڭ دەپنە قىلىنغان يېرى ئالامەتمۇ بىر بەلەن يەركەن، ئەتراپى ياپيېشىل يايلاق، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ. تىرىك ئادەمنىڭمۇ ‹ئۇھ› دەپ يېتىۋالغۇسى كېلىدىكەن» دېگەندى. كېيىن مەن خەتمىقۇرئان قىلىپ قوياي دەپ چىقسام، راستلا شۇنداق بىر چىرايلىق يەركەن، ماۋۇ قۇۋان رەھمەتلىك سوغا چۆكۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ جەسىتىنى شۇنچە ئىزدەپ كەتكىنىممۇ شۇ ئىدى، رەھمەتلىكنى تاپقان بولسام قاراكۆلگە ئېلىپ چىقىپ، ئاشۇ ھۆسەننىڭ قېشىغا دەپنە قىلاتتىم... بۇ گەپلەرنى بۈگۈن سىلىگە دەپ كېتىشىم، ئېسىڭلىدە بولسۇن، مۇبادا مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغۇدەك بولسا... مېنى ئاشۇ ئاغىنەمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار.

ــ نېمە دەيدىغانلا، ــ دەپ كۆزىگە ياش ئالدى گۈلئايىم، ــ بۇ ئۆلۈم باشتا سىلىگە كېلەمدۇ، ماڭىمۇ؟... ئەمدى بۇ كۈنگە كەلگەندە بىر ـ بىرىمىزدىن كېيىن قالماي تەڭ كەتسەك بولاتتى. ھازىر ھەر كۈنى نامىزىمدا شۇنىلا تىلەيدىغان بولدۇم.

ــ سىلى بالدۇر كېتىپ مەن كېيىن قالغۇدەك بولسام، سىلىنىمۇ ئۆز قولۇم بىلەن شۇ تۆپىلىككە قويىمەن، ــ دېدى سەمەت، ــ شۇ يەرگە ئاغىنەمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويىمەن. شۇ يەردىلا جامائەتكە:

«جامائەت، قازا يېتىپ مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغۇدەك بولسا، مېنىمۇ مانا مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ دەپنە قىلىڭلار، مۇز داۋانغا سوزۇلغان قەدىمىي قەشقەر يولىمۇ شۇ يەردىن ئۆتىدۇ. ئالتە شەھەردىن چىقىپلا ئۆمرۈم سالچىلىق بىلەن ئۆتۈپتۇ. سالنىڭ پالىقىنى دەسلەپتە تۇتقان ئاشۇ قاراكۆلنى، يۇرتۇمغا بارىدىغان شۇ قەدىمىي يوللارنى كۆرۈپ ياتاي، قۇلىقىمغا دەريانىڭ شاۋقۇنلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسۇن!» دەپ ۋەسىيەت قىلىمەن.

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

浪涛河流:全二册:维吾尔文/买买提依明·乌守尔 著. —2版.
—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2016.9
ISBN 978—7—5515—9947—4

Ⅰ.① 浪… Ⅱ.① 买… Ⅲ.① 长篇小说—中国—当代
—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.① I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第224957号

出 版 人:吾普尔·加帕尔
责任编辑:阿布里克木·艾山
责任校对:迪力亚尔·吐尔逊
封面设计:阿里甫·夏
哈力木拉提·克尤木拜格
电脑操作:阿孜古力·阿不力孜

**浪涛河流(下)**(维吾尔文)
(长篇小说)
**买买提依明·乌守尔 著**

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市北京北路29号 邮编:830012)
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 总印张:32
2016年9月第2版 2016年9月第1次印刷
印数1－4000

ISBN 978-7-5515-9947-4 总定价:96.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换